

AltunOq

# بۇلاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

(ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى)

(ئومۇمى 14 - سان)

AltunOq

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1984 - يىل ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


«نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۆسەين بەگ» دىن .................. موللا سىدىق يەركەندى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا .................................................. 18

«دىۋان ھىكمەت» ........................................................ ئەخمەت يەسەۋى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىجات مۇخلىس .................................................. 92

چاھار دەرۋىش .................................................. ئابدۇرېھىم نىزارى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرايىل يۇسۇپ .................................................. 194

غەزەل ۋە مەسنىۋىلەر .............................. مۇھەممەت سادىق قەشقەرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئا. مەتتىمىن .................................................. 267

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

بوزكۆرپەش ۋە قاراساچ ئايىم (خەلق داستانى) ..................................................

نەشرگە تەييارلىغۇچى: شەرىپ مۇسا .................................................. 1

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن ..................................................

توپلىغۇچىلار: مەتسەيدى ھېلىمشا، روزاخۇن خېلىل .............................. 281




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بوز كۆرپەش ۋە قاراساچ ئايىم



ئەلقىسسە: لوپنۇر كۆلى بويىدىكى «ئابدال» دېگەن يۇرتتا سۇياغىل ئاتلىق بىر كىشى ياشايتتى. ئۇ باي-مۇ ئەمەس، كەمبەغەلمۇ ئەمەس ئىدى، ھېچكىمگە بېقىنماي ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ بوز كۆرپەش ئاتلىق تىكەندەك يالغۇز بىرلا ئوغلى بار ئىدى. ئۇ قەددى - قامەتتى كېلىشكەن بىر پالۋان يىگىت ئىدى. چېلىش، ئوق - يا ئېتىش ۋە قىلىچۋازلىقتا ئەرلەرنىڭ پىرى يىگىتلەرنىڭ شىرى، ئىدى. ئۇنىڭ ھەم گەپ ئۇقىدىغان، ھەم سۆز قىلالايدىغان بىر ئېتى بىلەن يەنە بىر تورغىيى بار ئىدى. بۇلار بوزكۆرپەشكە بەكمۇ ۋاپادار ئىدى. شۇڭا ئۇلار «ۋاپادار ئات»، «ۋاپادار تورغاي» دەپ نام ئالغان ئىدى. بوزكۆرپەش ئۇلاردىن پەقەت ئايرىلالمايتتى. يىلدىن - يىل ئۆتۈپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوزكۆر-پەشنىڭ ئاتا - ئانىسى كېسەل بولۇپ، كەينى - كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ بۇ يۇرتتا ئەل - ئاغىنىلىرىدىن باشقا بىرەر يېقىن تۇققىنىمۇ قالمىغان ئىدى. شۇڭا بوز-كۆرپەشنىڭ كۆڭلىدە ياقا يۇرتلارغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلىش ھەۋىسى تۇغۇلدى. ئۇ، دوست-ئاغىنىلىرىنىڭ توسۇشىغا قارىماي، تۇغۇلغان يۇرتى ۋە دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلاندى. سەپەردە يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئادەم ئايىغى باسمىغان چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، قۇم دۆڭلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، "يېكسۇ"① دېگەن يۇرتقا كەلدى.

ئەلقىسسە: يېكسۇ دېگەن يۇرتتا سۇلۇباي ئاتلىق بىر باي كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئات - كالىسى، قوي - ئۆچكىسى، مال - دۇنياسى ھېسابسىز كۆپ ئىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى قەرزگە بوغۇپ، قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە چاكار قىلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ يەنە خۇي - پەيلى قاۋان توڭگۇزدىنمۇ يامان، تۈلكىدىنمۇ ھىلىگەر باياغىل ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە، ئۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق يامانلىق كېلەتتى، خۇلقى - مىجەزى، ھىلىگەرلىگى دەل ئاتىسى-نىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ يەنە قاراساچ ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ، ئۇ ۋاپادار، ئاقكۆڭۈل قىز ئىدى. بۇ يۇرتتىكى كىچىك - چوڭ، پىششىق - تۇرۇك ھەممىسى ئۇنى

① يېكسۇ — لوپنۇر بىلەن چارقىلىق ناھىيىسى چېگرىسىدىكى جاي ئىسمى.

قەدىرلەپ ۋە ھۆرمەتلەپ «قاراساچ ئايىم» دەپ ئاتايتتى. بۇ قىزنىڭ گۈزەللىگى توغرىسىدا ئەل ئاغزىدا مۇنداق سوتۇق① قوشاق تارقالغان ئىدى:

ئالتۇن ئوخشاش گۈل مەڭزىنىڭ سىياقى،
قاش ـ كىرپىگى نەم يەرلەرنىڭ قىياقى.
تولۇن ئايدەك تۈن كېچىنى يارۇتقان
قاراساچ ئايىم بۇ ئالەمنىڭ چىراقى.

بۇ يۇرتتىكى يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئۇنىڭغا كۆز سالاتتى، ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىناتتى، ئۇنىڭ ئىشقىدا يۈرەكلىرى گۆلخاندەك ياناتتى، كېچىلىرى تولغىنىپ ياتالمايتتى. لېكىن قىز بۇ كەمگىچە ھېچكىمگە كۆڭۈل بەرمىگەن ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوزكۆرپەش سۇلۇباينىڭ ئىشىگى ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى. بۇ چاغدا باي ئىشىك ئالدىدا يارانلىرى بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇراتتى. بوزكۆرپەش ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلارغا ئېگىلىپ سالام بەردى. باي ۋە ئۇنىڭ يارانلىرى سالامنى ئىلىك ئالدى. لېكىن سۇلۇباي بۇ يىگىتنىڭ بۇ يۇرتلۇق ئەمەسلىگىنى بىر قاراشتىلا بىلىۋالدى. ئۇنىڭ كىملىگىنى بىلمەكچى بولۇپ، بېيىت تاشلىدى:

ھوي يىگىت، كەلدىڭ قەيەردىن،
ئازغان تۇرنىدەك يەككە.
ئۆز يۇرتۇڭدىن ئايرىلغۇدەك
قالدىڭ سەن نېمە دەرتكە؟

بوزكۆرپەشمۇ بېيىت بىلەن جاۋاپ بەردى:

كەلدىم ئابدالدىن بۇ يەرگە،
يۇرت ئارىلاپ كۆرەي دەپ.
ئۆز خىلىمدا دوست تاپسام،
ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرەي دەپ.

دەرت دىگەننى بىلمەيمەن،
كىشىگە دەرت سالمايمەن.
دەرت سالماقچى بولغاننى،
كۆرسەم تىرىك قويمايمەن.

سۇلۇباي:

ئاتا ـ ئاناڭ بارمۇ سېنىڭ،
ئەسلى زاتىڭ كىم بولۇر؟
نېمە ئوقەت قىلىسەن،
سېنى ئېنىق كىم بىلۇر؟

بوزكۆرپەش:

ئاتا ـ ئانام يوق مېنىڭ،
قاناتسىز يېتىم قۇشمەن.
يامان ئىشتىن نېرى مەن،
ئىشلەپ چىشلىسەم خوشمەن.

— ئوبدان بالىدەك قىلىسەن، — دىدى خوشال ھالىدا سۇلۇباي، — مەن ساڭا ئاتا بولۇپ بېشىڭنى سىلاي، بۇ يەرگە كۆنۈپ قالساڭ، قېشىمدا تۇرۇپ قالارسەن، كۆنمەي كەتكۈڭ كەلسە، ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭنى قىلىپ يولغا سالارمەن.

جىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دىگەندەك، سۇلۇباينىڭ غەرىزى بوزكۆرپەشنى ئالداپ ـ سىلاپ ئۆزىگە چاكار قىلىۋېلىش ئىدى. باينىڭ يارانلىرىمۇ سۆز قىستۇرۇپ: باي ئاكام دىگەندەك بولسۇن، شۇنداق قىلىڭ! — دەپ سالا قىلىشتى. بوزكۆرپەش ئويلىنىپ قالدى. بىر قانچە زامان تۇرۇپ باقمادىمەن، دىگەن خىيال بىلەن بۇ يەردە تۇرۇپ

① سوتۇق / لوپنۇر شىۋىسىدە شېئىرنىڭ كۆپلىكى «سوتۇق» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشقا رازى بولدى. ئۇنىڭغا باي چاكارلار قوراسىدىن بىر ھوجرا ئاجرىتىپ بەردى.

بوزكۆرپەش ئۆزىنىڭ ئىشلەمچانلىقى، زېرەك ۋە ئەقىللىقلىقى بىلەن بۇ يۇرت خەلقىگە ياراپ قالدى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان تەڭ دېمەتلىك ياشلار بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كاتتا يۈز - ئابروي تېپىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن باياغىلىنىڭ ئىچى تارلىقى كېلىپ، ئوغىسى قايناپ تتى. بوزكۆرپەشنى ئېزىدىغا بېسىپ، چايناپ پۈركۈۋەتكىسى كېلەتتى.

ئەلقىسسە: بىر كۈنى بوزكۆرپەش ۋاپادار تورغىيىنى ئويناپ، ۋاپادار ئېتىنى سۇغارغىلى ئۆگەن دەرياسىنىڭ بويىغا كەلدى. ئۇ ئېتىنى سۇغارغاچ، تۈرلۈك - تۈرلۈك دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە قاراپ ئۆز يۇرتىنى، دوست - ئاغىنىلىرىنى سېغىنىپ تۇرغىنىدا، ئارقا تەرىپىدىن بىر توپ قىزلارنىڭ قاقانلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بوزكۆرپەش ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغان ئىدى، قاراساچ ئايىم ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئۆز تەرىپىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ.

ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەن قاراساچ ئايىم تارتىنمايلا گەپ باشلىدى:

— بوزكۆرپەش ئاكا، نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— ئات سۇغۇرۇپ ...

— ھە ... ھە ... — قىز يەنە بىر نەرسە دېمەكچى ئىدى، لېكىن تارتىنىپ قالدى. بۇنى سەزگەن بوزكۆرپەش:

— ماڭا نېمە گېپىڭىز بار ئىدى، ئېيتىۋېرىڭ! — دېدى.

— مېنى كېمىگە سېلىپ ئوينىتىپ قويامسىز؟.

— ماقۇل.

قاراساچ ئايىم خوش بولۇپ، قىزلاردىن بىرىنى بوزكۆرپەشنىڭ ئېتىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۆزى دەريا ياقىسىدا باغلاغلىق تۇرغان كېمىگە چۈشتى. بوز-كۆرپەش كېمىنى يېشىپ، ئىتتىرىۋېتىپ، ئارقىدىن ئۆزى بىر سەكرەپلا چىقىۋالدى، كېمە قورقۇنچلۇق ھالدا ئىغاڭلاپ كەتتى، قىز قورققىنىدىن چىقىراپ تاشلىدى. بوز-كۆرپەش قىزغا تەسەللى بېرىپ: قورقماڭ! — دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزنىڭ جەرەن-نىڭكىدەك چىرايلىق، تۇم قارا كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىككى كۆز ئارىسىدا چاقماق چاقنىغاندەك نۇر چاقنىدى. بوزكۆرپەشنىڭ يۈرىكى نېمە ئۈچۈندۇر «جىغ» قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىسسىق بىر ئوت قاپلىغاندەك بولدى، نەپىسى قىسىلىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلدى. ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، ئىچى-دىن يالقۇن چىقىۋاتامدۇ نېمە، دەپ ئويلىدى. ئۇ چېچىلغان خىياللىرىنى يىغىپ، قاراساچ ئايىمنى كېمە بىلەن بولدى دىگىچە ئوينىتىپ ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ قاراساچ ئايىممۇ كېچە - كۈندۈز بوزكۆرپەشنى ئويلايدىغان، سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭسىز ياشا-يالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بوزكۆرپەشكە چۈشۈپ قالغان ئىدى. بوزكۆرپەش قاراساچ ئايىمنى سېغىنسا مۇنداق دەپ قوشاق ئېيتاتتى:

قاراساچ ئايىم، ئاھۇ كۆزۈڭدە قاراپ،
شۇ كۈنلەردە ھالىمنى قىلدىڭ خاراپ.

ئوت بولۇپ ئىشقىڭدا مەن كۆيمەكتىمەن،
كۆرۈپ باق، يۈرەك ـ باغرىم بولدى كاۋاپ.

ئاناڭ سېنى پەرىزاتتەك تۇغۇپتۇ،
تەقدىر ئاللا مېنى ساڭا بۇيرۇپتۇ.
ئىككى ئېغىز گېپىم بار، ئېيتىپ ئالاي،
خالىغا چىق، يارىڭ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

بوزكۆرپەش ئوت ـ كۆيەككە چىدىيالمىدى، كېچىلىرى ئاھ ئۇرۇپ، تولغىنىپ ياتالمىدى. ئاخىر بولماي ئەقلى ـ ھۇشىنى يىغىپ، قاراساچ ئايىمغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، نامە يازدى ۋە ئۇنى ۋاپادار تورغىيىدىن ئەۋەتتى.

ئەلقىسسە: شۇ كۈنلەردە قاراساچ ئايىمغىمۇ بوزكۆرپەشنىڭ ئوت ـ كۆيۈگى چۈشكەن ئىدى. بىچارە قىز بوزكۆرپەشنىڭ دەردىدە قىينىلاتتى، كۈننى تۈنگە ـ تۈننى كۈنگە ئۇلاپ، بىدار ئۆتەتتى، گېلىدىن تاماق تۇرماق سۇمۇ ئۆتمەي، ئورۇقلاپ ھالىدىن كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز دەردىنى ئاغالاپ① ئېيتقان قوشاقلىرى:

ئۆگەن دەريا بويىنى
گۈل تېرىپ گۈلشەن ئېتەي.
تەنگە چۈشتى ئوت ـ كۆيۈك،
ئەمدى مەن قانداغ ئېتەي؟
كېلىپ ھالىمنى سورا،
كەلگەن پۈتلىرىڭ كېتەي②.

سەن يادىمغا يەتكەندە،
ماڭغان يولۇمدىن ئازىپ،
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
ئەۋەتەي خەتكە يازىپ.

شۇنچە كەڭرى ئالەمدە
يۈرمە باغرىمنى ئەزىپ.

ئىگىز تاغدا سايرايدۇ،
چىل بىلەن كەكلىك، ئۇلا.
شۇ كۈنلەردە ئىچىمدە
دەردلىرىم ساچتىن تولا.
ئاقكۆڭۈل سۆيگەن يارىم،
دەردىمگە بولغىل دورا.

قاراساچ ئايىم قوشاق ئېيتىپ ئىچىنى بىرئاز بوشاتتى، ھارغىنلىق يېتىپ، تۈڭلۈككە قاراپ ياتتى. توساتتىن تۈڭلۈك بېشىدا بىر بوز تورغاي پەيدا بولۇپ قالدى. قاراساچ ئايىم بوز تورغايغا بېيىت تاشلىدى:

نەدىن كەلدىڭ بوز تورغاي،
سايرىساڭچۇ مەن تىڭشاي.
يارىمنىڭ خەۋىرىنى
يەتكۈزگىل، يۈرەك تىنغاي.

بوز تورغاي چۇ ـ چۇلاپ سوزۇپ بىر قېتىم سايرىدى. كەينىدىنلا زۇۋانغا كېلىپ، قاراساچ ئايىمغا قاراپ دىدى:

تۈڭلۈككە يېقىن كېلىڭ،
نامە ئەكەلدىم سىزگە.
ئىگەمنىڭ كۆڭلى تىنسۇن،
تېز ئۇچۇر بېرىڭ بىزگە.

قاراساچ ئايىم خوشاللىغىدىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، تۈڭلۈكنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى. بوز تورغاي ئۇنىڭغا تۇمارچىلاپ قاتلانغان بىر پارچە نامەنى تاشلاپ بەردى.

① ئاغالاپ ـ ئىزھار قىلىپ مەنىسىدە.
② كەلگەن پۈتلىرىڭ كېتەي ـ مېڭىپ كەلگەن پۇتۇڭنىڭ سادىغىسى بولۇپ كېتەي دىگەن مەنىدە.

قاراساچ ئايىم نامەنى قولىغا ئېلىپ ئېچىپ قاراپ، ئۇنىڭ بوزكۆرپەشتىن كەلگەنلىكىنى بىلدى. كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، نامەنى لەۋلىرىگە تەككۈزۈپ، باغرىغا تاڭدى، ئۇنىڭ جىنىغا جان قوشۇلغاندەك، كۆڭلىگە راھەت - پاراغەت قويۇلغاندەك بولدى.

ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەردىن چىققىنىنى! — دېدى ئۆز - ئۆزىگە. ئۆزىنى شۇنچە بەختلىك ھىس قىلىپ، قولىغا قەغەز - قەلەم ئېلىپ، جاۋاپ نامە يېزىشقا كىرىشتى. نامەنى تۇمارچىلاپ قاتلاپ، بوز تورغايغا بەردى. تورغاي نامىنى ئېلىپ، پەرۋاز ئەيلەپ، بوزكۆرپەش تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئەلقىسسە: بوزكۆرپەش قاراساچ ئايىمدىن كەلگەن نامىنى ئوقۇپ، خوشاللىقىنى باسالماي تۇرغاندا، سۇلۇبايىنىڭ چاكارلىرىدىن بىرسى كىرىپ كەلدى ۋە باياغىلىنىڭ چاقىرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بوزكۆرپەش نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، باياغىلىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۆيدە باياغىل كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭ پاتما ئاتلىق خوتۇنى يالغۇز ئىدى. بۇ خوتۇن خىقىراپ سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ ئېتىنى ئاتىماي «خىقىراق خوتۇن» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ خوتۇن ھەققىدە يۇرت ئىچىدە مۇنداق بىر سوتۇق تارقىلىپ يۈرەتتى:

يۈزى قارا، بۇرنى ئىلمەك، پاخماق ساچ،
سار مادادەك ئولتۇرىدۇ كۆزى ئاچ.
گەپ قىلىدۇ گويا ئىتتەك خىقىراپ،
يالغۇز ئۇچراپ قالسا ئۇندىن يىراق قاچ.

بۇ ئايال بوزكۆرپەشنى كۆرۈش بىلەن گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ، پۈتى يەرگە تەگمەي قالدى. دەرھال داستىخانىنى نازۇ - نېمەتلەرگە تولدۇرۇپ، ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىشكە باشلىدى. بوزكۆرپەش بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلەلمەي ھەيران ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە، بۇ خوتۇن قاراساچ ئايىم بىلەن بولغان مۇھەببىتىمىزنى ئۇققان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىلتىپاتلىرىنىڭ تېگىدە قانداق ھىيلە - نەيرەڭ بارلىقىنى كىم بىلسۇن؟ خىقىراق خوتۇن بوزكۆرپەشكە يېقىنلىشىپ، ھېچ بىر ئۇيالماستىن بەد قىلىقلارنى قىلغىلى تۇردى. ئۆزىنىڭ بۇ يىگىتكە كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. بوزكۆرپەش ئۇنىڭ بۇ ھاياسىزلىقىدىن شۇنچىلىك يىرگىنىپ، تەنلىرى شۈركەنگەن بولسىمۇ، لېكىن چاندۇرماي:

— سىز مېنىڭ كەلگۈسى يەڭگەم بولىسىز. مېنىڭ قاراساچ ئايىم بىلەن ئېلىشماقچى، تېگىشمەكچى بولۇپ يۈرگەنلىكىمدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ سىز خاپا بولماي، بۇ پەيلىڭىزدىن يېنىڭ! — دەپ نەسىھەت قىلدى ۋە ئۇچقاندەك تېزلىكتە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بوز كۆرپەشنىڭ بۇ قىلىقىغا خىقىراق خوتۇننىڭ ئۆلگۈدەك ئاچچىقى كەلدى، كۆڭلى تاشقا ئۇرۇلغان ئەينەكتەك چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. خەپ... بوزكۆرپەش، ساڭا كۆرسىتىدىغاننى كۆرسەتمىسەم، ئادەم بولماي كېتەي! دەپ قەسەم ئىچىپ، يېڭى ھىيلە - مىكىرلەرنى ئويلاشقا باشلىدى.

ئەلقىسسە: خىقىراق خوتۇن قەيىن ناتىسى سۇلۇبايىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئاقنى قارا قىلىپ چېقىشقا باشلىدى:

— دادا، قىزىڭىز بىلەن بوزكۆرپەش ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئۇقامسىز؟ — دەپ سورىدى. بۇنىڭدىن ھاڭ - تاڭ قالغان سۇلۇباي سورۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— ھە، نېمە ئىشلار بوپتۇ؟

— تېخىچە ئۇقمىدىڭىزما؟ ئۇلار ئاشىق-مەشۇق ئىكەن، بوزكۆرپەش سۇلۇبايغا ئەلچى كىرگۈزىمەن، قىزىمنى بەرمەيمەن دېسە، ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئالىمەن، دەپ يۈرگىدەكمىش، — دېدى.

بۇ گەپلەر سۇلۇبايغا بېشىغا توقماق ئۇرغاندەك بىلىندى، غەزىپى ئۆرلەپ، تىترەپ كەتتى.

خىقىراق خوتۇن بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدى. ئاخشىمى باياغىل بىلەن بىر ئورۇندا يېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ قۇلىغىغا پىچىرلىدى:

— سەن بولساڭ مېنىڭ كەت خۇدا ئېرىم، سېنىڭدىن بىر نەرسىنى يوشۇرسام خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ، كۆڭلۈممۇ ئۇنىمايدۇ. بۈگۈن چۈشتە ھىلىقى پالاندى گاداي بوزكۆرپەش سېنىڭ يوقلۇغۇڭنى بىلىپ، يامان نىيەت بىلەن ئۆيىمىزگە كەلگەن ئىكەن. دەككىسىنى تازا بېرىپ ھەيدەپ چىقاردىم. سەن ئەرغۇ؟ ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ، نۇخۇلىسىنى ئېلىپ قويمىساڭ، مەن رازى ئەمەس ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ باياغىل غەزىۋىنى باسالماي، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. دەرھال بېرىپ بوزكۆرپەش بىلەن ئېلىشماقچى بولدى.

— ئەخمەق ئىكەنسەن، — دېدى خىقىراق خوتۇن، — كۈن بۈگۈنلىمىدى؟ ھاردۇغىڭنى ئېلىپ، ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە، بىر ئىشقا بانا قىلىپ ئوبدان جايلىمامسەن!

باياغىل خىقىراق خوتۇننىڭ گەپلىرىگە كۆنمىدى، خىقىراق خوتۇنمۇ بوش كەلمەي، نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ ئاچچىغىنى باستى. لېكىن كۆڭلىدە ئوتنى بۇنچىلىك تېز ياققانلىغىغا خوش بولۇپ، كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولدى.

ئەلقىسسە: ئەتىسى ئەتىگەنلىكى سۇلۇباي باياغىلنى يېنىغا چاقىرتتى. ئىككىسى يالغۇز ئولتۇرۇشۇپ، بوزكۆرپەش ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى بىر بىرىگە يەتكۈزۈشتى، ھەر ئىككىسىنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك بولدى، يارىدار قاۋاندەك كۆزلىرىگە قان تولدى. بوزكۆرپەشنى قانداق جازالاش ھەققىدە ئويلىنىشنى سۇلۇباي مۇنداق دېدى:

— باياغىل، سەن ئالدى بىلەن يىگىتلەرنى يىغىپ چېلىش ئۆتكۈز. بىر ئامال قىلىپ، بوزكۆرپەشنى مەيدانغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزەڭ يەكمۇ-يەك تۇتۇش قىلىپ، ئۇنىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىغىنى چاغلاپ باق، كۈچۈڭ يەتكۈدەك بولسا، شۇ مەيداندىلا جايلىۋېتەرسەن؛ كۈچۈڭ يەتمىگۈدەك بولسا، يوشۇرۇنۇپ ئۆلتۈرىدىغان جايىغا ئېتىپلا جەھەننەمگە ئۇزىتارسەن.

باياغىل ئاتىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە شۇ كۈنى بىر چاكىرى ئارقىلىق خەۋەر قىلدۇرۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئەشەنچىلىك يىگىتلىرىنى مەھەللە سىرتىدىكى ئاق قۇملۇق باغرىغا يىغدى. بوزكۆرپەشنىمۇ چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ھوي بوزكۆرپەش! بەكمۇ زېرىكىپ كەتتىم، شۇڭا بۈگۈن يىگىتلەرنى چېلىش مەيدانىغا يىغدىم. ئاڭلىسام يۇتۇرىڭدا داڭلىق پالۋان ئىكەنسەن، سەنمۇ بۈگۈن مەيدانغا چۈشۈپ كارامىتىڭنى كۆرسەتسەڭ!

بوزكۆرپەش بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. باياغىل ئۇنى زاڭلىق قىلىشقا باشلىدى:

— بوزكۆرپەش، سەن ئوغۇل بالىمۇ، پالۋان نامىڭ يالغان ئىكەندە، بولمىسا توخۇ يۈرەكلىك قىلىپ كۆمسەم پىشارمۇ، ياقسام پىشارمۇ، دەپ تۇرۇپ قالماس ئىدىڭ.

بۇ گەپتىن بوزكۆرپەشنىڭ راسا

www.uyghurkitap.com



ئاچچىغى كەلدى. ئاچچىغىنى ئىچىگە يۇتۇپ زەردە بىلەن مۇنداق دېدى:

— باياغىل، مەن مەيدانغا چۈشسەم سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئىمىن تاپامدۇ؟

باياغىل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ياسىمىلىق بىلەن كۈلدى.

چېلىش باشلاندى. بوزكۆرپەش مەيدانغا چۈشتى. لېكىن باياغىل شۇنچە تاللاپ چۈشۈرگەن بولسىمۇ، يىگىتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بوزكۆرپەشكە تەڭ كېلەلمىدى. بۇنىڭدىن باياغىلنىڭ ئوغىسى قايناپ، يېزىلىنۈدەك بولۇپ كەتتى. بوز كۆرپەشنىڭ دېۋدەك كۈچى بولسىمۇ، شۇنچە كۆپ كىشى بىلەن چېلىشقاندىن كېيىن ئەمدى ھارغاندۇ. ئۆزەم مەيدانغا چۈشۈپ، بېشىمدىن ھالقىتىپ يەرگە شۇنداق ئۇرايكى، ئۇستىخانلىرى كۇكۇم تالغان بولۇپ كەتسۇن، ئەل-جامائەت مېنى تونۇپ قويسۇن! دەپ ئويلىدى-دە، ئۆزى مەيدانغا سەكرەپ چۈشتى. شۇ چاغدا بوزكۆرپەش قاراساچ ئايىمنى ئەسلەپ كۆكلىدە سۆيۈندى، پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ-قۇدرەتكە تولدى. لېكىن ئۇنىڭ ھۆرمەتى ئالدىدا ئاكىسى بىلەن بەل تۇتۇشۇشنى ھاياسىزلىق بىلىپ، باياغىلغا قاراپ بىر سۆز دېدى:

ھوي باياغىل، باياغىل،
ئاداشتىڭمۇ ئەقلىڭدىن؟
سەن مېنىڭ ئاكامدۇرسەن،
يانغىل شەيتان پەيلىڭدىن.
كۆڭلۈڭمۇ ئېچىلغاندۇر،
يىغىشتۇرغىل مەيدانىنى.
بۇندىن بۆلەك ئىشقا سال،
تەسەددۇق قىلاي جانىنى.

باياغىل ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

ھوي، ئېگى پەس، بوزكۆرپەش،
ئاداشىپسەن ئەقلىڭدىن.
جۆيلىمەگىل ساراڭدەك،
ئاكا تاپ ئۆز خىلىڭدىن.

كۆڭلۈم تاغى ئاچىلمادى،
يىغمايمەن بۇ مەيدانىنى.
سەن بىلەن بىر ئېلىشىپ،
شۇندا تاپاي ئارامنى!

بوز كۆرپەش باياغىلنىڭ «ئاكا تاپ ئۆزخىلىڭدىن» دېگەن سۆزدىن بەك خىرلىق ھىس قىلدى. بۇ خىرلىقنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېلىشىپ، ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. باياغىل بوز كۆرپەشنىڭ ئالدىدا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئالچاڭشىپ، يەمگە ئېتىلغان يىرتقۇچتەك ئېتىلدى. بوزكۆرپەش ئۆزىنىڭ بېلىنى باياغىلنىڭ تۇتۇۋېلىشىغا يول قويدى. باياغىل بارلىق كۈچىنى، پەنتىنى ئىشقا سالسىمۇ، بوزكۆرپەشنى ئورنىدىن مىدىرتال-مىدى، ئۇ گويا قۇملۇقتا ئۆسكەن باراقسان توغراقتەك مەزمۇت تۇراتتى. ئالدىنقى مەي-داندا بوزكۆرپەشتىن يېڭىلىپ قاتاردىن چىققان يۈندىخور يىگىتلەر باياغىلنى كۈش-كۈشلەپ: «باياغىل ماۋۇ يەرگە تۈكۈرۈپ قويدۇم، كاللاڭدىن ھالقىتىپ شۇ يەرگە ئات!» دەپ چۇقان سىلىشاتتى. باياغىل شۇنداق قىلماقچى بولۇپ تىركاڭشىدى. لېكىن بوزكۆرپەشنى جايىدىن مىدىرلىتالمىدى. ئەمدى ھۇجۇم قىلىش نۆۋىتى بوزكۆرپەشكە كەلگەن ئىدى. بوزكۆرپەش يۈندىخىرلارنىڭ دېگىنى بويىچە باياغىلنى شۇلار كۆرسەتكەن يەرگە ئاستاغىنا ئاتتى. بۇ ئەلەمدىن يېرىلى-غۇدەك بولغان باياغىل تېخىمۇ جىلى بولۇپ، كەيپى تۇتۇنۇدەك تارقاپ، «يىقىلغان چېلىشقا

تويماپتۇ» دىگەندەك: بۇ ھېساپ ئەمەس، پۈتلىشىپ كەتتىم، — دەپ ۋاقىرىدى. ئۇ بوزكۆرپەشنىڭ بىخارامان تۇرغان پۈرستىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا غالجىر ئىتتەك ئۆزىنى ئۇرغان ئىدى، بوزكۆرپەش چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى يانغا ئېلىۋالدى، باياغىل دۈغىنى ياندۇرالماي، يەرگە دۈم چۈشتى، ئاغزى-بۇرنىغا قۇم تىقىلدى، رەسۋاچىلىق ئۈستىگە رەسۋاچىلىق بولدى. ئۇ ئاچچىغىغا پايلىماي، ئاغزىنى بۇزۇپ تىل-ھاقارەت قىلىشقا باشلىدى:

— گۈي، خۇمسا! ئوغۇل بالا بولساڭ، ئۆزەڭنى نىمىشقا ئەپقاچىسەن؟ نوچا بولساڭ كەلمەمسەن قېنى!

كۆزلىرىگە قان تولغان باياغىل تېخىمۇ ۋەھشىلىشىپ دىۋەيلەپ كەلدى. بوزكۆرپەش «نىمە قىلاركىن قېنى» دەپ جىم تۇردى. ئايىغىنى بىلمىگەن باياغىل بوزكۆرپەشكە يەنە ئېتىلدى. بوزكۆرپەش ئەتراپتىكىلەرگە ئاڭلىتىپ:

— باياتىن ئاتىقىنىم ھېساپ بولمىسا، ئەمدى ئاتقىنىمنى كۆر! — دىدى-دە، باياغىلنى ئىگىز كۆتىرىپ، كىچىك بالىنى پىقىراتقاندەك پىقىرىتىپ، بېشىدىن ھالقىتىپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، باياغىل «غىق ...» قىلىپ، قۇۋانغىنىچە قۇمغا پېتىپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر بۇنى كۆرۈپ قورققىنىدىن، بۆكلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي، بەدەر قېچىپ كېتىشتى. بوزكۆرپەش غالىبانە ھالدا:

— سېنىڭدىن باشقا ئادەم بولسا، رەھىم قىلمايتتىم، خەير، سىڭلىڭ قارا ساچنىڭ يۈزى ئۈچۈن سېنى تارتىپ قوياي! — دەپ ئۇنى قۇملۇق توپىدىن تارتىپ ئالدى، كىيىم-كېچەكلىرىنى قېقىشتۇرۇپ تازىلاپ قويدى. باياغىل بوزكۆرپەشنىڭ كۈچىگە تەن بېرىپ، نائىلاج تۈلكىلىك بىلەن ھىجىيىپ، خوشامەت قىلىشقا باشلىدى:

— مەن ئۇقماپتىمەن، كە ... چۈرسىلە، يۈرسىلە ... مەن سىلىنى ...

بوزكۆرپەش باياغىلنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئۆز يولىغا راۋان بولۇپ، ھوجرىسىغا قايتتى.

ئەلقىسسە: ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتتى، باياغىل دادىسى بىلەن باش قاتۇرۇپ يېڭى ھىلە ئويلاپ تاپتى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىگى باياغىل بوزكۆرپەشنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ يۈۋاش، مۇلايىم قىياپەتتە كۈچۈكلىنىپ:

— ئۆتكەندە سىلىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويۇپتىمەن، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا ... سىلىنى بىر ئىشقا تەكلىپ قىلىپ كېلىۋىدىم، — دىدى.

— ئېيتسىلا، نىمە ئىش ئىدى؟ — دەپ سورىدى بوزكۆرپەش.

— ئاتام يېڭى ئوۋ گۆشى سېغىنىپ قاپتۇ. بىللە ئوۋ ئوۋلاپ كەلسەكمىكىن دىۋىدىم، — دىدى باياغىل.

بوزكۆرپەشمۇ ئوۋغا بېرىشنى سېغىنىپ يۈرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ: بولىدۇ، بارايلى! — دەپ جاۋاپ بەردى.

بوزكۆرپەش بىلەن باياغىل ئۇزۇق-تالقان راسلاپ، قىلىچ-ئوق-يالىرىنى ئېسىشىپ، سەپەرگە ئاتلاندى. ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان ئىدى. ئۇلار ئورمانلىققا كىرگەندە باياغىل بوزكۆرپەشكە مۇنداق دىدى:

— سەن مېڭىپ تۇر، مەن تەرەت سۇندۇرۇۋېلىپ، ئارقاڭدىن يېتىپ باراي!

بوزكۆرپەش ۋاپادار ئېتىنى يۈرۈتۈپ، ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ خېلى كۆپ يول باسقاندىن كېيىن، ئارقىسىغا قاراپ باقتى، لېكىن باياغىلنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بوزكۆرپەش ئويلىنىپ قالدى: «باياغىلغا نىمە بولغاندۇر؟ نىمىشقا شۇ چاققىچە يېتىپ كەلمەيدىغاندۇ،

مۇشۇ يەردە بىردەم ساقلاپ تۇراي.» ئۇ ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى غىشا قومۇشلۇققا قويۇۋەتتى، ئۆزى بىر تۈپ قېرى توغراقنىڭ سايىسىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قاراساچ ئايىمنىڭ مېھرى ـ شەپقەت يېغىپ تۇرىدىغان ئانار يۈزلىرى، بۇلاقتەك ئويناپ تۇرغان خۇمار كۆزلىرى كېلىشكە باشلىدى، قەلبىنى سېغىنىش ھىسسىياتى چۇلغىدى، ئۇنى ئەسلەپ قوشاق ئېيتىشقا باشلىدى:

خۇدايىم قانات بەرسە،
ھاۋانى يېرىپ ئۇچسام؛
يار قاشىغە تېز بارىپ،
تېچ ـ ئامانلىق سوراشسام.
ئۆگەن دەريا سۈيىدە
كېمىگە سەپ ئويناتسام.

قوڭغۇراق ئاسىپ قويدۇم،
ئاق سەركەنىڭ بوينىغا،
قاراپ ـ قاراپ تويمايمەن
يارىم تۇرغان ھويلىغا؛
ئۆزەمنى ئاتقۇم كېلۇر
ئاق ماۇقتەك قوينىغا.

چۆلدىمۇ زېرىكمەيمەن،
ئامرىغىم سېنى ئويلاپ.
بۇ قوشاقنى توقۇدۇم
ئۆگەن دەريانى بويلاپ.
ئالۇرمەن سېنى قاچان
ئەلنىڭ ئالدىدا تويلاپ.

بۇغدايىنىڭ ئاراسىغا
ئارپا ئارىلىشىپ كەتكەن.
ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى
سىرلاپ يۇغۇرۇپ ئەتكەن.

سېنىڭ بىلەن مېنىڭدەك
كىم مۇرادىغا يەتكەن؟

بوزكۆرپەش باياغىلنى خېلى ئۇزاق ساقلىدى، لېكىن ئۇ نىمە ئۈچۈندۇر يېتىپ كېلەلمىدى. «بىرەر پالاكەتكە يولۇقتىمۇ ـ نىمە؟» دىگەن خىياللار بوزكۆپەشنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا ئۇ ئارقىسىغا قايتىپ ئىزلەپ ماڭدى. خېلى يول يۈرۈپ، يولنىڭ بويىدا بۇك باراقسان ئۆسۈپ تۇرغان يۇلغۇنلۇقنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى. يۇلغۇنلۇق ئىچىدىن بىر دانە ئوق ـ يا ئوقى ئۇچۇپ چىقىپ، بوزكۆپەشنىڭ يوتىسىغا كېلىپ سانچىلدى. بوزكۆرپەش قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ۋاپادار ئېتىنى دىۋېتىپ، يۇلغۇنلۇق ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى. بۇ يەردە قورقىنىدىن چىرايىدا قان قالمىغان. غال ـ غال تىترەپ تۇرغان باياغىلنى كۆردى.

ـــ خەپ، نامەرت! ـــ دىدى بوزكۆرپەش ئاچچىغىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ـــ سېنىڭدىن باشقا ئادەم بولسا، مالۇن پۇتنىڭ① قىيمىسىدەك چانىۋېتەتتىم، خەير، سىڭلىسىڭ قاراساچنىڭ يۈزى ئۈچۈن ساڭا چېقىلماي، ئىت جېنىڭ ئامان قالسۇن!

بوزكۆپەش ئوقنى يوتىسىدىن تىكەننى تارتىپ چىقارغاندەك يۇلۇپ ئېلىپ، باياغىلنىڭ ئالدىغا پېقىرىتىپ ئاتتى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. ۋاپادار ئات تىلغا كىرىپ، بوزكۆرپەشكە مۇنداق دىدى:

ـــ بوزكۆرپەش، ساڭا تەككەن ئوق زەھەرگە چىلانغان. يەرگە چۈش، ئوق تەككەن يېرىڭنى شوراپ زەھىرىنى چىقىرىۋېتەي!

ـــ باياغىلدەك ئۇششۇك چىۋىننىڭ ئوقى قانچىلىك نىمتى؟ ـــ دىدى بوزكۆرپەش مەن ـ

① مالۇن پۇت ـــ لوپنۇر شىۋىسىدە مانتا دىگەن سۆز.

ستمەي، — غەم يىمە، ھىچقىسى يوق.

ۋاپادار ئات يالـۋۇردى، بوزكۆرپەش
پسەنت قىلمىدى. ئاردىن بىرئاش پىشىم
ۋاقىت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، ئوق تەككەن جاينىڭ
ئەتلىرى سېسىپ، جاراھەت ئورنى چىننىڭ
ئاغزىدەك يوغىنىدى. بوزكۆرپەش ۋاپادار
ئېتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغىنىغا پۇشايمان
قىلدى. بويى قىزىپ، ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ،
زەھەرنىڭ تەسىرىدىن پۈتۈن بەدىنى چايان
چاققاندەك ئېچىشىپ ئاغرىپ، ھالسىزلىنىشقا
باشلىدى. ئۇ ئاتنىڭ ئۈستىدە ئاران ئولتۇرۇپ،
مۇنداق دىدى:

— مېنى ۋىتىرەككە ئېلىپ بار!

«ۋىتىرەك» دەپ ئاتالغان بۇ دەرەخ ئابـ
دال بىلەن يېگىدۇ ئارىلىقىدا بولۇپ، بۇ يەردىن
ئىككى تەرەپكە تەڭ نەزەر سالغىلى بولاتتى.
ۋاپادار ئات ئۇنى خۇددى شىرغىغا① سالغاندەك
تەۋرەتمەي سىلىق ئېلىپ مېڭىپ، ۋىتىرەككە
يەتكۈزدى. بوزكۆرپەش ۋىتىرەككە قاراپ
مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھاي ... ۋىتىرەك، ۋىتىرەك،
ياپراغىڭدىن سال تۆشەك.
مەن ياتىپ ئارام ئالاي،
بولغىل ھەمدەم، يار ـ يۆلەك.

ۋىتىرەك ئۆزلۈگىدىن تەۋرىنىپ جۇلـ
غىغاندەك يەرگە غازاڭ تاشلىدى. غازاڭلار
بىر يەرگە ئۈستى ـ ئۈستىگە توپلىنىپ، بىرئادەم
ياتقۇدەك تۆشەك تەييار بولدى. ۋاپادار ئات
ئاستا يەرگە ياتتى، بوزكۆپەش ئاتنىڭ ياىـ
لىنى تۇتۇپ، ئۆزىنى «تۆشەك» ئۈستىگە
تاشلىدى.

ۋاپادار ئات مۇنداق دىدى:

— مېنىڭ تىزگىنىمنى قايرىپ قوي.

بۇ يەردىن ئۈچ ئايلىق يولدا زەھەر قايتۇرۇپ،
جاراھەتنى ساقايتىدىغان دورا بار، مەن ئۈچ
كۈندە ئېلىپ كېلەي.

— ماقۇل، تېز بارغىن! — دىدى بوز
كۆرپەش.

ۋاپادار ئات ئۈچقاندەك چېپىپ
يولغا راۋان بولدى. بوزكۆپەشنىڭ يېنىدا
ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ ۋاپادار تورغىيلا قال-
غان ئىدى. بوزكۆپەش تۆشەكتە يېتىپ،
مېھرىبانى قاراساچ ئايىمنى ئەسلىدى. ئۆزىـ
نىڭ ھالىدىن ئۇنى خەۋەردار قىلغۇسى كەلـ
دى. ئۇ ئاغرىقتا چىداشلىق بېرىپ، ئۆز
يارىغا نامە يېزىشقا باشلىدى:

مەن ھالىمنى بايان ئەيلەپ،
نامە يازدىم ساڭا يارىم.
نامەم بارىپ تەككەن ھامان
ياشلەرىڭ بولماسۇن تارىم.

ئاكاڭ ئوۋغا چىقايلى دەپ،
كەلسە ئاڭا «ھە» دەپتىمەن.
يۈرىگىگە يوشۇرۇنغان
شۇم نىيەتنى بىلمەپتىمەن.

ئارا يولدا قەستلەپ قاتىل
ئاتتى ماڭا زەھەرلىك ئوق.
سەن كورگەندەك تاشىپ تۇرغان
كۈچ ـ مادارىم تەنىمدە يوق.

ھالىم مېنىڭ شۇنچە زەبۇن،
سېنى قايتا كۆرەرمەنمۇ؟
ئۈچ پاختىدەك قوللەرىڭنى
يۈزلەرىمگە سۈرەرمەنمۇ؟

ئۆگەن دەريا بويلارىدا
بىرگە ئوييناپ يۈرەرمەنمۇ؟

① شىرغا — كېمە ل توشۇيدىغان يەرلىك نوسۇلكا.

يۈرەك ـ باغرىم قانغىدەك بىر
چىلىك قوچاغلاپ سۆيەرمەنمۇ؟

كۆرۈشمىسەك بۇ ئالەمدە
قالما يارىم، ئاخىر دەردتە.
كۆرۈشەرمىز ئاخىر بىركۈن
ئۇ ئالەمدە ــ قىيامەتتە.

بوزكۆرپەش نامىنى تۇمارچىلاپ قاتلاپ، ۋاپادار تورغىيدىن قاراساچ ئايىمغا ئەۋەتتى. ئەلـقىسسە: باياغىل بولغان ۋەقەنى يىپ ـ يىڭنىسىغىچە دادىسى سۇلۇبايغا ئېيتىپ بەردى. سۇلۇباي: «نىمە ئۇچۇن بىر يولىلا ئۆلتۈرۈۋەتمىدىڭ» دەپ كايىدى. كېيىن زەھەرلىك ئوقنىڭ كارامىتىنى ئويلاپ، بەربىر ئۆلىدۇ، دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈردى ـ دە، خاتىرجەم بولدى.

كۈن كەچ كىردى. باياغىل، بوزكۆرپەش تورغىيى ئارقىلىق سىڭلىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ، قاراساچ ئايىمنى ئانىسىغا ھەمرا بولۇپ بىللە يېتىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭ ھوجرىسىدا خىنىراق خوتۇننى ياتقۇزۇپ قويدى.

قاراساچ ئايىم ئەھۋالنى ئۇقمىغاچقا، بوزكۆرپەشنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىگىدىن ئەنسىرەيتتى، كۆڭلىنى بىر يامان ئەنسىزلىك چۇلغىۋالغان ئىدى.

تۈن قاراڭغۇ كېچە. ھەممە كىشى ئۇيقۇغا غەرق بولغان ئىدى. پەقەت قاراساچ ئايىم بىلەن خىنىراق خوتۇنلا ئۇيقۇسىز ئىدى. خىنىراق خوتۇن ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرغان تۈڭلۈككە پات ـ پات قارايتتى. تۈن نىسپى بولاي دېگەندە تۈڭلۈكتە «چۇ... چۇ... چۇ...» دېگەن تورغاي ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىن تورغاي ئۆيي ئىچىگە قاراپ مۇڭلۇق بېيىتىنى ئېيتتى:

قاراساچ ئايىم، ئۇيقۇڭنى ئاچ،
ئۇخلايدىغان ۋاخ ئەمەس.
نامە ئالىپ كەلدىم ساڭا،
تۇر ئورنۇڭدىن، تۇرغىن دەس.

نامەنى تېز ئاچىپ كۆرگىل،
سۆيۈپ ئۇنى، كۆزگە سۈرگىل.
يارىڭ قالدى قىيىن ھالدا،
مېنىڭ بىلەن تېز يۈرگىل.

خىنىراق خوتۇن پەم بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، تورغاينى تۇتۇۋالدى، خۇشاللىقىدىن يۈرىگى يېرىلغۇدەك بولدى. تورغاينى ئېلىپ، ئۆز ھوجرىسىغا باردى ـ دە، باياغىلنى ئويغىتىپ، خەتنى بەردى. ئۇلار خەتنى ئېچىپ ئوقۇغاندىن كېيىن، غەزەپلىرى تاشتى. تورغايدىن بوزكۆرپەشنىڭ نەدىلىگىنى سورىغان ئىدى، تورغاي ئېيتىپ بەرمىدى. «ئېيتىپ بەرسەڭ، سېنى ئازات قىلىمىز» دەپ ئالداپ باقتى. تورغاي ئالدانمىدى. ئاخىرى تورغاينى مۇجۇپ باقتى، پەيلىرىنى يۇلۇشتى، لېكىن بىر ئېغىزمۇ جاۋاپ ئالالمىدى. خىنىراق خوتۇن ئېرىگە، ئوتقا قاقلاپ باقايلى، شۇندا ئېيتىپ بېرەر، دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. باياغىل ماقۇل بولۇپ، گۈلخان يېقىپ، تورغاينى ئوتقا قاقلاپ قىينىدى. تورغاي پۇچۇلىنىپ، كاۋاپ بولۇپ، جېنى ھەلقۇمىغا كەلگەندە ئۆز ئىگىسىنى ئەسلەپ: «بوزكۆرپەش... تىرەك» دەپ سالدى ـ دە، چىقىراپ جان ئۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى «بوزكۆرپەش تىرەك دېگەن جايدا ئوخشايدۇ» دەپ پەرەز قىلىپ، تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ بۇ خەۋەرنى ئاتىسىغا يەتكۈزدى.

ــ دادا، دادا! ــ دېدى ئۇ ھاسىراپ، ــ بوزكۆرپەش تىرەك دېگەن جايدا بىرگە قارشى ئادەم توپلاۋېتىپتۇ. پات يېقىندا

باستۇرۇپ كېلىپ، كۆلىمىزنى كۆككە سورىـ
ماقچىكەن.
ئۇنىڭ توقۇپ چىققان بۇ سـۆزىدىن
سۇلۇباي چۆچۈپ كەتتى.
ــ قانداق قىلىمىز، ئۇ كېلىپ قالسا ... ــ
دىدى ئۇ ئەندىشە ئىچىدە.
ــ ئۇ قوزغىلىپ كېلىپ بولغىچە، بىر
بېرىپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەك بولامدۇ؟ ــ دىدى
باياغىل ئاتىسىغا.
بۇ مەسلىھەت سۇلۇبايغا ياردى ۋە
ئوغلىغا دەرھال ئادەم يىغىشنى تاپشۇردى.
باياغىل يالاقچىلىرىنى يىغدى. ئاتا ـ
بالا ئۇلارغا باش بولۇپ سەپەرگە ئاتلاندى.
بۇ سەپەرنىڭ سىرىنى ئاتا ـ بالىدىن باشقا ھىچ ـ
كىم بىلمەيتتى.
ئەلقىسسە: قاراساچ ئايىمنىڭ كۆڭلى
بىر قىسما بولۇپ، ئانىسىدىن سورىدى:
ــ ئانا، ئاتاملار نەگە ماڭدى؟
ــ ۋاي تاڭەي، قىزىم مەنمۇ بىلەلمىـ
دىم، ــ دىدى ئانىسى.
ــ بۇلارنىڭ سەپىرىدە بىر شۇملۇق
بارمىكىن دەيمەن.
ــ بالام، ئاتىغىمۇ يامان ئويدا بولغۇ ـ
لۇقمۇ؟ ــ دىدى ئانىسى، ــ مۇندىن كېيىن
ئۇنداق ئويدا بولما، يامان بولىدۇ.
قارا ساچ ئايىم ئانىسىغا قايتا گەپ
قىلمىدى. كۆڭلى دەكـكە ـ دۇككىدە بولۇپ،
ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ھوجرىسىغا قايتتى.
ئۇ تەكىيگە يۆلىنىپ، تۈڭلۈككە قاراپ ئولتۇر ـ
دى. ۋاپادار تورغاي ھازىرلا ئۇنىڭغا بىرەر
خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ
كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، قوشاق ئېيتىشقا
باشلىدى:

قاقىلداشقان قارغىلار،
يارىم سالام دىدىمۇ؟
چوڭ يولنى چالىپ باقاي، ①
ئوۋدىن يانىپ كەلدىمۇ؟
تاشلاپ ئەتتى يوقلىماي،
يا كۆڭلىنى بۆلدىمۇ؟

راس بۆلمىسە كۆڭلىنى
بۇ كەمگىچە كېلەردى.
ئامان ـ ئېسەن بولسا ئۇ،
ماڭا ئۇچۇر بېرەردى.
بېرىپ ئېيتاي كىمگە مەن
ئىچىدىكى بۇ دەرتنى؟

قاراساچ ئايىم يەنە بىئارام بولۇپ
تالاغا چىقتى. ھويلىدا خىقىراق خوتۇن
پاتىمانىڭ تاز ئىنىسىغا ئۇچرىشىپ قالدى.
ــ ھوي تاز، ــ دىدى قاراساچ ئايىم، ــ
سەندىن بىر نەرسىنى سورايمەن، راستىنى
ئېيتىپ بەرسەڭ، ساڭا سۆيۈنچە بېرىمەن.
ــ سورىسىلا خانىقىز، ــ دىدى تاز سۆ ـ
يۈنچىنى ئاڭلاپ، ئاغزى قۇلىغىغا يېتىپ.
ــ ئاتاملار نەگە كەتتى، بىلەمسەن؟
تاز بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن
مۇنداق دىدى:
ــ ۋىتىرەككە بارىدىكەن دەپ ئاڭلىـ
غاندەك قىلدىم.
ــ نىمىشقا بارىدىكەن، ئۇقتۇڭمۇ؟
ــ پاتىماخان ئاچام سوقۇشقا بارىدۇ،
دىگەندەك قىلدى.
ــ كىم بىلەن سوقۇشىدىكەن؟
ــ بوزكۆرپەش بىلەن، ــ دىدى تاز
ئىككى يېنىغا قاراپ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ،
قاراساچ ئايىمنىڭ يۈرىگىگە خەنجەر ئۇرۇلـ
غاندەك بولدى. لېكىن ھىچ نەرسە بولمىـ
غاندەك، چاندۇرماي:
ــ مانا سۆيۈنچەڭنى ئال! ــ دەپ ئۇ ـ

① يول چالىپ ــ يولدىن ئىز ئىزلەش.

نىڭغا بىر تىللا تاشلاپ بەردى. تازنىڭ ئاغزى قۇلىغىغا يېتىپ، ئۇنىڭغا نەچچە پۈكۈلۈپ تازىم قىلدى.

قاراساچئايىم ئىشنىڭ يامانغا تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى، كاللىسىدا ھەر خىل خىياللار چۆگىلەشكە باشلىدى. «بوزكۆرپەش بۇلارغا بوزەك بولىدىغان ئەر ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ھىلىگەرلەرنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.

بۇ مەھەللىدە كىچىكىدىن تارتىپ سۇلۇبايىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، قېرىپ مۈكچەيگەن، قاراساچ ئايىمنى كۆتىرىپ يۈرۈپ چوڭ قىلغان بىر مۇنەججىم، ئاقكۆكۈل قوتقا① بار ئىدى. قارا ساچ ئايىم ئۇنىڭ ئۆيىگە يول ئالدى.

قوتقا قاراساچ ئايىمنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. بوگۈن ئۇنىڭ تويۇقسىز كېلىپ قالغانلىقىدىن ھەيران بولدى.

— ئەسسالام قوتقا!

— كەل غوزام!②

قاراساچ ئايىم ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. قوتقا ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ سۆيدى. لېكىن ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىغا قاراپ:

— بوگۈن تويۇقسىز كېلىپ قاپسەنغۇ، قىزىم؟ — دېدى.

— قوتقا، سېنىڭدىن بىر نەرسىنى سورىغىلى كەلدىم.

— ئاغا③، سورا، سورا! — دېدى قوتقا.

— ياغىسىنى④ يېڭەلمىگەن ئادەم قانداق كېلىدۇ؟

— ياغىسىنى يېڭەلمىگەن ئادەم ئاتلىرىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ، باشلىرى چۈشكەن ھالدا كېلىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى قوتقا.

— ياغىسىنى يەڭگەن ئادەمچۇ؟ — دەپ سورىدى قاراساچ ئايىم يەنە.

— ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، قىقاس - چۇقان سېلىپ كېلىدۇ.

— رەھمەت قوتقا، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن! — دېدى قاراساچ ئايىم ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ.

قاراساچ ئايىم ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئۆگزىسىگە چىقىپ، ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. يىراق بىر جايدىن چاڭ - توزاڭنىڭ قارىسى كۆرۈندى. قارا ساچ ئايىم كۆزىنى ئۈزمەستىن شۇ تەرەپكە قاراپ تۇردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، چاڭ - توزاڭ ئارىسىدىن بىر توپ ئاتلىقلار كۆرۈندى. بۇلار سۇلۇباي، باياغىل ۋە ئۇلارنىڭ چاپارمەنلىرى ئىدى. قاراساچ ئايىم ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، چۇقان - سۈرەن بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىرەر يامانلىقنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى جەزىم قىلدى. نىمىلا بولمىسۇن، بۇلار بىلەن بىر سۆزلىشىپ باقاي، دىگەن قارارغا كەلدىدە، ئۆگزىدىن چۈشۈپ يول ئۈستىگە بېرىپ ساقلاپ تۇردى. توپنىڭ ئالدىدا سۇلۇباي بىلەن باياغىل ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. قاراساچ ئايىم ئاتىسى سۇلۇباي مىنگەن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلىپ توختاتتى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

ئاغزى - بۇرنۇڭ قاناپتۇ،
بوغا باسىپ يېدىڭمۇ؟

① قوتقا — لوپنۇر شىۋىسىدە موماي، قېرى ئايال دىگەن سۆز.
② غوزام — لوپنۇر شىۋىسىدە ياش ئوغۇل - قىزلارنى ئەركىلىتىپ ئاتاش.
③ ئاغا — ھۆرمەت سۆزى.
④ ياغى — دۈشمەن.

بۇغا گۆشى تاتلىق گۆش،
ماڭا ئالىپ كەلدىڭمۇ؟
ئالىپ كەلسەڭ بەرسىنا،
قىزدەك تۆشەك① سالسىنا؛
ياتقا زايادۇر دىسەڭ،
ئۆزەڭ ئالساڭ ـ ئالسىنا.

— قىزدىم، مەن ھېچ ئىش قىلغىنىم يوق، خۇدا ھەققى ئېتىمنى قويۇپ بەر! — دىدى سۇلۇباي يالۋۇرۇپ.

قاراساچ ئايىم ئاتىسىنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇپ بېرىپ، باياغىلىنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلدى ۋە يۇقۇرىدىكى قوشاقنى تەكرارلاپ سورىدى. باياغىل جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دىدى:

سور مالىمنى يىغدۇرۇپ،
ساڭا خىلىنى تاپايمۇ؟
رومالىمنى يىغدۇرۇپ،
سەرخىلىنى ياپايمۇ؟
ئۆز كۆرپىچە بولمىسا،
ئات كۆرپىچە تاپايمۇ؟

قاراساچ ئايىم مۇنداق دىدى:

سورمالىڭنى يىغدۇرساڭ،
بۇرالقى دەر ئەل سىنى.
رومالىڭنى يىغدۇرساڭ،
قەلەندەر دەر ئەل سىنى.
ئالتۇن پىچاق بىر يىگىت،
ئۆزى بىلەن يۈز يىگىت،
ئۆز بولمىسا كۆرپىچە
ئات كۆرپىسىدۇر نىمىچە.

باياغىل سىڭلىسىدىن داۋىسىنى ئىشىتىپ، قايتا گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. قاراساچ ئايىمۇ ئۇلار بىلەن يەنە گەپلىشىشنى خالىمىدى. شۇڭا ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇۋەتتى.

ئەلقىسسە: قاراساچ ئايىم ۋىتىرەككە بېرىپ، بوزكۆرپەشنى ئىزلەش قارارىغا كەلدى. سۇلۇباي، باياغىللارنىڭ ئارام ئېلىۋاتقانلىغىدىن پايدىلىنىپ، بىر ئاتنى يېشىپ مىندى-دە، سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇ ئاتلارنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ، ئاداشمايلا ۋىتىرەككە يېتىپ كەلدى. تېرەكنىڭ شاخلىرىغا ئېسىپ قويۇلغان گۆشلەرنى كۆردى. «بوزكۆرپەش بۇغا ئۇۋلاپ، گۆشلىرىنى شاخقا ئېسىپ قويغان ئوخشىمامدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. سىنچىلاپ ئوبدان بىر قارىۋىدى، ئىگىز بىر شاخقا ئېسىپ قويۇلغان بوزكۆرپەشنىڭ كاللىسىنى كۆردى. بۇ ياۋۇزلۇقتىن بەدىنى جۇغۇلداپ، تەنلىرى شۈركەندى. ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ، شۇنداق پەريات ئۇرۇپ يىغلىدىكى، ياشلىرى سەل بولۇپ ئېقىپ، ئۆگەن دەرياسىغا قوشۇلدى، ئۇنىڭ نالىسىدىن يەر-جاھان لەرزىگە كەلدى.

ئەسلى ئىش مۇنداق بولغان ئىدى: سۇلۇباي بىلەن باياغىل چاپارمەنلىرىنى ئېلىپ ۋىتىرەككە يېتىپ كەلگەندە، نىمجان بولغان بوزكۆرپەش بىھۇش ياتاتتى، ئۇنىڭ بۇ زەبۇن ھالى ئۇلارنى خوش قىلدى. سۇلۇباي باياغىلغا «كاللىسىنى ئال!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. باياغىل قورقۇپ، غال-غال تىترەپ يېقىن بارالمىدى.

— ھوي توخۇ يۈرەك! — دىدى غەزەپلەنگەن سۇلۇباي باياغىلغا كۆز ئالايتىپ، — ئۆلۈك يىلاندىنمۇ قورقامسەن؟ سەن قورقساڭ، ماڭا قاراپ تۇر!...

سۇلۇباي قاتىللىق قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، بوزكۆرپەشنىڭ بويىنغا چاپتى. بۇ چاغدا ھاۋا

① تۆشەك — قىزنىڭ تويلۇغى.

تۇتۇلۇپ، چاقماق چېقىپ، ئاسمان كۆز ياشلىرىنى تۆكتى. سۇلۇبايي بوزكۆرپەشنىڭ كاللىسىنى ئېلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، ئۇنىڭ تەنلىرىنى قىلىچتا ماشادى.① يالاقچىلىرىغا بۇيرۇپ، بوزكۆرپەشنىڭ پارچىلانغان تەنلىرىنى تېرەك شاخلىرىغا ئاستۇردى. بۇ ھالەتنى كۆزەتكەن قاراساچ ئايىم بۇقۇلداپ يىغلاپ، بىر سۆز دىدى:

شاختا تۇرغان گۆشلەرنى
بوغا گۆشى دەپتىمەن؛
بوزكۆرپەش ماڭا ئاتاپ،
ساقلىغاندۇر دەپتىمەن.
قاراسام، كۆرۈنمىسەڭ،
ئۇۋدا يۈرەر دەپتىمەن.
دۆڭگە چىقىپ قىچقىرسام،
قايتىپ كېلەر دەپتىمەن.

مېنى قالدۇرۇپ يالغۇز،
كېتىپسەن ئۇ ئالەمگە.
ماڭا كەلگەن دەرت-ئەلەم
كەلمىسۇن ھېچ ئادەمگە.
مارجان بولۇپ كۆز ياشىم
توشتى بۇگۈن تارىمغا.
ئاھ-دادلىرىم، پەريادىم
يەتسە ئىدى يارىمغا.
مەن ئەمدى قانداق قىلاي
مۇڭلار چۇشتى باشىمغا.
سېنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن
غەرق بولسۇن ياشىمغا.
يېتىم قالغان بوتىلاقتەك
بوزلايمەن ئۈن قويۇپ،
كىممۇ سىلار بېشىمنى
بۇ چۆلدە ھەمرا بولۇپ؟

خۇدا يەتسە ھالىمغا
سېنى تىرىك قوياردى.
ئاتام بىلەن ئاكامنى
شۇ تېرەككە ئاساردى.
ئاھلىرىم، پەريادلىرىم
گۈلدۈرلەپ چاقىن چاقسۇن.
قاتىللارنىڭ تەختىگە
ياغ چاچىپ، ئوتلار ياقسۇن!

قاراساچ ئايىم يىغلاپ تۇرۇپ، تېرەكنىڭ شاخلىرىدىكى بوزكۆرپەشنىڭ تەن پارچىلىرىنى بىر-بىرلەپ يەرگە چۈشۈرۈپ ئاپپاق، پاكىز قۇم ئۈستىگە تىزدى، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، خۇداغا مۇناجات قىلدى: "بىسمىللاھىرراھمانىررەھىم، يارىمنى ئۆز ئەكسىگە كەلتۈرگەيسەن!" ئۇ شۇ سۆزنى دەپ بوزكۆرپەشنى بىر ئايلىنىۋىدى، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇنىڭ پارچىلانغان تەنلىرى ئۆز جايىغا كەلدى. ئىككىنچى قېتىم يەنە بىر ئايلىنىۋىدى، بوز كۆرپەش ئۇخلاپ ياتقاندەك بىر ھالەتكە كەلدى. ئۈچىنچى قېتىم يەنە بىر ئايلانغان بولسا، بوزكۆرپەشكە جان كىرىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، لېكىن قاراساچ ئايىم ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ بوزكۆرپەشنىڭ جەسىدىگە قاراپ زار-زار يىغلاپ مۇنداق دىدى:

— ئەي مېنىڭ، بوز كۆرپەش ئامرىغىم! كۆزۈمنىڭ نۇرى، دىلىمنىڭ ھوزۇرى، سېنىڭ تىرىلىشىڭنى بەكمۇ خالايتتىم، سېنىڭ بىلەن بىللە ھايات كەچۈرسەم، شۇنچە بەختلىك بولغان بولاتتىم. لېكىن سەن تىرىلسەڭ، يەنە ئاتام بىلەن ئاكام ساڭا زۇلۇم سالىدۇ، ئىككىمىزنىڭ قوشۇلۇشىغا ھەرگىزمۇ يول قويمايدۇ. مەن سېنىڭ يەنە ئازاپ چېكىشىڭنى خالىمايمەن، سەن تىنچ ئارام ئال، سېنىڭ يېنىڭغا مەنلا باراي! بۇ دۇنيادا تىرىك تۇرۇپ قوشۇلالمىغان بولساق، ئۇ دۇنيادا روھىمىز قوشۇلسۇن!

① ماشاش — پارچىلاش.

www.uyghurkitap.com

قاراساچ ئايىم ۋىتىرەكنىڭ تۈۋىگە قولى بىلەن ئىككى ئادەم پاتقىدەك گۆر كولدى. ئاۋال ئۇنىڭ ئىچىگە بوزكۆرپەشنى قويدى، ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، زار - زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ۋىتىرەكنىڭ تۈۋىگە
قولۇمدا يەرلىك ئويۇپ،
قانداقمۇ چىدالايمەن
سېنى مەن يالغۇز قويۇپ.
يانىڭدا ياتاي دەيمەن
مەڭگۈلۈك ھەمرا بولۇپ.
مەيلىمگە قويۇشمىدى
كەتتىم بۇ دۇنيادىن تويۇپ.
خەنجەرگە سانچىلمەن
مەنمۇ زوھرا① دەك بولۇپ.
ئۇ ئالەمدە خۇدايىم
قويار بىزلەرنى قوشۇپ.

قاراساچ ئايىم گۆرنىڭ ئاغزىدىن قايتىپ چىقىپ، يېڭىسۇ تەرەپكە قارىدى، تۇغۇلۇپ ئوسكەن يۇرتى، يارۇ - دوستلىرى يادىغا چۈشۈپ، مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى:

سەندىن مەڭگۈ ئايرىلدىم
ئانا يۇرتۇم ياخشى قال.
بىز كۆرگەن دەردنى كۆرمە،
يارۇ - دوستۇم ياخشى قال.
بىللە ئويناپ بىللە ئۈسكەن
ئەھلى قەۋملەر ياخشى قال.
بىللە يىغلاپ، بىللە كۈلگەن
ئاچا - سىڭىللەر ياخشى قال.

شۇ چاغدا ۋاپادار ئات زەھەر قايتۇ-رىدىغان دورىنى ئاغزىغا چىشلەپ، ئۇچقاندەك چېپىپ كەلدى. ئۇ بوزكۆرپەشنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىگىنى كۆرۈپ، چىقىراپ كىشنىدى، ئاسمانغا قاراپ چاپچىپ، تۇياقلىرىدا يەرنى ئويۇۋەتتى.

— ئەي ۋاپادار ئات! — دېدى قاراساچ ئايىم ئاتنىڭ يايلىنى سىلاپ، — بىزگە كېلىدىغان كەلگۈلۈك شۇ ئىكەن، قانداق قىلىمىز، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما!

شۇندىن كېيىن قاراساچ ئايىم ئاتنىڭ ئىگەر - جابدۇغىنى ئالدى، يۈگەندىن بوشىتىپ، مۇنداق دېدى:

— بۇ دۇنيادا سەن بولساڭمۇ ئەركىن - ئازادە ياشا! خەير - خوش!

قاراساچ ئايىم بوز كۆرپەشنىڭ خەنجىرىنى ئېلىپ گۆرگە كىردى. خەنجەرنىڭ سېپىنى بوز كۆرپەشكە، تىغىنى ئۆزىگە قارىتىپ توغ-رىلىغاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن بوزكۆرپەشنى چىڭ قۇچاقلىدى، خەنجەر ئۇنىڭ يۈرىگىگە يېنىك سانچىلىپ، جان ئۈزدى...

ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ روھى ئۇ ئالەمدە تېپىشىپ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتتى، ۋاپادار ئات تۇپراق بېشىدا ياش تۆكۈپ قالدى.

ئەلقىسسە: سۇلۇباي بىلەن باياغىل قارا-ساچ ئايىمنى ئىزلەپ، ۋىتىرەككە كەلدى. ئۇلار ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ گۆر ئىچىدە مەڭگۈ ئۇيقۇغا كەتكەنلىگىنى كۆردى. قاراساچ ئايىمنىڭ ئۆلۈمى سۇلۇبايغا قاتتىق تەسىر قىلىپ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. مىلىڭ تەستە ھۇش - كاللىسىنى يىغىپ، قاراساچ ئايىمنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئورنىدىن قوزغالغان ئىدى، مىڭىسىگە بىرسى توقماق بىلەن ئۇرغاندەك، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئۆزىنى تۇتالماي ئالدىغا دۈم

① زوھرا — «تاھىر - زوھرە» دىكى زوھرە.

www.uyghurkitap.com

يېقىلدى. باياغىل ئاتىسىنىڭ بېشىنى يۆلەپ قۇچىقىغا ئالدى. قارىسا، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا سۇلۇبايىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئوڭ تەرەپكە قىڭغىر كېتىپتۇ. ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدىكى، ئادەمنى يىرگەندۇرۇپ، جاۋغايلىرىدىن يىلىمسىمان شۆلگەي ئاقاتتى. باياغىل ئاتىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ۋەھىمە ئىچىدە: "ئاتا! ئاتا!" دەپ چاقىردى. بايىدىن زۇۋان چىقمايتتى، چالا بوغۇزلانغان كالدەك خىقىرايتتى، پۇتلىرى بېشىغا تاياق تەككەن يىلاننىڭ قۇيرۇغىدەك پۇلاڭشىپ تۇراتتى. باياغىلنى تېخىمۇ قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى، گېلىنى غايىپتىن بىر قول كېلىپ سىققاندەك، دېمى سىقىلىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، يەر-جاھان چۆگىلەشكە باشلىدى. ئۇ بۇ دەھشەتلىك ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قاراساچ ئايىم پەيدا بولۇپ، غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا ئالايدى، ئارقىدىنلا قىلىچ تۇتقان بوزكۆرپەش ئۇنىڭغا قاراپ دىۋەيلەپ كەلدى. باياغىل قورقىنىدىن "ۋايجان!" دەپ تۋۋلىدى-دە، دادىسىنى تاشلاپ جاڭگالغا قاراپ قاچتى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇلۇباي شۇ يىقىلغىنىچە، ئورنىدىن تۇرالماي ئۆلگەن ئىكەن. كېيىن يۇرت خەلقى ۋىتىرەككە يىغىلىپ، بوزكۆرپەش بىلەن قاراساچ ئايىمنى دەرەخ تۋۋىدىكى ھىلىقى گۆرگە دەپىن قىلىشىپتۇ، سۇلۇبايىنىڭ ئۆلۈگىنى جاڭگالغا تاشلىۋەتكەن ئىكەن، ئۇ قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپتۇ. باياغىل بولسا، ئەقلىدىن ئېزىپ، بىردەم سۆزلەيدىغان، بىردەم كۈلىدىغان، كىيىملىرىنى يىرتىپ جۇل-جۇل قىلىۋېتىدىغان ساراڭغا ئايلىنىپ، ئالەمدىن ئۆتكەنمىش.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ھەر كۈنى كېچىسى ئايپاق ئايدىڭدا، بوزكۆرپەش بىلەن قاراساچ ئايىمنىڭ روھى ۋىتىرەكنىڭ سايىسى ئاستىغا جەم بولۇپ تاڭ ئاتقىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدىكەن. بوزكۆرپەش كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، راۋابىنى جاراڭلاتسا، قاراساچ ئايىم ئايپاق يىپەك رومالغا ئورىلىپ، كېپىنەكتەك ئۇسسۇل ئويناپ ناخشا ئېيتارمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئىسلام ھېلىم
بەختىم نىياز

رەتلىگۈچى: شېرىپ مۇسا

«نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۆسەيىن بەگ» دىن

# ئىسكەندەرنامە

## موللا سىدىق يەركەندى

(بېشى 11 - ساندا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقېيۇم خوجا

**ھېكمەت ئىسكەندەرنىڭ ئارىستۇدىن سوئالى ئول بابداكىم، يىگىتلىكدە تەبىئى نەۋجۇۋان ئىبادەتدىن مۇنفەرىددۇر ۋە قارىلىقدا داغى تەئەققۇلدىن قاسىر ۋە ھەكىمنىڭ پىرانە رايى بىلە شاھ جۇۋان بەختىغە يول كۆرگۈزگەنى**

ئىسكەندەر بۇ نۇكتە سۇرۇپ، ئارىستۇغە دېدىكىم، يىگىتلىك چاغىدا ھەر ئىشنى ئەنجامغا يەتكۈزمەك ئاساندۇر، نەۋجەھدىن يامان ئىشلارغە كۆڭلىنى بېرىپ، تەقۋا ئىشلاردىن قاچادۇر، يىگىتلىكنىڭ نۆبىتى قالمىغاندا، ھەر ئىشدا نە ئۈچۈن لەززىتى كەم بولادۇر، يىگىتلەرنىڭ لەززەتى ھەر ئىشدا پەيدا بولۇپ، قېرىلارنىڭ لەززەتى بىلەن قۇۋۋەتى قالمايدۇر، مۇنىڭ ۋەجھىنى بايان قىلغىل. ئارىستۇ دېدى: كىچىكلىك ھالىدا ئىدراك ئازدۇركىم، ئانىڭ تەبئى ئەقىل خىرەددىن كىچىك يىراقدۇركىم، ھەمىشە سەھۋى بىلە خاتاغە تەقەززا قىلغۇسىدۇر. ئەقلىنىڭ يوقلۇقىدىن نەفسى دامىغە مۇپتىلا بولۇپ، ھاۋا ۋە ھەۋەسغە مايىلدۇر. كىچىكلىك ھالى ئۆتكەندىن كېيىن، يىگىتلىك ھالىدا خىرەد نۇرى ئانىڭ دىماغىنى رۇشەن قىلغانىدا، ئىككى ھالەت باردۇر، بىرى ئەقىل، يەنە بىرى نەفسى. ئەگەر ئەقىل قۇۋۋەت تاپىپ، ياخشى ئىشلارغە كۆڭلىنى بەرسە، ئالەم ئەھلىنىڭ ئاررۇزىسى كېلىپ، خەلايىق ئىچرە مۇمتاز بولغۇسىدۇر. ۋەگەر ئەقلىدىن نەفس غالىپ كەلسە، زورۇرەتدىن نەفسكە تابىئ بولۇپ، ھەر نەچۈك ھاۋا ۋە ھەۋەسغە ئەمىر قىلسە، چارەسى يوقكىم، ئانى قىلماغۇنچە پەست بولغاي. نەفسنىڭ خاھىشى ھەمىشە خاتا ۋە مەئسىيەت قىلماغدادۇر. يەنە كىمەرسەئى روھانىيەت مەدەد بولسە، ئانىڭ كۆڭلىنى ئەقىل شەمئىدىن رۇشەن بولۇپ مۇنەۋۋەر قىلۇر. ھەر ئىشغە كۆڭلىنى بەرسە، ئانىڭ ئىستىئمالىدىن ئول كىشى شۇنىڭدىن بولۇر. يىگىتلىك ھالىدا قايسى ئىشغە كۆڭلىنى بەرسە، قېرىلىق ۋاقتىدا شول ئىش ئانىڭدىن زوھۇر تاپار.

www.uyghurkitap.com

ئىسكەندەرنىڭ كۆڭۈل زۇلفى جادۇدىن خالى ھىندۇغە دەيىل ئەتكەندەك كەشمىردىن
ھىندۇستانغە ئەزىمەت قىلغانى ۋە رايى ھىندى جاماگەت گەھلى تەئمىن ۋە گورۇھى
ھىكمەت ئايىنىنى مۇشغىنە قىلىپ، ئۇلار پادىشاھدىن قول يارۇغىن تىلەگەندەك
دەرخۇاست قىلىپ قوبۇل تۇشكەنى. ۋە راھى ئىسكەندەر ساھىپ رايىنى
ھىندۇ سارى باشلاپ، پىشەئى نىگاردا قىشلاپ كۆرگۈزگەنى ۋە ئۇل
پىشەنىڭ تۇرت ھەددى ۋەسفىكىم بايان ئۇزىگە ھەد تەئرىف
بىلمەكىنىڭ رۇبئى مەسكۇندە ئانداق يەر تاپىلماس

ئەھلى تارىخلار بۇ تارىخقە ئانداغ رەقەم چەكتىكىم، ئىسكەندەر مەسلەھەت بىلەن فىرۇز شاھغە كەشمىرنى بېرىپ، تەخت-تاج بىرلەن سەرەفراز ئەيلەپ، باجۇ-خىراجىنى مۇئەييەن قىلىپ، ئۆز شەھرىگە پادىشاھ قىلىپ قويدى. ئاندىن كېيىن لەشكەرىغە يول خىراجىنى بېرىپ، فىرۇز شاھغە دىدىكىم، ھىچ ئىشىغە مايىل بولماي فات-فۇرسەت ھىندۇستان تەرەفىگە ئارقەمىزدىن يېتىپ كەلگەيسەن، دەپ ئىسكەندەر ھىندۇستان تەرەفىگە يۈردى. لەشكەرىغە ئاشۇپ تۇشۇپ يۈرگەندە، ئانىڭ گەرد غۇبارى فەلەككە يېتەر ئېردى. مەنزىل بى مەنزىل يوللارنىڭ ھەر تەرەفىغە سەر ھىساپ سالىپ، ھەر مەنزىلىغە تۇشسە ھەر تەرەفدىن يۇرتلارنى ئالىپ تابئ قىلۇر ئېردى، يامانلاردىن يۇرتلارنى ئالىپ، ياخشىلارغە بېرۇر ئېردى. سەركەشلىك قىلادۇرغانلارنى پەست ئەيلەپ ناتەۋان قىلۇر ئېردى. ھىندۇستانغە بارغۇنچە دەشتلەرنى ئەدەل ئىھساندىن باغ ۋە بوستان ئەيلەپ ئاباد قىلدى. بۇ خەبەر ھىندۇستان پادىشاھىغە يەتتىكىم ئۇل پادىشاھنىڭ ئاتى رايى ھىندى دەر ئېردىلەر. خەبەر بۇدۇركىم، ئىسكەندەر كەشمىرغە كەلگەندە بۇ تەرىقەدە ئەفسۇنگەرلەرنى ئاجىز قىلىپ، تىلىسىملارنى ئاچىپ، كەشمىرنى تەدبىر بىلە ئالغانىنى بىرىن-بىرىن ئاڭلاپ، كۆڭلىدە ھىچ شەك قالماي بىلدىكىم، خىلاف يوقدۇركىم، جەڭ قىلماق مۇمكىن ئەمەسدۇر، دەپ ھەددىسىز پىشكەشلەرنى تەييار قىلىپ، ئىسكەندەر جانابىغە تارتماقىغە توقۇز توقۇز ماتائلارنى مۇھەييا قىلىپ قويدى. ئول فىللارنى سەرەنجام قىلدىكىم، ئۇلاردىن زەمىن زامان تىترەر ئېردى. ئۇلاردىن ھەم توقۇز توقۇز. بىر رىۋايەتدە ئوتتۇز توققۇز بار ئېردى. ھەربىرىنىڭ جىسمى تاغدەك، كۆچى بىلەن تاغلارنى كۆل قىلۇر ئېردىلەر. ھەر بىرىنىڭ ئىككى تەرەفدىن ئىككى ئەلەم بار ئېردى. ھەر بىرىنىڭ جىسمى فەلەكدىن نىشان بېرىپ خارتۇمى ھەم كوھكىشاندەك بەلكى كارنايدەك سالاپەتدە ئەژدەرھا كۆرۈنۈر ئېردى. ھەر فىلغە ئۆز خارتۇمى گويا تاغقە ئەژدەرھا چىرماشكان ئېردى. ئۇل خارتۇم بىلەن چىنارغە ئۇرسا، مۇناردەك يىقتۇر ئېردى. بۇ يەگلىغ فىللارنىڭ ھەر بىرىغە يەتتە قىسىم ياپۇغلەرنى ياپىپ ئېردىكىم، زەركار قىلىپ، جاۋاھىرات بىلەن مۇكەللەل ۋە مۇرەسسەئ قىلغان ئېردى. يەنە ھەر فىلغە بىر زىبا فىلبانىنى مىندۇرۇپ، ھەربىرى ھۆسۈن جامالدا بىنەزەر كېلىپ، ھەربىرىغە بىر تەخت قويۇپ، ھەر تەختنىڭ ئىچىدە توققۇز ھىندى غۇلاملارنى ئولتۇرغۇزۇپ، مەلاھەت ئىچرە ھەربىرى كۆز مەر-دۇمىدەك شەۋخى شەڭ كېلىپ بارچەسىنىڭ لىباسى سېرىق يا قىزىل ماتائلارنى كىيدۇرۇپ، فىللارنى ماگدۇرۇر ئېردىلەر. يەتتە توققۇز تازى نىژاد ئاتلارنى ھەربىرى فىلدەك

نامايەن بولۇپ، ھەربىر توقـقۇزى ئۆزگە بىر رەڭـدە كېلىپ، لاتەافەت ئىچرە ئۆزگە رەڭلەر بارابەر بولماس ئېردى. كۆرمەكدە ھەربىرى بىر پەرى ماناند لېكىن چوڭلۇقدا دىۋە پەيكەر كۆرۈنەر ئېردى. يۈگۈرمەكدە ھەربىرى بادى ساباكدەك تېز رەفتار ئېردىلەر كىم، ھەربىر توقتۇزغە ئۆزگەچە رەڭدە ياپۇغىنى ياپىپ، بارچەسىگە ئالتۇندىن قوڭغۇراغۇنى باغلاپ، ھەربىرىگە ھىندى زاد ماھىرۇيىنى مىندۇرۇپ، ھەربىرى زەررىن پۇش ۋە زەررىن كەمەر ئېردىلەركىم، ئاتنى يۈگۈرتۈپ، نەيزەنىڭ ئۇچى بىلەن يەردىن ساۋۇتلارنى ئالىپ، قولاقلارىدا ھەر-بىرىنىڭ بەندەلىك ھەلقەسى ئالتۇندىن سالغان ئېردىلەر. نەزاكەت ئىچرە توقتۇز قات ھۆللەلەرنى كىيىپ، ھەر بىرىنىڭ بەدەنى ئۇل ھۆللەلەردىن كۆرۈنۈر ئېردى. يەنە توققۇز توققۇز ئالتۇن قاچالەرنى سىراھىلەر بىلەن قۇياشدەك شۇئلە بېرىپ ماھىرۇيلەر بىر قولىدا سىراھى يەنە بىر قولىدا ئۇل ئالتۇن جاملاردىن تۇتۇپ تۇرار ئېردىلەر. يەنە ھەم توققۇز توققۇز تۇتىئى شەكەر شۇ كۈن شېرىن سۇخەنلەرنى ھەربىرىنىڭ بەدەنى زۇمەرەددىن لەئلى گۈن مۇنقارىدىن سۆزلەپ، دۇربارلىقىنى قىلۇر ئېردىلەر، يەنە توققۇز توقتۇز زىباجامال تاۋۇسلارنى لاتەفەتىدە جەننەتىدەك مەئشۇق يەكلىغ باشى ئۆزرە تاجلارنى قويۇپ، ئاشقلەرنىڭ كۆڭلىنى سەيد قىلۇرلەر. يەنە نەچچەند خەرۋار ئۇد ۋە كافۇر مۇھەييا قىلىپ، پېشكەش قىلغايكىم، رۇھانىلار تاماشاھىدا بىھۇش بولغاي. يەنە يۇرتنىڭ ئاكابىرلارىدىن بارچەسى ئەھلى ھىكمەت دانالارنى ئەفلاتۇن ۋە ئارىستۇدەك يەنە ئەھلى رۇھدى تەقۋالاردىن بارچەسى سافا بابىدا قۇياش يەكلىغ كالام قىلغاندا، مەسىھ ئەنفاسىنى زاھىر قىلۇرلەر، مەزكۇر بولغان پېشكەشلەر بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغە چىقاردى. ئۆزرە ئېيتىپ، ئاجىزلىقىنى ئاشكارا قىلىپ دىدىكىم، مەن شاھى ئالەمنىڭ كەمتەرىن بەندەسىدۇرمەن. باشىم ئانىڭ خاكى دەرگاھىغە مايىلدۇر. خىيالىمغە ھەرگىز ئۆتمەدىكىم شاھى ئالەم بىرلە جەڭ قىلغايمەن. ھەددىم ئەمەسكىم، مۇنداق خىيال كۆڭلۈمگە كەلگەي، ئۆزۈمنى ھىندى زاد بەندەسىدۇرمەن، دەپ بىلۇرمەن بەس. نېچۈك سەركەشلىك قىلۇرمەنكىم، ئۇلارنىڭ فەرمانىنى تۇتماغايمەن. يارلىغلارى يەتكەنىدە ئاجىزلىقىمدىن بىرداھەي، يىبەرگەن قاسىدلارىدىن نامەنى ئالىپ، ھۆرمەت بىلەن باشىمدا قويۇپ سەرئەفكەندەلىك قىلىپ ئېردىم، خىزمەتلارىغە بارماقىم لازىم بولۇپ ئېردى ۋە لېكىن، بارۇرغە مەھەل يارى بەرمەدى. فەرمانلارىغە ئابا قىلماي، بويۇن تولغاپ، نافەرمانبەردارلىق قىلمادىم. نامەلەرنى جان بىرلە قوبۇل ئەيلەپ، بىلگەننى ئۇل ئەلچى بايان قىلغان بولغاي، ئۇل ۋاقىتدا مەجرۇھ بولۇپ رەنجىغە قالغان ئېردىم، ئانىڭ ئۆزرىنى ئەلچىغە دەپ ئېردىم. ئەلھال ئەگەر شاھى ئالەم ئۆزرۈمنى قوبۇل ئەيلەپ، ئۇلۇغ كىشۋەرىغە تۇشۇپ، ئۇتنى بىلە مېنى سەر بەلەند قىلىپ، خالايىق ئىچرە ئەزىز قىلسە، باشىم كۆككە يېتىپ، جانىمنىڭ بارىچە قۇللۇغنى بەجا كەلتۇرۇرمەن. تەڭرى تەئالا شاھى ئالەمنىڭ قەھرىغە قويماغايكىم، ئانىڭدىن بىر جام زەھەر ئىچكەنىم ئوبدانراقدۇر. ئەگەر گۇناھكارلىقىمنى زاھىر قىلسە، مەندەك قۇلنىڭ قوبۇلى يوقتۇركىم، ئانى مائقۇل تۇتماغايمەن. مېنى شاھى ئالەمنىڭ ئالدىدا گۇناكار بىلىپ، شافائەت قىلغىزلەر، دەپ شېرىن زۇبانلىق بىلەن ئەھلى ھىكمەتلەر ۋە زاھىدلار ۋە تەقۋادارلارنى پېشكەشلەر بىلەن ئىبەردى. بۇلار ھەم پېشكەش بىلە بارىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئۇرداسىغا يەتتىلەر. ئەۋۋەل ئىسكەندەرنىڭ ئەركان دۆلەتلەرى ۋە ئەھلى ھىكمەتلەرى بىلەن رۇبەرۇ

www.uyghurkitap.com


بولۇپ، شاھ راھى ھىندىنىڭ پەيغامىنى زاھىر قىلىپ، بۇلار ھەم كەلگەنلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاپ، ئىسكەندەرغە مەئلۇم قىلدىلەر. ئىسكەندەر ئانى ئاڭلاپ شاد بولۇپ، تەختىغە چىقىپ، راھى ھىندىنىڭ غەزەبىدىن ياندى. بۇ دانالارنىڭ كەلگەنىدىن خۇش بولۇپ، بۇ خەلقنى ئەزىز بىلگەچ، ھىندۇستاندىن ئالىپ كەلگەن پىشكەشىنى بىر يارماقچە كۆرمەدى. لۇتف ۋە كەرەم بىلەن ئۇلارنى شاھانە تۇشۇن دىگەچ ئۇلار ھەم فەرمانى بىلەن تۇشتى. ئىسكەندەر ئۇلارنى تۇشۇرگەن زامان ئەھلى سەلاھ كۆرۈپ، تەۋفىق ئىلاھا تاپىپ، ئۆزىنى پەست قىلىپ ئەھلى ھىكمەت بىلگەچ، ئالدىلارىدە چىقىپ، بىر-بىرىگە ئىلتىپاتلارنى قىلىپ، ئۇلارنى خاسانى ھەق بىلىپ، تەختىغە چىقىپ ئولتۇرغالى ئىختىيار قىلمادى. ئۆزى تەكەللۇفسىز بىر يەردە ئولتۇرۇپ، ھەددىدىن زىيادە ئۇلارنىڭ ھۆرمەتىنى ساقلاپ، ھەربىرىگە ئۆزىنىڭ لايىقىدا يەر كۆرگۈزۈپ، ئولتۇرغۇزدى. تىلىنى ئۆزرى ئېيتقالى ئاچىپ، ھاردۇقىنى سوراپ، يولدا رەنج تارتتىڭلار، دەپ ئىلتىپات قىلدى. كەلگەن سالىھلەر دۇئا قىلىپ، شاھ رايىنىڭ تامام ئەرزىنى ئادا قىلدىلەر. ئىسكەندەر ھەم خىجالەت بولۇپ، مەشايىخ ۋە سالىھلەرغە سەرئەفكەندەلىك قىلىپ دىدىكىم، سىزلەر مۇنچەلىك ئىلتىماس قىلغانىدىن خاترەڭلەرنى خۇش قىلماق فەرزدۇر. پادىشاھىڭىزنىڭ گۇناھىنىڭ ئازلىقىدىن ئىنايەت قىلماقىغە سازاۋەردۇر. ئەگەرچە جۇرمى ئىسيانى بىسيار بولسە ھەم شكەستەلىكنى كۆرۈپ، رەھىم-شەپقەتىنى قىلۇر ئېردىم خۇسۇسەن سىزلەردەك مۇكەررەم خەلقلەر، ئەھلى ھىكمەتلەر كېلىپ، ئانىڭ قىلغانىغە شەفائەت قىلۇرسىزلەر. ئەفۇ قىلماقدىن ئۆزگە قىلماسمەن. گۇناھى ئاز يا تولا بولۇپ، سىياسەت تەرىقىدە خوپ بولسە ھەم بارچەلەرنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ، ئاداۋەتىن ئىلىكىمنى تارتتىم. بىزنىڭ ئىنايەتىمىزنى ئۆزگە مۇقەررەر بىلىپ، بارگاھىمىزگە قويۇپ كەلسۇن، ئانىڭ ئىشنى يۇرت بىلەن خوپلۇقىغە يەتكۈزۈپ، باشىغە تاجىنى قويۇپ، سەرافراز ئەيلەپ، تەختىنىڭ يۈزىنى كىشۋەر ئارا ئەيلەپ، شەۋكەتىنى فەلەككە يەتكۈزۈرمەن. يەنە سىزلەرنىڭ فەررۇخ جامالىڭىزنى كۆرۈپ، سىزلەر بىلەن ئولتۇرۇپ، خاترەمنى خۇش قىلىپدۇرمەن. قەدەم رەنج قىلىپ، بۇيان كېلىپ مېنى خۇشدىل ئەيلەپ، بەھرەمەند ئەتتىڭىزلەر. سىزلەرنىڭ تارتقان رەنجلەرىڭىزغە ئۆز-رە ئەيتىپ، ئۆزۈمنى مىننەتدار قىلۇرمەن. يەنە قەدىمى رەسمى بۇدۇركىم، بىر شاھ كېلىپ، بىر شەھرىنى ئالسە، مال دۇنيانى خالايىقدىن تەلەپ قىلماسۇنكىم، ئەل ئانى بەرمەكدىن دىشۋارلىقغە قالۇرلەر. شاھ رايى كېلىپ خىزمەتىمىزغە يەتسە، كىشۋەرنىڭ باج-خىراج بەر-مەكىنى قوبۇل قىلسە، يۇرت خەلقلەردىن ئېھتىياجىنى رەۋا قىلىپ، ئىككى يىللىق خىراجىنى مەئاف قىلدۇق. شاھى ئالەمنىڭ بۇ يەڭلىغ ئەلتافىدىن كەلگەن سالىھلەر لۇتف كەرەمىنى كۆرۈپ، خاكى راھى بولدىلەركىم، غايەتسىز خۇلقى، نەھايەتسىز ئىنئاملارنى كۆرۈپ، ئانىڭ شۇكرانەسىنى ئەيتۇرغە لال بولۇپ، دۇئا قىلماقىغە ئاشۇفتە ھال بولدىلەر. بىر يولى شادلىق يۈزلەنىپ، يىقىن بولۇپ ئېردىكىم، ھەر-بىرىنىڭ جانى تەنىدىن چىقغاي. بىر نەۋئ بىلەن ئۆ-زىنى توختاتىپ، دۇئاغە قول كۆتەرىپ دىدىلەركىم، تاكى فەلەك ئۆزرە خۇرشىد بەرقارار-دۇر. سېنىڭ تەختىڭ سىپەھرى ئۆزرە قارار تافىپ، تەكيە گاھىڭ قۇياش بولغاي. بەخت-تالئىيڭ يۈزۈڭنى مىھرى تابان ئەيلەپ، كۆڭلۈڭنى ئايىنەئى گىتى نەما قىلغاي. جانابىڭ دەرگاھىغە كەلگەندە، قورقۇنچىدىن بەدھال ئىدۇككىم، سۆز ئەيتۇردا لال بولۇپ، سېنى ئۆزگە شاھلار-دەك بىلىپ ئېردۇك. ۋە لېكىن ئۇلار بارچەسى قارا تۇفراقدەك، سېنى تەگرى تەئالا نۇرى

فـاك خەلق ئـەيـلەپـدۇر. سىنى شاھ ئىچرە ئانداغ ئافرىدە قىلىپدۇركىم، ئۆزگە خـەلقـلەر
ئىچرە شاھ ئافرىدە قىلىپدۇر. ۋۇجۇدۇڭدا ياخشى خۇلقىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈمىز ئىچرە قورقۇنچـ
سىز قالمىدى. جانابىڭدىن مۇنداغ خۇلقنى كۆرۈپ ھەيرەتدە تەفەككۇر قىلغاچ ھـەيـرەتـىـمـە
ھەم ھەيرەت پەيدا بولدى. ئەۋسافلەرىڭ ئانداغ كۆرۈلدىكىم، بۇ نەۋئ ھىچ ئىنساندىن بولـ
ماغاي. تەڭرى تەئالا ۋۇجۇدۇڭنى مالائىك سۈفەت قىلىپدۇركىم، سەنسىز بىر دەم بۇ جاھان
بولماغاي. ئەگەر سىنى رايى ھىندى مۇنداغ بىلسە ئىدى، كېلىپ ھىندۇستاندىن پەرۋا قىلـ
ماس ئېردى. ئەگەر ئىجازەت بولسە، بارىپ ئەفۇ بىلەن لۇتفۇڭنى بايان ئەيلەي، ھەزىن خاـ
تىرىنى شاد قىلىپ، قۇللۇقۇڭغە ياۋۇق قىلىپ، خاكى پايەڭدىن كۆزلەرىنى مۇنەۋۋەر قىلسۇن.
ئىسكەندەر دىدى، مۇرادىڭلار نىچۈك بولسە، ماڭا ئاندىن ئۆزگە مۇراد هارامدۇر. ئول سالىھـ
لەر جامائەتى دۇئا قىلىپ، يەر ئۆپۈپ، يولغە كىردىلەر. شادىمان بولۇپ، راھى ھىندىنىڭ قاـ
شىغە يەتكەن زامان، ئانى ھەم خۇرسەند قىلىپ، بارچە ھالەتدىن ئاگاھلىق بېرىپ، ئىسكەنـ
دەر بارگاھىغە بارماقىنى ئىپادە بەردىلەر. رايى ھىند مۇنداغ خۇشخەبەرنى ئاڭلاپ، غـەملەرـ
دىن نىجات تاپتىكىم، گويا ئۆلۈككە ئابى ھايات يېتىپدۇر. ئۇشۇل سالىھلەرنى ئالدىغە سالىپ،
ئىسكەندەر ئاستانىغە راۋان بوادى. يەنە ئىلگەركى تۆھپە ئەشيالاردىـن زىيـادە ئۆزى بىلە
ئالدىكىم، ئانىڭ ۋەسفىنى تەقرىر قىلغالى بولماس. ئۇشۇل سالىھلەرنى ئۆزىگە ھادى قىلىـپ،
ھىدايەت يولىغە كىردى. ئۇلار ھەم رەھبەرلىقنى قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ خۇرشىد مەسەللىـك
لۇتف ئىھسانىنى بايان ئەيـلەپ، ئانى زەررە يەڭلىغ ئـۈمىدۋار قىلىپ، ئىسكەندەر دەرگـاھـ
غە يەتتىلەر. دەرھال ئىسكەندەرغە خەبەر بەردىلەركىم، رايى ھىندى سالىھلەرغە ھەمراھ بوـ
لۇپ كېلىپدۇر. ئىسكەندەرنىڭ ھۆكمىدىن دانالەر ۋە ئۇلۇغلار مەجلىسنى ئارەستە قىلىپ، رايـى
ھىندىنى ئالىپ كىردىلەر. رايى ھىندىنىڭ بويىندا قىلىچ، بىر قولىدا كەفەن يەنە بىر قولىدا
ئۆلۈم جابدۇغىنى ئالىپ تۇتۇپ تۇرغاندا، ئىسكەندەر ئانى كـۆرگەچ مادارا بىلەن ئالـدۇرۇپ
دىدىكىم، مۇنچە گۇناھ قىلماپ ئېردىكىم مۇنداق خارلىق بىلە بارگاھىمغە كەلگـەي، ئەھـلى
ھىكمەتلەر ۋە سالىھلەر بىلەن كەلگەنى كۇفايە قىلۇر ئېردى، دىگەندە قىلىچ بىرلە كەفەنـنى
ئالىپ، ئىھتىرام بىلەن ئىسكەندەر قاشىغە ئالىپ كەلدىلەر. ئىسكەندەر ئىئـزاز ۋە ئىكرام بىلە
ئىززەت بېرىپ، قۇچاغلاشىپ سەربەلەند قىلدى. رايى ھىندى ھەم ئىسكەندەرنىڭ ئاياغىنى ئۆـ
پۈپ، يۈزىنى يەرگە قويدى. ئىسكەندەر بىسيار ئىكرام بىلەن يوقارىراق تارتـىپ دۇيەم بارە
قۇچاغلاشىپ، رايى ھىندى مەرتەبە تاپتى. قۇچاغلاماقدىن كۆڭلى خۇش بولۇپ، كەلتـۈرـ
گەن پىشكەشلەرنى تارتىپ، ئىسكەندەر ھەم ئانى قوبۇل ئەيلەپ، شاھـانە قائـدەسى بىلەن
يوقارى ئورۇن كۆرگۈزدى. ھەر نىچۈك ۋاھىمەلەرنى قورقۇنچ كۆڭلىدىن ئالىپ، خاتىرىنى ھەر
ئەندىشەدىن تىنچ قىلدى. يەنە ئول سالىھلەر بىلەن ئەھلى ھىكمەتلەرغە ھەم ئەۋۋەلقـىدەك
رىئايە قىلىپ، بىسيار ئىنئاملار ۋە ئىھسانلارنى قىلدى. تەكەللۇم بىلەن نەۋازىشلارنى ئەيلەپ،
تامامى ھىندى ئىلىنى سەيد قىلىپ، ۋەفا كەمەند بىلەن قەيد ئەيلەپ، يۇمشاقلىق بىلەن بەزـ
مىنى تۈزۈپ، ئۇزاق كالاملارنى بايان قىلىشتىلەر. رايى ھىندى ئىسكەندەرنىڭ بىقىياس لۇتفـ
نى كۆرۈپ، ئىلتىماس ئەيلەدىكىم، شاھى گەردۇن پاناھ بۇكىشۋەرگە جامالىدىن زىننەت بېـ
رىپ، بىر مۇنچە ئاي توختاپ، ھىندى مەملىكەتىنىڭ تۇفراغىنى رۇشەن قىلغاي. بۇ كىشۋەرـ
دە بىسيار غارايىپلار ۋە ئاجايىپلار باردۇر. يەنە مۇرغزارلاردا تۈرفە قۇشلار ۋە ۋەھـشـىلەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇل مۇرغزارلاردە باردۇركم، فەراغەت بىلەن ئاندا نەچچە كۈن سەير تاماشاھ قىلغالى بىسيار خوپلۇق باردۇر. يەنە قىش چاغى ھەم يىقنلاشىپدۇر. قىش كۈنلەردە قىلغۇلۇق ئىشلارى بادە ئىچمەك ۋە ئەيشى ۋە نىشات قىلماقدىن ئۆزگە يوقدۇر. خۇسۇسەن ھىندۇستاننىڭ قىشى خەلقىنىڭ تەبىئەتىغە نەۋرۇز ۋەقتىنىڭ ئىشىنى قىلۇركىم، بولۇتدىن يامغۇر ياغىپ، دەرەختلەردىن گۈللەر ئاچىلىپ، خۇش ھاۋاسىنىڭ تەرا — ھۇتىدىن ئىسىغ - ساۋۇقى گەرد غۇبارى بولماس. قۇياش ھەمەلە ۋەقتىغە تەھۋىل قىلغاندا، ھەرتەرەف ئەزم قىلسەلەر يۈرۈش قىلغالى بولۇر. لەشكەر تارتماقنىڭ ۋەقتى ھەم ئۇلدۇر. ھەر كىشى ئۇل ۋەقتىدا بىر تەرەف كېتەي دېسە، ئاڭا يول بولسۇن دېسە بولۇر. ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە بۇ نۆكتە، ئۇسساپ قالغان كىشىگە سۇ خۇش كەلگەندەك خۇش بولۇپ، ئەرزىنى قوبۇل ئەيلەپ، خۇرسەند بولۇپ دېدىكىم، قايسى تەرەفكە ئىختىيار قىلساق بىز ھەم بۇ قىش ئاندا قوشىمىزنى تۈشۈرۈرمىز. رايى ھىندى دېدى: ھىندۇستاننىڭ پايتەختى دېھلى شەھرى باردۇركىم، ئوردانىڭ تۈشماقى ئاندا مۇناسىپراقدۇر. ئىسكەندەر دېدىكىم، سىپاھلەر شەھەر ئىچرە سىغماس. لازىمدۇركىم، پىشەلەردە ئارامگاھ قىلغايلەر، ۋەگەر سىغىنسا ھەم مۇناسىپ ئەمەس. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، رەئىيەتلەرگە ئاندىن ھەرەج يېتەر. بىر كىشى بىزدىن ئىلگىرى بارىپ، ئۇل شەھەردىن تاشقارى يەرنى كۆرۈپ قويسۇن. يىراقراق بولسە ھەم ھېچ قۇسۇرى يوقدۇركىم، شەھەر خەلقى غەمگە قالمىغايلەر. يەنە رايى ھىندى ئىلتىماس ئەيلەپ دېدىكىم، ئەگەر شاھى كىشۋەر كۇشاي ھۆكۈم قىلسە، ئۆزۈم بارىپ قۇلچىلاپ بار ئىشنىڭ سەرەنجامىنى قىلىپ، شاھى جاھان فەناھىغە بىر ئارامگاھ كۆرۈپ قويارمەن. ئەگەر مۇنداغ بولماسە كۆڭلۈم قارار تاپماي، ھەر نەفەس ماڭا ئىزتىراپ پەيدا بولغۇسىدۇر. ئىسكەندەر بۇ سۆزدىن شاد بولۇپ، مەرھەمەت ئەيلەپ، تەخت بىلەن تاجنى بەردى. يەنە خۇش قۇتارباد ساباەدەك ئاتىغە مۇرەسسەھكار ئىگەر توقۇمى بىلەن گەۋھەرلەر بىلەن ئارەستە قىلغان زەر پۇش بىلەن مىندۈرۈپ، ھىندى تەرەفىگە ئۇزاتىپ، ئۆزى ھەم ئۇل تەرەفكە ئەزم ئەيلەپ تۇردى. ۋەقتىكى شاھ رايى ھىندى ئۇل كىشۋەرگە يېتىپ، كىشۋەر خەلقىغە خۇش خەبەر يەتكۈردى. يۇرت خەلقى ھەم دۇشمەندىن ئامان تاپقاننى بىلىپ، ھەممەسىنىڭ كۆڭلى خۇش بولۇپ، ئىسكەندەرنىڭ لۇتف ئېھسان قىلغاننى بىلىپ، بەھد دۇئالەرنى قىلدىلار. رايى ھىندى ئەلنى خۇش قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ جابدۇقىغە بىلىنى باغلاپ، بىرنىگار ئاتلىق پىشەدە ھەدنىھايەتسىز شىكار بار ئېردىكىم، ئارام باغىدىن نىشان بېرىپ، خىرەد ئانىڭدىن لال بولۇپ، ھەيران بولۇر ئېردى. ئەترىنەسى ئۇل پىشەدىن كېلىپ، تىيرە تۇفراغىنى ئەنبەر شەممە قىلىپ، سەندەل بىلە ئەنبۇس ھەم ئاندا بار ئېردىكىم، ئانىڭ نەسمى دىماغىنى خۇشبۇي قىلىپ، تامام پىشەنى مۇئەتتەر قىلۇر ئېردى. دەرەختلەرنىڭ ھەر بىرى باشى كۆككە يەتكۈرۈپ، يافراغلار ئىچرە بۇ قۇياش پىنھان بولۇپ كۆرۈنمەس ئېردى. چىنارلارى ھەم ئۆزگە رەڭ بېرىپ، يافراغلارى پەنجەئى ئافتاپدەك تابان ئېردى. جۆزى بويان دەرەختلەرى فەلەككە يېتىپ، ھەر بىر جۆزى ئادەمنىڭ باشى ۋە يۈزىگە ئوخشە ئاسىلىپ قالغان ئېردى. ھەر دەرەختكىم جۆز بويا تەرەفىگە مايىل بولغان ئىرسە، ئانىڭ شاخلارىدىن دارچىنى بولۇر ئېردى. زەيتۇن دەرەختلەرى ھەم فەلەككە مۇتتەسىل بولۇپ ئېردىكىم، چەرخ زەيتۇنى ئانىڭدىن خىجىل بولۇر ئېردى. ھەر نىچۈك دەرەختنىڭ باشى كۆككە يەتكەن بولسە، ئاڭا تەك شاخى چىرماشىپ، ئۆزۈم خۇشەسى فەلەك

تەكىدىن ھۆكەرلەرنى كۆرسەتۇرلەر، ئۇشۇل تەككىم، شاخ ئۆزرە بەند بولۇپدۇر. گويا سەدرە
شاخىغە كەمەند سالىپدۇر. خەزان فەسلىدە سارغارغان يافراقلارى تۆشكەندە، فەلەكىدىن ھەر
تەرەف يۇزمىڭ يۇلدۇزلاردەك كۆرۈنۇر ئەردى. بۇ دەرەختلەرنىڭ شاخلارىدا قۇشلار ھەر قىسمـ
دىن نەسرى تەيىردەك ئۇچۇپ سەيىر ۋە پەرۋاز قىلۇر ئىردىلەر. ئانىڭدىن بىر سۇرۇك تۇـ
تىلەر دىلكەش نەۋالەرنى چىكىپ، ھەر تەرەفدىن ھاۋا تۇتۇپ، شاخلار ئۆزرە قونار ئىردىـ
لەركىم، ھەر بىرىنىڭ جىسمى ياشىل گۆلبۇن ئۆزرە مۇنقارى قىزىل گۆلدەك نامايان بولۇپ،
قىزىل، ياشىل ھەر تەرەفدىن كۆچەر ئىردىلەر. يەنە قارا قۇچقاچ مەسەللىك شارك دىگەن
قۇشلار ھەر تەرەفدىن گۇيا بولۇپ، ھىندى تىلىدا شىرىن سۇخەن بىلەن تەكەللۇم قىلىپ،
ئەتلەس لىباسنى كىيىپ، بۆرك ئورنىغە تاۋۇسدىن كىيەر ئىردىلەر. يەنە زىبا جامال تاۋۇسـ
لارى خىرام ئەيلەگەندە، فەلەك خەيلىدىن مىسالىنى كۆرگۇزۇپ، ھەر تەرەفدىن مەست ناز
جىلۋەلەرنى بىرىپ، بويۇنلارىنى سىراھىدەك كۆرسەتىپ، لاجۇۋەرد بىلە زەر ھۆللەلەردىن نىشان
بىرۇر ئىردى. تەزرۇ بىلە دۇرراج ھەم خىرام قىلىپ، ھۇش نەقدىنى ئەلىدىن تاراج قىلىپ،
سەرۋىلە تەرەفىگە يۇرۇپ، ئۆزىنى ئالتۇندىن گۆل دەستەدەك كۆرسەتۇر ئىردىلەر. شۇبۇ پىشەـ
نىڭ شىمال ھەددىدە، سىندى دەرياسى، جەنۇپ ھەددىدە ھىندۇستان شەھرى باردۇركىم، ئول
دەريادا بىر سائەتدە يۇز كىمە ھەر تەرەف يۇرۇپ تۇرادۇر. يەنە مەشرق ھەددىدە بىرنىسـ
تان بار ئىردىكىم، ئانىڭ ۋەسفىدە تىل ئاجىزدۇر. يول ئىچرە شەكەر قەند سۇيى شەربەت
بولۇپ، بالچىق بىلە لايلەرنىڭ ئورنىدا شەكەر ئىردى. يەنە مەغرىپ ھەددىدە ئىگىز تاغ
باردۇركىم، ئانىڭ تۆرت فەسلى ياز فەسلىدەك خۇشبۇي، گۆللەرى كەم بولماس ئىردىكىم،
ھەسەل ھەرىلەرى گۆللەرنىڭ شىرەسىنى ئالىپ، تاغ ئىچىنى ئەسەلدىن توشقارغاندۇركىم،
ھەر تاشنىڭ تۆبىدىن ئەسەلى ئاقىن سۇدەك ئاقار ئىردى. ئول تاغ ئىچرە يۇزمىڭ ۋەھشى
جانۇۋارلاردىن قۇلان، بۇغى - مارالـلار شىكار قىلماق ئۇچۇن بارچەسىنىڭ ئاياغىدا شەكەرـ
دىن بەند سالغان ئىردى. ئول پىشەنىڭ ئەترافىدا، ئۆزگە دەررەندە ھايۋاناتلاردىن بىھەد ۋە
بىھىساپ ئوۋلاماغلىق ئۇچۇن بار ئىردى. بۇ پىشەنىڭ غايەتسىز يىرى ئوچۇق ئىردىكىم نىھايەتـ
سىز گۆللەر بىلەن سەبزەزارلىق ئىچرە ئىسكەندەرنى شاھ فۇرخەندەراي تۇشۇردى. سىپاھ لەشـ
كەرى ھەم ئول سەبزەزاردا تۇشۇپ، فەلەك بارگاھىدەك بارگاھى ئالى تىكتىلەر. ئىسكەندەر
ئول يەرنى كۆرۇپ، خوشلۇقىدىن ھەر تەرەفكە ئىھتىيات بىلەن يۇرۇپ، بەسارەتلىك كۆزى
بىلەن ھەر تەرەف نەزەر سالىپ، ئانىڭ ۋەسفىدە ھەيران قالدى. شەھرى ھەم ۋەسفىدىن
تاشقارى خوپلۇق بابىدا ھەر تەرەف باقىپ، كۆزلەر خىرە بولۇر ئىردى. لىكىن، ئىسكەندەرغە
رايى ئانچىناپ قۇللۇقنى ئايان قىلىپ بەجا كەلتۇردىكىم، ئانى شەرھى قىلغالى بايان قىلماق
قاسىردۇر. ئىسكەندەر بارچە ئىشلاردىن توختاپ، قىشنى ئول يەردە ئىشرەت بىلەن مەشغۇللۇق
قىلاي، دەپ جامى مەينى نۇش ئەتكەلى تۇردى.

**ساقىنامە:**

كىتۇر ساقى ئول ساغەرى زەرنىگار،
كى مەي لەئلىدىن بولدى گۆھەر نىگار.
چۇ دەشتى نىگار ئىچرە قىلدىم مەقام،
كىرەكدۇر ماڭا زەر نىگار ئەمدى جام.
مۇغەننى تۇزەت نەغمەئى رىختە،
ئانى قىل ئۆزۈك بىرلە ئامىختە.

www.uyghurkitap.com

كى بىرسەبىز شىرىن يەنا ھىندى ئارا، كى بىر مۇلك ھىند ئولدى نامىڭ يەنا.
مېنىڭ روزىگارىمنى قىلدى قارا. نەچچە كۆرسە مۇلكىدە ھىندۇ سوۋاد،
ناۋايى نىلەر قىلدى جامىڭ يەنا، ئۇنۇتقاي كۆررۈنگەن زامان بۇ سەۋاد.

**ئول تاجىرى ھىكايەتىكىم، سۇد سەۋداسىدىن ئۇلۇق زىيان باشىغە كەلدى ۋە جى- گەر گۇشەسى فىراقىدىن جىگەر پۇركالەلەرى يۈزىن مۇنەققەش ۋە بىلىمدەكى ئۆلۇملۇكنى خالاس قىلۇر ئۈچۈن بەردى ۋە قۇتۇلغان ئۆلۇملۇك ئانىڭ جىگەر گۇشەسى بەلكى نەقدى ئېردى**

ئەددىم مۇلكىدە بىر سودەگەر بار ئېردىكىم، سودا ئىچرە بىسيار دانا ئېردى. بىر فەرزەندى بار ئېردىكىم، ئالەمدە ئانىڭ مانەند يوق ئېردى. ئانىڭ ئادەتى ھەر ئون كۈن بىر شەھەر- دە مەنزىل تۇتار ئېردى. بىر كېچە سودا ئۈچۈن يولغا كىرىپ، سودانىڭ تەدبىرىنى قىلىپ، دەشتلەرنىڭ ۋە دەريالارنىڭ سۆزلەرىنى قىلىپ يۈرۈردە، قاراقچىلار كېلىپ، بۇ سودەگەرنى ئۇردى. سوداگەرلەر ئۆلۈم خەۋفىدىن ھەر-بىرى بىر تەرەفكە قاچىپ كەتتىلەر. بۇ سودە- گەر ھەم جانىنى قۇتقارىپ قاچقاندا، ئوغلىنى ئۆزى بىلەن تاپمادى. جىگەر گۇشەسىنى تاپ- ماسلىقىدىن غەم زىدە بولۇپ، جىگەردىن ئاھلەرنى چېكىپ، بۇ غەمدىن يۈرەكى پارە بولۇپ دىدىكىم، ئاۋارە بولماقدىن ئۆزگە چارەم يوقدۇر، قۇيۇندەك ھەر تەرەف ئۆزۈمنى ئۇرغۇمە- دۇر. مۇرادىم بەيتۇلھەرەم تەرەفىگە بارسام، باياباﻧﻼردا سەرگەردان بولغانىمدىن خالاس بو- لۇرمەن. قاراقچىلار بۇلارنى ئۇرغاندا، مىڭ تىللا ئەشرەفى بىلدە مەھكەم قىلىپ، يول خى- راجىغە لازىم قىلۇرمەن، دەپ ئوغلىنى ئىزدەگەلى قەددەم قويدى. يۈرەك قانىنى كۆزلەرىدىن ئاقىزىپ، يوللارنى كېزىپ، فەرزەندىنى تەلەپ قىلىپ، يۈرۈپ، بىر كىشۋەرغە داخىل بولدى. جىگەر قانىنى يۇتۇپ، ئول شەھەر يىتىشى ھامان، بىر جامائەنى كۆردىكىم، ئۇلارنىڭ ئىلكىدە بىر كىشى ئەسىر تۇشۇپ، قان ئىچرە غەرق بولۇپ، باشىغە بىر جاللاد قىلىچ تۇتۇپ تۇرادۇر. بائىس ئولدۇركىم، ئادەمنى ئۆلتۈردۈك، دەپ تۆھمەت قىلۇرلەر، مۇنىڭ قانىنى مىڭ ئالتۇنغا بېرۈرمىز ۋە لېكىن ھىچكىم چىقماس ئېردى. بۇ سودەگەر كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىكەنىنى تانۇماي، بېلىدىن ئالتۇننى ئالىپ بەردى. ئانى قۇتقارىپ ئالغاندىن كېيىن كۆرسەكىم، ئۆزى- نىڭ ئوغلى دۇركىم، قاندا غەرق بولۇپ، رەنگى مۇتەغەييىر بولغان ئېردى. ۋەقتىكى جى- گەرنىڭ ياراسى پۈتكەندىن كېيىن دىدىكىم، ئەي، جىگەرىمنىڭ پارەسى، ئەھۋالىڭنى بايان قىلغىل. ئوغلى دىدى، ئول كېچە بولغان ۋاقىئە بۇ كىم، مەن قاراقچىلارنىڭ ئىلكىدە مۇپتىلا بولغاندا، دۇشمەنلەر قەتلىمغە قەسد قىلدىلەر. كېيىن باشىمدىن كېچىپ ئەھد ئىتتىلەركىم، بۇ بىزنىڭ بۇرادىرىمىزدۇر، مۇنى ئۆلتۈرمەيلى، دىدىلەر. مەن ئول سەبەبىدىن ئۇلارغە تابىئ بولۇپ ئېردىم، بۈگۈن ئۇلار بۇ كىشۋەرغە كېلىپ، بۇ جامائە بىلەن ئۇرۇشتىلەر. بىر فەقىر كىشىنى شاھادەتغە يەتكۈزدىلەر ۋە جامائە مېنى ئۆلگەن كىشىنىڭ بەدىلىدە ئەسىر قىلىپ ئالدى- لەر. بۇ ھالەتنى ھاكىمغە مەئلۇم قىلىپ، مېنى خۇن باھاسى ئۈچۈن قانلىققە تاپشۇردىلەر. ئۆمرۈم قۇياشى زاۋال تاپقان چاغدا، سەن كېلىپ، ئىلكىڭدەكى ئالتۇننى بېرىپ، جانىمنى ساتىپ ئالدىڭ. خالايىق بۇ ئەھۋالدىن خەبەر تاپقاچ، ئول يۇرتنىڭ شاھىغە خەبەر بەردى-

لەر. شاھ ھەم ئاڭلاپ، بۇ سودەگەرنىڭ جەۋان مەردلىكىدىن ئاگاھ بولۇپ، يەنە ئول سودەگەرغە بۇرۇنقىدىن زىيادەرەك نەقدىنەلەرنى بېرىپ، ئوغلىغە ھەم يۈزمىڭ ئىلتىپاتلەرنى قىلدى. كەرەم يامغۇرى قايدا ياغسە، ئاخىر ئول يەردە گۈللەر ئاچىلغۇسىدۇر

**ھىكمەت ئىسكەندەرنىڭ ئارىستۇدىن سوئالى ئول بابداكىم، بىر ئەمەلغە كىم بىر جەزادۇر. ئول ئەمەل تۇخۇمغە بىر - بىرىدىن سەزادۇر ۋە جەۋاپ مەھسۇلىنى كۆتەرمەك**

يەنە ئىسكەندەر ئارىستۇدىن سورىدىكىم، ئەي ھېكىم دانا، ماڭا زاھىر قىلغىلكىم، ھەر ئىشنىڭ بىر خاسىيەتى باردۇركىم، ئەگەر بىر كىمەر سەدىن يامان ئىش كەلسە، يامانلىقىدىن ئۆزگە ئاڭا ئامانلىق يوقدۇر. ۋەگەر ياخشىلىق كەلسە، ئانىڭ جازاسى ياخشىلىق ۋە ئىقبال يۈزلەنۇر. مۇنداغ زۇھۇر تاپغانىنىڭ سىررىنى خاتىرىمغە يەتكۈرگىل. ئارىستۇ دىدى، تەڭرى تەئالا بۇ جاھان ئىچرە ھەرنىمەرسەنى كى خەلق قىلىپدۇر. ئاڭا خاسىيەت بەردىكىم، ئول خاسىيەت ئىچرە بىر ھەقىقەت باردۇر. ئەگەر بىر ئىش قىلغان كىشىنىڭ ئول ھەقىقەت بىلمەككە قابىل بولماسە، ئول ئىشنىڭ زوھۇر تاپماقچى ئەبىس بولۇر. بەشىر خەيلىنىڭ جاھىللەرى ھەر ئىشنى قىلماقغە خاھىش قىلۇرلەر، ئەگەر بىر ئىشىدا نەفئ بولماسا، ئول ئىشنى قىلغالى ئۇناماس. تىغىل يا دىۋانە ئانى قىلۇر. مەنفەئەتسىز ئىشلارنىڭ زاھىر بولماقى مۇمكىن ئەمەسدۇر. ۋە لېكىن ئاقىللار بىر ئىشنى تەفەككۇر قىلماي قىلماس. ھەر قاچان فىكىر تەئەمۇل بىلەن ئاقىللار بىر ئىشنى قىلسە، ئەجەپ ئېرمەسكىم، تەڭرى تەئالا ئول ئىشدىن مەنفەئەت بەرسە كېرەك. كۆرمەكدە خاھى ياخشى بولسۇن، خاھى يامان ئانىڭ ئۈچۈنكىم، بارچە ئافەرىش بىر - بىرىگە لازىم ۋە مەلزۇمدۇر. ھەر قايداغ ئىشنى سەزاۋەر ئەمەس دىمەسۇنكىم، بىر زەررەنىڭ ھەركەت قىلغانى بېكار ئەمەسدۇر. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، ھەر زات يا سوفات يا ئەفئالكى سابىت بولۇپدۇر. ئانىڭ زىمنىدا بىر خاسىيەت باردۇركىم، ئول خاسىيەتدە بىر ھەقىقەت باردۇر. ۋە لېكىن ۋەقتىكى تەڭرى تەئالا خەلقنىڭ ئەفئالىنى ئافرىدە قىلغاندا، ئانىڭ ھەقىقەتىنى خالايىقنىڭ كۆزىدىن مەخفى قىلىپدۇر. ئاڭا ئوخشەكىم دىھقان زىرائەت گاھىغە ئۇرۇغنى ساچىپ، ئورار چاغىدا، بۇغدايىنىڭ ئورنىغە ئارفەنى ئورماس، ئەگەر ئارفە ساچسا، بۇغداي ئورۇماس. كىمەرسەئى قىزىل مۇرچنى ئېكسە، ئاندىن ئاچىغنى تاپار. ۋەگەر نېشكەرنى ئېكسە، شەكەرنى ئالۇر. ھەر ئىشنىڭ ياخشىسى ۋە يامانى باردۇركىم، ۋەگەر ياخشى قىلىقنى زاھىر قىلسە، ياخشىلىقدىن بەھرە تاپار، ئەگەر يامانلىقنى قىلسە، يامانلىق كۆرەر. ئەگەر بۇ قائىدە بىلەن ئىشلار مۇختەلىف بولسە، ئادالەت تەرىقىدىن ئۆزگە ياخشى - يامانىنىڭ ئارىسىدادۇر، دەپ بۇ نۆكتەئى شافىنى ئارىستۇ بايان قىلدى. ئىسكەندەرغە ھەم بۇ سۆز كىفايە قىلدى.

www.uyghurkitap.com



**ئىسكەندەرنىڭ قۇياش تۈن زۇلمەتى زىكباردىن چىقىپ، كۈن ساسى نىمرۇزغە كىرگەندەك ھىندۇستان سەۋادىدىن چىقىپ، چىن كىشۋەرىغە كىرگەنى ۋە خاقانى**
**چىن ئانىڭ قۇياشدەك كەرەمخۇيلۇق بىلەن تىغى جاھانگىرلىك تارتىپ كىلە-**
**دۈرغانىن ئىشتىپ، مەقابىلەسىدە زەررەدەك بىھىساپ چىرىك يىغىپ، ئاڭا**
**مۇۋافەقەتقە ئەلچى يىبەرىپ، نامۇۋافىق جاۋاپ تاپقانى. ئۇل**
**جەھەتىدىن ھىساپلىق چىرىكى زەررە خەيلىدەك قوزغالىپ،**
**ئۆزى تەدبىر ئىشىن زەررە قويماغانى**

ئۇل ناقىل نۇكتە سەنج نۇكتە نەقلىدە كۆپ رەنجىلەرنى تارتىپ، بۇ يەڭلىغ دىدىكىم، ۋەقتىكى ئىسكەندەر ئۇل تۇرفە مۇرغىزار ئىچرە قىش كۈنى ئارام ئالىپ، ئۆزى ھىندۇغە كىشۋەر ئارالىق قىلىپ، مەجلىس ئارا بولدى. گاھى شەھەر ئىچرە ھامام ئۇچۇن ئىمارەتلەردە بادەنۇش بولۇپ، رايىنىڭ قەسرىغە كىرىپ، تەرەف بىلەن مەي ئىچمەكنى ئاغاز قىلۇر ئىردى. گاھى پىشەلەر ئىچرە شىكار ئەيلەپ، شىكار ئىچرە مەينى ئىختىيار قىلىپ، يولبارسلارنى ئۆلتۈرۈپ، فىللار ۋە كەرگىلەر ۋە كەركىدانلارنى سەيد قىلۇر ئىردى. گاھى دەرياغا كىرىپ، بەزم ئەيلەپ، كېمەلەردە ئولتۇرۇپ، بالىقلەرغە تور سالىپ، تاماشاھ قىلۇر ئىردى. گاھى نىستان ئىچرە ماكان تۇتۇپ، يولبارسدەك بۇغى بىلەن ماراللارنى تۇتۇپ، مەي بىلە نىشكەرنى كىرەك قىلۇر ئىردى. گاھى قۇياشدەك ئەرۇج قىلىپ، ئەسەل تاغىغە چىقىپ، مەي بىلە خۇشھال بولۇپ، ئەسەلنى لازىم قىلۇر ئىردى. گاھى شاھانە قائىدەسى بىلەن خىرگاھلەر ئىچرە جورگ تۈزۈپ، نەغمە ۋە سورۇد بىلەن بارگاھىغە ھەشەم بىرىپ، سىراپەردەلەردە مەي ئىچىپ ئولتۇرۇر ئىردى. گاھى ئالىملار بىلەن ئولتۇرۇپ، ھەر ئىلىمدىن كىتاپلەرنى كەلتۈرۈپ، دەقىق بەھسلەرنىڭ ھەققەتىغە يىتىپ، مەجھۇلنى مەئلۇم قىلۇر ئىردى. بۇ يەڭلىغ كېچە ۋە كۈندۈز باھار فەسلىغىچە قىشنى چىقارىپ، ئافتاپ جاھان تاب شەرق بۇرچىغە تەھۋىل ئەيلەپ، ئالەمنى رۇشەن ئەيلەدى. يەنە ئىسكەندەر خۇرشىد زەرەخشاندەك جاھان مۈلكىنى فەتىھ قىلماقغە چەمەندەك بەزمنى يىغىپ، خىتاي بىلە چىنغە ئەزم قىلماقنى جەزم قىلدى. يەنە لەشكەر دەرياسىغە جۇش تۈشۈپ، جەڭ كوسىنى كۆتەرىپ، ھىندۇستان مەملىكىدىن چىقارمىز، دەپ ئۇل كوسنى چالىپ، ئۇل مەملىكەتنىڭ گەردۇ كۇشەسى قالماي ھەممەسىنى فەرمانبەردار قىلىپ، چىن شەھرىگە يۈرۈپ، ئەلەمنى چەكتى، ۋەقتىكى ھىندۇستاندىن چىقىپ، چىن كىشۋەرىنى ئارامگاھ قىلۇرمىز، دەپ بارۇردا يولنىڭ ھەر تەرەفدەكى شەھەرلەرنى ئالىپ، ئۇلۇغ شاھلارغا لەشكەر يىبەرمەكى ئىھتىياج يوق ئىردىكىم، بىر نەۋئ بىلەن شاھلەر يالبارىپ، نامە بىلەن كېلىپ، پىشكەشلەرنى تارتىپ، ئىسكەندەرنى كۆرۈپ، خاك دەرگاھىنى تەكيەگاھ قىلۇر ئىردىلەر. ئىسكەندەر ھەم شاھلارغە ئىنايەت قىلىپ، توختاماي ئىلگىرى يۈرۈپ، يول تاماسىنى قىلىپ، تا چىن سەرھەددىنىڭ جايىغە يەتتى. خاقان ھەم بىلىپ ئىردىكىم، ئىسكەندەر ھىندۇستاندىن سەلدەك چىقىپ، چىن تەرەفگە مەيىل قىلدى. ئەدەددىن فۇزۇن لەشكەرنى يىغىپ، ياراغ - جابدۇغىنى راستلاپ تۇرارمىز، لىكىن، دۈشمەنلىقنى ئاشكارە قىلماي، خۇسۇمەت ئىشنى ئىختىيار قىلماي، ئەلچىدىن

سىلىق سۆزلەرنى يىبەرىپ، ياراشماق تەرىقىنى قوبۇل قىلىپ، سۇلھى قىلماقىدىن ئاراغە سۆز سالۇرمىز. ئەگەر بۇ سۆزنى قوبۇل تۇتسا، دوستلۇق تەرىقى بىلەن مەئاش قىلىپ ئۇزاتارمىز. ئەگەر بۇ ئىشىمىزنى مۇناسىپ كۆرمەسە، ساۋۇق تۆمۇرنى ئۇرغان بىلە يۇمشاماس، ئۆزۈمىزنى ئاجىز تۇتماي، چىرىك تارتىپ، جەڭ تەرىقىنى تۈزەرمىز، دەپ تەدبىر بىلە مەسلەھەتلەشىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىنى سىناغالى دانا بىر ئەلچىنى يىبەردىكىم، ئەلچىگەرلىك ئىلمىدا دانىشمەند ئىردى. مەخفى سۆزلەرنى ئول قاسىدغە تۇتتۇرۇپ، ۋەقتىكى قاسىد ئىسكەندەرنىڭ دەرگاھىغە يىتىپ، ئانىڭ ئەندازەسىز ھەشەمىتىغە نەزەر سالىپ، لەشكەرىنى كۆردىكىم، يۈز يىل قىياس بىلەن ئانىڭ ھەددى نىھايەتىنى تاپماس. يەنە ئوردىسىنى كۆردىكىم، بۇ فەلەك چەترى ئانىڭ كەمتەرىن خىرگاھىدۇر. يەنە ئانىڭ سەرەنجامىنى كۆرۈپ، ھۇشىدىن كىتىپ، پات ھۇشىغە كەلمەدى. ئول دەرگاھىغە ئۆزىنى توفراق قىلىپ تاشلادى. ئول دەرگاھىنىڭ خادەملەرى بۇ ئىشنى كۆرۈپ، كەلگەننى ئىسكەندەرغە ئەرز قىلدىلەر. ئىسكەندەرنىڭ فەرمانى بىلەن قاسىدنى كەلتۈردىلەر. قاسىد ھەم دانالىقىدىن يىلدام يۈرۈپ، تۇفراقىغە يۈزىنى قويۇپ، تەختىنىڭ ئالدىدا جاي بەردىلەر. ئىسكەندەر ئۆزىنى ھەر تەرەف مەشغۇل قىلدى، تاكى ئانىڭ كۆڭلىدە ئىزتىراپ تەسكىن تاپغاي. ئىسكەندەر ئۇزاقراق توختاپ دىدىكىم، ئەمدى ئەرزىڭنى بايان قىلغىل. قاسىد ھەم كۆپ دۇئالەر قىلىپ، خاقانىڭ يىبەرگەن پەيغامىنى بۇ تەرىقە بايان قىلدىكىم، ئەي شاھى نامۇر، بۇ كىشۋەر تەرەفىگە ئەزم قىلغانىڭ، خۇرشىد جاھان تاب چەرخى ئەخزەرغە چىقىپ، ئالەمنى مۇنەۋۋەر قىلغۇسىدۇر. بۇ مەئنىغە بائىس نىدۇركىم، بۇيان كەلمەكىنىڭ ئەزمى قايسى خىيالدا كىلىپدۇرسەن؟ ئەگەر دوستلۇق ھەسيەتىدىن كەلگەن بولساڭ، دوستلۇقدا مۇنداغ ئىشنى ھىچكىم قىلماسكىم، سەندەك ئۇلۇغ پادىشاھ لەشكەرىنى تارتىپ، بىزنىڭ يۇرتۇمىزنى ئالىپ، ئۆزىگە جىلۋەگاھ قىلغاي. ئەگەر دۇشمەنلىك قىلغالى كەلگەن بولساڭ، بىزدىن نىچۈك دۇشمەنلىكنى كۆرۈپ، بىزگە ئاداۋەت قىلۇرسەن. يەنە بىزگە يىرىك سۆز بىلەن يىبەرگەن قاسىدىڭنى ئۆزرە ئەيتىپ، سالامەت ئۇزاتىپ ئىردۈك. ئاندا دەپ ئىردىڭ كىم، چىن مەملىكەتىنىڭ خىراجىنى ئالىپ كەلسۇنكىم، شاھ دارا بۇ ئالەمدىن كىتىپ، تەخت - تاجى ماڭا قالىپدۇر. ئاندا مەن دەپ ئىردىم، ئەگەر دارا بۇ ئالەم غەددارىدىن كەتكەن بولسە، سەن بۇ دەھرىدىن ۋەفا قائىدەسىنى كۆرگىل ۋە لېكىن ئانىڭ بىرلە مېنىڭ ئاراسىدا مادارا بىلەن سالاھلىق ئىشىمىز بار ئىردى. ئانداغ ئەمەس ئىردىكىم، ماڭا غالىپ كىلىپ، خىراجىغە تالىپ بولغاي ئىردى. ئەگەر سەن ھەم ئانداغ سۈلۈك قىلغىلكىم، پادىشاھانە بىر - بىرى بىلەن ئىككىمىز جەڭ ئەسبابىنى تۈزۈپ، شىددەت ئايۋانىنى ئىگىز قىلىپ ئاداۋەت قىلماسمىز. ۋەگەر بۇ ئىشقە رىزا بەرمەسەڭ، مۇقەررەر بولغان ئىش ئالدىغە كەلسە كۆرەرمەن، دەپ ئەيتىپ ئىبەرىپ ئىردىم، ئەمدى ھەم سۆزۈم بۇدۇر. ئۆزۈڭ دىگىلكىم، بۇ سۆزدىن ئۆزگە سۆز بارمۇ ئىردى؟ بۇ سۆزدىن ئىنكار قىلماسمەن، مۇندىن بۆلەك سۆزۈم ھەم يوقدۇر. ئەلھال سۇلھ بىلەن يانساڭ، مېنىڭ ھەم سۇلھ بىلەن نەچەند سۆزلەرىم باردۇر. ۋەگەر ئاداۋەت ئىشىدا گوفتەگۇ ئەيلەپ، ماجرا تۈزسەڭ، مېنىڭ ھەم بۇ ئىشدا جەڭ ئەسبابىدىن كەملىكىم يوقدۇر. چىرىكىمنىڭ، ياراغلارىمنىڭ ھەددى ئىمكانى يوقدۇر. ئەھلى ئايال ئۈچۈن ۋە يۇرت ئۈچۈن تاكى

www.uyghurkitap.com



جانبار جەڭ قىلىشىدىن كىشى ئاجىز كەلمەس. ۋە لېكىن، ئىككى پادىشاھ ئاداۋەتىنى زاھىر
قىلغاندا، مەئلۇم ئېمەسكىم، قايسى زەفەر تاپىپ، يەنە بىرىگە شىكەست بەرگەي، بۇ ھەرف
كىشىنىڭ پىشانەسىدە خەت قىلىپ قويغان ئەمەسدۇر. كىمەرسەئى جەڭ ۋە جىدەلىدىن قانچە
يىراق بولسە، شاھلەر قائىدەسىدە شۇنچە يىراقدۇر، دەپ قاسىد بۇ سۆزلەرنى ئەيتىپ،
جاۋابىغە كۆزىنى يەرگە تىكىپ ئولتۇردى. ئىسكەندەر ئول پەيغامىدىن تەبەسسۇم قىلىپ،
گۆھەر فەشان تەكەللۇم بىلەن دىدىكىم، شاھلىق ۋە جاھاندارلىق رەسىم - قائىدەسىدە
مېنىڭ بىرلە خاقانى چىن ئۆزىنى بارابەر تۇتسە، تەئيىن بىلگىلكىم. بۇ غەلەتدۇر، ھەركىمەرسەگە ئافرىدە كار جاھان ۋە فەرۋەردىگار ئالەمى ياندىن ئاگاھلىق بەرسە، شاھلىق بۇ
جاھاندارلىقنى ئول بىلۇر. ئەگەر شاھغە يۇرتلەر بىلەن ئىئتىبار بولسە، مېنىڭ كىشۋەرىم
ئانداغ ئىككى داراچە باردۇر. ۋەگەر شىجائەت ئىئتىبار بولسە، ئانىڭ ھالىدىن ئاگاھلاغان
بولغايسەن. جەڭ قىلماققە راغىپ بولغاندا، مېنىڭ شەۋكەتىم ئانىڭ شەۋكەتىدىن كەم ئېردى،
بەلكى ئونىنىڭ بىرى ئېردى. ئانداغ ئەنى ئاجىز قىلىپ ئېردىمكىم، خالايىق كۆرمەگەن
بولغاي. ئاخىر ھالدا ھەم تەڭرى تەئالا نۇسرەت ماڭا بەردى. ئەگەر شۇبۇ سۆزۈم مۇسەللىم تۇتسە، نالايىق سۆزلەرنى ئۆتۈنۈپ، ئۆزىنى بۇيرۇغۇمغە كىرىپ كېلىپ، ئاجىزلىقىنىڭ
ئەرزىنى شافائەتخاھ قىلسۇن. بى قەدرى ئىمكان رىئايەتلەرنى قىلىپ، سەرەفرازلارنىڭ قاتارىدا
قىلۇرمەن. ۋەگەر مۇنى مۇسەللەم تۇتماسە، جەڭ كۈنى كۆرگۈزۈرمەن. راستلىق بىلەن بۇ
سۆزلەرنى بايان قىلدىم. مېنىڭ رەسمىم راست سۆزلەمەكلىكدۇر. سۆزۈمنى بايان قىلىپ بولدۇم،
خاقانغا بارىپ ئەيتغىل. سەن بارغۇنچە ئەزم ئەيلەپ، ئاھىستە - ئاھىستە كەلگۈمدۇر، يىلدام
راست جاۋابىنى كەلتۈرگىل. جاۋاپ بەرمەكلىك راستلارنىڭ ئىشىدۇر. ئەگەر ئەمرىمدىن
بويىنۇمنى تولغاساڭ، كۆرەرمىزكىم، بۇ فەلەك شۆئبەدە باز نە ئويۇنلارنى ئوينار. ۋەقتىكى
قاسىد بۇ يەڭلىغ سۆزلەرنى ئىشتىپ، ئاشۇفتە ھال بولۇپ، يولغە كىردى. مۇنداغ دەردغە
داۋا تاپماي، ئۆز خانىنىڭ دەرگاھىغە يۈز قويدى. خاقانىنىڭ خىتابىغە ئىسكەندەرنىڭ
جاۋابىنى نېچۈككىم مەجلىسدە ئوقۇپ ئېردى، باشىدىن - ئاياغىچە بايان قىلدى. خاقان
ئىسكەندەرنىڭ شىجائىتىنى گۇمان قىلغاندىن زىيادەرەك بىلىپ دىدىكىم، ئەگەر قاشىغە بارسا،
مۇنداغ جاۋابىنى بېرەدۇر، دەپ مەردانە ئاداۋەتكە بېلىنى باغلاپ، ئىسكەندەرنىڭ كېلەدۇرغان ۋەقتىنى چاغلاپ، خىتاي مۇلكىدىن چېرىكنى يىغىپ، ئول چېرىك ئاتا يۇرتىدىن ئېردى.
سىپاھلارنىڭ ئەدەدى يۇلدۇزلارنىڭ ئەدەدىدىن زىيادە بەلكى تۇفراق قۇمىدىن ئارتۇق
ئېردى. توققۇز يۈزمىڭ تىيراندازلەردىن بار ئېردىكىم، دۈشمەن ئېچرە يامغۇر ياققاندەك
ئاسماندىن ئوقلارنى ياغدۇرۇر ئېردىلەر. ئۆزگە سىپاھلارنىڭ ھسابى يوق ئېردىكىم، بارچەسىنىڭ
لىباسى زەربەفت ئۇلۇغ ماتائلاردىن ھەممەسى ساۋۇت كىيىپ، ناۋەك ئەنداز شەمشەر باز
ئېردىلەر. ئاتلانغاندا، ھەربىرى بىر گۆلدەستە بولۇر ئېردى. بۇ يەڭلىغ سىپاھلەر ياساپ،
چىن شەھرىدىن ئىسكەندەرنىڭ ئوترۇسىغە چىقىپ، ئابا قىلماي، لەشكەرىنى تەرتىپ بىرلە
ئارەستە قىلىپ، چۆرەسىدە خەندەق قازدۇرۇپ، رىئايەتلەرنى قىلىپ، جەڭنىڭ قائىدەسىنى
تۈزدى. لېكىن، خەندەقنىڭ ئۇزۇنلۇغى ئونبەش ياغاچلىق دەۋرەسى بولۇپ ئېردى. ئىچىدە
مەھكەم قورغان ھەم قىلىپ ئېردىكىم، ئانىڭ تاش دەۋرەسى ئىككى قاتار ئارابە قويۇپ،

هەر ئارابەنىڭ تۆپەسىدە ياغاچلارنى بەركىتىپ، بىر - بىرىگە بەند قىلىپ، ئارقەسىدە تىيىر ئەندازلارنى ۋە مىلتىقچىلارنى ئولتۇرغۇزۇپ، يەنە خەندەقنىڭ ئالدىدا قالىن مۇندۇنى تىكىپ، قورغاننى بۇ سۇفەتلىك بەركىتىپ، ئۆزى لەشكەرىنىڭ سەردارلارى بىلەن ئاندا كىردى.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر چىن تەرەفىگە ئەزم ئەيلەپ، خاقان ئۆزى بەركىتكەن قورغاننى يىراقدىن كۆرۈپ، دەشت ئىچرە لەشكەرىنى ياساپ، ئانداغ ئارەستە قىلدىكىم، تەئرىفىغە راست كەلمەس، لىكىن لەشكەرىنىڭ تولالىقىنىڭ قانچە دىسە، شۇنچە بار ئېردى. ھەممەسىنى لۇتفىلار بىلەن مال بېرىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلدى. زىنىنەت بىلەن مەھكەم بولۇپ، بىر سۇرەن سالدىلەركىم، فەلەك تاقىغە زىلزىلە تۈشتى. ئىسكەندەرنىڭ شىددەت بىلەن كەلگەنى يەنە سۇرەن سالغانىدىن خاقاننىڭ كۆڭلى ۋەھىمناك بولۇپ كۆردىكىم، ئىسكەندەر لەشكەرى بىلەن ئەجەپ شىجائەتلىكدۇرلەر. كەچ بولغاندا ئىككى تەرەفنىڭ لەشكەرى زوررۇرەتدىن ھەر بىرى ئۆز جايىدا ئارام ئالدىلەر. ئىككى لەشكەر جەڭ قىلماقنى زاھىر قىلماق ئۈچۈن، ھەر تەرەفدىن تەلايەگە چىقتىلەر. يەزىكچىلەرى ھەم بىر - بىرىنىڭ ئارقەسىدىن كەم بولمادىلەر. ئىسكەندەر مۇنداغ خىيال قىلدىكىم، تاڭ ئاتقاندا، لەشكەرغە ئارايىش بېرىپ، ئىمكاننىڭ بارىچە ياساپ، توختاماي دۈشمەن تەرەفىگە يۈرۈپ، كارساز ئەيلەپ، قىيامەت كۈننى ئاشكارا ئەيلەگەي.

ئىسكەندەرنىڭ بۇ مەسلەھەتىنى ئەھلى ھىكمەتلەر ئاڭلاپ كېلىپ، ئىسكەندەرغە مەنئى قىلدىلەر. دىدىلەركىم، تاڭلا ئۆگۈنلۈككە ھايال قىلماق كېرەككىم، جەڭ ئىشىغە نەھس يۇلدۇزلەرى تولۇغ قىلىپ، ئۇلارنىڭ نەزەرگاھى بۇ ئۈچ كۈن ئىچرە بىز بولۇرمىز مۇناسىپ ئولدۇركىم، شاھى ئالەم ئولتۇرۇپ، نەھس يولدۇزلارى ئۆتۈپ كەتكەي. ئۆزلەرىنىڭ ئىقباللارى تولۇغ قىلىپ، بۇ ئىشدا نىھايەتسىز ئىقبال يۈزلەنگۇسىدۇر. بۇ سۆزۈمىزدە ئەگەر خىلاف بولسە، ئۈچۈنچى كۈنى شاھ ئالەم جەڭ ئىشنى ئارەستە قىلسە، ئۈمىد ئولكىم، دۈشمەنلەرغە شىكەست بېرىپ، خاقاننىڭ شەۋكىتىنى قارا تۇفراق بىلە پەست قىلغاي، دىگەندىن كېيىن ئىسكەندەر ئول سۆز بىلەن شۇك ئولتۇرۇپ، ئاداۋەت شۇئلەسى ھاۋا تۇتمادى. خاقاننىڭ لەشكەرىغە ھەددىدىن ئارتۇق ئىزتىراپ پەيدا بولۇپ قالدىكىم، خىتاينىڭ سىپاھلارى، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرىنىڭ شەۋكىتىنى كۆرۈپ، ھەممەسىنىڭ ئاراسىدا قورقۇنچدىن ئاشۇف پەيدا بولدى. خاقان قانچە لەشكەرىغە قۇۋۋەت بەرسە، ئۇلارنىڭ ۋەھىمەسى تۈزەلمەي زىيادە بولۇپ كېلۇر ئېردى. ئىش بۇ يەرگە يەتتىكىم، جەڭ قىلماقدىن توختاپ، سۆزنى زاھىر قىلماق ئۈچۈن ئارادە كىشلەرنى قويدىلەركىم، ئىسكەندەر دىلاۋەرلىكدە كامكار كېلىپ، يۈرەكلىكدە ھەم شىر غەرراندەك جاھانگىرلىكنى ھەۋەس ئەيلەپ، دىگەن ئىشنى قولىغە ئالادۇر. بۈگۈن ئىختىيار قىلسە، ھەر قايان يۈرۈپ، كۆڭلىدەكى غەرەزنى قولىغە كەلتۈرۈپ بىرۇرمىز. قايسى مەملىكەت تەرەفىگە چېرىكنى تارتاي دىسە، ئانىڭ بويىنىغە ئول كەمەند بەند بولغۇسىدۇر. ئول كۈنكى دارا بىلەن سوقۇش قىلىپ ئېردى، ئاندا تەدبىر بىلەن جەڭ قىلىپ، ئانىڭ ئىقبالىغە شىكەست بېرىپ ئېردى. بىزنىڭ لەشكەرىمىزنىڭ جاھ ۋە ھەشەمى بىلەن شەۋكەتى دارانىڭ ئونىنىڭ بىرىچە يوقدۇر. يەنە ئولكى ئىسكەندەر ساھىپ قىران ۋە فەھلىۋاندۇر. مۇنىڭدەك كىشى بىلەن ئاداۋەتىغە كوشىش قىلماق ھىسابىغە راست كەلمەس.

www.uyghurkitap.com



ئانىڭ بىرلە جەڭ قىلماقنىڭ لاپىنى قىلماق بىھۇدەدۇر، دەپ ئانچە ئۇلۇغلارنى شافائەتخۋاھ ئەيلەپ يىبەردىلەركىم، خاقان ئىسكەندەرغە ئىتائەت قىلغاي. ئانىڭ ئۇچۇنكىم، خاقان ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا زەئىپدۇر. ھىچ بابدا ئاڭا ھەرىف بولالماس. كىمەرسە ئانىڭ بىرلە ئۇرۇش دەئۋاسىنى قىلسە، ئانىڭ قىلىچىدىن ئامان تاپماس. ھەركىم ئاقىل بولسە، ئۆز قەسدىنى ھەرگىز قىلماس. فەرمانىنى تۇتۇپ، خىراج بەرمەكىنى قوبۇل ئەيلەپ، تەخت-تاجىنى ئىسكەندەرغە مۇسەللىم تۇتغاي. مەللۇ ھەم نىمە ئىشلارنى قىلغان بىرلە جازاسىنى تارتتى. ئوغلى فىرۇز شاھ ئىتائەت قىلغان ۋەجھىدىن تەخت-تاجىنى تاپىپ، ئىتىبارلىق بولدى. رايى ھىندى ھەم ئاجىزلىقنى زاھىر قىلغاچ، بۇ ئەسىردە كىشۋەر ئارا بولۇپدۇر. ئەگەر خاقان ھەم قاشىغە بارسە، خىزمەتىنى قىلسە، تاج-تەختىنى بەرقارار قويۇپ ھەم يۇرت ئىشىنىڭ ھەممەسىنى قولىغە ئالۇر. بۇ ئىشدىن ئۆزگە نەرسە ۋۇجود تاپسە، پۇشايمانلىق سۇد بەرمەس، دەپ ھەربىر جامائە فىرقە بولۇپ، بۇ سۆزنى ھەر يەردە گۇفتىگۇ قىلۇر ئېردىلەر. بىر كىمەرسە خاقاننىڭ مەھرەمى خاسلەرىدىن خاقاننى غەيرىدىن خالى كۆرگەندە ئولتۇرۇپ زار-زار يىغلاپ دېدىكىم، خالايىقغە ئەجەپ بىر ئىش تۇشۇبدۇركىم، ھىچكىم ئول غەمدىن خالى ئەمەس، دەپ ئىشتكەنىنى ئالىپ قالماي ھەممەسىنى بايان قىلدى. ئاندىن كېيىن خاقانغە دېدى: ئەي شاھى جاھان، نىمەرسەئى نىكى ماڭا تەھقىق بولۇپ ئېردى. ھەممەسىنى سىنىڭ خىزمەتىڭغە مەئلۇم قىلدىم. ئىنەنسەڭ مۇنىڭ فىكرىنى قىلغىل. خاقان ھەم بىردەم ئەندىشە قىلىپ بىلدىكىم، بۇ كىشىنىڭ سۆزىنىڭ ھەممەسى راستدۇر، دەپ ئۆز ھالىنىڭ ئىشىغە مەشغۇل بولدى. ئۆزگە خەلق ھەم بۇ كىشىنىڭ دېگەنىنى راست بىلىپ دېدىلەركىم، چىنى ئاياق بىلەن رۇمنىڭ سەنگى خارەسى رۇبەرۇ بولغاندا، چىنى ئاياق ئول تاشقە قاچان تەڭ بولۇر. ھەرقانچە تەفەككۇر بىلەن قىياس قىلىپ باقساق بىلۇرمىزكىم، ئىسكەندەرنىڭ شەۋكىتىدىن خاقان شىكەست تاپغۇسىدۇر. ئەگەر ئەھلى چىن ئىسكەندەر بىلەن ئاداۋەتىنى ئاشكارە قىلسە، ئۆز ئاياغىغە تاش بىلە ئۇرادۇر. بۇ ئىشدا خاقانغە غەم پەيدا بولۇپ، تاڭ ئاتقۇنچە ئۇيقاسى كەلمەدى. سەھەر ۋاقتىدا. بىر راست مەسلەھەتنى تاپىپ، غايىپدىن بىر نىقابىنى ئالىپ، كۆڭلىگە ئەقلى ئەندىشەسى پەيدا بولۇپ، ئول مەھرەمخاسىنى كەلتۇرۇپ دېدىكىم، بارگاھىمنىڭ چۆرەسىدەكى خالايىقنى قوغلاپ، سىراپەردەلەردىن ئۆتۇپ، بۇ ئىشكىمگە كېلىپ ئولتۇرغىل. لېكىن، خالايىقغە دېگىلكىم، بۇگۇن خاقان قاشىغە ھىچ كىمەرسە كىرمەسۇنكىم، كۆرۇنۇش يوقدۇر، دەپ بۇگۇن ئاقشامغىچە بۇ ئىشكىمنى ساقلاغىل. بىر مەسلەھەتىم باردۇر، ھىچكىمگە بۇ سىررىمنى ئەيتماغىل. ھىچ كىشى مېنىڭ تەرەفىمدىن ئەندىشە قىلماسۇن. ئەگەر كېلەدۇرغان كېچە شۇبۇ مەھەلدە يانىپ كەلسەم، بارچە مۇشكۇل ئىشلارىم ئاسان بولۇپ، مۇرادىم ھاسىل بولغۇسىدۇر. ئەگەر كەلمەسەم، ئۆز ياراغىڭنى قىلىپ، ئالدىڭغە ھەرنە كەلسە كۆرەرمەن ۋە لېكىن بىر كېچە-كۈندۇز مۇندا ئولتۇرۇپ، ئىشىكىمنى ساقلاپ، سىررىمنى ئاشكارە قىلماغىل ۋە لېكىن بۇ ئىشنىڭ سۇرىتىنى مەندىن سورماغىل. ئول مەھرەم خاس ھەم خاقاننىڭ سۆزىنى قوبۇل تۇتۇپ، ئاندا كىرىپ، نىگھبان بولۇپ تۇردى. خاقان ھەم شاھانە لىباسلارنى سالىپ، ئەلچىلەر لىباسىنى ئەگنىگە ئالىپ تۇردى.

## قەمەرى ساباھىس - سەرئىس - سەيىر قىياش بىرلە قىران قىلغان خاقان ئىسكەندەرگە رىسالەت ئۆچۈن مەقارىن ئۇل مەقارىنەتدىن مەقابىلەغە بارغاچ قەمەردەك نۇرۇ - سەفادىن تولغانى

بۇ تارىخنىڭ دانالەرى ئانداغ دىدىلەركىم، خاقان ئۇل مەھرەمخاسىغە فەرمان قىلىپ، سىراپەردەنىڭ يانىغە بىر ئات كەلتۈرگىل، ئۇل مەھرەمى خاس ھەم بىر ئاتنى تەييار قىلىپ، سىراپەردەنىڭ يانىغە كەلتۈردى. خاقان ھەم چىقىپ ئاتلانغاندا، مەھرەمخاسنى بۇ ئەسرارغە ئىمىن قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ، قاراڭغۇدا سىپاھلاردىن چىقىپ، قورغاننىڭ دەرۋازەسىغە ئۆزىنى ئالدى. دەربازەبانلەرگە بىر دەستەك بېرىپ، خاقان مېنى ئىشقا بۇيىرۇپدۇر، دەپ مېنى بۇ دەرۋازەنىڭ تاشىغە چىقارىپ بېرىڭلار، بۇلار ھەم دەستەكنى كۆرۈپ، مەئقۇل بولغۇدەك سۆزنى ئاڭلاپ، قورغاندىن چىقارىپ بەردىلەر. خاقان ھەم يىلدام يۈرۈپ، بارغۇنچە كۆڭلىگە يۈزمىڭ خىياللارنى كەلتۈرۈپ، كۆڭلىنى پايمال قىلۇر ئېردى. سۇبھى دەمىدە بولۇپ، قوياش تولۇغ قىلغان چاغدا، خاقان قاسىد سۈرەتىدە ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرىغە كىرىپ، ئاستانىغە تۈشتى. دەرھال بۇ ۋاقىئەنى ئىسكەندەرغە ئەرز ئېيتتىلەكىم، بىر ھومايۇن جامال بىر قاسىد كېلىپدۇركىم باشدىن ئاياقىچە ئەقل ھۇشدىن مەركەب بولغان بەشەرنىڭ سۈرەتىدە سۈرۈش غەيىپ ئوخشايدۇر، ئىسكەندەر ئاڭلاپ دىدىكىم، ئانى ھۆرمەت بىلەن ئالىپ كېلىپ، تەختىمنىڭ ئالدىدا مەقام راستلاڭلاركىم، بۇ كېچە بىر غەرىپ تۈش كۆرۈپدۇرمەن، ئەگەر ئانىڭ تەئبىرى شۇبۇ بولسە، ئەجەپ ئەمەسدۇر. تۈشۈمدە قۇياشدەك بولۇپدۇرمەنكىم، رۇشەنلىقىم ھەم قۇياشچە بار ئېردى. يەنە بىر قۇياش ھەم پەيدا بولۇپ كېلىپ، باشىنى ئالدىمدا قويار ئېردىكىم، مۇنداغ ئىككى قۇياشنى ھىچكىم تۈشدە ھەم كۆرمەس. يەنە ئەھلى ھىكمەتلەر ھەم فەلەك سىرىدىن يازغان ئەھكامىدا كۆرۈپ دەپ ئېردىلەركىم، بۇ ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە نادىر ئىشلەر زاھىر بولادۇر. ئۇلارنىڭ بىرى بۇدۇركىم، كەلگەن قاسىدنى ئىچكەرى كەلتۈرۈڭلار. بارىپ ئۇل قاسىدنى ئىچكەرى كىرگۈزدىلەر. ئۇل قاسىد يىراقدىن ئوچۇق چىراي بىلەن شىرىن زۇبانلىق تىلىنى ئاچىپ، كەلىمات دۇررە جەۋاھىرلەرىنى ساچىپ، قاسىدانە رەسمىنى بەجا كەلتۈرۈپ كىردى. ئىسكەندەر بۇ قاسىدنىڭ ياخشى ئەۋسافلارىنى كۆرۈپ، لۇتف ۋە ئىكرامىدىن قاسىد بىلەن قۇچاغلاشتىلەر. قاسىدغە تالئى يار بولۇپ، بىشارەت بەرگەچ، ئىسكەندەردىن ئولتۇر دەپ ئىشارەت تاپتى. قاسىد ھەم ئولتۇرۇپ ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئىسكەندەر دىدىكىم، ھەر نىچۈك سۆزۈڭ بولسە، ئەسرارىڭنى بىزگە ئىزھار ئەيلەپ، ھەمراز قىلغىل. قاسىد تەئەننى دىدىكىم، ئەي شاھى جاھانپاناھ، ھەرنىچۈك ھۆكمىڭنى جان ئۇستىگە قوبۇل تۇتۇپ، غايىبانە ۋە ھازىرانە ئانىڭ تەھتىدە تۇرۇپدۇرمىز ۋە لىكىن خاقانى چىن تەدبىر بىلەن ماڭا نەچچە شەرىف سۆزلەرنى دەپدۇركىم، ھەركىم ئانى ئىشتىمەككە لايىق ئەمەسدۇر. بۇ ئەنجۇمەن ھەر تەرەف تارقاغاندا، قاسىد بىلەن ئىسكەندەر بولسە، غەيرىدىن كىشى بولماسا، شول ھالدا شاھ ئالەمنىڭ ھەر نىچۈك سوئالىغە جاۋاپ نۇكتەلەرنى سۆزەرمەن. يەنە خاقان دەپ ئېردىكىم، ئەگەر بۇ نەۋئ خىلۋەت مۇيەسسەر بولسەكىم، ئىسكەندەر بولسە، سەندىن ئۆزگە كىشى بولماسا، ھەر نىچۈك مېنىڭ ئىلتىماسلارىمنى ئىزھار

قىلغىل. ئەگەر بۇ نەۋئ بولماسا تۇرماي قوپۇپ يانغىل. ۋە ئەگەر سېنى بەندە قىلسەلەر، ئاندا ھەرگىز دەم ئۇرماغايسەن، مۇبادا سەندىن فاسات ئەھلى بەد گۇمانلىقنى قىلسەلەر، شول ھالدا باغلارىڭغە ئىشكەل سالىپ، قوللارىڭنى كەمەند بىرلە بەركىتىپ، ئىسكەندەر قىلىچنى ئالدىدا قويۇپ، سەندىن سوئال سورسە، دىگەن سۆزۈمنى راستلىق بىلەن ئادا قىلغىل. خاقان تەئكىد قىلىپ دەپ ئېردى. ئەگەر مەندىن ئەندىشەلىك بولساڭلار، مېنى دىگەنىمدەك قىلىڭلار. قاسىد بۇ سۆزنى دىگەچ، ئىسكەندەر تەئەججۇپ قىلىپ دىدىكىم، ھەممىڭلار ھەر تەرەپ كېتىڭلار، مۇنى بەند قىلماقغە ئېھتىياج يوقدۇر. ئانداغ قائدە ئىمەسكىم، ھۇد - ھۇد شۇڭقارغە كاج سالغاي، دىگەچ ئەھلى ھىكمەتلەر خۇشۇسەن، ئارستۇنىڭ ئىلتىماسى بىلەن قاسىدنىڭ ئاياغىنى بەركىتىپ، قولىنى ھەم باغلاپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغە ھەم قىلىچنى كەلتۇرۇپ، بارچەسى بىرىن - بىرىن ئاياغىنى تاشقارى قويدىلەر. ئەغيارلەردىن خالى قالغاندا، ئىسكەندەر يەنە مەخفى ئەسرارلارنى سوردى. قاسىد ئەيتتىكىم، ئەي شاھى پاك راي، مېنى قاسىد دىمەگىلكىم، خاقانى چىن دەرگاھىڭغە كېلىپ، بوسۇغاڭنىڭ تۇفراغىنى تۇتىيا ئەيلەپ، دەرگەھى نىشىنلىقنى قوبۇل قىلىپ كېلىپدۇر. كۆرگىلكىم، قولۇمدا قىلىچ، كۆڭلۇمدە ئاداۋەت يوقدۇركىم، ئاياغلارىم بىلەن ئىلىكلەرىمنى بەند ئەيلەپ، ئۆزۈمنى ئالدىڭدا ئاجىز ۋە بىچارە قىلىپدۇرمەن. بۇ ئىشقە نەچچە ۋاقىئە مۇنداغ كەلمەكىدە نەچەند زەرۇرەت ئىشلارىم باردۇر. بۇ ئالەمنىڭ كەجرەفتارلىقنى ئىسكەندەر ھەيران بولۇپ دىدىكىم، ئەي خاقانى چىن، سەن چىن مەملىكىتىنىڭ خانى بولساڭ، شاھلار مۇنداغ خاتا ئىشلارنى قىلۇرمۇ؟ دۇشمەنىغە ئەسىر بولۇپ، مۇنداغ ئۆزىنى باغلاپ بەرمەس. ئۆز ئاياغى بىلەن كېلىپ، بەندغە تۇشۇپ، يەنە فەراغەت بىلە سۆزلەرنى ئەيتۇرسەن. ئالدىراماي سۆزلەرىڭنى ئادا قىلغىل. بۇرۇن سوئالغا جاۋاپ بەرگىل. خاقانى چىن تەئەممۇل ئەيلەپ دىدىكىم، ئەي دەھر مۈلكىنىڭ مەسەندنىشىنى، باشىغە بىر مۇشكۇل ئىش تۇشۇپ ئېردى، ئانىڭ ئىلاجىنى قىلماق ئۈچۈن كېلىپدۇرمەن. مېنىڭ يەنە ساڭا ئىئتىمادىم بار ئېردىكىم، خىرەدمەند ۋە رۇشەن زەمىر جۇۋانمەرد ۋە ساھىپ ھىممەت ۋە بەھلىۋاندۇرسەن. ئاجىزلارنى ئۆلتۇرمەك سېنىڭ قاشىڭدا ئاردۇر. ئول كىمەرسەئى كىم ساڭا خىلاف قىلىپ، لەشكەرلەرنى تارتىپ، جەڭ ئىشىنى ھازىر ئەيلەپ، ئۆزىنى دىگەن چاغدا، لۇتىلەر ۋە كەرەملەرنى قىلىپ، ھۆرمەتلىك قىلىپدۇرمەن. مەندىن مۇنداغ ئىش ۋاقىئ بولمادىكىم، قورقۇپ ۋەھم قىلغايمەن، خۇشۇسەن ئەۋساف ھەمدەلەرىڭنى بىلىپ، ئۇلۇغ ئىشلەرىڭغە ئىئتىماد قىلىپ، ئۆزۈمنى مۇنداغ زارۇ - ئاجىز قىلىپ، تەختىڭنىڭ ئالدىغە خار چۈشۈپدۇر. ئەرز - ئەھۋالىمنى بايان قىلىپ ئەسرانە سۆزلەرنى قىلۇرمەن. ھېچ سۇرەت بىلە تاپالمادىكىم، كەلگەندىن ساڭا كۇدۇرەت پەيدا بولغاي. ئۇمىدىم باردۇركىم، لۇتىف بىلە دىلجۇيلۇقۇمنى قىلۇرسەن. بۇ سۆزلەرنى دىگەچ بىغايەت دىلپەسەند جاۋاپىنى تاپتى. ئىسكەندەر ئافەرىن ئەيلەپ دىدىكىم: ئەي كامىياپ، بۇ ئىشىڭ بىسيار راست ۋە خوپ بولۇپدۇر. يەنە ھەر نىچۈك سۆزۈڭ بولسە، ئىزھار ئەيلەپ، خەفا پەردەسىدىن ئايان قىلغىلكىم، بۇ ھال بىلە سېنى كۆرمەك، بۇ سۇرەت بىلەن سۆز سورماقنى راۋا كۆرمەسمەن. خاقانى چىن دۇئا بىلەن دىدىكىم: ئەي جاھاندار بۇ كەلمەكىمدىن غەرەز بۇ ئېردىكىم، جانابىڭغە رۇبەرۇ ئولتۇرۇپ، سۆزلەرىمنى ياشۇرماي قاشىڭدا دىگەيمەن. سۆز بۇدۇر، ۋەقتىكى جانابىڭدىن قاسىد كەلگەن چاغدا دەپ ئېردىكىم، خىراج

بەرمەكنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزۈڭ ھەم كەلگىل. مەن قوبۇل تۇتمايمەن، جاۋابىمىدىن ئەگەرچە ئول قاسىد پەرىشان بولغان بولسەمۇ، ئەمدى ئانىڭ ئۆزرىنى ئەيتقالى كېلىپ‌دۇرمەن. ئەگەر نامۇناسىپ سۆزلەرنى دىگەن بولسام، گۇناكار بولۇپ، سىياسەت قىلۇرغە سازاۋەر بولۇپدۇرمەن. ئۆزۈمنىڭ گۇناھىمنى بىلىپ، ئالدىڭغە كېلىپدۇرمەن. ئەگەر باشىمغە قىلىچىڭنى سۇرسەڭ، قانىم ساڭا فىدادۇر. ئەگەر ئەفۇ ئەيلەپ، خوش قىلساڭ، لۇتف خولقۇڭدىن ئەجەپ ئەمەسدۇر. ئىسكەندەر خاقانغە دىدى، ئەي شاھى كامىياپ ساڭا ئەيتىپ يىبەرگەن جاۋابىڭ بىسيار مەئقۇل ۋە دوستانە بار ئېردىكىم، ھەر خىيش ۋە بىگانە پەسەند قىلغۇدەك ئېردى ۋە لىكىن مەن بۇ ئىشلار ئۈچۈن قانچە تەدبىر قىلىپ ئېردىم، باشىمداقى جاھانگىرلىك خىيالى مېنى قويمايمەن، جاھان مۈلكىنى ئاچماقنى جەزم ئەيلەپ، بۇ كىشۋەر تەرەفىگە ھەم ئەزم ئەيلەپ كېلىپدۇرمەن. غەرەز، ھەر كىم ئۆز دۇشمەنىغە غالىپ بولسە، مۇنداغ باھانەلارغە بىسيار تالىپ دۇر. بولماسا سېنىڭ تەرەفىڭدىن ئۆتكەن سۆزلەر يوق ئېردى. ئەگەر ھەر نىمە ئۆتكەن بولسە، بىزنىڭ تەرەفىمىزدىن ئۆتۈپدۇر. ئول سۆزلەردە خىلاف ئۆتكەن بولسە، ئەمدى خاترەمىزنىڭ ساپلىقىنى بىلىپ، ياخشىلاشتۇق. ئاندىن كېيىن خاقان دۇئا قىلىپ، سۆزنى ئۆز مۇرادى تەرەفىگە باشلاپ دىدىكىم، ئالەم ئەھلى ساڭا مۇتىئ بولۇپ، جاھانگىرلىق مۇسەللەم بولغاي. كىشۋەرلەرنى ئاچماقغە قەدەم ئۇرۇپ، ئانىڭ فەتھى زەفەرنى ئەلەمسىز تاپمادىڭ. ئانى ئالماقنىڭ تەدبىرىدە، قانچە قىلۇقال قىلىپ، كۆڭلۈڭگە ھەر زامان يۈز خىياللارنى كەلتۈرۈپدۇرسەن. ئۆزۈڭ مەللۇ چاغلىق كىشىنى بىلۇرسەنكىم، ئانىڭ ۋەرزىشى بىزنىڭ بىرلە ئەفسۇن ئېردى. ئالىڭدا قانچە ئاداۋەت قىلىپ، سەركەشلىك قىلدى. تەشۋىش بىلە ئانىڭ يۇرتىنى ئالىپ، سەن ئانى ئاداۋەت تىغى بىلەن قەتلى لازىم ئېردى، ئاڭا نەزەر سالماي، ئوغلىغە تەخت ـ تاجىنى ئاتا قىلىپ، لۇتفۇڭدىن ئاگاھ قىلىپ، ئاتا مۈلكىدە شاھ قىلىپدۇرسەن. ئاندىن كېيىن دۆلەت بۇيان ئەزم ئەيلەگەچ فەتھ نۇسرەت بىلەن كېلىپدۇرسەن. مېنى دۇشمەن خىيال قىلۇر ئېردىڭ. مۇنداغ ئۆزۈمنى ساڭا پايمال قىلىپدۇرمەن. خىيالىمغە بۇ نەۋئ ئىش يۈزلەنىپ ئىتائەت قىلدىمكىم، ھېچ كىمەرسە قىلماغان بولغاي، تەڭرى تەئالا سىنى ئانداغ بەلەند ئەتتىكىم، مەندەك سەلتەنەتلىكلەر ئالدىڭدا بەيئەت بولۇپدۇر. ئەمدى ئىلتىماس ئولدۇركىم، ئىھسان بىلە بىر ئىش تىلەرمەنكىم، ئول ئىشدىن مېنىڭ ھەر مۇشكۈل ئىشلارىم بولغاي. ئىسكەندەر خاقانىنىڭ مۇنداغ شىكەستەلىكىنى بىلگەچ دىدىكىم، كۆڭلۈڭنى تىنىچ تۇتقىلكىم، ئىككى ئالەمدە سەن ئاتا، مەن ئوغۇل بولۇپ، خىزمەتىڭدە تەقسىر قىلماي، ئۆز تەختىدە سېنى ئولتۇرغۇزۇپ، فەرزەندەك پايى ـ بۇسلوق ئادا قىلىپ، گۇيا ماڭا فىلقۇس تىرىلىپدۇر. سېنى مەسەندىمدا ماكان بېرىپ، ئالدىڭدا قىلىچىڭنى چاپارمەن. ئەگەر مۇنداغ قوبۇل قىلماساڭ، كۆڭلۈڭ نە يەڭلىغ خۇش بولسە، مېنى ئاندىن ئاگاھ قىلغىل كىم، بىقەدەر ئىمكان كۈشىش بىلە ئانداغ قىلغۇمدۇر. خاقان مۇنى ئاڭلاپ، ھەددىدىن فۇزۇن شاد بولۇپ، دۆلەتخاھلىق قىلىپ، دۇئالار بىلەن يۈزمىڭ ئافىرىنلار دەپ، كۆزلەرىدىن ياشنى توسيالماي، لەشكەرانە ئادا قىلىپ، باشىنى ئاياغىغە قويۇپ دىدىكىم، ئەي شەھىنشاھ گەردۇن سەرىر، تەختىڭغە بۇ فەلەكنىڭ ئۈچى بارابەر بولالماغاي، جاھان ئەھلىغە شاھىنشاھ بولۇپ، پەھلىۋانلىقىڭ ئالەم ئۈزرە قارار تاپىپ، پايدار بولغاي. مەندەك خانلار، خاقانلارنىڭ ھەممەسى ئالىڭدا بەندە فەرمان بولغايلەر. مۇنداغ پاك تىنە-

تىلىك بىرلە ھەممەڭنىڭ تەڭرى تەئالا ساڭا ئاتا قىلىپدۇركىم، خۇلقى ئېھسان بىلە شاھلىغىڭ ئالدىدا، جاھان مۈلكى ئازدۇر دېمەسمەنكىم، ئىككى ئالەم ساڭا لايىقدۇر. بەلكى ئانىڭدەك ئۇن بولسە ھەم تەخى ئازدۇر. بۇ لۇتف ئېھسان نىكى ماڭا قىلىپسەن، ئانىڭ شۈكرىنى ئادا قىلماقىغە ئاجىز بولۇپ، دۇررە بار كالامىڭنى ئىشتمەككە ھەۋەسلىم يوقتۇر. لېكىن، ئاشىنالىق سۆزلەرى بىلەن ئارادا ئاتا ئوغۇللۇق نىسبەتىنى ئىپادە بەردىڭ. گۇمانىم يوق ئېردىكىم، مۇنداغ ھۆرمەت بىلەن مېنى ئالى مەقام قىلغايسەن. ئەگەر مەندەك ناتاۋانگە ئاتالىق نىسبەتىنى بەرسەڭ ۋە لېكىن بۇ سۆز ماڭا خەتادۇر. شەرافەتلىك گۆھەردەك زاتىڭنىڭ ئاتاسى سەدەف بولماغاي، ئەگەرچە مۇنداغ ئېھسانغە لايىق ئەمەسمەن ۋە لېكىن ئۆزۈڭ دۇرر بىلە سەدەفغە نىسبەت بېرىپسەن. مۇندىن ئۆزگە بايان قىلغان سۆزلەرىڭدىن چاغلىق سۆزلەرنى ئەلگە ئايان قىلغىل. بۇ رازنى فاش قىلاي. مېنىڭ كەلگەنىمدىن ھەم كىشىگە دېمەي، قاسىدانى ماڭا ئىلتىفات ئەيلەپ، بۈگۈن مېنى ئاقشامغىچە ئاسراپ ئۇزاتقىل. ئەلگە دېگىلكىم، بۇ كەلگەن قاسىد خاقان بىلە ياراشادۇرغان سۆزىنى دېدى، مەن ھەم قوبۇل قىلدىم، دەپ كەچ بولغاندا، مېنى ياندۇرغىل. تاڭ ئاتقاندا، بىر قاسىدنى يانىمغە يىبەرگىلكىم، باشىمغە شەرافەتلىك سايەسىنى سالغاي. مېنى ئۆز دەرگاھىڭغە تەلەپ قىلغىل. مەن ھەم ھۆكمۈڭنى مەھكەم تۇتۇپ، دەرگاھىڭغە كېلۇرمەن. كۆرۈشكەن چاغدا، خالايىق كۆرگۈدەك تەئزىمىمنى ساقلاغىل. شاھانە بىر - بىرىمىزگە ھۆرمەت بەجا كەلتۈرۈپ، ھۆرمەتىمنى ئەلبەتتە ساقلاغىل، تا ملك يىلغىچە ئانى ئۇنۇتماغايمەن. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، ئابا ۋە ئەجدادىم خان بولۇپ كەلگەن ھالا بۇ چىن مەملىكەتى پەيدا بولغاندىن بۇيۇزى ئاتامىزدىن-ئاتامىزغە مىراس قالىپ، بارچەسىغە خاقانلىق تېگىپ، خان بولۇپ كېلىپدۇرلەر. بۇلارنىڭ روھانىيەت نامۇسىنى ساقلاپ، مېنى يەر ئۆپكەلى سالماغىلكىم، تا خاقانلىقىم شەۋكەتى سۇنماغاي. ئولۇس ئىچرە ئىززەتىمنى قىلىپ، ئاتام دەپ سەرەفراز قىلغىل. يەنە يىبەرگەن نامەڭدە، خىراجىنى بەرسۇن، دەپ يارلىق قىلىپ ئېردىڭ، بۇ تەكلىفنى ھەم ماڭا قىلماغىلكىم، مۇنداغ سۆزنى كۆزۈڭگە ئىلماغىل. خىراج ئىزدەمەكدىن غەرەز مال، زەررە جۇۋاھىرات بولسە، مېنىڭ خەزنەلەرىم ھەددى غايەتسىز باردۇر. سەندەك ئوغۇل ماڭا مۇيەسسەر بولسە، مەخزەنلەرنى ئاسراغالى قاچان كۆڭلۈم بولغاي، لەشكەرىڭگە ئانداغ گەنجلەرنى تۆكەرمەنكىم، ئانى ئالماقدىن ئاجىز بولغايلار. بۇ يەڭىلىغ مەرھەمەت قىلساڭ، باغ قەسرىمغە كېلىپ مېھمان بولغىلكىم، پادىشاھانە تەربىيەتلەرنى تۈزۈپ، مەجلىس ئارالىق قىلۇرمەن. نەچچە ۋەقتغەچە خاھىش قىلساڭ، بۇ كىشۋەردە مەقام تۇتقىل. يانار ۋاقتىڭ يېقىن بولغاندا، قائىدە بىرلە ئۇزاتىپ، نەچچە مەنزىلغىچە خىزمەتىڭدە بولۇپ، بۇيرۇغان يەردىن خەيرباد قىلىپ، خوشلاشىپ يانۇرمىز ۋە لېكىن، ئۆزۈم ئەلچى بولۇپ چىققانىمنى پىنھان تۇتۇپ، كىشىگە زاھىر قىلماغىل.

ئىسكەندەر دېدى، مەن پىنھان قىلۇرمەن. ئەگەر ئۆزۈڭ زاھىر قىلساڭ، ئاندا نېچۈك بولۇر؟ خاقان دېدى، مەندىن بۇ ئىش زاھىر بولماس. چۈنانچە بىزنىڭ رەسمىمىزدە لوتو جەنلامەي يو يەئنى تىۋە كۆردۈڭمۇ - يوق، دېگەن بولۇر. ئىسكەندەر ئانىڭ سۆزىنى بىسيار مەئقۇل تۇتۇپ، ۋەئدەسىغە ۋاپا قىلغالى ئۆزىنى مەھكەم تۇتتى. ئەلنى ھازىر قىلىپ دېدىكىم، يايابانىنى كېزىپ كەلگەن ئەلچىنىڭ قوللارىدىن ئاياغلارىدىن بەندلەرىنى ئالىپ قويۇڭلار. ياخشى سۆزلەرنى ئالىپ كېلىپ، خاقان بىلە مېنى سۆلھ قىلىپ، ئاراداقى نىزائىنى دەفئى

قىلدى. ئەلچىگەرلىق تەرىقىدە كامىلدۇر. ئىسكەندەرنىڭ ھۆكمى بىلە لىباسلارنى كەيدۈرۈپ، بىر مۇنچە نەقدىنەنى ھەم بېرىپ، ئىسكەندەر قاشىغە ئالىپ كەلدىلەر. ئىسكەندەر ئەلچىگە دىدى، بۇگۇن ئاخشامغىچە خۇرسەند بولۇپ، تىنىچ مۇندا تۇرغىل. جاھان قاراڭغۇ بولغاندا، يولغە كىرگىل. ئەلچى دۇئا ئەيلەپ، مېھمانخانەگە خىرام ئەيلەدى. ئاخشامغىچە مېھمانخانەدە خۇش بولۇپ، يۈزىدىن نىقابىنى ئاچماي ئولتۇردى. كەچ بولۇپ، ئاي تولۇق قىلىپ، گەردۇن ئۆزرە چىققاندا، ئەلچى ھەم قەمەردەك سەيىر قىلىپ ئاتلانىپ، ئۆز مەنزىلىغە ئۆزىنى دەرھال يەتكۈردى. ئول مەھرەمى خاس خاقاننىڭ جامالىغە ئىنتىزار بولۇپ ئېردى. ئاتىنى ئاڭا تاپشۇرۇپ، پەردەئى خاسغە كىرىپ، تەخت ئۆزرە ئاسۇدەلىق بىلەن ئولتۇردى. ئانداغ بىر ئىشنى قىلدىكىم، ھېچكىم قىلماغان بولغاي. ئەرتەسى ئافتاپ تولۇق قىلغاندا، ئىسكەندەر تەخت ئۆزرە مەقام تۇتۇپ، سپاھلارنىڭ ھەممەسىغە فەرمان قىلدىكىم، قاشىمغە كىرسۇن، دەپ ھازىر بولسۇن. لەشكەرى ھەم كىرىپ، مەسنەدگاھىغە يۈزلەندىلەر. ئىسكەندەر تەئەننى بىلەن بىر سۇخەندان دانىشمەند توكچىنى ھازىر قىلىپ دىدىكىم، خاقان قاشىغە بېرىپ، مەندىن دۇئا ۋە سالام دىگەچ پەيغامىمنى يەتكۈرگىل كىم، ئاداۋەت ئەسبابلارىنى تاشلاپ، سۇلھ ۋە مۇھەببەت ئىشكىلەرىنى ئاچىپ، بۇيان قوپۇپ كەلگىلكىم، بىز ھەرگىزگىنە ئاداۋەتدىن مۇسەففادۇرمىز، بىغايەت جامالىڭغە مۇشتاقدۇرمىز. بۇگۇن يۇرتۇڭغە كېلىپ، مېھمان بولۇپدۇرمىز. خۇاھ ياخشى خۇاھ يامان بولساقمۇ بۇگۇن كەلگىل. يىقىندۇركىم، بۇ سۆزنى قوبۇل ئەيلەپ، بىزدەك نىياز ئەھلى تەرەفىگە چىققايسەن، دەپ مەقسەدىنى تامام قىلىپ، ئول سۇخەندان يول ماڭغالى قەدەم قويدى. ۋەقتىكى خاقاننىڭ لەشكەرىغە يېقىن بولۇپ، كالامدىن دەرئەفشانلىق قىلغاندا، خاقاننىڭ لەشكەرى ئانىڭ قاسىدلىقىنى بىلدىلەر. خاقان ئاڭلاپ ئانى بارگاھ ئىچرە چىرلادى. قاسىد ھەم كىرىپ، مەسنەد ئۆزرە ئولتۇردى. خاقان بارچە سپاھلارىنى يىغىپ، سۇخەنۋەر قاسىددىن سۆردىلەركىم، بۇ كەلمەكدىن مەقسۇدۇڭنى بايان قىلغىل. ئول سۇخەنۋەر ھەم ئىسكەندەردىن ئاڭلاغاندەك ھەممەسىنى خاقانغە بايان قىلدى. خاقان ئىسكەندەرنىڭ پەيغامىنى ئىشتىپ، فەراھەت تاپىپ، بىسيار ئەيش تەرەبىنى زاھىر ئەيلەپ، سۇخەنۋار بىلەن ئىلفەت ئولدى. ئاندىن كىيىن دىدىكىم، ئىسكەندەر ئاداۋەت يۈزىدىن بىزگە سۆز يىبەرۇر ئېردى، بىزگە ئاداۋەت قىلغاچ كېلىپ، بىزگە ھەم لەشكەر تارتماق زۆرۈر بولۇپ ئېردى. ئەلھال ھىلى يۇمشاق سۆزلەرنى ئەيتىپ يىبەرىپدۇر. مەئلۇم بولدىكىم، بىزگە سادىق دىل بىلەن خاھىش قىلادۇر. ئەمدى ئانىڭ بىرلە بىزنىڭ گىنە ئاداۋەتىمىز قالماپدۇر. ئەگەر كۆڭلۈڭ راست بولسە، سېنىڭ بىرلەن چىقىپ، ئىسكەندەر قاشىغە راۋان بولۇرمىز. سۇخەنۋەر دىدىكىم، مېنىڭ سۆزۈم گويا ئىسكەندەرنىڭ سۆزىدۇر. ئەگەر مۇنداغ بولماسا، بۇ سۆزلەرنى دىمەككە ھەددىم يوقدۇر. بۇ سۆز بىلەن خاقان خەندە قىلىپ، دەرھال ئىسكەندەر قاشىغە بارغالى ئاتلاندى. چىن لەشكەرى ھەددىدىن ئەفزۇن شاد بولۇپ، ھەممەسى قورقۇنچىدىن ئامان تاپتىلەر. گورۇھ - گورۇھ ئولۇسلار خاقاننىڭ ئارقاسىدىن ئاتلاندىلەر. خالايىقنىڭ تولالىقىدىن يەر يۈزى تار كېلىپ، يولغە سىغماغاندا، خاقاننىڭ ھۆكمى بىلەن يانىپ ئۆز جايىغە باردىلەر. ۋە لېكىن گۈلرۇي چىنلاردىن يۈز كىشى يەنە خىتايى زادەلەردىن مىڭ كىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئاتىنى سۈردى. بارىپ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرى تۈشكەن ھەددىغىچە يەتكەندە، ئىسكەندەر تەرەفىدىن ھەم شاھلار ۋە دانالار

www.uyghurkitap.com

شاهانه زىننەت بىلەن خاقاننىڭ ئىستىقباللارىغه چىقىپ، ئۇل زاماننىڭ رەسمىچه كۆرۈشۈپ،
بىر بىر ئارقه چىقىشىپ فەۋج فەۋج هەرلەهزەمەۋج دەريادەك كېلىپ، خاقان بىلەن مو-
ۋاسا قىلشىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئاستانىغه يېقىن كېلىپ، دەرهال خاقان ئاتىدىن تۈشۈپ
يۈگۈردى. ئارقەسىدىن بەندە ۋە ئازادىلەر شاه-شەهزادەلەر يۈگۈرۈپ خىرگاه تاناپلارىنىڭ
ئۈچىغه يەتتىلەر. ئىسكەندەر هەم ئاق ئۆيدىن خىرام ئەيلەپ چىقتى. ئىككى تەرەفدىن ئىككى
شاه قوللارىنى ئاچىپ، قۇياش بىلەن ئاي فەرران قىلغاندەك كۆرۈشۈپ، ئاتا-ئوغۇلدەك
قۇچاغلاشىپ كۆرۈشتىلەر. فەلەك هەم مۇنداغ ئىككى پادىشاهنىڭ قىران بولماقىنى كۆرگەن
بولغاي. ئىسكەندەر يانىپ، ئۆز تەختىغه ئەزم قىلدى. بىر قولى بىلەن خاقاننىڭ قولىنى
تۇتۇپ، شاه تەختىنىڭ يولىنى كۆرگۈزدى. خاقان خىجالەت بولۇپ، ئۆزنى كېيىن تارتقاچ،
ئىسكەندەر تارتىپ يوققارى چىقارىپ، ئاياغىنى تەخت ئۆزره يەتكۈرۈپ، ئەۋۋەل خاقاننى
ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن كېيىن ئۆزى ئولتۇردى. قىلغان ۋەئدەسىغه ۋافا ئەيلەپ ئانىڭ بىرله
هەم كۇفايه قىلماي، يۇمشاق سۆزلەر بىلەن سۆزلەپ، مۇشىفىقانه دەمبەدەم ياخشى سۆز-
لەرنى ئاراغه سالىپ، ئوغۇللۇق ئاتالىق سۆزنى ئاراغه سالدىلەر. ئىلكنى تۇتۇپ، بۇرۇن
قىلغان ۋەئدەلەرنى خىلاف قىلماي زوهۇرىغه كەلتۇردى. ئاندىن كېيىن ئىسكەندەرنىڭ سۆز-
لەري ئەمەلگه كەلگەچ باكاۋۇل كېلىپ دەستۇرخۋانلارنى سالىپ، شاهانه خۋانلەرنى نانلارى
بىلەن رەڭگا رەڭ تائاملارنى قويۇپ، ئانى يىگەندە لەهز-لەهز ئادەمنىڭ تەبئى ئاچىلىپ،
يوق تائاملارنى هازىر قىلدى. ئىسكەندەر تەمتاق بىلەن دىدىكىم، خاقان ئاتالىپ بىسيار
ياخشىراقدۇركىم، چىن خەلقى مۇلاقاتىمىزنى مۇهەببەت تەرىقى بىلەن بىلسه، خوپراق بولۇر.
خاقان بۇ سۆزدىن هەددىدىن فۇزۇن شاد بولۇپ، ئىسكەندەرغه سانالار ئوقۇپ، رۇخسەت
ئالدى. ئىسكەندەر ئانى چىن تەرەفىگه ئۇزاتىپ، ئۆزى گۇلگۇن جامنى ئىچكەلى تۇردى.

ساقىنامه:

ئاياقچى تولا ئەيله چىنى ئاياق،
ئېرۇر بىزگه سۆزۈڭ چىن ئىشتىياق.
لەبا-لەب تۇت ئانى كى مەن سىپقاراي،
داغى لەهزه-لەهزه ئۆزۈمدىن باراي.
مۇغەننى كەلۇ سەۋتى تۈركانه ساز،
مۇقامى نەۋا يوقسه تۈركى هىجاز.

ناۋايىنىڭ ئەشئارىدىن مىهرىيەت،
مىنىڭ هەسپى هالىم تاپىپ تەرك ئەت.
ناۋايى تۇتۇپ، فال ۋە بۇ ئاتى ئاچ،
ئوقۇردا دۇرۇ لەئلى ئالەمغه ساچ.
مۇغەننىغه هەم ئەيله ئەلئىلىم ئانى،
كى قىلسۇن سەرۋى ئىچره تەقسىم ئانى.

ئەردەشىر هىكايەتىكىم، قەۋى دۇشمەن دەفئىنى قىلىچ بىرله قىلۇردىن ئاجىز بولدى.
راي زەررىن ۋە تىغ زەبان بىرله ئۇل مۇشكۇل قەفىغه سەرەنجام بەردى. تەۋايىف پادى-
شاهلارىدىن ئەردەشىر پادىشاه، ئاقىل ۋە دانا ئېردى. ئەردۇۋان شاه بىرله مۇخالىفەت
بولۇپ، ئىككى تەرەفدىن لەشكەرى جەڭ قىلماق ئۈچۈن سەف-سەفلەرنى ئارەسته قىلىپ
ئېردىلەر لىكىن، ئەردۇۋان غالىب كېلىپ ئەردەشىر تەۋاناسى يوقلۇقدىن ئاجىز تاپار. ئەر-
دەشىرنىڭ غەيرىتىدىن لەشكەرى ياتالماس، ئىلگەرى هەم يورۇيالماس ئېردىلەر. ئۆزى فىكىر

ۋە تەئەممۇل قىلۇر ئىردىكىم شايىد بىر مەسلەھەت بىلەن راست بىر ئىش تاپىپ، يۇرتۇم بىرلە خاراپ بولماغاي ئىردىم، دەپ مەسلەھەت تاپىپ، ئەردۇۋانغە ئەلچى يىبەرىپ ئىردى. ئول ئەردۇۋان ئەردەشىرنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزرىنى قوبۇل تۇتمادى. ئەلغەرەز ئەردەشىرنىڭ لەشكەرىدە بىر كىشى بار ئىردىكىم، ئانىڭ ئىشى ھەممىشە ئەردەشىرنىڭ قىلغان ئىشىنى خەت قىلىپ يىبەرۇر ئىردى. ئەردەشىردىن خەت قىلغۇچىدىن قانچە خەبەر بەرسە، ھەرگىز ئانىڭدىن كۆڭلىگە ئىغىر كەلمەس ئىردى. ئەردۇۋان بىر كۈن چۇلۇك يولىغە يىقىن كېلىپ، ئەردەشىرنىڭ كۆڭلىگە تەرەددۇد پەيدا بولماي، خىيالىغە بىر ئىش پەيدا بولۇپ، ئەركان ۋە دۆلەت ئۇلۇغلارىنى تەلەپ قىلىپ، بارچەسىنى خىلۋەت يەرگە ئالىپ كىرىپ، دەرھال بۇ ماجرانى بۇنياد قىلىپ دىدىكىم، سىزلەر ئەردۇۋاننىڭ شەۋكەتىدىن پەرۋا تۇتۇپ قورقۇپ، بىر تەرەفكە كەتمەكلەركىم، ھەق سۇبھانە ۋە تەئالادىن ماڭا ئىنايەت يېتىپدۇركىم، بىنىھايەت شادلىقىم باردۇر، ئانى سىزلەرگە دەرمەن، زىنھار كىشىگە ئاشكارە قىلماڭلار. بۇلار ھەممەسى ئەھد قىلدىلەركىم، بىز ھېچكىمگە دېمەسمىز. ئاندىن كىيىن ئەردەشىر خۇشلۇق بىلەن دىدىكىم، ماڭا ئەردۇۋاننىڭ خاس پەھلىۋانلارىدىن ۋە ئۇلۇغلارىدىن نەچچە كىشى خەت قىلىپ بەردىكىم، ئەردۇۋاندىن بىسيار زۇلۇم بىدادلىق يېتىپ، بىز ھەم ئانىڭ ئازاردە بولۇپدۇرمىز. چىنانچە سىزلەر ھەم ئاڭلاغان بولغايسىزلەر. بىز نەچچەند پەھلىۋان بىر بولۇپ، ئەھد قىلىشىپ، يىبەرگەن خەتىمىزنىڭ مەزمۇنى بۇدۇر. ئىنشا ئاللا تاڭلا لەشكەر چىقىپ، سەفنى تۈزگەندە، ئەردۇۋان ھەر يەردە بولسە، بىز نەچچە پەھلىۋان ئانىڭ باشىنى كېسىپ، جازاسىنى بېرىپ، باشىنى ساڭا يەتكۈزۈرمىز، دەپ بۇ سۆز تەقسىرىنى ئاڭلاپ، ئەردەشىرنىڭ لەشكەرى خۇش بولۇپ، جەڭگە يۈرەكلىك بولدىلەر. خەت قىلىپ يىبەرگەن كىشى بۇ ۋاقىئەنى ئاڭلاپ، يەنە خەت پۈتىپ، ئەردۇۋانغە يىبەردى. ئەردۇۋان بۇ ۋاقىئەنى ئاڭلاغاچ ئىچىگە خەۋف پەيدا بولۇپ، جەڭ قىلغالى ياكى بۇ خەلقنى دەفئى ئەتكەلى مەسلەھەت تاپالماي، ھىممەت سۇست بولۇپ، ياراشقالى كىشى قويۇپ، مەست بولۇپ ياندى. ئەردەشىر تۈزلۈكىدىن بۇ نەۋئ راست يولىنى تاپىپ، مۇنداغ ئىقبالىغە كامياپ بولدى.

**ھېكمەت ئىسكەندەرنىڭ ئارستۇدىن سوئالى ئول بابدا كىم، ساۋاپقە راي مۇجىبىپ ئەسابەت بولغاي ۋە خاتاغە جەھت ئەينى ۋۇجۇپ ئىشتەمەك**

يەنە ئىسكەندەرنىڭ تەبئىنىڭ پاكلىكىدىن ئارستۇ ھېكىمدىن سورىدىكىم، بارچە ئادەملەرنىڭ ئافىرىنىشى يەكسان بولسە، بائىس نىدۇركىم، بەئزەلەرنىڭ رايى ھەق تەرەفىگە مايىلدۇر. بەزىلەرنىڭ خاتا تەرەفىگە رايى تەقەززا قىلادۇر، يەنە بىر كىمەرسەنىڭ رايى ھەق تەرەفىگە مايىل بولۇپ، بى سۇبھە پاكدۇر ۋە لېكىن گاھى خاتاغە مۇپتىلا بولۇر لازىم ئىردىكىم، ھەق ئىشى بار يەردە خاتا ئىشى بولماسا، خاتا ئىشى بار يەردە ھەق ئىشى بولماسا ئىردى. ھېكىم ئارستۇ دىدىكىم، ئادەملەر خەلق بولماقدا بىردۇرلەر ۋە لىكىن دانالىقدا ۋە پانالىقدا يەكسان ئەمەسدۇرلەر. ھەق سۇبھانە ۋە تەئالانىڭ سۇفاتلەرى ئەدەددىن ئەفزۇن كېلىپدۇر. ئادەملەرنىڭ ھەر بىرى سۇفەتىغە مۇزھەر كېلىپدۇر بەس. لازىمدۇركىم، ھەر بىرى ئەمەلى جىدا جودا بولغاي. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، سۇفەت ئىلاھىنىڭ ئىككى سۇفەتى بىر سۇفەتدەك كەلمەيدۇر. تەڭ ئەمەسكىم، بىرى فەھىم خىرەدلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەنە بىرى فەھىم خىرەدسىز بولغاي. خىرەدلىك ئادەمنىڭ فەھمى راست بولسە، لىكىن گاھ-گاھ تەرەفكە فەھمى يۈرگۈسىدۇر. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، ھەمىشە بىر ھالدا بولماس. ھەر زامان ئۆزگەچە بىر ھالغە يۈزلەنۈرلەر. ئەگەر ھەرقانچە ئانىڭ ئەقلى خىرەد راست ھەم غەيىپ ئىلمىنى بىلمەس، تاڭلا ۋاقەئ بولادۇرغان ئىشنى ھەم بىلمەس. ئەقىل خىرەددىن غەيىپ ئىلمى يىراق بولسەمۇ بى خىرەددىن ياخشىراقدۇر. يەنە بىر كىمەرسەنىڭ ئەقلى راست بولسە، ئانىڭدىن ئاجايىپ ئىشلار زۇھۇر تاپاركىم، تەڭرى تەئالانىڭ فەرمانىنى تۇتۇپ، ئەمەس ئىشلاردىن ئۆزىنى توختاتۇر. يەنە ساھىپكامال ئادىملارنىڭ رايى گايى خاتا كەتكەنىنىڭ بائىسى بۇدۇركىم، تەڭرى تەئالانىڭ كامالىغە دەلىل بولغاي، باكامال ۋە بى زاۋال ئولدۇر.

**خاقانىنىڭ ئىسكەندەر ئۈچۈن زىيافەت ئەسبابىن تۈزگەنى ۋە ئانى چىنغە ئىلتۇرگە ئىلتىماس كۆرگۈزگەنى ۋە ئول شاھانە بەزم ۋە ئايىن ۋەسفىدا خامەئى نادىرە نىگار دۇرئەفشانلىق قىلماقى ۋە ئول تۆھفەنەۋا دۇر تەرتىبى تەئرىفىدا تەبئى بەلاغەت شىئار گۆھەر فاشلىق كۆرگۈزمەكى ۋە پىشكەشلەرى تەئرادىدا توققۇز فەلەك ئەۋراقىن خامەغە رەقەم زەر قىلماق ۋە رەقەم داكەشلەرى شەرھىدە سەككىز بىھىشت رىيازىن ئەقىل كۆزىگە رەۋ قىلماق**

بۇ دىباچەغە نەققاش چىن بۇ يەڭلىغ نەقشلەرنى يازدىكىم، خاقانى چىن شەھرىغە يانىپ، ئاداۋەتنى مۇھەببەتكە بەدەل ئەيلەپ، ئەلنىڭ كۆڭلىدىن غەم-غۇسسەلەرنى چىقارىپ، ئەيش تەرەپىغە مەشغۇل بولدىلەر. خاقان ئۆزى شەھرىغە كىرىپ دۆلەت ۋە ھەشەمەت بىلە ئوردادا سىغە تۈشكەن زامان ئەركان دۆلەت ئۇلۇغلەرنى تەلەپ قىلىپ، ئىلتىفات ئەيلەپ، ھەر بىرىنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرسۇن دەپ فەرمان قىلدى. ئۇلۇغلەرغە باقىپ دىدىكىم، ئىسكەندەر فەلەك ئىھتىشام پادىشاھدۇركىم، ئالەم يۈزىنى مۇسەخخەر قىلىپ، جاھان پادىشاھلارىنى ئۆزىگە بەندە قىلىپ، زەبەردەستلەرنى سەر ئۇفكەندە ئەيلەپ، فەلەككە كەمەند سالىپ، بەندە قىلغانلارنى ھەم ئۆزىنىڭ كەمەندىغە ئەسىر قىلدى. بىزگە گۇمان يوق ئىردىكىم، مۇنداغ ھەشەم بىلەن لۇتف ئەيلەپ، مېھرىبان بولغاي. كېلىپ مېنىڭ بىرلە قەتىل ئىشنى تاشلاپ، كۆڭلىنى ساف قىلغاي. ئىمكانىنىڭ بارىچە ھۆرمەتىمنى ساقلاپ، تەخت ئۇستىدە ماڭا ئورۇن بەرگەي. يەنە مېنى ئاتالىققە قوبۇل ئەيلەپ، ئۆزى ماڭا ئوغۇل بولۇپ، شەفىئىم بولغاي. بىلۈرمۇسىزلەر، ئەگەر جەڭ قىلسە، لەشكەرىمدىن گەردىنى كۆككە چىقارۇر ئىردى. لۇتف ۋە كەرەمنى ئانداغ ئاشكارا قىلدىكىم، ئىھسان تەرىقىنى بەجا كەلتۈردى. يىغىلغان لەشكەرنىڭ بارچەسى ئازاد گەردەسىدۇرمەن. ھەم ئانىڭ لۇتف لاردىن شەرمەندەدۇرمەن. ئەگەرچە مېنى ئاتا دىسە ۋە لىكىن مەن بەندەسىدۇرمەن. ئاڭا دىلپەزىر خىزمەت قىلماقدىن ئۆزگە چارەمىز يوقدۇر. بۇ ئىشنىڭ ئىسلاھىغە فىكىر قىلىپ جاۋابىمنى بېرىڭلار. خاقان بۇ سۆزنى دىگەچ ھەممەسى دۇئاغە تىل ئاچىپ دىدىلەركىم، بايان قىلغان فەرمانىڭىزغە بارچەمىز لەشكەرى بىلەن ئىتتىفاق قىلىپ، فەرمانىڭىزغە تابىئدۇرمىز. كەلگەن مېھمان جاھان خەلقى شاھدۇركىم، ئانىڭ ئالدىدا ھەممەمىزنىڭ جانى فىدا بولغاي. ئەگەر ھەرقانچە

ئەئزاز ئىكرام قائىدەسىنى بەجا كەلتۇرسەك تەخى ئازدۇر. ئۆزۈڭ چىن مەملىكەتى بىلەن سىپاھلەرغە ھەر نىمە دىسەڭ، مىننەتدار بولۇپ، فەرمانىڭنى غەنىمەت بىلۇرلەر. تاپقان خەزىنە ۋە دەفىنەلەرنى ئاياماي بىرۇرلەر. ھىممەتىڭنى قانچە بەلەند قىلساڭ، بىزنىڭ ھىممەتىمىز ھەم بەلەند بولغۇسىدۇر. قاچان ئافتاپدەك ئىككى پادىشاھ بىر - بىرىگە مۇھەببەتىدىن قىران قىلسەلەر، بىزدەك زەررەلەر ھەم شۇك ياتماس ۋە لېكىن مۇنچە ئىش بىلۇرمىزكىم، ئەگەر يۈز گەنج ۋە مەخزەن خىراج قىلسالاڭ، ئانى زىيادە خىراج قىلدى دىگەلى بولماس. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، سەندەك خاقانغە ئىسكەندەردەك مىھمان بولسە، يۈز گەنج ھۇنۇز ئازدۇر. بۇ سۆزلەرنى ئەرز ئەتكەندە، خاقان شاد بولۇپ دىدىكىم، ئىسكەندەرنىڭ شانۇ - شەۋكەتىغە نەزەر سالىپ يۈرت خەلقىمىزغە فەرزدۇركىم، ئانىڭ لەشكەرىغە بىر يىللىق مۇۋاجىبنى بەرگەي، مەن ھەم ئىسكەندەرغە بىر يىللىق خىراجىنى ئۆز مەخزەنىمدىن بەرگەيمەن، دەپ بۇ سۆزنى ئاراغە سالغاندا، ھەممەسى جان دىل بىرلەن قوبۇل قىلدىلەر. باچەسى بىر - بىرىگە مەدەد ئەيلەپ، سەرەنجامىغە جەدى - جەھدى قىلىپ، نەچچە كۈن ئىچىدە بارچە خىراجىنى تەييار قىلىپ، نەقدىنەلەردىن دەريادەك ئاقتىلەر. بۇ يەڭلىغ پىشكەشلەرنى مۇھەييا قىلدىلەركىم، دەۋران كۆزى ھەيران قالدى. ئانىڭدىن مىڭ ئات سەرەنجام قىلدىلەركىم، ھەر بىرى يۈگۈرمەكدە بوئۇتدەك، كىيىكلەر ۋە قۇلانلەر يەتەلمەي بەلكى بادى - سابا ھەم ئۇلارنىڭ گەردىغە يەتمەس ئىردى. سەكرەتمەكدە بەرقدەك ھەممەسى ئالتۇن بىلەن غەرق بولغان ئىردىكىم، ئىگەر - توقۇملارى ھەم جابدۇغى بىلەن تاقالارىغىچە ئالتۇندىن ئىردى. بارچەسىنىڭ يۇپۇغى تەھتىلالادىن مەرۋارىد بىلەن لەئلى پارەلەردىن كۆز قويۇپ توقۇغان ئىردى. يەنە مىڭ تىۋەنى ئارەستە قىلدىلەركىم، ھەر - بىرىنىڭ بەدەنى پىلدەك بەلكى تاغدەك، مالائىك سۈفەتلىك كىشىگە ئازار بەرمەي، بارچەسى يىلدامىلىقىدا فەلەكدەك كېلىپ، ھەر تىۋەنىڭ يوپۇغى چىن مەتاھلاردىن جاۋاھىرلەر بىلەن زىننەت بېرىپ، ئەبرەشىمدىن پوپۇكلەرنى باغلاپ، دۇررە، لەئلى، ھەقىق فىرۇزەلەردىن مۇنچاقىنى سالغان ئىردى. يەنە مىڭ قەچىرنى راست قىلدىلەركىم، بارچەسى يەلدىن يىلدام خەرج گەردۇندەك يۈرۈشى بار ئىردى. ھەممەسىنىڭ ئىگەر - توقۇمى، ئالتۇندىن خىتاي ماتائلاردىن تەييار قىلغان ئىردىكىم، قائىدەدىن تاشقارى يوق ئىردى. يەنە ھەر - بىر ئات ۋە تىۋە ۋە قەچىرلار بىلەن بىر كىشىنى تەئيىن قىلىپ بەرگەن ئىردىكىم، تا بۇلارغە خىزمەت قىلغاي. يەنە توققۇزمىڭ ئىگىن راستلاغان ئىردىكىم، ھەر - بىرى بىر گۈلشەندەك گۈلزارلىق، بارچەسى قىممەت باھا ئىردىلەر. يەنە قاش تاشىدىن بىرمىڭ تاباق - قاچا ئىردىكىم، ھەر - بىرى لاتافەت ئىچرە بى نەزەر ئىردىلەر. ۋە يەنە بىرمىڭ چىنى - قاچا لاردىن بار ئىردىكىم، ھەر - بىرى بىر تولۇنئايدەك ئىردى. يەنە بىرمىڭ كەنىزەك ماھرۇيلەردىن بار ئىردىكىم، ھەر بىرى بىر سۇنبۇل مۇي، گۈلرۇخ سىنان، مۇژگان، نەرگىس چەشم، پىستە دەھان ئىردىكىم غەمزەلەرى بىلە شوخلۇق قىلىپ، لىباس ئىچرە مۇزەييەن بولۇپ، ئەلنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلار ئىردى ۋە لېكىن بۇ پىشكەشلەر ئىچرە ئىككى تەئەججۇپ تۆھفە نىمەرسە بار ئىردىكىم، ئانداغ نەچچە بۇ ئالەمغە كەلمەگەن بولغاي. بىرى جامى - جەمشىددەك بىر ئايىنەئ بار ئىردىكىم، سەفا ئىچرە قۇياش ئايىنەسىدەك تابان ئىردى. ئاڭا فەلەك مىھرى ئايىن ئات قويغان ئىردىكىم ۋە لېكىن خەلق ئىچرە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



«ئانيەئى چىن» دەپ مەشھۇر ئىدى. ئۇل ئائينەئىنىڭ ئىككى يۈزىنى بىرى ئايدەك، يەنە بىرى كۈندەك رۇشەن ئىدىكىم، ھەرگىز تىيرە بولماس ئىدى. ھۆكەمالەر ئانى تەييار قىلغاندا ئىككى سۇفەت بىلەن ياساپ ئىدىلەر. بىر يۈزىنىڭ سۇفەتى بۇ ئىدىكىم، شاھ سوراغىنى سورغان چاغدا، ئىككى دەئۋاگەر بىر-بىرىگە دەئۋا قىلسە، گۇۋاھغە ھاجەت بولماس ئىدىكىم، ئانداغكىم ئىككەلەسى ئۇل ئائينەغە نەزەر سالىپ، ئائينەنى ئالدىدا تۇتۇپ، شاھى ئۇل ئائينەگە قارالاغاندا راست سۆزلەگەن كىشىنىڭ يۈزى كۆرۈنۈپ، يالغان سۆزلەگەن كىشىنىڭ يۈزى كۆرۈنمەس ئىدى. يەنە بىر يۈزىنىڭ سۇفەتى بۇ ئىدىكىم، شاھ بەزم ئىچرە بادە نۇش بولغاندا، بەزم ئەھلى تاماشاھ ئۈچۈن ئائينەنىڭ ئۇل يۈزىگە نەزەر قىلسەلەر، ھەركىم تىنچلىق بىرلە مەي ئىچسە، ئانىڭ يۈزى بىسيار زىبالىق بىلەن كۆرۈنۈر ئىدى. يەنە ھەركىمەرسە بەدمەست ئەنسىزلىك بىلەن مەي ئىچسە، ئانىڭ يۈزى بۇزۇقلۇق بىلەن كۆرۈنۈر ئىدى. ئانى بۇ تەرىقە تاماشاھ قىلغانلار ئۆزىنىڭ ھالىغە ئىلاجىنى قىلۇر ئىدىلەر. يەنە بىر كەنىزەك بار ئىدىكىم، جاھانغە ئوت سالىپ، جانلارنى كۆيدۈرۈر ئىدى. ئۇل ئىككى تۆھپەنىڭ بىرى بۇدۇر. چىنانچە ئانىڭ سۇفەتى بۇ ئەبياتلاردە مەستۇردۇر. ئەبيات بۇدۇر:

يەنە تەبئەتى بىل جاھان ئافەتى،
جاھان، ئافەتى يوقكى جان ئافەتى.
خىتايى ھەسەب بەلكى چىنى نىژاد،
جامالىدە ھۆرۇ-پەرى خانى زاد،
ئىككى بەندە ھىندىغە ھۆرۇ-پەرى،
ۋە لېكىن قاچىپ ھەر-بىرى بىر سەرى.
خىتا مۇلكىدە زۇلف غەۋغا سالىپ،
كۆزى چىندە ھەردەم ئەلالا سالىپ.
ئىككى چىن زۇلفى نە مۇشكىن تاناپ،
ئاڭا چىن ئىچىدە سەبەپ مۇشكى ناپ.
قاراقاشى مۇشكىن ھىلالى كېلىپ،
ھىلال ئاندىن ئاشىنتە ھالى كېلىپ.
ئانى چەرخ ئەيلەردە مۇشكىن ھىلال،
تامىپ نۇقتەئى كىم بولۇپ ئاتى خال.
ئۇزارى ئۇزە ئىككى قىيغاچ كۆز،
ئۇلۇس قانىنى ئىچكەلى ئاچ كۆز.
كى ئۇل ئەجلى ئەيلەپ ئانى زەئىپ،
ئۇزالىپ ياتىپ، خەستەلەردەك نەئىپ.
قۇياشدەك ئاچادۇر رۇخسار ئولۇپ،
ئاغىز نۇقتەسىدىن نەمۇدار ئولۇپ.
چۇ پۇركار ئۈچى دەۋرىن ئەيلەپ كىشان،
پەدىد ئولغۇچە نۇقتە تاپماي نىشان،
زەنەخ دەۋرى لېكىن يانا نىم دۇرۇر،
كى ئاندىن بار دەۋر ئەھلىغە جور،
زۇقىن جاھى ئۇل دەۋرنىڭ تەفتەسى،
تۈشۈپ جاھ ئارا ئەھلى دەۋران بەسى.
قەدى ئىشق بىرلە خىرامەندە سەرۋ،
خىرامەندە سەرۋ خىرامەندە تەزەرۋ.
چۇناز ئۇل تۈزۈ ئاشكار ئەيلەبان،
بەسى بازۇ شاھىن شىكار ئەيلابان،
باشدىن-ئاياغ ئىشۋە ۋە خوبلوق،
ئاياقدىن-باشى نازۇ-مەھبۇبلۇق.
كېلىپ بارچەدىن تۈرفە بو ماجرا،
كى ھەمە بەزم ئارا جۇستى ھەم رەزم ئارا.

ۋەقتىكى بەزم تەرەپ بولسە، ئانىڭ ئۇششاق سۆز ئەلھانى ئالەمنى كۆيدۈرۈپ، نەۋالارى بىلەن خالايىقنى بىھال ئېتىپ، نەغمەسىدىن خىرەد ۋە ئەقلى لال بولۇر ئىدى. نەغمە چالغاندا، ناتىۋان ئاشىقلارنىڭ جان رىشتەسى ئۈزۈلۈپ، ئۈنى بىلەن بىربەت نەۋاسى جۇش ئۇرغاندا، بىرى ئۆلتۈرۈر يەنە بىرى تىرگۈزۈر ئىدى. يەنە مۇبارىزلىقدا، ھەر قاچان جەڭ مەيدانىغە كىرسە، مەيدانىغە كىرگەن باھادۇرلارنىڭ جانىغە قەسد قىلىپ، ھەرتەرەف

جەۋلان بېرىپ، زامانە ئەھلىنىڭ جانىنى ئۇۋلار ئېردىلەر، ئەگەر غەنىمى گەردۇندەك كۈچلۈك بولسە، فەند بىلەن بويىنغە كەمەند سالىپ، قىلىچنى تاشقە سالسە، ئول تاش شىكاف بولۇپ قىلىچغە غىلاف بولۇر ئېردى. ئوقى ھەم سەۋتلەردىن ئۆتۈپ، قاتتىغ تاشدىن ھەم ئۆتەر ئېردى. نەيزەنى قولىغە ئالغاندا، ئەژدەرلەرغە ئىزتىراپ تۈشۈپ پىچۇتابىغە قالۇر ئېردىلەر.

ئەلقىسسە، خاقان بۇ تۆھفەلەرنى ئىسكەندەر ئۈچۈن پىشكەشلەرنى تەييار قىلىپ، بىر ئەجەپ ئالى بەزمنى ئارەستە قىلىپ مەجلىس ئارا بولدىكىم، ئەقىل ئاندا قىياس تاپماس ئېردى. ئاندىن كېيىن ئۇلۇغ ئادەم ئاكابىرلەرنى ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغە يىبەردىكىم، ئىلتىماس بىلەن تەكلىف قىلىپ باشلاپ ئالىپ كېلىڭلار، ئۇلار ھەم ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغە بارىپ، يەر ئۆپۈپ، خاقاننىڭ ئەرزىنى بايان ئەتتىلەر. ئول ھەم قوبۇل ئەيلەپ، دەرھال ئاتلانىپ، شەھەر تەرەفىگە راۋان بولدى. خاقان ئۆز ئورداسىدىن بىر ياغاچلىق يولغىچە، يوللاردە ۋە سەھرالاردە چىن ماتائلاردىن پاياندار سالىپ، ھەر ئون قەدەمدە دۇررە لەئلى جاۋاھىرلارنى باشدىن ئۆرۈپ، نىسار ئەيلەپ، يوللاردە قانچە ئىپارلارنى تۆكۈپ، خالايىق ئول ئىپاردىن بۇيى مۇئەتتەر بويۇرگەچ فەلەك كۆزى تىيرە بولدى. بۇ ھەشەمەت بىلەن ئىسكەندەر چىن شەھرىغە كىرىپ، ئانداغ شەھرىنى كۆرۈپ، ئول شەھەرنىڭ ھەققىدە بۇ چەرخ كوھون لەم يەكۈن ئاتىنى ئوقۇر ئېردى. ئانداغ ھويلىلەر ۋە باغلار نەزەردىن ئۆتتىكىم، ئانىڭ ئۈچى ۋە قاراغى مەئلۇم بولماس ئېردى. ئانىڭ تاملارى دۇرر دىۋارلارى ھۆللەلەرى بىلەن تەسەۋۋىرلەرنى قىلىپ، ئانداغ مۆجىزەيەن قىلغان ئېردىكىم، ھەچقاچان ئادەملارنىڭ كۆزى ئانداغ نىمەلەرنى كۆرمەي، كۆڭلى ھەم خىيالىغە كەلتۈرمەگەن بولغاي. ئىسكەندەرغە ئانى كۆرۈپ شادلىق يۈزلەنىپ، خاقاننىڭ دەرگاھ بىساتىغە قەدەمى يەتتى. ئول دەرگاھدىن ئىچكەرى كىرىپ يۈرگەچ، ھەرتەرەفدىن ئۆزگەچە بىر ئالەمنى كۆرۈپ، تاماشاھ قىلىپ، چەرخى ئەخزەردەك خۇش ھاۋا باغ نامايان بولدىكىم، ئانىڭ ھەر بىر گۈللەي ئەختەردەك تابان ئېردى. كىلىپ كۆردىكىم، ئانىڭ تاملارى سەككىز تەرەپلىك دەرەختلەرى ئەدەددىن فۇزۇن ئالتۇندىن بوياپ، ياپراقلارى زۇمرەددىن ئېردىكىم، شاخلارى فەلەككە تەقەززا قىلۇر ئېردى. مېۋەلەرى دۇررە مارجاندىن ئېردى. ئول دەرەختىنىڭ تۈبىدە چەمەن بىنەفشەزارلىق ئېردىكىم، ئول بىنەفشە ئۆز قەددىنى خەم ئەيلەپ، قىلىنلىقدا نىلدا بوياغان چادىر شەبچە بار ئېردى. ئۆزگە خۇشبۇي بۇيى گۈللەرنىڭ ئەددىنى تاپالماي فەرھى بەخش مۇئەتتەرلىقىغە ھەم ھەددى يوق ئېردى. سەبزەزار بىلەن لالە، لالە نەقشىدىن گىلەمنى سالىپ، ئول گىلەم ئۈزرە سۆجۈكلەردىن كۈمۈش تۆكۈلگەن ئېردى. بۇ گۈلزارلىق باغ ئىچرە بىر ئالى ئىمارەت بار ئېردىكىم، ئول ئىمارەتنىڭ پايەسى فەلەك قەسرىدىن بەلەندراق، راۋاقىغە بولۇت سايەسى تۈشمەس، تاملارى ياغىندىن نەم كۆرمەس، تاقلارى ھەم چاقىندىن شۆئلە كۆرمەس ئېردى. بۇ ئىمارەت باغى بىلەن بۇرچلەرى بىلەن راۋاقلارى بىلەن باشدىن ئاياقغىچە ھەممەسى ئالتۇندىن رەڭ بېرىپ، بىساتلارى ھەم چىنى خىشتلاردىن مۇسەممەن ئەيلەپ، باغىغە جىپس قىلغان ئېردىكىم، فەرشى چىنى خىشتىدىن، ھاشىيەسى كاشى خىشتدىن مۇنەققەش ئەيلەپ، ھەممەسى سابا ئىچرە ئاينە چىندەك ھۇسەفغا قىلغان ئېردى. ئول ئىمارەتنىڭ ئىچى زەنگەردىن زەرنىگار ئەيلەپ، بارچە ئىشكلەرى ۋە پەنجىرەلەرى گۆھەردىن مۇرەتتەپ، ئەيلەپ مۆجىزەيەن قىلغان ئېردى. مۇنى بىنا قىلغان نەققاشلارنىڭ بارچەسى نەقش يازغالى ساھىپ كامال ئېردىلەركىم، نەقشلەرنىڭ تولاسى مانى رەقەم

www.uyghurkitap.com



چېكىپ، نەقىش قىلىپ، تۆرت تامنى سۈرەتلەرنى قىلىپ، ھەربىرىنى نەقشى چىندەك ئۆز جايىدا سۈرەتكە كەلتۈرۈپ، بېھىشت بىرىندەك زىبا قىلغان ئېردى. بۇ قەسىر ئىچرە ھۆرمەتلىك تەختلەرنى زىننەت بىلەن ياساپ، ئىسكەندەر ئاندا مېھمان بولماق ئۈچۈن مەقام تۇتقاي. ئىسكەندەر ھەم ئول ئالى تەخت ئۈزرە ماكان تۇتۇپ، خاقان بىلە ئاتا-ئوغۇلدەك ئولتۇردىلەر نىشات بەزمىنى تۈزۈپ، بارچە ئەلگە فەرمان بولدىكىم، ھەر بىرى ئۆز ئورنىنى ئارامگاھ قىلغايلەر. ئۇلۇغلار يۇقارى جاي تۇتۇپ، سىپاھدارلار ئۇلاردىن تۆبەن ئولتۇردىلەر. ئەھلى ھېكمەت داناﻻر ھەم شاھلارغە يېقىن ئولتۇرۇپ، ئەفلاتۇن، ئارىستۇ، فەرفۇرىنوس بۇ ئۈچ داناﻻر ئىككى شاھنىڭ يانىدا مەجلىس ئارا بولۇپ، خاقان بېھىشت ئاسا قەسرىدىنى بى قۇسۇر ئەيلەپ، شارابەن تەھۇرەن مۇھەييا ئەيلەپ، نېمەتلەردىن باغلارنى خۇش قىلىپ، بىر-بىرىنىڭ كۆڭلى چىنى-قەدەھلەر بىلەن بادەغە مايىل بولدىلەر. دەرھال بىر چىنزادە شوخلۇق بىلەن قوپۇپ تۇردىكىم مالاھەت ئىچرە بېھىشت ھۆرلەرىنىڭ رەشكى ئېردى. ئۆزى بۇرۇن ياقۇت ئەھمەر سۈيىدىن ئىچىپ، ئاندىن كېيىن ئىسكەندەرغە كەۋسەر سۈيى تۇتقاندەك تۇتتى. ئول ھەم دەرھال خاقان بىلەن تەكلىغلەشىپ ئىچتى. ۋەقتىكى نىشات بىلەن ئۈچ-تۆرت دەۋر ئۆتكەندە، ئەلنىڭ كۆڭلىگە ئۆزگە بىر ئەھۋال زاھىر بولۇپ، دوستىنىڭ دىماغىغە قەدەھ شور سالىپ، ھىجاب بىرلە ھايا ئارادىن كۆتەرىلىپ، بىپەرۋا بولدىلەر. مۇترىپلەر ھەر تەرەف نەۋالەرنى تۈزۈپ، ناۋاسازلىق رەسمىنى كۆرگۈزدىلەر مەھچەبىن ساقىلار جىلۋە بېرىپ، خۇشبۇي زۇلفلاردىن موشكى چىن ساچىپ ھۇش ئەھلىغە گۇفتگۇي پەيدا بولۇپ، مەي ئالغانىدىن ھايۇ-ھۇي قىلدىلەر. ئىككى شاھ بىر-بىرىگە نىياز بىلەن تەكەللۇم قىلىپ، دىلناۋازلىق قىلىپ، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئاغزىغە قولاغىنى تۇتۇپ، ئول بىرى يەنە بىرىنىڭ ئاياغىنى ئۆپەر ئېردى. بۇ چىن مەملىكەتىنى ئاڭا سەدىقە قىلسە، ئول ھەم تامام يەر يۈزىنى مۇڭا نىسار قىلۇر ئېردى. ئىككى شاھ بىر-بىرىگە ئىختىساس قىلدىلەركىم، مۇنداغ رەسمى بۇ دەۋرەغىچە خۇسۇسىيەت تاپماغان ئېردى. ئۇلۇسلار بادە ئىچىپ كەيدىن خىتاي خانىدەك بولۇپ، ھەر بىرى فەلەك خۇانىدەك خونلاردە گىزەك قويۇپ، بەزمىنى قىزىتىپ، جاھاننى زىننەت بىلەن بەھرەمەند قىلدىلەر. تائام يېمەككە مايىل بولۇپ، گىزەكلەرنى ئالىپ، ئاشنى تارتتىلەركىم، يەريۈزى ئول نېمەتلەرگە خان بولۇپ، يۈزرەگدە نېمەتلەرنى قويۇپ، ئاش بىلەن توققۇزمىلىك ئات ئۈچاسىنىڭ ھەددى ھىسابى يوق ئېردىكىم، يۈزمىگدىن ئارتۇغراق ئېردى. بۇ يەگۈلىغ تائامدىن خاس ئام ئەلقى بەھرە ئالىپ بولغاندىن كېيىن خاقان چىن تەختىدىن تۈشۈپ تاۋازۇ بىلەن قوپۇپ تۇردى. ئىسكەندەر ھەم تەخت ئۈزرە قوپۇپ ئۆزرەلەرنى بىر-بىرىگە قىلىشىپ تۇرغاندا، ئەركان دۆلەت ئۇلۇغلار، ئىسكەندەر ئالدىغە پېشكەشلەرنى تارتىپ، ھىسابىنى پىتىپ تۇتتىلەر. خاقان ئول ھالدا يۈكۈنۈپ، ھەربىر پېشكەشلەردىن توققۇز توققۇز ئالىپ كەلدىلەر. ئىسكەندەر ھەم يۈكۈنۈپ، ئول تۆھپەلەرنى كۆرۈپ، خاقانغە ھەددىدىن فۇزۇن ئافەرىنلار ۋە تەھسىنلەر قىلدى. مەزكۇر بولغان تۆھفەلەرنى خەيل-خەيل ئۆتكەرگەن ھالدا ئىككى نېمەگە رىغبەت قىلدى. بىرى ئول خىتايزادە چىنى نىژادمەھرۇيغە يەنە بىرى ئايىنەئى چىنغە خاقان ئانى كۆرۈپ، دەرھال قوپۇپ بىر ئىلكىدە ئايىنەئى چىنىنى يەنە بىر ئىلكىدە ماھرۇي چىنى ئالىپ ئىسكەندەرنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكەزدى. دەرھال ئىسكەندەر بىلەن تەخت ئۈزرە ئولتۇرۇپ، ئايىنە چىنىنىڭ ۋەسفىنى ئايان قىلىپ، ئىسكەندەر ئايىنەنى كۆرۈپ، ھەر زامان ئاڭا مەشغۇللۇق قىلىپ،

خۇش بولۇپ، ئەھلى ھىكمەتلەرغە ھەم كۆرسەتىپ، ئانىڭ بابىدا بىسيار سۆزلەرنى سۇردىلەر. لىكىن قولىدىن تۇشەي ئانى كۆرۇپ، ئول زامان ماھرۇي چىرايلىقنى ياد قىلمادى. گاھى ئانىڭ نەچچە قىسىم خاسىيەتىغە مۇلاھىزە قىلىپ، گاھى-گاھ تىلسىمىنىڭ فىكرىدە بولۇپ كۆن كەچ قىلدى. ۋەقتىكى قۇياش كۆزگۈسى ئالەم كۆزىدىن نىھان بولۇپ، جاھان خەلقى قاراڭغۇلۇق رەڭگىغە قالغاندا، ئىسكەندەر قەدەھ ئىچمەكنى تەرك قىلدىكىم، ئۇلۇغ شاھلارغە مەست بولماغلىق موزەممەتىغە مۇپتىلا بولغاندۇر. ئىسكەندەر ئانى فەھم قىلىپ، ئۆز ئورداسىغە ئىختىيار ئەيلەپ ئاتلاندى. خاقان ھەم ھەمراھ بولغالى، ئاتادەك مۇھاپىزەت قىلغالى قوپتى. ئىسكەندەرنى ئۆز ئورداسىغە يەتكۇزۇپ، تەۋازۇئ بىلەن يەر ئۆپۇپ، ئۆز شەھرىغە ئاتىنى سۇرۇپ ياندى. بىر سائەت سۆھبەتىغە مەشغۇل بولۇپ، خاقانىنىڭ قىلغان زىيافەت بەزمىغە ئىسكەندەر تەھسىن قىلىپ، سۆزلەرنى سورار ئېردىلەر.

زىيافەت باغىنىڭ ساقىنامە:

کىتۇر ساقى ئول کۆزگۈنى رۇبەرۇي،
کى کافۇر تەبئ ئولغاي مۇشکى بۇي.
دىماغىمدا چىن مۇلكى سەۋداسىدۇر،
بۇ يەڭلىغ مەي ئانىڭ مادداراسىدۇر،
مۇغەننى ئۇلۇغ بىر نەۋاسىنى تۇز،
نى چەكۇۋە بەربەت سەداسىنى تۇز.
مەنى بىر نەۋا بىرلە خۇشھال قىل،
جاھان فىكرىدىن فارىغىلبال قىل.
ناۋايى ئىچىپ مەي، ئىشتىكىل سۇرۇ،
کى بەس بى ۋافادۇر سىپەھرى گۇ.

کى خاقانغە گەرچە جەفا قىلمادى،
ئىسكەندەرغە داغى ۋەفا قىلمادى.
بۇ سىدىقىغە ھەم تۇت ئانىڭدىن نەۋا،
بۇ ئالەم ئىشىدۇر ھەممە بىۋافا.
جاھان شاھلارىغە ۋەفا قىلمادى،
ئىسكەندەرغە، خاقانغە ھەم قىلمادى.
کىتۇرگىل پەياپەي کى بىخۇد بولاي،
کى بىخۇدلۇقدىن ئىسكەندەر بولاي.
مۇغەننى ناۋاچىكىپ چۇ خاقانى چىن،
نە رۇمى قالۇر، ھىندۇ، ماچىن، چىن.

**زىيافەت باغىنىڭ سەرۋىدەك ئازادەلەرى بابداكىم، غۇنچەدەك خىزمەت كەمرىن چۇست باغلاپ، گۈلدەك ئوچۇق يۈز بىلە خان كەرەملەرى دايىم ئاچۇق دۇرۇر**

بۇ توززاغ ئەگەر قۇمرى بولسۇن ئەگەر بولبۇلكىم، ھەر بىرى ئۆز يۇر ھالىدە كۆرە ئول خاندىن ناۋا تاپارلەر. ئۇلار ئەفرات ئىستىلاسىدىن مۇئەررا دۇرلەر، مۇفرىت ئىشتىھاسىدىن مۇبەررا نەخۇشدۇر ئول كىمەرسەكىم، ئانىڭ ئىشى ھەمىشە ساخاۋەتدىن ئۆزگە بولماي، جاھانىڭ يارۇقىدىن ھەم پەرۋا تۇتماي، ئالەم ئىچرە ئۆزىنى مىھمان بىلىپ، ئالەم ئەھلىنى ھەم مىھمان بىلۇركىم، ھەرنىچۇك ئادەملەر مىھمان بولۇپ كەلسە، جانۇ-دىل بىلەن ئانىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، تويغۇزماغۇنچە رۇزەسىنى ئاچماس. ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللادەك ساخاۋەت خۋانىنى ئاچىپ، ئايدەك نانلارنى سىندۇرۇپ، ھەرنىچۇك لەزىز تائاملارنى مىھمانسىز زەھەردەك بىلىپ، مىھمان بىلەن قۇرۇق ناننى بىھىشت نىئمەتىدىن زىيادەرەك بىلۇر. مىھماننى كۆرگەن ھالدا، ھەددىسىز لۇتفىلارنى قىلىپ، ئوچۇق چىراي بىلەن خۇلقى-ئىھساننى بەجا كەلتۇرۇپ، قىزىل گۈلدەك ئاچىلىپ، گۈلدەك خونلەرنى ئالدىدا قويۇپ، مىھمان ئول خونىغە قولىنى نانغە سۇرسە، ئۆز جانىغە مىننەت قويۇپ، قوپۇپ تۇرار. تاكى ئانى تويغازماغۇنچە ئۆزى يىمەي، خونىدىن قولىنى ئالماغۇنچە ئۆز قولىنى ھەرگىز قويماس. ئەگەر مىھمان شاھ يا گاداھ بولسە، ھالىغە باقىپ مىھماندارچىلىق تەرىقەسىنى ئادا قىلۇركىم،

شاھنىڭ ئالدىدا مۈكەللىق تائاملارنى قويۇپ، گاداغە قۇرۇق ناننى قويماس، ئەگەرچە بۇشاھ، يەنە بىرى گاداھ بولسە، تەڭرى تەئالانىڭ ئالدىدا ئىككىسى تەڭدۇر ۋە بەندەسىدۇر، لىكىن بەئزى ئەزىزلەرنىڭ تولاسى باردۇر، كۆرمەكدە پاراكەندە هال لىباسىغە هەم زىننەت بەرمەي، كۆڭۈل مۈلكىنىڭ شاهىدۇركىم، نىهانى رازلەرنىڭ ۋاقىفى بولۇپ، ئانىڭ هىممەتىنىڭ ئالدىدا چەرخ ئەئلا پەستدۇر، ئەگەر شاھ ئانىڭ هالىدىن ئاگاھ بولسە، باشىنى ئانىڭ ئاياغىدە پايمال ئەتكەيلەر، كىمەرسەنى تەڭرى تائالا ئەھلى هىممەت قىلسە، ساخاۋەتلىك ئافىرىدە قىلسە، ئانى هىچكىم هاقارەت كۆزى بىلەن قارالەر مۇبەس. ئەۋۋەلى بۇكىم، هەر قاچان ئەھلى رازلەر ساخاۋەت خۋاننى ئاچىپ، مىهماندوست بولسە، ئانى هاقارەت بىلەن بىلمەگەيكىم، ئەۋامىنناسىنىڭ سۇرەتىدە نىهان بولۇپ، خالايىقنىڭ كۆزىدىن يىراقدۇرلەر، لىكىن كۆرمەكدە نادانلەرنىڭ سۇرەتىدە كۆرۈنۈرلەر، كىمەرسەئى بىنا كۆزى بىرلە هەرتەرەف نەزەر سالىپ، بارچەلەرنى، ياخشىنى بىلىپ، ئەھلى ساخاۋەتلەرنىڭ يۈزى قۇياشىدەك كۆرۈنۈركىم، بۇ جاھان ئايۋانى ئۇلەرنىڭ نۇرىدىن رۇشەندۇر. خۋاهى قەسرى زەررىن بولسا يا بۇزۇق جاي بولسە، پەرتەۋىدىن ئىككىلاسىنى بارابەر نۇرانە قىلۇر. ئەما بەزلى قىلماقلىق ئىشى نەچچە قىسمى باردۇركىم، بەزل قىلغۇچىلار بىلگەيلەر. بىرى ئولكىم، دۇنيادار مىهمانلارغە هەددىدىن زىيادە ئىسراپ قىلىپ، ئىززەت تاپماق ئۈچۈن شۆھرەت تاپاي، دەپ بىر مىهمانغە ئون قوي، گىزەكلەر بىلەن خونلارنى تارتىپ ئالدىدا قويغاندا، ئول كىشى يىمەكدىن ئاجىز بولۇر. يىدۇرمەك ئۈچۈن قول بىلەن كۆز بىلە قانچە تەكلىپ قىلىپ، ئول تائامغە تەئرىپ قىلىپ، ئالدىغە قوياركىم، هەممەسىنى شۇبۇ يالغۇز كىشى يىگەي بەس. ئىنساپ قىلغىلكىم، بۇ ئىش نىچۈك بولغاي. ئۆيۈڭ شەيخ لوقماننىڭ مازارى بولماسا، سەن هەم شەيخ مازار بولماساڭ، تەڭرى تەئالانىڭ مالىنى بىجا ئىسراپ قىلىپ، ئەھلى جۇنۇندەك زايىئ قىلۇرسەن. ئەگەرچە هەق تەئالا: «كۇللۇ ۋە ئەشرەبۇ» دىگەن بولسە، ۋە لىكىن «ۋە لاتۇسرەفۇ» هەم دەپدۇر. بەس، بۇ مىهمان ساڭا نىچۈك يامانلىق قىلىپدۇركىم، يالبارىپ ئاڭا زەھەر يىدۇرۇرسەن. بەلكى هەر بىر لوقما ئاڭا زەھەر بولۇپ، هەرگىز نىجاتلىق تاپماس. مۇنداق زىيافەت قىلماغلىق گويا كى شۇملۇقدۇركىم، ئەھلى خىرەدنىڭ ئالدىدا بىسيار ياماندۇر. يەنە بىرى بۇدۇركىم، ئەگەر مىهمان كەلسە، بىر لوقمەنى ئاڭا بەرمەكنى يامان كۆرۈپ، ئىشتىھاسى كەلگۈچە ئىچى كۆيۈپ هالىدىن كەتكۈنچە راۋا كۆرمەسسەنكىم، ئاڭا بىر لوقمە بىرىپ خۇش قىلغايسەن. بەلكى بىخىللىقنىڭ ئىنتىھاسى يوقدۇركىم، ئانداغ كىشىنى مەھرۇم ياندۇرۇرسەن. بۇ قىسىم بىخىللىقنىڭ بىجا سەرف قىلغۇچىدىن چەندان زىيادە يامانراقدۇر. بەزل قىلماقنىڭ قائىدەسى بۇدۇركىم، مىهمان خاهى ياخشى بولسۇن، خاهى يامان بولسۇن ئەۋۋەل ئانى لۇتف بىلەن خۇشهال قىلغىل. ئاندىن كىيىن بىسيار ئىسراپ قىلماغىل، بىسيار قاتتىغ هەم قىلماغىل. مىهماننىڭ لايىقىدا! هەر نىمە ساڭا مۇيەسسەر بولسە، ئوچۇق چىراي بىلەن ئانىڭ ئالدىغە كەلتۈرگىل ۋە لىكىن ئانىڭدىن هىچنىمە تەمەئ تۇتما بەس، كەلگىل ۋە ئىززەتىنى قىلغىلكىم، بۇ بارەدىن هەدىس ۋارىد بولۇپدۇر: «قالەن نەبىيۇ ئەلەيهىسسەلام ئەكرەمۇززەيىنە ۋەئەن كانە كافىرەن» مەئنىسى بۇدۇركىم، ئىكرام قىلىڭلار مىهمانغە، ئەگەرچە كافىر هەم بولسە. مىهمانغە هەم ئەۋسەت هال قائىدەسى بىلەن پىش كەلمەكلىك ئۇلادۇر. «قالەن نەبىيۇ ئەلەيهىسسەلام خەيرۇلئومۇرى ئەۋسەتۇها» مەئنىسى ئول بولۇركىم، هەر ئىشنىڭ ئوتتۇرا هالى ياخشىراقدۇر. بۇ يەڭلىغ زىيافەت قىلماقلىقنى هەر كىم قائىدە تۈزسە، ئاڭا يۈز ئافىرىن

ۋە تەھسىنلەر بولغۇسىدۇر. مۇنداغ كىشى بۇ ئەلەمدە يوقدۇر. ئەگەر بولسا، دانا ۋە ئالىمـ
كىم، ئانداغ كىشى خاسان ھەقدىندۇر.

**بەھرام گور ھىكايەتىكىم**

ئۈچ ئالاجوق ئىلىگە مىھمان بولدى. ئىككىسى ئەفرات تەئزىيەت كۆرگۈزۈپ ۋە
مەئاسىپ مەتئۇن ۋە بىرسى ئادالەت تەرىقىدىن قارۇن بولدى نەقلىدۇركىم، بەھرام گور پادىـ
شاھ بىر كۈنى سەيد قىلماق ئۈچۈن ئاتلانىپ چىقىپ، بىر قۇلاننىڭ ئارقاسىدىن يۈگۈرۈپ،
لەشكەرىدىن يىراق تۈشۈپ بىر يەرگە يەتتى كىم، ئاندا ئانچە ئۈيلۈك ئالاجوقلەردىن بار
ئېردى. شاھ بەھرام يالغۇز يول يۈرۈپ، خەلقدىن يىراق قالغاچ ھەددى نىھايەتسىز ئاچ
قالىپ، تائامغە مۇھتاج بولدى. ئول يەردە بىر دەرەخت بار ئېردىكىم، ئانىڭ سايەسىدە
تۈشۈپ، ئول ئالاجوقلەرغە دىدىكىم، بىز بۇدەم سىزلەرگە مىھمان بولۇپدۇرمىز. مەئزەر بىلەن
مېنى مىھمان قىلىڭلار، تائاندىن بەھرە تاپغايمەن. ئول ئالاجوقلەردىن ئاندا ئۈچ ئۈيلۈكدىن
ئۆزگەسى يوق ئېردى. بىرسى ھەددىدىن ئەفزۇن دۇن ھىممەت بېخىل ئېردىكىم، شاھنىڭ
ئانداغ ئېھتىياجىغا ئىلتىفات قىلمادى. يەنە بىرىنىڭ خۇيى ھەددىدىن زىيادە ئىسراف قىلىپ
زايىئ قىلۇر ئېردىكىم، نەچچە قوينى ئۆلتۈرۈپ شاھغە زىيافەت بەردى، لېكىن ئېشى پىشقۇنچە
شاھنىڭ دىماغىغە ئاچلىغى دۇد سالىپ، تاڭلاغىچە ئاش پىشماي سۇد بەرمەس ئېردى لېكىن
ئول ئۈچىنىڭ بىرى دانالاردىن ئېردى. ئاڭا دانالىغى رەھبەر بولۇپ، شاھنى ئۆيىگە كەلتۈـ
رۈپ، دەرھال نان بىلەن بىر ئاياق قېتىق ئالدىدا قويۇپ تەكلىپ قىلدى. شاھ بەھرام ئارام
ئالغۇنچە ماھازىرنى يەپ، ئاچلىق ئازابىنى دەفئ ئەيلەپ راھەت تاپتى. بىر فۇرسەتدىن كىـ
يىن ماھازىر قويغان كىشىگە ھەددى ھىسابىدىن تاشقارى خەزىنەلەر بىلەن سەرەفراز قىلدى.
دۇن ھىممەت بېخىلغە ئەندازەسىز ئەدەپىنى بېرىپ قويدى. بەجا سەرف قىلغان كىشىنىڭ
بىسيار ئەيىپلەر قىلىپ، زايىئ قىلغان قويلارنىڭ، ئاشلارنىڭ باھاسىنى، بۇ ئۈچ كىشىنىڭ
ھالىتىنى كۆرگىلكىم، قانچە پەرق باردۇر. بەھرامنىڭ ئادالەت تەرىقى ھەم كۆرمەكلەردىندۇر.

**ھىكمەت ئىسكەندەرنىڭ ئارىستۇدىن سوئالى ئول بابداكىم، زىيافەت خانىنى نى**
**نەۋئ ئاچماق ياخشى دۇرۇر ۋە مەرائات سۇفرەسىن نى نەۋئ يايماق مۇستەھسەن**
**كۆرۈنۇر ۋە دانانىڭ ئول بابدا نۇكتە سۆرگەنى ۋە ھىكمەت مائىدەسىدىن ئىسكەندەرگە**
**فايدە يەتكۈزگەنى**

يەنە ئىسكەندەر ئارىستۇدىن سورىدىكىم، ئەي دانىش ئەھلىنىڭ پىشۋاسى، زىيافەت
قىلماقنىڭ راست تەرىقىنى بايان قىلغىلكىم، ھىكمەت قائىدەسىدىن تاشقارى بولماغايكىم ۋە
زىيادەسى ھەم بولماغايكىم، بۇ بابدا بارچە ئەل مەزھەبلەر بىسيار جەد - جەھدى قىلىپدۇرلەر.
ئاخىرلىئۆمرى مۇنى ئىختىيار قىلدىلەركىم، ھەركىمگە ئىكرام قىلغالى ئارىستۇ دۇئا قىلىپ، بۇ
نەۋئ سۆز ئادا قىلدىكىم، مىھمانغە ھەرنىمەرسەگە ئېھتىياجى بولسە، خاھى ئاش خاھى ئۆزگە
ئەشيادىن دەرھال ئۆز ئەندازەسىدا ھەممەسىنى خۇانىغە ئالىپ، مىھمانىنىڭ ئالدىدا ھازىر
قىلىپ قويغاي، ئاز ھەم بولماغاي، تولا ھەم بولماغاي. ئىسكەندەر دىدى، بۇ ئىش بىسيار
ئاساندۇر ۋە لېكىن شاھنىڭ شەۋكەتىغە بىسيار نۇقسان بائىسدۇرۇر. ئارىستۇ تەئەممۇل بىلەن
نۇكتە بايان قىلدىكىم، تەڭرى تەئالا جانابىڭنى بەلەند ئەيلەپ، خالايىق مەتىئ قىلغاي. بىلـ

www.uyghurkitap.com



گىلىكىم، خالايىقنىڭ رىزقىغە شاھلار زامىن بولۇپدۇرلەر. خۋاھى ئاز خۋاھى ئارتۇق بەرسە، ئىختىيار ئۇلاردەدۇر. ۋەگەر خالايىقنىڭ رىزقىغە زىيان قىلسە كىم، ئۆز شەۋكىتىمنى زىيادە قىلاي، دەپ ھەرەج قىلسە، بۇ گۇمان فاسىددۇر. ياكى خالايىق تەقسىم بولغان رىزقىنى زىيادە قىلاي دىسە ھەم ئىسراف بولۇر كىم، بىجاھ بىلەن ئۆزنى ئەزەمەتلىك قىلغانى ياخشى خىيال ئەمەسكىم، مىلك دەردەنىڭ جايىدا ئىككى مىلك دەرەم خەرەج قىلماقدىن ھۆرمەتىنى زىيادە قىلسا، ئۆز ئۇلۇغلۇقىغە شىكەستە بىرىپ، پەست قىلغاندۇر بەس، لازىمدۇركىم، شاھلار ئۆزنى ئالى دەرەجات قىلاي دىسە، فۇقرا، رەئىيەتلەرغە ئىھسان كۆڭلىنى ئۇلارنىڭ مەنپەئەت ئىشىغە بىرىپ، زۇلۇم قىلماي، ئادالەت بىلە ئۇلارنىڭ ھالىغە رەھىم قىلسە، ئۇلارنىڭ رىز-قىنى زىيادە قىلماقنىڭ سەبەبى بۇدۇر. زىيافەت قىلماقنىڭ راست تەرىقى بۇدۇركىم، كىمەر-سە ئەقىل خىرەددىن بەھىر تاپىسە، ئانىڭ ئەمەلى مۇندىن ئۆزگە بولماس، دەپ سۆزنى تامام قىلدى. ئىسكەندەر ھەم شاد بولۇپ قوبۇل ئەيلەدى.

**ئىسكەندەرنىڭ ھۆكىما ئىشتىياقى بىلە خاكى راز پىنھانى سىينۇ ئالەم سىرى نىھانى سىيىن زاھىر ۋە پەيدا ۋە رۇشەن ۋە ھۆۋەيدا قىلۇرغە ستىرلاب ۋە خۇرشىد تاب ۋە مۇ-رات مىھرى سۇفات تەسنىف قىلغانى ۋە بۇ ئىككى تۆھپە مىھرى مىسالدىن خاتىرجەم ئېتىپ يەنە ئىككى مەھۋەش مىھرى جامال ۋىسالىغە رىغبەت قىلغانى ۋە ئول بابدا سۆز ياراغىن ۋە سۇرۇر تەمتراقىنى مۇھەييا قىلىپ، سىپەھرى بەرىن ۋە مەلەك ئەيۋانىنى رۇشەك مىز تۇتقانى ۋە مىھرى ناز پەرتەۋىدىن يورۇتغانى**

چىن نەققىشنىڭ نەققاشلارى بۇ نەقشىنى ئانداغ يازدىكىم، خاقان ئىسكەندەرغە تابىئ بولۇپ، ھەۋەس قىلدىكىم، ئىسكەندەر بۇ قىش چىن شەھرىدە مەقام تۇتۇپ، ئارام بىلەن جامى مەينى نۇش ئەيلەپ ئولتۇرغاي، دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئىسكەندەر ھەم ئانىڭ ئىلتى-ماسىنى قوبۇل ئەيلەپ، كۆڭلىنى خۇش تۇتۇپ، چىن كىشۋەرىنى قىشلاق قىلىپ تۇرۇپ قالدى. گاھى خاقان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، گاھى شىكارغە چىقىپ، چىن كىيىكلەرىنى سەيد قىلۇر ئېردى. گاھى سۇرۇد بىلەن نەزمە تۈزۈپ، بادە ئىچىپ نەشاتىنى كۆرگۈزۈر ئېردى. گاھى ھىكمەت ئەھلى بىلەن كىتاپ كۆرۈپ، ئىلمى ھىكمەتدە ئۇستادلار بىلەن ھىكمەت ئىلمىنى مۇتالىئە قىلۇر ئېردى. يەنە خاقان تۇتقان ئايىنەئى چىنە بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، ئۇ-زىدىن يىراق قىلماي، تەخت ئۇزرە ئولتۇرۇپ، دادىخاھىنى سورارىدا ئول ئايىنەنى، چىنەنى دادىخاھلەرغە رۇبەرۇ تۇتۇپ، راست سۆزلەگەن كىشىنىڭ يۈزى رۇشەن كۆرۈنۈر ئېردى، يالا-غان سۆزلەگەن كىشىنىڭ يۈزى كۆرۈنمەس ئېردى، ئەگەر كۆرۈنسە قارا كۆرۈنۈر ئېردى. ئىسكەندەرنى بۇ ھالەت ھەيران قىلىپ، ئول دانا ھۆكمالەر ھەم ھەيران بولۇر ئېردى. يەنە بەزم شاھانەنى تۈزگەندە يەنە ھەم ئول ئايىنەئى چىننى ئاراغە سالىپ تاماشاھ قىلۇر ئېردىلەركىم، ئەگەر ياخشى نىيەتلىك كىشى مەي ئىچىپ، مەست بولسە، ئول كىشىنىڭ يۈزى ئول ئايىنەدە يۈز دەرىجە چىرايلىق كۆرۈنۈر ئېردى ۋە ئەگەر بەدنىيەتدە كىشى مەي ئىچىپ، مەست بولغانىدا، ئانىڭ يۈزى ئول ئايىنەدە، ئۇزۇن ياكى ياپپاڭ ياكى چوڭ ياكى كىچىك كۆرۈنۈپ، شەرمسار بولۇر ئېردى. ئىسكەندەر ئانى كۆرۈپ، ئول ئايىنەئى چىنىغە ئانداغ شەيدا بولادىكىم، تەقرىرغە راست كەلمەس ھەيرەت بىلەن ئول ئايىنەنىڭ ئىشىغە قانچە پىكىر قىياس قىلسە، شۇنچە ھەيرەتى ئارتار ئېردىكىم، بۇ بىر تىلسىمدۇر كىم، ئەھلى ھىكمەتلەر

مۇنى بىلىپ ياساغاندۇر، بورازىغە ۋاقىف بولمادى. ئاندىن كېيىن دېدىكىم، مۇنى تەڭرى
تەئالا ھىكمەت بىلەن بەھرەۋەر قىلسە، يەنە نەچچە يۈز ھۆكمالەر خىزمەتىدە بولسەكىم،
ھەممەسى دانالاردىن بولسە، ئۇلۇغ ئىشلاردا ھەربىرى دانادۇرلەر. يەنە ئەفلاك ئەسرارى-
نىڭ مۇشكۇل ئىشلارىغە مەھرەمدۇرلەر. نە ۋەجىدىن مەن ھەم ئەھلى ھىكمەت بىلەن بىر
ئىشنى قىلمايمەن، لازىمدۇركىم، ھىممەت بىلەن تەئەممۇل قىلىپ، بىر تىلسىمنى پەيدا قىلىپ
زوھۇرىغە كەلتۇرسەم، تا بۇ ئايىنەئى چىنىدىن ئارتۇق بولغاي، دەپ ئەھلى ھىكمەتلەرنى
كەلتۈرۈپ، شۇ بۇ ئىش ئۈچۈن مەسلەھەت قىلىشتىلەر. ھۆكمالەر دۇئا قىلىپ دېدىلەركىم،
ئەي شاھى گەردۇن شۇكۇھ، قاچان بۇيرۇساڭ بۇ يەڭلىغ بىر تىلسىمنى سۇرەتىغە كەلتۇرۇگلار
بىز فەرمانىڭنى بەجا كەلتۈرۈپ، تەئەممۇل بىلەن ئىتتىپاق ئەيلەپ، ئول تىلسىمنى قىلۇرمىز-
كىم، بۇ ئايىنەئى چىنىدىن ياخشىراق بولغاي. ئەھلى ھىكمەتلەر ئىككى جامائەت بولۇپ ئىككى
ئىشقە مۇقىد بولدىلەر. ئەفلاتون سىترات، ھورمۇس بىلىناس باشلىغىن ئىككى يۈز كىشى بىر
تەرەف، ئارستۇ، بەقرات، ئەرشەمەند باشلىغىن ئىككى يۈز كىشى بىر تەرەف جەمئى تۆرت
يۈز ھۆكما كېچە-كۈندۈز مۇنىڭ ئۈچۈن مەسلەھەت قىلۇر. ئىسكەندەر ھەم بۇ بارەدىن
ھۆكمالەرغە بەھرە بېرۇر ئېردى. ئول ئىككى جامائە رىيازەت بىلە قىياس قىلىپ، بىر جامائە
يەر بىلە بۇ ئالەمنىڭ ھەقىقەتىنى بىلىپ، ھەرنىمەنىڭ تەبىئىنى ئاڭلاماقىغە بىر ئىش زاھىر
قىلماق ئۈچۈن فۇلاددىن مۇدەۋۋەر بىر ئايىنەنى جىسمىغە كەلتۈرۈپ نەمۇدار ئەتدىلەر. يەنە
بىر جامائە ئاسمانلار بىلە يۇلدۇزلارنىڭ ھەقىقەتىنى تاپىپ، ئۇلارنىڭ تەبىئىنى ئاڭلاغاچ،
ھەر بىرىنىڭ خاسيەتىنى بىلىپ، مىس بىلە خۇلەدىن مۇدەۋۋەر بىر ئۇستۇرلابنى تەسنىف قىلدىلەر.
ئىسكەندەر ھەم ئىككى تەرەفىغە مەدەت بېرىپ، گاھى ئۇلارنىڭ ئىشىنى قوبۇل ئەيلەپ، گاھى
رەد قىلۇر ئېردى. گاھى ئىسكەندەر ھەم ھۆكمالەردىن ئىفادە ئالىپ، گاھى ئۇلار ھەم ئىس-
كەندەردىن ئىفادە تاپار ئېردىلەر.

ئەلقىسسە، ئەھلى ھىكمەتلەر ئول قاشىدا ئىككى تەرەف ھەيئەتىنى زاھىر قىلدىلەركىم
بىرى ئۇستۇرلاب، يەنە بىرى ئايىنە ئېردى، ئالەم خەلقىنى ئانىڭدىن ياخشىلىققە يەتكۈزدىلەر.
ئۇستۇرلابدىن فەلەكيات ئىشلارىنىڭ مۇشكۇللەرى ئاسان بولماقىنىڭ ھەقىقەتى مەئلۇم بولۇپ،
فەلەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە توغراسى ۋە ئۆزگە ئەھۋالات ھەم كۆرگەن كىشىگە مەئلۇم بولۇر
ئېردى. مۇنى ئۇستۇرلاب مەخپى سەما ئات قويدىلەر. يەنە بىرى بىر ئايىنە ياساغان ئېردى-
كىم، نەزەر سالغان كىشىگە جاھان مۈلكىنىڭ ھەقىقەتى ئول ئايىنەدە نامايان بولۇپ، بارچە
ئىشلارى ئايان بولۇر ئېردى. مۇنى «ئايىنە گىتى نامە» ئات قويدىلەر. ۋەقتىكى ئافتاپ
ھەمەل بۇرجىغە تەھۋىل قىلىپ، قىش كۈنلەرى قالماغاندا، ئىسكەندەر تەخت ئۈزرە مەسنەد
نىشىن بولۇپ، خاقان بىلە بەزمنى تۈزۈپ، بارگاھ ئىچرە نىئمەتلەرنى فاراۋان ئەيلەپ،
پادىشاھانە سورۇن تۈزگەندە، ھۆكمالەر ئىككى خەمائە بولۇپ كىردىلەر. بارچەسى دانالىقدا
بى نەزىر ئېردىلەر. ئىسكەندەر بارچەسىنىڭ ھۆرمەتىنى ساقلاپ، خاس تەختىنىڭ ئالدىدا جاي
بېرىپ، بارچەسى ئولتۇردىلەر. خالايىقلەر ھۆكمالەردىن زىننەت تاپىپ شاھ بولدىلەر. بىردەم
ئولتۇرۇپ، ھەممەسى باشنى تۆبەن سالىپ ئولتۇرغاندا، خادىملار ئۇستۇرلاب بىرلە ئايىنەنى
كەلتۇرۇپ، ھەرقايىسى قىلغان ئەمەلنى ئەرز قىلىپ، ئۆز ئەھۋالنى زاھىر ئەتتىلەر. بىر جاما-
ئەدىن ئەفلاك ئىشى ئايان بولۇپ، توققۇز فەلەكنىڭ ھەقىقەتىدىن ئاگاھ قىلىپ، يەنە بىر
جامائەدىن يەر يۈزىنىڭ ئىشى، يەتتە ئىقلىمنىڭ ھەقىقەتى مەئلۇم بولۇر ئېردى. خاقانغە

بۇ ئىككى هال مەئلۇم بولۇپ، هەيرەتتىن لال بوادى. ئىسكەندەرغە مەدھىلەرنى ئەيتىپ دېدىكىم، شاها سەندەك پادىشاهنى بۇ چەرخى گەردۇن كۆرمەگەن بولغايكىم، سەنسىز تاجى-تەختىنىڭ كىرەگى يوقدۇر. مۇلازىملەرىڭ هەم بىسيار دانادۇرلەر. ئۇلۇغ ئىشلەردە ساڭا مۇۋاپىق دۇرلەر، ئالەم ئەهلى سەندەك ئەمەسدۇركىم، بۇ ئالەمدىن ئاتىڭ ئۆچمەگەي، هىكمەت ئەهلى بۇ ئىشغە رەنج چېكىپ، سەندىن بىسيارمال بىلە گەنجلەرنى تاپتىلەر، دەپ خاقانى چىن هەم هەددىدىن فۇزۇن گۆهەرلەر بىلەن دۇررلەرنى ئول ئەهلى كامال هۆكمالەرغە بېرىپ ئۇلار هەم غەنى بوادىلەر. ۋەقتىكى ئىسكەندەرغە بۇ ئىككى تەرەف ئىشى مۇيەسسەر بوادى. نەشات بىرلە ئىشرەتكە مايىل بولۇپ، ئەقدى نىكاه ئەيلەمەك ئۆچۈن سوقراتغە فەرمان قىلدىكىم، ئۇستۇرلابدىن نىكاهىمنى تاپغىل. سوقرات ئۇستۇرلابنى قولغە ئالىپ، ياخشى نەزەر قىلغان چاغدا، فەلەك گەردىشىنىڭ ئەسبابىدىن ئانداغ تاپتىكىم، ئىككى ئاي ئۇرۇج تۇتۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ئىقبال قۇياشى ئۇلارغە پەرتەۋ سالىپ، تەرەب بىرلە ئىككىلەسىنى نىكاهىغە ئالىپ هەمخانە قىلغاي. بىرى دارانىڭ قىزى رۇشەك بولغايكىم، دارا ۋەسىيەت قىلغان ئېردىكىم، ئىسكەندەرغە جۇپتى بولغاي. يەنە بىرى شاه مەللۇنىڭ قىزى مىهرىناز بولغايكىم، ئىسكەندەر هەم ئانىڭسىز خاتىرى فەرىشان ئېردى. ئۇستۇرلابدىن بۇ ۋاقىئەنى تاپقاچ، ئىسكەندەر ئۇلۇغ مەئرىكەنى تۈزۈپ، خالايىققە نىئمەتلەرنى بېرىپ، رۇشەكدىن شەبىستاننى يورۇتقاي، يەنە مىهرىنازنىڭ مۇلاقاتىدىن كۆڭلى ئارام تاپقاي، دەپ بۇ يەڭلىغ مەسلەهەت كۆرسەتتىلەركىم، هەركىم بۇ جاهاندا تەخت-تاجىنىڭ ساهىبى بولسە، ئاڭا بىر فەرزەندى بولماي چارەسى يوقتۇركىم، بۇ ئالەمدىن چىقاردا، ئۆز ئورنىدا ۋەلى ئەهد قىلغاي. قۇياش هەم غەرۇپ بولغاندا، ئاينە قايىم مەقام قىلادۇر. دەرەخ هەم ئۆز ئورنىدىن ئىنتىقال قىلۇر چاغدا، ئەگەر ئانىڭ جايىدا نەۋرەس نىهال بولسە، ئاقىبەت باغنىڭ زىننىتى بولۇپ، مىۋەسىدىن خالايىقغە مەنپەئەت هاسىل بولۇپ، سايە بەرگۈسىدۇر. بۇ تەرىقە بىلەن دانالەر ئىتتىپاق قىلغاندا، ئىسكەندەر دېدىكىم، بۇ ئىشنىڭ سەرەنجامىغە مەشغۇل بولۇڭلار. ئانىڭ ئەمەرى بىلەن ئەركان دۆلەت ئۇلۇغلار سەرەنجامىغە مەشغۇل بولۇپ، نەچچە كۈندە بارچەسىنى مۇهەييا ئەيلەپ، چىن كىشۋەرىنى جەننەت ئاسا قىلىپ، ئانداغ زىننەت بەردىلەركىم، بۇ چەرخى كەرران يۈز يىل هىساپ قىلسە، يۈزدىن بىردىگە يېتەلمەي، مىڭدىن بىرىنى شەرهى قىلالماغاي. غەرەز هەر سۇفەتلىك ئەسبابلارنى تەييار قىلىپ، ئۆي ئىشلارنى سەرەنجام ئەيلەپ، نەچچە ئۇلۇغ بىلە تويىنىڭ جابدۇغىنى ئىبەردىلەر. ئىشرەت بىلە ئەيشىنىڭ دادىنى بېرىپ، خۇش ۋەقتلىقغە مەشغۇل بوادىلەر. ئەمما باهار فەسلىدە گۈل ئۇرۇسىغە زىننەت بېرىپ، بۇلبۇللارنى زار ئەيلەپ، گۈل ئاچىلغان كۈنلەردە توي بولۇپ، شەهەر بىلەن كوچا ۋە بازارلەرنى گۈلشەندەك قىلدىلەر.

ساقىنامە:

ئاياقچى كىتۇر جامنى لەببەلىپ،
كى توي ئولدەم ئەييام ئەيشى تەرەپ.
كى بۇ سۆز ئېرۇر ئالەم ئەفرۇز هەم،
خوسۇسەن ئېرۇر فەسل نەۋرۇز هەم.
مۇغەننى چېكىپ چەك ئورنىدا چەڭ.
نەۋا چەڭگى هاي هاي ئولەڭ، هاي ئولەڭ.

دېسەڭ سەن جان قولداشىم يارى-يار،
مەن ئەيتايكى مۇڭلۇغ باشىم يارى-يار.
ناۋايى كى سەرمەنزىلىڭ چىندۇر،
سورۇدۇڭ داغى سۆز ئارا چەنگدۇر.
ئايا ئالغۇڭ نەچچە يارى-يار ئولغۇسى،
مېنىڭ يىغلاردىم زارۇ-زار ئولغۇسى.

**بۇلبۇل ھىكايەتىكىم، ئانىڭ گۈلباغىدىن زاغ يالقىپ بالاغەت ئەھلىغە كىچە ھىندۇ ھەرز-
زەھغە دىگەندەك تەئىنە قىلدى ۋە ئانىڭ فەسىد جاۋابىدىن ئۆزگە بۇ سۆزنى بىلدى**

ئىشتىمكىم، گۈل ئاچىلغاندا بىر باغ ئىچرە بۇلبۇلنىڭ فىغانى زىيادە بولغاچ، بىر
قارغە ئانى ئەيىپ بىلىپ، تەئنەغە تىل ئاچىپ بۇلبۇلغە دىدىكىم، ئەي بەھۇدە گۈي دىۋانە،
ھەر يىلدا مۇنداغ فىغان چەكمەكنىڭ بائىسى نەدۇر؟ چەمەنغە كىرەر چاغدا غەملىك ھالدا
خامۇش بولۇپ كىرەرسەن، مۇنچە جۇش - خۇرۇشنى قايدىن تاپارسەن؟ بۇ ئىشدا چەمەن
قۇشلارىدىن ئۇياتمايسەن. بۇلبۇل قارغاغە دىدى: ئەي بىخەبەر ئىشقدىن ئاگاھ ئەمەسسەن،
مىنىڭ بۇ كۆيمەكىمدىن ھەرگىز ۋۇقۇف تاپماسسەن. چەمەنغە كىرەردە گۈلنىڭ يوقلۇغ چاغى-
دا فىغان چەكسەم، روزىگارىم سەندەك قارا بولغۇسىدۇر ۋە ئاللا كىچە ۋە كۈندۈز گۈل
ئىشقىنىڭ دەردى - غەمى مەندىن كەم ئەمەس. باھار نەسىمى ئەسكەندە گۈل ئاچىلىپ، ئۆزد-
گە جىلۋە بىرىپ نافەئى چىندەك جىسمىنى خۇشبۇي ئەيلەپ ھۆسنىنىڭ زىيادەلىكىدىن بۇل-
بۇلنىڭ فىغان چەكمەكى ئانىدۇر. چەمەندىن گۈل كەتكەندە ناجىنس بىلەن مۇنداكىم بىلەن
ھەمنەشىن بولاي، سەندەك خۇدنەمانىڭ ھاياتلىقىغە گۈل بۇيىدىن خەلەل يىتەدۇر، بەس.
مىنىڭ ھالەتىمدىن قاچان ئاگاھ بولۇرسەن، سىنىڭ بىلەن ھەر سۆھبەت بولماغانىم ياخشىراق-
دۇر. ۋەقتىكى بۇلبۇل ئىشقىنىڭ دەردىنى بۇ يەڭلىغ بايان قىلغاچ، قارغە جاۋابىدىن ئەفسۇردە
ھال بولۇپ، جاۋابىنى تاپالماي قارارىپ قالدى، بۇلبۇل ھەم خامۇش بولدى.

## ھىكمەت ئىسكەندەرنىڭ ئارستۇدىن سوئالى

ئول بابداكىم ئانسار مەيىل تەبئى باھار گۈللەرىگە مەيدىن بولا ئالغاي، ۋە ئانىڭ
ھىكمەت باھارىدىن جاۋاپ رەسمىن يەتكۈرگەنى ئول دارايى گەردۇن مەھەل يەئنى ئىسكەندەر
ئارستۇدىن سورىدىكىم، فەلەكياتنىڭ مۇشكۈل ئىشلارى ئالدىڭدا ئاساندۇر. بايان قىلغىلكىم،
ئىنسان جىنسى بىسيار شەرىفدۇر. ھەرقاچان باھار فەسلى يەتسە، بارچەسى شاد خۇررەم بو-
لۇپ، ھاۋا كەسىپ قىلماق ئۈچۈن غۇنچەدەك بولغان كۆڭلىنى ئول فەسلدە ئاچىلدۇرۇپ،
خۇش بولۇرلەر. مۇنچە تەرەب بىلە خۇش بولماقنىڭ سەبەبى نىدۇر، ئارستۇ دىدىكى، بۇ
مەئنەدە ھۆكمالەر بىسيار سۆزلەرنى دەپدۇرلەركىم، بارى جانابىڭ ئالدىدا مەئلۇمدۇر. ئادەمى-
نىڭ تەبىئەتى گۈلغە مايىل بولسە، ئەجەپ ئەمەسدۇر. ئەگەر مۇنىڭ ئەسلىنى بىلمەكنى ھە-
ۋەس قىلساڭ، بايان قىلۇرمەن. ئانداغىكىم، بۇ ئالەمدە تەبىئەلەرنى
تۆرت قىسمى ئەئتىبار قىلدىلەر. بىرى، ئىسسىغ يەنە بىرى سوۋۇق يەنە بىرى ھۆل يەنە
بىرىنى قۇرۇق ئىسسىغ يەنە بىرىنى قۇرۇق ساۋۇق دەپ، ھۆكمالەر ئات قويدىلەر. شۇبۇ
تۆرت تەبئى مۇۋافىق تۆرت فەسىل كىلىپدۇرلەر. بۇلاردىن بىرى باھار فەسلى كىلىپدۇر-
كىم، ئانىڭ تەبئى ھۆل ئىسسىغدۇر. بۇ فەسلى ھاياتلىق تەبئى دۇركىم، جانى بار مەخ-
لۇقات ئانى تىلەرلەر. يەنە قالغان ئۈچ فەسلغە ئۈچ تەبئى سۈفەت بولۇپدۇركىم،
ئۇلارنى سەفرا ۋە سەۋدا ۋە بەلغەم دەرلەر ۋە لىكىن بۇ ئۈچ تەبئىنىڭ روھغە دەخلى
باردۇر. بۇ مەئنىدىن باھار فەسلى دىلپەزىردۇر، ھەركىم باھار فەسلغە تالىپدۇركىم،

ئاشۇ مايىل بولماقتىن ئۆزگە چارىسى يوقتۇر. باھار پەسلىدىن بۇ رۇھقا پەرۋەردىش يەتسە، خۇاھش، قىلماي، ئاشۇ مايىل بولۇر. ۋەقتىكى، ئارستۇدىن بۇ يەڭلىغ ئاڭلادى.

**ئىسكەندەرنىڭ جىسمىدە تازە روھ پەيدا بولۇپ، خۇش بولدى، ئىسكەندەرنىڭ ئول ئىككى تازە دەرد يوقكى ئىككى باھار تازە پەرۋەر ۋەسلىدىن كام تاپقانى ۋە مىھرىنازنىڭ نازىدىن بىتاقەت بولۇپ، گۈل فەسلىدە ئانىڭ گۈلدەك جامالىدىن بەھرە ئالغانى ۋە ئانىڭ رۇشەنەك رەشكىدىن كىم، مەھبوب شىۋەسى دورۇر. شەمئىدەك سىركەش-لىك قىلىپ ھەرب زىبالىق بىلەن شەبىستان ئازلىمغىن قىلغانى. ئىسكەندەرنىڭ ئول خىلۋەت ۋىسالىدىن چىقىپ، چىن مۈلكىدىن مەغرۇپ دىيارىغە ئەزم ئەتكەنى ۋە ئول دىيار غەرايىبىدىن ئەجەبقە قالغانى**

ئول تارىخدان بۇ تارىخنىڭ سۈرەتىنى ئانداغ زاھىر ئەتتىكىم، ئىسكەندەرنىڭ چىن شەھرىدە ئىككى زىبا ئەرۇسىنى ئەقدىغە كەلتۈردىكىم، بىرىنىڭ ئاتى رۇشەنەك، يەنە بىرىنىڭ مىھرىناز ئېردى. ئىسكەندەر شاھلىق بىلە يىگىتلىك باھارىدا ھېكمەت ئىلمىدە ھەم دانا ئېردى. شۇبۇ ئۇلۇغلۇق بىلەن بىلۇر ئېردىكىم، بۇ ئالەمدە ھەر قانچە شاھ بولۇپ ئۆتسە، ئاقىبەت تۇپراققە كىرىپ، ئارام ئالغۇسىدۇر. ھېچكىم بۇ ئالەمدە ئانىڭ ۋاپاسىنى تاپماي، شاھلىقنىڭ ھەم بەقاسىنى تاپماپدۇر. كىمەرسەگە بۇ ھالەت يۈزلەنسە، ئەيشى-ئىشرەتكە نىچۈك مەشغۇل بولغاي. بۇ ئەھۋالنى بىلىپ، نەچچە كۈن تەرەبنىڭ كەيفىيەتىدىن مەست بولۇپ، شەبىستان ئىچرە ئىككى سەرۋەقەد ئەرۇس بىلەن كام ھاسىل قىلماق ئۈچۈن ئارام تەلەپ بولدى. ئول رۇشەنەك شەبىستانىدا مەجلىس ئارا بولۇپ، بارچە مەھرەملەرىگە سەردار بولۇپ، ئىسكەندەر بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇر ئېردى ۋە لېكىن مىھرىناز مەرتەبە پەست كېلىپ تەختنىڭ يانىدا ئورۇن تاپىپ ئېردى. گاھى ئىسكەندەرنىڭ فەرمانىنى تۇتۇپ خىزمەت قىلۇر ئېردى. گاھى غەمزە بىلە ئىسكەندەرنىڭ ئىچىگە ئوت سالۇر ئېردى. لېكىن رۇشەنەك بىسيار رەشك قىلىپ، ھەمىشە يىغلار ئېردى. ئىسكەندەر ئول رەشك ھەددىنى بىلىپ، ھەددىسىز رىئايەت تەرىقىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئەيش ۋە نىشاتىنى ئانىڭ بىلەن قىلىپ، مىھرىناز بىلەن ئاز قىلۇر ئېردى. مىھرىنازنىڭ ناتەۋان كۆڭلى بۇ ئىشدىن مەلۇل بولۇپ، خاتىرى بىقەرار بولۇر ئېردى. لېكىن ئىسكەندەرنى تالاش قىلماققە ھەددى ۋە قۇدرەتى يوق ئېردىكىم، ئول شاھ دارانىڭ كۆز گۆھەرى ئېردى ۋە لېكىن مىھرىنازنىڭ مىھرۇ-مۇھەببەتى ئىسكەندەرنىڭ جانىدا ئانداغ مەخفى ئاسراغان ئېردىكىم، مىھرىناز ھەم بىلمەس ئېردى. ئىسكەندەرنىڭ خاراپ بولغان غەملىك جانىدا، ئانىڭ ئىشقىنىڭ ئىزتىراپى بار ئېردى. رۇشەنەك بىلە ئىككى كۈن ھەمسۆھبەت بولۇپ، مىھرىناز بىلەن بىر كۈن خىلۋەت قىلۇر ئېردى. بۇ ئەندىشەدىن مىھرىنازنىڭ كۆڭلى رەنجىدە بولۇپ، نازۇك بەدەنى مەجرۇھ بولغان ئېردىكىم، ئىسكەندەرنىڭ ئازەردەلىق ئەيدىن خىجىل بولۇپ، خىجىللىق تارتار ئېردى. بىر كۈن ئانىڭ نۆبىتى يېتىپ، شەبىستانىدا خىلۋەت بولغاندا، ئىسكەندەر ئانىڭ ھەردەمىغە مەيىل قىلىپ، جامالىنى كۆرۈپ دىدىكىم، قانچە كېچە-كۈندۈز مىھرىڭنى ئولۇسىدىن

ياشۇرۇپ، نىھانى ئىشقىڭدىن جانىمغە ئىش يېتىپ ئۆرتەنۇرمەن. بۈگۈن رازنىھانىنى ئاشكارا ئەتكۇمدۇر. بەزمىنى تۈزۈپ، فاراغەت بىلەن بادە ئىچمەكنى ئىختىيار قىلدى. بادە پەيمالىقنى ئاشكارا ئەيلەدىكىم، مېھرىناز ھەم مەجلىس ئارالىقنى زاھىر ئەتكەي ۋە لېكىن مېھرىنازنىڭ كۆڭلى مەخفى غەمدىن چېكىلگەن ئېردى. تەكەللۇف بىلەن مەجلىس ئارا بولۇپ، ئىشنى زاھىرانە مادارا بىلەن ئادا قىلغاندا، ئىسكەندەرنىڭ ئانى بىلىپ، قانچە جۇستىجۇ قىلسە، ئانىڭدىن خۇشخۇيلۇق بىلەن كالام زاھىر بولماس ئېردى. مۇنىڭدىن قانچە ئەجزۇ ۋە شىكەستىلىك زاھىر بولسە، ئانىڭدىن ناز قائىدەسى ئاشكارا بولۇپ، ھەددىدىن فۇزۇن سەركەشلىكنى ئىسكەندەر بىلىپ مۇشەۋۋەش بولدى. يەنە بىلدىكىم، مۇنىڭ تاقەتى قالماي، مەجنۇن ئىچرە رەسۋايى-ئالەم بولۇپ، ئىشق ئەمرىدىن ئەقىل فەھمى قالماپدۇر. ئەمدى ئىلىمى دانىشدىن مەدەت تىلەپ، ھېكمەت بىلە مۇڭا يارلىق يەتكۈرۈرمەن، دەپ تەئەننە بىلەن دېدىكىم، ئەي مېھرىنازنىن، بىزگە مۇنچە ئاداۋەت ئايان قىلماقدىن سەبەب نىدۇر؟ ئالدىڭدا قانچە ئاجىزلىق قىلسام، شۇنچە دۇشمەنلىك قىلۇرسەن، نېچۈك گۇناھ مەندەك خاكساردىن زاھىر بولۇپدۇر، دەپ ئاشىقانە نەچەند بېيتلەرنى ئوقۇدى. ئەبيات بۇدۇر:

ۋاپاسىز جاپاكار ئەي نازىنىن،
نىدىن بىزگە قىلدىڭ ئايان مۇنچەگىن.
نەدۇر ئەجزۇم ئالىدا بۇ سەنلىغلىك،
ئاڭاكىم ئېرۇر دوست دۇشمەنلىك.
نەجۇرم ئەتتىڭ ئېركىن مېنى خاكسار،
نىدىن كىم قىلۇرسەن كۆڭۈلنى فىگار.
نەخەسكىم ئوتۇڭدىن كۆيەر لاغ-لاغ،
نەھاجەت يەنە قۇيماق ئول ئۆتغە ياغ.

جەبىنكىم ئېرۇر شەھدىڭە پايى بەند،
تاپانچە بىلەن ئاڭا نەدۇر كەزەند.
ۋاپا ئەيلەگىلكىم، جاپاكار يامان،
بۇ زۇلم ئەيلەمەككە سەزاۋەر يامان.
چۇمەن ئىشق ئارا ئۆلگۈم — ئۆلتۈرمەگىل،
تىلىڭغەكى تىغى جەفا سۇرمەگىل.
نىيازىمغە باق ئەسرۇ ناز ئەيلەمە،
تەئەددى كۆپ، لوتف ئاز ئەيلەمە.

ئىسكەندەر بۇ يەڭلىغ ئۆززە كۆرگۈزۈپ، مادارا قىلغاچ، مېھرىناز كىنايە بىلەن، شىرىن سۆزلەر بىلەن شەكەررىزلىق قىلىپ، نەچەند بېيتلەرنى بۇ ھەم تەقرىر ئەيلەدى. ئەبيات بۇدۇر:

كىشەھ ئەيشنى ھەق مەدام ئەيلەسۇن،
ئىشنى دىلبەرى بىلە كام ئەيلەسۇن.
ئانىڭ لايىقى كەلدى، دارا قىزى،
كى كۆز رۇشەن ئەيلەر ئاياغى ئىزى.

كەنىزى كىم، ئول بولسە ھىندۇ نىژاد،
نە ھىندۇ نىژاد ئېيىت كەشمىرى زاد
نە لايىقكى ئانى ئىنىس ئەيلەگەي،
تەكەللۇف يۈزىدىن جىلىس ئەيلەگەي.

ئىسكەندەر بۇ كىنايەنى ئاڭلاپ دېدىكى، ئەي جانىڭ ئافەتى، كىنايە تەردىقىنى بىردەم ئۇنۇتغىل، رەھىم ئەيلەپ، بىدادلىقنى تاشلاغىل، ماڭا رۇشەنگىنىڭ تەئەننىنى تولا قىلماغىل. مېنى مەئزۇر تۇتساڭ، كۆڭلۈمنى خۇش تۇتۇپ، ئولتۇرغىلكىم، ئانىڭ ھۆرمەتىنى

www.uyghurkitap.com



ساقلاماق ۋاجىپدۇر. ئانىڭ مەرتەبەسى بىسيار ئەلادۇركىم، بەئەينى تاجىنىڭ گۆھەرى كەيقۇباد سىپەھرىنىڭ ئەختەرىدۇر. مەھرىناز مۇنى ئاڭلاغاچ فىكر ئەيلەپ، شىرىن زىبانلىق بىلەن دىدىكىم، ئەي يەتتە كىشۋەرنىڭ شاھىنشاھى، بۇ سۆزنىڭ مۇھەببەتىغە دەخلى يوقدۇركىم، ئىشق ئىچرە شاھلىقنىڭ ئېئتىبارى يوقدۇر، دەپ يەنە ھەم كىنايە بىلەن نەچەند ئەبىياتنى ئوقۇدى. ئەبىيات بۇدۇر:

نەسىپ بىرلە بولسە، ئاڭا شاھلىق،
ھەسب بىلە يەتمىش ماڭا ماھلىق.
ئانىڭ تاجى كىشۋەرىگە بولسە خىراج،
مېنىڭ ئالىمە قويار ئەھلى تاج.
ئاڭا فەخرى نىسبەتدە جەمشىددىن،
ماڭا ئارھۆسنى ئىچرە خۇرشىددىن.
ئاڭا مۈلۈك ئەگەر بولسە، فەرمان پەزىر،
ماڭا زار ئېرۇر يۈز تۈمەن مۈلكى گىر.
ئەگەر ئول خىرەد بىرلە ئەفسانەدۇر،
ماڭا يۈز خىرەدمەند دىۋانەدۇر.
گەر ئولسە، ئافاق ئېلىگە ئەزىز،
سالۇرمەن ئافاق ئارا رۇستەخىز.
ئاڭاگەر ئېرۇر پىشەجان ئۆرتەمەك،
ماڭا شىۋە بولمىش جاھان ئۆرتەمەك.
گەر ئول غەمزەدىن ئوقنى پەرران قىلۇر،
مېنىڭ كىرپىگىم تىيىرى باران قىلۇر.
گەر ئول قەتل ئىشىگە قىلۇر ئېھتىمام،
مېنىڭ تىغى ئىشقىم قىلۇر قەتلى ئام.
ئاڭاگەر فەسۇن ئەيلەمەك ۋىردى ئېرۇر،
ماڭا بارچە كەشمىرى شاگىردى ئېرۇر.
ئاڭا غەمزە بولسە، جاھان ساھىرى،
ماڭا بولدى كوساله يۈز ساھىرى.
ئانىڭ شەرتى ئېرۇر ھەمىشە ئام ئارا،
مېنىڭ قوزغالانىمدۇر ئىسلام ئارا.
گەر ئول خەلقنى قەتل ئېتەر دەمبەدەم،
ماڭا كەلدى تىرگۈزمەك ئانى ھەم.
ئانىڭ قىلسە، زۇلفى يىلاننى فۇسۇن.
فۇسۇنۇم قىلۇر ئەژدىھانى زەبۇن.
ئانىڭ زۇلفىگەر چەكسە، ئىمانى رەكىن،
مېنىڭ تارى لەئلىم چىكەر جان رەكىن.

قاچان سۈنبۈلۈم ئۇرسە، گۈل ئۈزرە تاپ،
ياپار يۈزگە خۇرشىد ئاندىن نىقاپ.
قاشىم ياينى ھەركىم ئەيلەر خىيال،
ئۇياتدىن كۆزىگە كۆرۈنمەس ھىلال.
ئېرۇر كىرپىگىم ئوقىغە جان ھەدەف،
نىشانە ئاتارغە مەگەر چەكتى سەف.
كۆزۈمگە قاچانكىم بولۇر ئويقۇ كام،
بولۇر ئالەم ئەھلىغە ئويقۇ ھارام،
يۈزۈمدەك ..... ھالىم سۆزى،
دىگىل گۈل ئۈزە تۈشتى بۇلبۇل كۆزى.
چېكىلگەچ ئۈزارىم قارارىغەنىل،
ئېرۇر تەقۋى ئەقلى كۆزىگەنىل.
كىيىكدەك كى زۇلفۇم ئارا تاب دۇر،
كۆڭۈللەرنى تارىتارغە قەلابدۇر.
لەبى لەئلىكىم جەۋھەرى جان ئېرۇر،
سۇ ئول لەئلى ئارا ئاب ھەيۋان ئېرۇر.
تىشىم رەشتەسىن چالەئى نابى دەي،
دېمە چالەكىم دۇررە سىرابى دەي.
يوق ئاغزىم بولۇپ، جەۋھەرى بىبەقا،
نەبىدا ۋۇجود ئاڭانە بەھا.
ئىككى لەئلىم ئەتكەچ تەكەللۇم پەدىد،
قىلىپ ئاغزىدە ئەل تەۋەھھۇم پەدىد.
ئانى خەلق يوق يەردە ئەيلەپ گۇمان،
ئەگەر بولسە ھەم ئول ھامان يوق ھامان.
يۈزۈم دادىدە سىمدىن ئەنقەبى،
كى ئاي ئىچرە خۇرشىدۋەش كەۋكەبى،
نەكەۋكەبكى نۇرى ئانىڭ بىگەران،
قۇياش بىرلە ھۆسن ئىچرە ئەيلەپ فەران.
لەبىم پىشەسى جان فەزانىدەلىق،
كۆزۈم شىۋەسى دىلرابانىدەلىق.

دىمە روھى قەددىم كۆرۈپ لال ئولۇپ،
كىرۇھىل ئەمىن داغى بىھال ئولۇپ.
خىرايىم قىلىپ رەۋزەئى سەرۋى قات،
ئاڭا ماجرا قىلدى ئابىھايات.
جامالىم قۇياشنى سالىپ تابغە،
تېنىم سەمى تىنتراتمە سىرابغە.

سىلىم تارىن ئولكىم خىيال ئەيلەبان،
هامانە خىيالى مەھال ئەيلەبان.
جامالىم بەشەر ئىچرە غەۋغا سالىپ،
مالا ئىكگە هۆسنۈم ئەلالا سالىپ.
قۇياش قوزغالىپ هۆسنۈم ئاشۇبىدىن،
فەلەك سۇست مىھرىم لەكەد كۇبىدىن.

لىكىن مۇنچە ئەفسانە ئوقۇماقدىن سۇد بەرەس، شاھى ئالەمغە مېنىڭ شەھدىم ئاچچىغ كېلىپدۇر. دانىشەندلەر دەپتۇركىم، بەختىنىڭ ئازى ياخشىراقدۇر. هۆسنى جامالنىڭ تولالىقىدىن مەن بۇ شىكايەتنى شاھى ئالەمدىن قىلماسمەن، ئۆز بەختىمدىن قىلۇرمەن. چىنانچە شىرىننىڭ لەبى لەئلى بۇ ئالەمغە ئانداغ شورش سالدىكىم، ئانىڭ ئىشقى خىسرۇنى شەيدا قىلىپ، كالامىغە جاننى فىدا ئەيلەپ، كۆڭلىدە جاي بېرىپ، هامايىل سۇفەت ئانى قوينىغە ئالىپ، ئۆز ئىلكىنى ئانىڭ بوينىغە هامايىل قىلۇر ئېردى. هەرقايىسى ئۆز بەختىدىن كۆرگۈچىدۇر، دەپ ئەرزى-ئەھۋالىنى بايان ئەيلەگەچ، ئىسكەندەر ئانىڭ بۇ يەكلىغ ئوزرە خۇانلىقىدىن بۇ خىلۋەتدە ئاڭا شەيدا بولۇپ، نەچچە كۈن پەردە ئىچرە ئىشرەت قىلىپ، ئەيشىغە مەشغۇل بولدى. مەفھۇم بولمادىكىم، ئول پەردەدە نىچۈك زارلەر ئۆتتى. ۋەقتىكى ئاشىقغە ۋىسال مۇيەسسەر بولسە، ئانىڭ ئىشقىدا ئەۋۋەلقى هالى قالماس. ئىسكەندەر نەچچە كۈن بۇ تەرىقە بىلەن ئۆتكەرگەندە يىقىن بىلدىكىم، ئۆمرۈم بىھۇدە زايە بولغۇسىدۇر، دەپ، ئەقىل هىكمەتنى پىشە قىلىپ، خىرەد تەختىنى ئارامگاھ ئەيلەپ، ئۆز هالىغە كەلدى. لىكىن جاھان مۇلكىنى قولىغە ئالىپ، تابىئە قىلغاندا، مەغرىپ زېمىنىنى ئالماي قالغان ئېردى. شۇنىڭ قەسدىدە سىپاھلەرغە نىئمەت بىلەن ئىھسانلارنى بېرىپ، مۇۋاجىبلەرنى مالامال قىلدى. ئانىڭدىن كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، لەشكەرىغە يۈرۈش هۆكمىنى جارلادى. هەر پادىشاھنىڭ خەلقى ئاباد بولسە، ئاڭا دۇشمەندىن هەرگىز ۋەھمى بولماس. ئەگەر ئۆزىنىڭ خەلقى خۇش بولماسا، دۇشمەنگە قويماي، ئۆز خەلقى ئانى بەرھەم بەرگۈسىدۇر. خەلقنىڭ مەتلۇبى شاھدىن ساخاۋەت بىلە ياخشىلىق كۆرگەي، سىياسەت قىلماق هەم ئۆز ئورنىدا ياخشىدۇر.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر ئانداغ شاھىنشاھ جاھاندار ئېردىكىم، شاھلىقنىڭ قائىدەسى ئانىڭدا بار ئېردى. لەشكەرىنى ئىھسان شاد قىلغاندىن كېيىن، خاقان بىلە خەيرىبادلىقنى زاھىر قىلىپ، مۇلكى چىن بىلە ختاي شەھرىنى ئاڭا تاپشۇرۇپ، مېنىڭ ئاتام دەپ چىن مۇلكىدىن تاشقارى لەشكەرىنى سۈرۈپ، مەغرىپ زېمىن تەرەفىگە يۈزلەندى. خاقان هەم هەمراھ بولماقنى هەۋەس قىلىپ، ئىلتىماس قىلغاندا، ئىسكەندەرغە ئىلتىماس قوبۇل بولماي ئىئزاز ۋە ئىكرام بىلەن نەچەند نىھانى رازلەرنى ئەيتىپ ياندۇردى. ئۆزى هىندۇستان ھەددىنىڭ جەنۇپ تەرەفىگە يول سالىپ، هىندۇستاننى ئوڭ قولىغە ئالىپ، رايى هىندۇغە بىسيار هۆرمەت بىلەن رۇخسەت بەردى. رايى هىندى هەم هىندى مۇلكىغە يۈزلەندى. ئىسكەندەر مەغرىپ زېمىن تەرىپىگە ئاتىنى سۈرۈپ يۈردى. لەشكەرى هەم بارچە ئافەتلەردىن سالامەتلىك بىلەن كەجرات مۇلكىنىڭ بەندىدىن ئۆتۈپ، دەريايى شورنىڭ كەنارەسىگە

www.uyghurkitap.com



يتىپ، نەچچە كۈن ئاندا ماكان تۇتۇپ، ئۇل تەرەفدەكى بارچە كىمەلەرنى ئۇردا ئالدىغە هازىر قىلىپ قويدىلەر. ئىسكەندەر گاهى كىمە ئىچرە مەقام ئەيلەپ، گاهى جەزىرىلەر بىلە خىرام قىلىپ، ئەزم قىلغان يەرگە لەشكەرنى سەيئى قىلىپ يەتكۈردى. لۇتفى ئىلاهى ئاڭا مەدەتكار بولۇپ، مەغرىپ زېمىنغە داخىل بولدى. بۇ ئىقلىمنى هەم فەتھ قىلىپ، دۆلەت رەخشى مىنىپ، بىسيار ئۇلۇغ شەهەرلەرنى مۇسەخخەر ئەيلەپ، تامام شەهەرلەرنىڭ شاهلارى ئاراغە شافائەتخاهلەرنى سالىپ، خىراج بەرمەكنى قوبۇل ئەيلەپ، فەرمان بەردار بولدىلەر. ئىسكەندەر ئۇل ئىقلىمنى قولىغە ئالىپ، تامام مەقسەدىنى ئادا قىلىپ ياندى. ئۇلۇغ تاغلار بىلەن ئوچۇق دەشتلەرنى كېزىپ، هىچ يەردە توختاماي، مەنزىل-بىمەنزىل يۈرۈپ، رۇم شەهرىنى نەزەردىگە كەلتۈرۈپ، ماكانلارنى كېزەر ئېردى ۋە لېكىن بۇ ئىقلىمدا بىسيار ئاجايىپ ۋە غەرايىپ نەرسەلەرنى كۆرۈپ، تەبئى ئاڭا مايىل بولۇپ، رۇم شەهرىنىڭ ئەزمىغە مانئ بولۇر ئېردى. ئۇل چۆمۈلەدىن بىر يەر بار ئېردىكىم، ئۇل يەرنىڭ بىپايانىغە يېتىشكەندە، كۆردىلەركىم، ئۇل بايابانىنى ئىتتەك جانۋارلەر سۈرەتى چۆمەلىدەك باردۇركىم، هەر بىرى يولبارسدەك هەددىن فۇزۇن هەرتەرەفدىن هەملە قىلىپ كېلەدۇر. ئەگەر ئۇلار ئىچرە هەركىم ئاتىنى سۈرسە، چۆمەلىلەر كېلىپ ئالىپ كېتەر ئېردى. ئۇلار هەملە قىلغاندا، هەر قانچە مۇبارىزلەرنى يەردىن تېرىپ ئالىپ يانار ئېردى. ئىسكەندەر بۇ يەردىن ئۆتمەسدە جار بېرىپ قويدىكىم، هېچكىم چۆمۈلىلەر تەرەفىگە ئاتىنى سۈرمەسۇن، دەپ. ئۇل يەرنىڭ ئادەملەرنى يىغىپ، بۇ مەئنەدە بىسيار قىلۇ-قال قىلىپ سوئال سوردى. ئۇل ئادەملەر جاۋاپ بەردىكىم، بۇ ئانداغ يېردۇركىم، ئانى تەسەۋۋۇر قىلغان كىشىنىڭ جانىغە لەرزە پەيدا بولادۇر. لېكىن بۇ بايابانىنىڭ توغراسى بىر ياغاچلىق يول باردۇركىم، ئاندا بۇ چۆمۈلىلەر ماكان تۇتۇپ، ئالەمغە شور سالۇرلەر. بۇلەردىن نەرى بىر ۋادى باردۇركىم، باغى ئەرەمدىن هەم خوپراق. ئاندا بىر گۇرۇھ خەلق جاي تۇتۇپ، بىز ئۇلاردىن هەمىشە نالاندۇرمىز. جاهان ئۇزرە هەربىرى بىر ئەژدەرهادەك بولۇر، هەر قايسىنىڭ جىسمى بىر پارچە تاغ يەڭلىغ، ئانىڭ بىرىغە يۈز گۇرۇھ رۇبەرۇ بولالماس ئېردى. يەنە ئۇلارنىڭ قۇۋۋەتىنىڭ ئالدىدا بۇ يولبارسدەك جانۋارلار بىر چۆمۈلەچە يوقدۇر. يەنە ئۇلارنىڭ تىلىنى هەم ئاڭلاغالى بولمايدۇر. ئەگەر سۆزلەسە هەم دەشنامدىن بۆلەك سۆز دېمەسلەر. ئۇلاردىن نەرى ئون كۈنچۈلۈك يول بارسە، بىر ۋادى نامايان بولۇركىم، ئىككى تەرەفدىن ئىككى تاغ ئاندا هوۋەيدادۇر، هەر بىرى فەلەككە يېتىپدۇر. بىر تاغ قىزىل ئالتۇندىن، قوياشدەك رۇشەنلىكىدىن ئادەملەرنىڭ كۆزى خىرە بولۇر ئېردى. يەنە بىر تاغ كۈمۈشدىن، ئايدەك ئانىڭ نۇرى تابان ئېردى. هەربىر پارە تاشىنىڭ باهاسى مەئلۇم بولماس لېكىن بۇ خەلقلەر ئۇل خەزىنەلەرگە ئەژدەرهانىڭ ئورىدا نۇكھىباندۇرلەر. يەنە خەلقنىڭ ئەجەپ تۇرفە ئادەتى باردۇركىم، هەر ئون كۈندەك ئۇيىقۇ ئۇيىقۇلايدۇركىم جەمئى تەرەددۇددىن ئاسۇدە بولۇرلەر. ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆز هالىغە كېلىپ، يەنە ئون كۈنگىچە ئويغاقلىقنى تاپىپ ئالىپ، يەنە ئون كۈنگىچە ئۇيىقۇلاپ قالۇرلەر. ئەگەر كىمەرسە بۇلارنىڭ ئۇيىقۇ چاغىنى تاپسە، ئۈمىددۇركىم، ئۇلارغە شىكەست بەرگەي ۋە لېكىن بۇلەر هەر خوۋف-خەتەردىن قورقمايدۇلەركىم، بۇ چۆمۈلە خەبەر بېرىپ، نوكھىبانلىق قىلۇرلەر. بۇ خەلق ئۇل خەزىنەلەر-

غە ئاگاھلىق قىلۇرلەر. ۋەقتىكى ئىسكەندەر بۇ ئىشدىن ئاگاھ بولۇپ، تەكرى تەئالادىن مەدەت تىلەپ، يېتىشكەن يەردە تۇشۇپ، ھۆكمالەرنىڭ جانابىغە يىغىلدى. ئانىڭ ئۇچۇنكىم، بۇ ئىشغە نازارە قىلىپ، ئەندىشەسىغە بىر ئىلاج قىلغايلەر ۋە لېكىن ئول ئاجايىپ ئىشلارغە كۆڭۈل قويۇپ، فىكر قىلسە، تەكرى تەئالا ئانىڭ زەئىفى ئادەملەرنىڭ ئەقلىلال بولۇر ئېردى. بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى ھەم ھىكمەت بىلەن قىلالماي، ھۆكمالەر ئاجىز بولۇپ، ھەيرەتدە قالدى.

## ساقىنامە

كېتۇر ساقى ئول روھى سەرمايەسىن،
كى مەئدۇم ئەيتار ئەقل پىرايەسىن.
كى قىل تۇتمادى ئەقلى ھىكمەت ماڭا،
ۋەلى قەسد جان ئەتتى ھەيرەت ماڭا.
مۇغەننى غەرىبانە ئول چەك ھەزىن،
كى مەنزىل كىم بولدى مەغرىب زەمىن.

ساچاي باشىڭ ئۇزرە زەررە مەغرۇبى،
قۇياش يەرگە مەغرۇبدا ساچقان كەبى.
ناۋايى چۇن غۇربەتدە سەن شادى بول،
ۋەتەن يادىدىن ئانچە ئازادە بول.
ئەگەر شەرق-غەرب ئولسە، مەنزىل ساڭا،
نە غەم، كام ئەگەر يار بولسە ساڭا.

ئول بالىغلەر ھىكايەتىكىم، سۇ ئىستەپ مۇھىت گىردابىغە ئەزم قىلدىلەر. نەھەڭ فەنا تۇھمەسى بولغان زامان سۇدىن ئايرىلغانلارىن بىلدىلەر. ھىكمەت دەرياسىنىڭ غەۋۋاسى مەسەللىك بىرنۇكتە ماڭا دېدىكىم، بىر دەريادا بالىقلەر گۇرۇھى بار ئېردىكىم، سۇ تاپماق ئۇچۇن ھەمىشە تەشنا بولۇپ، يۈرۈر ئېردىلەر. سۇنىڭ ئارزۇسىدا سەرگەردان بولۇپ دەرئېردىلەركىم، سۇنىڭ رەنگى ۋە تەمى نىچۇك ئېركەن، يۇرۇش-تۇرۇشنى كۆرمەككە بىسيار تالىپدۇرمىزلەر، دەپ ھەممەلەرنىڭ جىسمى بۇ ھەسرەت ئوتىدىن داغ بولۇپ، سۇدىن ھېچ نىشانە تاپماس ئېردىلەر. بىر بالىغ دەرد سۆز بىلەن دېدىكىم، پالان گىردابدا بىر نەھەڭ كۆھەنسال باردۇر. ئۇمىددۇركىم، سۇدىن ئول نىشانە بېرىپ، مۇشكۇل ئىشىمىزنى ئاسان قىلغاي، دەپ بارچەسى سۇنىڭ ئارزۇسىدا ئانىڭ تەرفىگە كارۋان بولدى. سەيئى تامان بىرلەن ئول گىردابغە يېقىن بولدى. ھەممەسى چۆرەسىگە يېتىشكەچ چەرخ گەردانىدەك ئول گىرداپنى كۆرۈپ ھەيرەتدە قالدى. ھەربىر گىرداپنىڭ تىكلىگىدىن ھەر تەرەف تۇشۇپ، بىر-بىرىدىن جۇدا بولۇپ قورقۇپ، تال ياپراقىدەك تىترەپ قالدى. شول ھالەتدە دەريا چايقالدى. ئول نەھەڭ ھەم پەيدا بولۇپ، بىر-بىرىدىن جۇدا بولغان بالىقلەرنى يۇتۇپ، قۇرساقىدا يىغدى. ئول بالىقلەر نەھەڭنىڭ قۇرساقىغە كىرگەندىن كېيىن بىلدىلەركىم، ئۆمرىمىز تامام سۇ ئىچرە ئۆتۈپ ئىكەن، نادامەت قىلغان بىلەن سۇد بەرمەي مەئىدە ئوتىدا گەداز بولدىلەر. بىلگىلكىم، ھەر ئىنساندا بىر گەنج پىنھانى باردۇركىم، ئانىڭ تەبئى ئول گەنج تاپماقدا ناداندۇر. ئول گەنجكى ئىنساننىڭ زېمىندا باردۇر. ئىنساننىڭ ئالدىدا پىنھان ئەمەس، ئەمما جاھالەتدىن ئانىڭ ئىشى ئەنجامىغە يەتمەيدۇر. ھەسەد دانا ۋە گىردابىدا ماكان قىلسە، فەنا نەھەڭگى ئانى تۆئمە قىلغۇسىدۇر. يەنە بىر ئاجايىپ ئىشلار ئۆز ۋۇجۇدىدا مۇھەييادۇر، پۇشايمانلىق سۇد بەرمەسدىن ئىلگىرى ئۆزىنى بىلىپ، تەلەپ يولىغە قەدەم قويغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ھىكمەت ئىسكەندەرنىڭ ئارستۇدىن سوئالى

ئۇل بابدا كىم، چۇن ئىنساندۇركى مەقسۇد ھەقىقى ئىدراكىدىن مۇئەررادۇرۇر، سايرھايۋاناتدىن مۇستەغنەدۇر. يەنە ئىسكەندەر ئارستۇدىن سوردىكىم، ئىنسان جەمئى مەخلۇقاتدىن شەرەف ۋە ئەئلادۇركىم، ھەق سۇبھانە تەئالانىڭ ئەسرارلارى ئانىڭ زاتىدا پىنھاندۇر. ئۇل نۇرىدىن ئانىڭ كۆزىدىن رۇشەن بولماي، ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ خەزىنەسىدىن ئۆزى ۋاقىف بولمايدۇر. نى جەھەتدىن ئىلىم ئەيغاندا ئۆزگە ھايۋانات بىلەن ئانىڭ فەرقىنى قىلۇلەر. ئارستۇ دىدى، ئىنسان ھەر نىمەرسەنى دەرەك قىلسە، ئانىڭ ھەقىقەتىگە يىتەدۇر، ئۇل ۋەجىدىن ئۆزگە ھايۋاندىن ئەشرەفدۇر، ئۆزگە ھايۋانات بۇ ئىشدىن بىخەبەردۇرلەر. ئىسكەندەر دىدىكىم، ھەر نىمەكى ئەسلى مەقسۇددۇر ئىنساننىڭ فىكرىدە نىھان بولسە، ئىنسانغە ئانىڭدىن سۇد بولماس. ئارستۇ دىدى، ئەگەرچە ئانىڭ ۋۇجۇدىدا نىھان بولسە، نىھان بولغان جەھەتدىن ئەئلادۇر ۋە لىكىن ئۆزىنىڭ بىلەسلىكىنى بىلسە، مەقسۇدى دەرەگىنى قىلماي، ئاڭلاغاندۇر. سۆزىن بىلمەسە، ئانى ھەم ئۆز مەخلۇقىدىن ئەفزەل بىلۇر، تەلەپ رەنجىنىڭ شىددەتى تارتماق، ئۇل ئىنساننىڭ شەۋكەتىدۇركىم، ئانىڭدىن دۇررە نايابىدەك بولغۇسىدۇر.

### ئىسكەندەرنىڭ مۇرخەيلىن شىكار ئەتكەلى سىپاھىن تۆزەتكەنى. ئۇل گۇرۇھ دىۋسار دىۋانەۋار ئېتىپ ئانىڭ سىپاھى ئالىدا تۇرۇر.
### تۆزئەتكەنلەر ئۇلەردىن بىرسەف شىكىن ئاراسىغە سۇرۇپ، ئىسكەندەر سىپاھى سەفدەرلەرىن ئاجىز ئەتكەنى ۋە ئۇل غەزالەئى چىنى سۇردىمدە مەيدانغە كىرىپ، ئەژدەرھا شىكارلىق قىلغانى ۋە ئىسكەندەر غەزال چىنىغە ئاھۇيى ھەرەم قىلىپ، ئانىڭ سەددىنى لۇتفى بىرلە ياناسەيىد ئەتكەلى ۋە بارىپ ئۇل سەيىدلەر بىلە مەجلىس دۇشكەنى

ئۇل تارىخدان تارىخنى بۇ نەۋئ كاغەز سەفھەسىدە يازدىكىم، ۋەقتىكى ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرى چۇمەلىلەرنىڭ جايىغە مەركەپلەرىنى سۇرۇپ، ئاندا يەتكەندە، ئىسكەندەرنىڭ فەرمانى بىلە تۇشۇرۇپ، ئارام ئالغاندىن كېيىن ئەھلى ھىكمەت بىلەن مەسلەھەت قىلىپ، ئۇلەرنىڭ ئىلاجىنى قىلماقغە ئانداغ مۇقەررەر قىلدىلەركىم، لەشكەرىمىزنىڭ ھىسابى ھەددىدىن فۇزۇن، دىلاۋەرلەرنىڭ ئەدەدى ھەم بىشۇماردۇر دەپ، لەشكەرىنى نەچچە دابقۇر سەف ئارالىق قىلىپ، ئۇل چۇمۇلىلەر دەشتىگە يىلدام يۇرۇپ، ئۇلەرنى شىكار ئەيلەگەيلەر. چۇمۇلە خەيلى ھەر قايداغ تولا بولۇر، يولبارسدەك كۈچىنى كۆرسەتسە، ئاخىر شىر-شىر خەيلى بولۇر، چۇمەلە — چۇمەلىلەر خەيلى بولۇر، ئۇل بابدا لەشكەرنىڭ تولالىقىدىن، چۇمەلىلەر ھەرتەرەف تارقاپ كەتتى. ئىسكەندەر لەشكەرى بىلەن ئۇل دىۋەۋەش گۇرۇھى تەرەفىگە يۇرمەككە ئىختىيار قىلىپ، مەسلەھەت كۆردىلەر. تا تەڭرى تەئالا فەتھ ۋە زەفەر بەرگەي. شول يەردە كېچە بولۇپ جاھان قاراڭغۇ بولغاچ، ئۇل دەشت ئىچرە قورقماي قوندىلەر ۋە لىكىن ئۇلەردىن بىرمۇنچە ئىھتىيات قىلدىلاركىم،

موبادا چوبولغان چوملىلەر بىزنى يۇيقۇلۇق تاپىپ، شىكار ئەيلەگەي. ۋەقتىكى سۇبھى دەم بولۇپ، ئافتاپ تولۇق قىلغاندا، ئىسكەندەر سىپاھلارنى يىغىپ، سەفلەرنى تۈزۈپ، قىقاس سالغۇچىلارغا ئەيتىپ، لەشكەرىغە فەرياد تۇشۇپ ئافاق ئىچرە ئانداغ شور ۋە غەۋغا سالدىلەركىم، ئول دىۋەۋەش گۇرۇھىغە دەھشەت پەيدا بولۇپ، يىلدام بىلدىلەركىم، بۇ كۈن قىيامەت زاھىر بولۇپدۇر، دەپ مۇنىڭ سىررىنى ئاڭلاماقىغە ئۇلەر تەرەفىگە يۈگۈرۈپ كەلدىلەر. كۆردىلەركىم، ئول چوملىلەر دەشتىدىن چىقىپ، مۇنداغ ۋەھشەتناك بايابانىدىن ئۆتۈپ، بۇ ھەددىسىز لەشكەر مۇندا كېلىپدۇركىم، تولالىقىدىن يەر يۈزى كۆرۈنمەي، بۇ ئالەمنىڭ تاغلارى ۋە تۈزلەرنى ئالىپدۇر. يەنە بۇلەرنىڭ شور غەۋغاسى جاھانغە شور سالىپدۇر. ئول لەشكەرنىڭ سەفلەرى ھەرتەرەفىدىن نەمۇدار بولۇپ تۇرادۇر. ئۇلار ھەم سەف تۈزۈپ، ئارەستە بولۇپ تۇردىلەركىم، بارچەسى دىۋپەيكەر ۋە غول ۋەش كېلىپ، كەركەداندەك كۈچلۈق، كۆرمەككە فىل تەندەك ۋە لېكىن ھەر بىرى ھەيئەتى ئەھرىمەن يەڭلىغ ئېردىلەر. يەنە كۆك كۆز، سېرىق ساقال بارچەلەرىنىڭ ماڭلايىدىن مۈنگۈز چىققان ئېردى. كىيەدۇرغان لىباسى قۇلانلەر ۋە كىيىكلەر ۋە ئۆزگە ھايۋانلارنىڭ تېرەسىدىن ئېردى. غىزاسى ھەم ھايۋاننىڭ گۆشتىدىن ئېردى. ھەربىرىنىڭ قولىدا ئاغىر تۈبرۈكدەك بىر ياغاچ باردۇركىم، تۆمۈر بىرلە ئىلمەكنى ئانىڭ ئۇچىغە بەركىتىپدۇر. شۇبۇ ھەر پەدىن ئۆزگە جەڭ قىلغالى يەنە بىر ھەر پەنى بىلمەس ئېردىلەر. بۇ ھەيئەت بىلەن يەسالىنى تۈزۈپ، مىڭ كىشى ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرىغە رۇبەرۇ بولدىلەر. ئۇلەردىن بىرى ئاداۋەت مەيدانىغە كىرىپ، ئۆز رەسمىدە سۆز ئەيتىپ، قان توككەلى مۇبارىزنى تىلەر ئېردى. بۇياندىن ھەم بىر خاراتەن كوھى ئەفكەن مەيدانىغە كىردى. لېكىن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا تولا يەرلەردە دۇشمەنلەردىن گەردىنى چىقارىپ، كۆككە يەتكۈرگەن ئېردى. ئەمما مۇنىڭ جىسمىنىڭ ئەندازەسى ھەممە مەيدانغە كىرگەن ھەرىپچە بار ئېردى ۋە لېكىن مۇنىڭ ئاۋازەسى ئانىڭدىن ئارتۇغراق ئېردى، ئۆزى فىل پەيكەرىدەك، مىنەدۇرغان مەركەبى كەركەدان ئېردى. مۇبارىزلەر ئاراسىدا لەقەبىنى رەئىد دەر ئېردىلەر. ھەممىشە تاشلار ئىچرە ماكان تۇتار ئېردى. شىرى غىررانىدەك مەيدانغە كىرگەندە ھەرىپى ھەم ئانىڭ تەرەفىگە مايىل بولۇپ، بىر بىرىگە يېتىشكەن زامان بارچە تاغدەك جەڭ ئىشىغە تۇرۇشتىلەر. بىر بىرىگە ھەددىدىن فۇزۇن زەربىلەرنى ئۇرۇپ، ھونەر بىلەن زەربىلەرنى رەد قىلىپ يۈردىلەر. ئاقىبەت ئول ۋەھشى زادە دىۋەۋەش مۇنىڭ تەرەفىگە ئىلمەكلىك تۈبرۈكنى سالىپ، ئىلمەك مەھكەم بولغاچ مەركەبىدىن تارتىپ ئالىپ، ئىككى قولىنى ئارقەسىغە باغلاپ، ئاتىنى ھەم دەرھال ئىلمەك بىلەن تۇتۇپ ئالىپ، ئۆز خەيلىغە تاپشۇرۇپ، يەنە بىر مۇبارىز تىلەپ، نەئرە ئۇردى. يەنە مۇندىن بىر يۈرەكلىك مۇبارىز مەيدانغە كىردىكىم، بىلگە قىلىچ باغلاپ، قەبا يەڭلىغ مەركەبىغە مىنىپ، گۇياكى بىر تاغ ئۈززە بىر ئەژدەرھا مىنىپدۇر. ئانىڭ لەقەبى مۇبارىزلار ئاراسىدا قەئئەرا دەپ ئېردىلەر. مەشرق زېمىنىنىڭ قىرۋان يېرىدە تۇغۇلغان ئېردى. ئول ۋەھشى ئەھرەمەننى كۆرگەچ ئاتىنى سۈرۈپ، رۇبەرۇ بولغاندا، ئول ۋەھشى ئانچە كۆزگە ئىلماي، ئاداۋەت ئوتى ئۆرلەپ، گاھى ئول ئاتقە تېگمىش

www.uyghurkitap.com



قىلىپ بۇ يانىپ، گاھى بۇ قوغلاپ ئۇل يانىپ، گاھى رۇبەرۇ ھەملەلەر قىلىشىپ بىر - بىرىنىڭ زەربىنى رەد قىلۇر ئىردى. ئاخىرى ئۇل ۋەھشى زادە ئانىڭ دادىنى بېرىپ، تابىنى ئالدى. ئىگىنىگە ئىلمەكنى سالىپ، ئاتىدىن تارتىپ ئالىپ، قارا تۇپراققە چالىپ، دەرھال رۇست باغلاپ، خەيلىغە يىبەرىپ، دەرھال يەنە بىر مۇبارىز تىلەدى. يەنە بىر مۇبارىز مۇندىن كوشىش بىلە كىرگەچ ئۇل ئىككىسىدەك ئەسىر قىلدى. يەنە بىرى ھەم مەيدانىغە كىرگەچ ئانى ھەم بەند قىلدى. ئەلغەرەز ئون ئۈچ نامدار مۇبارىزلارنى كىرىبتار ئەيلەپ، يەنە نەچەند پەھلىۋانلارنى يەتكەن زامان ئەسىر بولدىلەر. ھەر نىچۇك مۇبارىز ئانىڭ ئالدىدا ئاجىز بولۇر ئىېردى. ئۇل دىۋەۋەش مەيداندا مۇبارىز دەپ قىچقارغاندا، ئەلنىڭ كۆڭلىدە خوۋف پەيدا بولۇپ، مەيدانغە كىرەلمەس ئىېردى. بۇ ئىشىدىن ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە ئىزتىراپ زاھىر بولۇپ، ئۇل مۇددەئىنىڭ قەۋىلىقىدىن مۇبارىزلەرغە ھۆكۈم قىلالماس ئىېردى. ئۇل ۋەھشى دىۋەۋەش بۇيان باقىپ تۇرۇپ، ھەر نىچۇك بەھۇدە سۆزلەرنى دەپ تۇرار ئىېردى. ئىسكەندەر بۇ ئىشدا نامۇسدىن غۇسسەلەرنى يەر ئىېردىكىم، بۇ شۇملاردىن بىرى مەيدانغە كىرىپ، مۇنچە ئىشلارنى قىلسە، مۇبادا بارچەسى ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، ئاندا نىچۇك قىلغايمىز. گاھى كۆڭلىدە ۋەھشەت پەيدا قىلىپ، ئۆزىنى توختاتىپ، يۈزمىڭ خىيال كۆڭلىگە يىتىپ، تەكەللۇف بىلەن تەبەسسۇم قىلۇر ئىېردىلەر ۋە لېكىن ئۇل دىۋەۋەش يانماي شور غەۋغا پەست قىلماس ئىېردى. بىناگاھ ئۇشۇر ھالدا بىر چابۇك سۇۋارىشتاپ ئەيلەپ، چىنى نىقابىنى ئارەزىغە يايىپ، قۇياشدەك كۆك تۆمۈردە غەرق بولۇپ سىپەھرى ئۇززە ماھى تاباندەك، يەر ئۇززە سىماپ مەسەللىك ئاتىغە چىنى يوپۇغىنى يايىپ، ئۆزى شور ئاتغە مىنىپ، قولدا پىچان كەمەندىنى ئالىپ شەققەئى چىنىنى دوبۇلغەسىدە قويۇپ، ئاتىنى يوگۈرتۈپ، خۇنرىزلىق تەرىقىنى كۆرگۈزۈپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغە كېلىپ، يۈزىنى يەردە قويۇپ ئەرىز نىيازىنى بەجا كەلتۈرۈپ، يانىپ ئۇل ۋەھشى دىۋەزادىغە يۈزلەندى. لېكىن ئانى ئىسكەندەر باشلىغىن خەيلى سىپاھلاردىن ھېچكىم تانۇماي مەخفى ھەممەلەرى ئانىڭ ئۈچۈن غەم يەپ، ئاھلەرنى قىلدىلەركىم، بۇ نەۋ زىبا يىگىت ۋەھشىنىڭ ئالدىدا ئاجىز بولۇپ دەپ، دەرىغلەرنى قىلدىلەر ۋە لېكىن ئۇل يىگىت مۇددەئى بىلە ئانداغ جەۋلان قىلدىكىم، رەخشى چەرخ گەردانغە گەرد چىقارىپ، شىتاپ ئەيلەپ، ئەھرەمەننىڭ جىسمىغە ئىزتىراپ سالىپ، ئۆزىنى ئانىڭ قوللابىدىن ئاسراپ، بىرى بىرىگە چەرخى دەۋۋاردەك فەرىپلەرنى كۆرسەتىپ، فۇركاردەك چۆرۈلۈپ، گاھ شۇك بولۇپ، ئۇل مۇددەئى بۇ يىگىتنىڭ چابۇكلىكىدىن فەج مۇردە بولۇپ، مۇزتەر بولغاندا، بۇ يىگىت پىچان كەمەندىنى ئانداغ تاشلىدىكىم، بويىنى بىلە بىر قولىنى رۇست باغلاپ، دەرھال ئىسكەندەر تەرىفىگە سۆدرەپ تېنىنى ناتەۋان ئەيلەپ، تۇپراق ئىچرە سالىپ، ئاتىنىڭ ئاياغىدا پايمال قىلىپ، شىر غەررانىدەك ئاتىدىن تۈشۈپ، شەھ ئالدىغە كەلتۈرۈپ، تىيىر تۇفراقدىن چىقارىپ بەركىتىپ، تەئزىمات بەجا كەلتۈرۈپ تۇتتى. ئىسكەندەر بۇ ئىشدىن خۇش بولۇپ، ئۇل غۇسسەدىن كۆڭلىنى پاك ئەيلەپ، دەرھال مەئرىكىدىن يانىپ، ئۆز جايىدا تۈشۈپ، لەشكەرنى بەركىتىپ، گەرد غۇبارىدىن

ئىلىك يۈزىنى يۇپ، مەجلىس ئەھلى بىلەن بەزمىنى تۈزۈپ، دىۋەۋەشىنى تۇتقان زىبا
يىگىتنى تەلەپ قىلدى. ئۇل يىگىت ئىشكىدىن كىرگەچ، مەجلىس ئەھلى ئاڭا مەدھى-
سانالەرنى ئەيتىپ، مۇبارەك بادلىق قىلدىلەر. ئىسكەندەر ھەم بويىنىنى قۇچاغلاشىپ
ئۇل يىگىت ھەم ئىسكەندەرنىڭ ئاياغىنى ئۆپۈپ، يۈزىنى يەردە قويۇپ، ئىسكەندەر
ھەم ھەددىدىن ئەفزۇن ئىنايەت بىلەن باشىدىن جەۋاھىرلەرنى نىسار ئەيلەپ، لۇتفى
كەرەملەرنى ئاشكارا قىلىپ دىدىكىم، ئەي نىقاپدار دۇشمەننى ئەسىر قىلغۇچى، ۋەھشىنى
شىكار ئەيلەگۈچى ئۆزۈڭنى ئاشكارا قىلغىلكىم، شەۋقىڭدىن ناتەۋان بولۇپدۇرمىز. ئۇل
ھەم جامالىدىن نىقابىنى ئالغاندا، گويا يەر ئاستىدىن ئافتاپ تەلئەت تولۇئ قىلىپدۇر.
ئىسكەندەر كۆرۈپ تانۇدىكىم، ئۇشۇل چىنى نىژاد شەخى ختاي نىهاد چابۇك دىۋەزادە-
دۇركىم، خاقان ئانى ئىسكەندەرغە بىسيار تەئرىف بىلەن ئايىنە بىلەن تۇتۇپ ئىبردىكىم،
ھۆسنى ئىچرە خۇرشىد تاباندەك، خۇش ئاۋاز تەئرىفلىقىدا نەزەرى يەنە جەڭ مەيدانىغە
كىرگەندە گىنە جۇلەرنى بەندىغە تارتادۇر. ئىسكەندەرغە بۇ سۇفەت خۇش كەلمەي،
ئاڭا ئىلتىپات قىلماس ئىبردى ۋە لېكىن ھۆسنى جامال قىلغان تەئرىفىدىن ھەددىدىن
زىيادە ئارتۇق ئىبردى ۋە لېكىن جەڭ مەيداندا، كىرىپ قىلغان ئىشنى كىشى بىلمەس
ئىبردى. بۇ ھەم بىر مەھەلنى ئىستەر ئىبردىكىم، بۇ يەردە جەڭ بولغاندا، ئىسكەندەرنىڭ
ئالدىدا جانىنى نىسار ئەيلەپ، ھۈنەرىنى ئاشكارە قىلغاي. بۇ كۈن كۆردىكىم، دۆلەت
ئىشىغە خەلەل يەتىپدۇر. ئۆزىنى مەيدانغە سالىپ، جەۋلان بىلەن دۇشمەننى ئەسىر
ئەتتى. ۋەقتىكى، ئىسكەندەر بىلدىكىم، خاقان تىزتقان ئۇل خۇرشىددەك چىنەنژاد پەرى
پەيكەردۇركىم، ئاڭا تەڭرى تەئالا بۇ نەۋئ سۇفەت بىرىپدۇر، دەپ شۈكرى ئىلاھا
بەجا كەلتۈرۈپ، ئاڭا ئافرىنلەر قىلىپ دىدىلەركىم، جامالىغە نىقابىنى ياپسۇنكىم، كەچ
بولغاندا، قۇياش تولۇئ قىلمايدۇر. تۇرماي شەبىستانىمىغە خىرام ئەيلەسۇن. ئۇل ھەم
شەبئى شەبىستاندەك ئىنىڭ خاس جايىغە كىردى. ئىسكەندەر مەجلىسىنى ئارەستە ئەيلەپ،
مەي بىلەن نەغمە ئەسبابىنى مۇھەييا ئەيلەپ، كاۋۇسنىڭ رەسىم-قائىدەسىنى تۈزۈپ،
تەرەپ بىلە كۆڭلىنىڭ كامىلىنى ھاسىل قىلىپ، جامى مەينى نۇش ئەيلەدى. ۋەقتىكى
جامى مەيدىن دىماغى قىزىپ، تەرەپ بىلە بادە ئاياغى باشىغە چىقىپ، مەجلىس ئىچرە
ئۇل ۋەھشى دىۋەۋەشىنى تەلەپ قىلدىكىم، ئانىڭدىن سۆز سوراغاي. دەرھال ئانى
كەلتۈرۈپ كۆردىلەركىم، مۇنداغ جىسمىنىڭ شەكلى ھېچكىمدە بولماغاي، ئەئزالەرنى
مەھكەم باغلاپ، زار بولغانىنى كۆرۈپ، ئەئزاسىدىن غۇللەرنى زەنجىرلەرنى ئالىپ، كۆڭلىنى
تىنچ قىلىپ، ھۆرمەت بىلەن تەختنىڭ ئوتراسىدا مەقام بەردىلەر. ئۇل بىسيار تائاملارنى
كەلتۈرۈپ، غىزا بىرلەن شاد ئەيلەدىلەر. يەنە ھەم جامى مەي جىلۋەگە كەلتۈرۈپ،
ئانى مەيدىن سەرخۇش قىلىپ، ئاياقچى ئىككى دەۋر مەي تۇتۇپ، ئىسكەندەرنىڭ
ئىلتىفاتىدىن كۆڭلىنى خۇش قىلدى. يەنە ھەم گىيانى قەدەھ چىنە
تۇتتىكىم، جانىغە يۈزمىڭ خۇرسەندلىك يەتكۈردى. ئىسكەندەر ھەر ئىلتىفات قىلغاندا،
قوپۇپ ئانىڭ ئالدىدا باشىنى قويار ئىبردى. ئىسكەندەر ھەم نەۋازىشلارنى قىلىپ، ئىلتىفات
كەمەندىنى بويىنىغە سالدى. ئۇل ھەم نۇش قىلىپ، بى ئىختىيار بولۇپ، يەر ئۆپۈپ،
بۇ كالامنى ئاشكارا قىلدىكىم، مەن بىر ۋەھشىدۇرمەن، ئانامدىن ئانالارىم ۋەھشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېلىپدۇر، ئانداغ تىلىم يوقدۇركىم، دەدىي سەناھىگىنى لايىقىدا ئادا قىلغايمەن ۋە لېكىن بىر سۆزۈم باردۇر، ئەگەر ئانى بايان ئەيلەگىل دىسەڭ، بايان قىلۇرمەن. ئىسكەندەر دېدى، ھەر نىچۇك كالامىڭ بىرلە مۇرادىڭ بولسە، ۋەھشەت تارتماي دېگىل. ئول ۋەھشى جامى مەيىنى تولا نۇش ئەيلەگەچ دېدىكىم، سەندىن ماڭا بىسىيار نەۋازىشلار يېتىپ ۋە لېكىن قولۇمدىن مۇنچە ئىش كېلۇركىم، ئالدىڭدا ئۆلگۈنچە خىزمەتىڭدە بولۇرمەن. جانابىڭدىن بىردەم ئايرىلماي، خىلاف ئىشنى قىلماسمەن. بىلگىلكىم، مەن بۇ خەلقنىڭ خانىدۇرمەن. كېچە ۋە كۈندۈز ئۇلارغە نوكھبانلىق قىلىپ ئاسرارمەن. لەشكەرىڭنى چۆملىلەردىن زىيادە كۆرۈپ دېدىكىم، قەۋمىمغە ۋە خەيلىمغە يولماسۇن دەپ، ئۇلارنى ئاياپ، ئۆزۈم مەيدانغە كىرىپ، ئانداغ ئىشلارنى قىلىپدۇرمەنكىم، ئۆزۈڭ كۆرگەن بولغايسەن. ئەمدى ماڭا سائادەت ئىشى ھاسىل بولۇپ، جانابىڭغە ئەسىر بولۇپدۇرمەن. سىياسەت قىلىچىنى ماڭا سۇرمەي، مۇنچە ئىنايەت كەرەملەرنى قىلىپدۇرسەن. ئەگەر ئىجازەت بەرسەڭ، بارىپ پات - فۇرسەتدە يانىپ كەلگۈمدۇر. ئانىڭ ئۇچۇنكىم، قەۋمىم ۋە خەيلىمدا مېنىڭ ئۇچۇن ماتەم ۋاقىئە بولغاندۇر. سېنىڭ دۆلەتىڭ بارىنى شاد ئېتىپ، غەم ۋە غۇسسەدىن ئازاد قىلغايمەن. ئىسكەندەر ھەم ئاڭا ئىشارەت بىلەن بارۇرغە بىشارەت بەردى. ئول ھەم يەر ئۆپۈپ، ئۆزىنى پەست ئەيلەپ، شىر غەررانەدەك يەردىن قوپۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلۇغ - ئۇششاقلار ئىسكەندەرنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرۈپ، ھەر - بىرىنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش يېتىپ ۋە لېكىن ھېچكىم سۆز دېگەلى ھەد تاپمادى. ئەھلى ھىكمەتلەر ھەم بۇ ئىشدىن تەئەججۇپ قىلدىلەر ۋە لېكىن ئىسكەندەر ئول ئەندىشەدىن پەرۋا قىلماي شاد ۋە خۇشال ئېردىكىم، نەچەند ئىقبال ھەر نېچۈك بىشارەت بەرسە، ئانى قىلۇر ئېردى ۋە لېكىن ھەركىمگە ئۆز ئىشىدىن بىر گۇمان پەيدا بولۇپ ئېردى. ئىشىك ئەھلىغە شورى شەئب تۈشكەن زامان ئول ۋەھشى دۈۋەش كىرىپ كەلدى. ئەسىر قىلغان پەھلىۋانلارنى ھەم ئۆزى بىلە بارىنى كەلتۈرۈپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا پېشكەش قىلىپ، ئىككى قۇلاقىنى تۇتۇپ، يۈزىنى يەردە قويۇپ، ئۆزىنى قۇللارنىڭ ئاراسىدا قىلىپ تۇردى. ئىسكەندەر بۇ قىسسەدىن ھەددىدىن ئارتۇق شاد بولۇپ، ئاڭا لۇتفىلەر بىلەن ئىلتىفاتلارنى ئاشكارا قىلىپ، ئەسىر بولۇپ خالاسلىق تاپقانلەرنى خاس بەزمىغە ئالدى. ئۇلەر تەرەفىگە لۇتفلىق بىلەن قارالاغاندا كۆردىكىم، بىرى بەرق بەر بەرى ئېردى. ئىنايەت قىلىپ، ھەممەلەرى بىلەن قۇچاغلاشىپ، ئىستەشىپ ۋىسالغە مۇشەررەف بولدىلەر. بارچەسى ۋەسلىدىن ئاشۇفتە ھال بولۇپ، ئول ئاخشام مەيخانلىق قىلىپ، مەست بولۇپ ئۇيقۇلاپ قالدى.

**ساقىنامە:**

ئاياقچى بۇدەم تۇت ماڭا بىر ئاياغ،
كى ھىجراندىن ئۇلدى مۇشەۋۋەش فىراغ.
زامانە بولۇپ دەفئ قايغۇ ماڭا،
مەگەر سائەتى كەلگەي ئۇيقۇ ماڭا.
مۇغەننى سۇرۇدى ۋىسال ئەيلە ساز،
كى ھىجراندا كۆپ تاپتى جانىم گەداز.

ئانىڭدەك كى ئول قەۋم تاپتى ۋىسال،
ماڭا ھەم نەسىپ ئەيلەگەي زۇل جەلال.
ناۋايى ۋىسال ئادەمى كامدۇر،
ھاياتى ئەبەد ۋەسل ئەييامدۇر.
قاچان ۋىسال تاپساڭ نەسىپ ئۇرمادىم،
ئەگەر بىردەم ئۇلگۇنكىم تۇت مەفتەنىم.

## مەجنۇن ھكايەتكم، فراق ئاغرلقدن ئۆزنى تاغدن تاشلاماق تلەدى ۋە لەيلى نامەسى ئلك ۋە قاسدى كەمەردن تۇتۇپ تاشلاماقغە قويمادى

ئەفسانەدۇركم، مەجنۇن سۆزگەداز بلەن نەچچە ۋەقت لەيلدن يىراق تۇشۇپ، ئانىڭ دەرد فراقدن تىنىنى سزغۇرۇپ، مۇھەببەت ئوتنىڭ شۆئلەسى غەم يەپ، جاندن كەچكەي ئىردىكم، بۇ كۈن نەجد تاغغە چقىپ، ئۆز ھالغە بۇ نەۋئ ئلاج كۆردىكم، ئۆزنى ئول تاغدن تۆبەن تاشلاغاي، ئانىڭ ئۈچۈنكم ھجرە ئچرە تاقەتى قالماي، لەيلدن يىراق بولغاننى دشۋار بلىپ، مەجنۇنلۇقنى باشلاغايكم، ئۆلگەننى ھجر بدادىدن ياخشراق بلىپ، جۇنۇنى غالىپ بولۇپ، تاغ ئۈستدە كېلىپ، ئۆزنى سەرنگۈن قلىپ، ئول تاغدن تاشلايدۇرغان ھالدا بىر قاسد كېلىپ لەيلى فۇتۇپ يىبەرگەن نامەنى مەجنۇنغە بەردى. ئول نامەنى كۆرۈپ، ئول قزغان سۆزگەدازى ساۋۇپ قالىپ مەھۋى بولۇپ، ئول تاغنى ھەم ئۆزنى ئۇنۇتتى. ئول نامە ئاڭا تۇمار بولۇپ، ئۆلۈمدن قۇتقاردى. نەچچە يىل ئانىڭ بىرلە خۇرسەند بولۇپ، كۆڭلنى خۇش قلۇر ئىردى. نامە بىرلە ئۆلۈمدن نجات تاپسە، ۋسال بلە ھاياتى ئەبەد ھاسل قلسە ئەجەپ ئىمەسدۇر.

## ھكمەت ئسكەندەرنىڭ ئارستۇدن سوئالى

ئول بابداكم، يالغۇزلۇق موجب جەمئيەتدۇر ۋە جامائەت موجب تەفرقە بەس ندن ھجرى تەرەددۇددۇر ۋە ۋەسلى مەھبۇب يەنە ئسكەندەر دانا ئارستۇدن سوئال قلدىكم، ئەي ھكم جەمئيەت غەۋغاسنى ئەھلى خرەدلەر مەنئى قلۇرلەر. بەئزى ئاقللار نە ئۈچۈن جەمئيەتنى خۇاھش قلۇرلەركم، جەمئيەتغە مەشغۇل بولماقنى تەفرقە پەيدا بولماقنىڭ بائسى بلۈرلەر مۇنداغ بولغاندن ياخشراق ئولدۇركم، تەبئى ئەھلدن يىراقلقنى ئختيار قلغاي، ئەھلى ھۇشلەر ھەمشە ھجرانغە تالب بولۇپدۇرلەر. مەئلۇم ئەمەسكم نى ۋەجھدن ئادەمنىڭ تەبئى ۋەسلغە راغبدۇر. ئارستۇ تەئەممۇل بلەن ئسكەندەرغە بۇ نەۋئ نۇكتەدانلق قلدىكم، ئەگەر ئاقللار ئەقل بلەن جەمئيەتنى مەنئى قلسەلەر ئشق ئچرە ئەقل ئاشقنىڭ دۇشمەندۇركم، ئشق قايسى ئشنى مەقبۇل تۇتسە، ئاڭا ئەقلنىڭ مەنئى قلماقى سۇد بەرمەس. خالايققە ھەر ئشدا ئەقل خرەد قانچە رەھنەمالق قلسە ۋە لېكن ئشقدن ئاشۇپ پەيدا بولسە، خرەد ئەھلى خەيلى ئاندا پايمال بولغۇسدۇر. يەنە ئەھلى دانشلار بلۈرلەركم، ئنسانغە جاندن ئەزز نمە يوقدۇر ۋە لېكن ئشق زەمرەسدا جانانىنى ئۆز جاندن ئارتۇقراق كۆرەرلەر. ئەگەرچە جانسز بولماق ئۆلۈمدن بولسە ۋە لېكن جانانسز بولماق ئۆلۈمدن يامانراقدۇر. بەدەندن كمەرسەنىڭ جانى جۇدا بولغان چاغدا، ئەلبەتتە تەبئغە مۇشەققەت بولغۇسدۇر. كمەرسەنى جاندن ئەززراق بلسە، تەڭ ئىمەسكم، ئۆز جاندن ئانى مەھبۇبراق بلگەي دەپ، ئسكەندەرغە جاۋاپنى بەردى. ئسكەندەر ھەم بۇ نۇكتەدن ئارستۇنىڭ جانغە ئافەرنلەر ددى.

**ئىسكەندەرنىڭ مەغرىپ دىيارى فەتھىدىن سوڭرە رۇم دىيارىغە ئەزم ئەتكەندە يەجۇج زۇلمىدىن قىرىۋان نەۋاھەسى خەلقىنىڭ تەزەللۇم قىلغانى ۋە ئانىڭ ئول بەلا زەھمىنەسىنى بىر كىتكەلى سەدتەرھى سالغانى**

بەس مەھەندۇۋەش مىئمارلەر ۋە ھەندىسە ئايىن سەنگكارلەر شەھابگىردار رەخنە بىرلەسەد ئورنىغە رەڭ تۆكمەك ۋە ئەتتارى خىيال ئۇستادلەر ۋە زۇھەل ئاسار ھەددادلاركەج ئورنىغە يۈردى. روھى مەھلۇلىدا ھەك يىرىگە فۇلاد مەقسۇل قۇيۇپ سەد ئۇچىن فەلەك تاقىغە يەتكۈرگەنلەرى.

ئول ئۇستاد رەقەم سەنج بۇ نەۋئ كاغىز فەۋرىغە سىياھىدىن مۇشكىنى يازدىكىم، ۋەقتىكى ئىسكەندەر مەغرب زېمىنىنىڭ بارچەسىنى ئالىپ، ئو شۇل بول ئەجىب دىۋەۋەش گورۇھىنىڭ ئەسىر بولغان خانىغە ئىسكەندەرنىڭ لۇتفى دەستىگىر بولۇپ، ئول ھەم ئىتائەت قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ قۇللۇقىنى خەلقى بىلەن قوبۇل ئەيلەپ، فەرمان بەردار بولدىلار. ئاندىن كېيىن ئىسكەندەر دىدىكىم، ئول چۇمۇللەرنى ھالاك قىلماقىغە لەشكەر ئاتلانىپ، چىركەنى تۈزۈپ، ئانداغ غەۋغا سالسۇنكىم، ئول دەشتدە چۇمۇلە جىنسىدىن بىرى ھەم قالماغاي ھەم ئول ۋەھشى دىۋەۋەشلەر دىدىلەركىم، ئەي شاھى گەردۇن ئاساس ئۇلار بولماي بىزنىڭ جايىمىز ئىمىن ئەمەسكىم، نوكھبانىمىزدۇرلەر. قۇلاق سالغىلكىم، ئاجايىپ ئىشلار بىزدە باردۇر، ئون كېچە - كۈندۈز ئۇيقۇلاماي، ھەرتەرەف بارىپ كېلۇرمىز ۋە ھەر ئىشنى قىلۇرمىز. يەنە ئون كېچە - كۈندۈز ئانداغ ئۇيقۇغە بارۇرمىزكىم، ھەرنىمەدىن بىخەبەر بولۇرمىز. ئول چۇمۇللەر ئۇيقۇغە بارۇر چاغىمىزدا، بىزگە قورغان بولادۇرلەر، خالايىقدىن ھېچ كىمەرسەنى ئوڭ - سول تەرەپدىن بىزگە يېقىن كەلتۈرمەيدۇر.

ئىسكەندەر بۇ ۋاقىئەنى ئاڭلاپ، بارماس بولدى. چۇمۇللەرنىڭ قەتلىدىن ئۆتتى. يەنە ئىسكەندەر ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ئىككى تاغىنى كۆرمەككە ئىختىيار قىلغاندا، ۋەھشى قەۋم دۇئا ئەيلەپ دىدىكىم بۇ مۇددىئانى قويغىل، ئاندا بارماق مۇمكىن ئەمەسدۇر. بۇ يەردىن ئول ئىككى تاغقەچە ئون كۈنچۈلۈك يول باردۇركىم، بىز ئانىڭ بار يېرىنى بىلۇرمىز. لېكىن كۆرمەك بىلەن ئاندا مۇرادىنى تاپماي يانارمىز. ئۇلۇغلارىمىز ھەم ئۇشبۇ ھەسرەت بىلەن ئۆتۈپدۇرلەر، يولدا خەتەرلەرى باردۇركىم، بارغان كىشىگە زەرەرلەرى بولادۇر. يەتتە كۈنچۈلۈك يولدا سۇ تاپىلماي، ئۈنگەن گىياھلارى ھەم زەھەردۇر، ئىسىغ يەلى ئانداغ يىتەدۇركىم، يۈز جاندىن بىرى ھەم قالمايدۇر. ئانى بادى سەھۇم دەرلەر، يەنە قالغان ئۈچ كۈنچۈلۈك يول باردۇركىم، ئول دەشتدە يىلانلارنىڭ ھەددى - نىھايەتىنى تەڭرى تەئالادىن ئۆزگە بىلمەس، بارچەسى ئىككى تاغنىڭ ئالتۇن - كۈمۈچىنى ساقلايدۇر، بۇ يىلانلارنى كەفچە دەفئى ۋە جەئفەرى دەرلەر، يەنە ئاندا بىر قىسىم يىلان باردۇركىم، ھەرنىچۈك ئادەمنىڭ كۆزى ئول يىلانغە تۈشسە، شول زامان ئول ئادەم ھالاك بولادۇر، مۇنداغ بالالاردىن ئۆتمەك مەھالدۇر، دەپ بۇ سۆزنى قىلغاندا، ئىسكەندەر ئول تەرەفكە بارماقنى تەرك قىلدى.

يەنە دىدىكىم، ئول تەرەفكە بارماقدىن مۇرادىمىز تاماشاھ قىلماق ئېردى، ئالتۇن - كۈمۈش مۇراد ئەمەس ئېردى، ئەگەر ئانىڭ يولى تاماشاھ قىلغالى خەتەرلىك بولسە، ئانى تەرك قىلماغلىق ئۇلادۇر دەپ تاماشاسىدىن توختاپ، بۇ خەلقغە ئىلتىفاتلىق بولۇپ، بارچەسىغە

كەرەم بىلە ئىنايەتلەرنى قىلىپ، ئۆز ماكانىغە ياندۇردى. لېكىن نەچچە كىشى مۇلازىم قىلىپ،
ئۆز ئاسراپ، مۇھابەت ۋە ھەشەمەت ئۈچۈن ئىشكىدە ساقلادى.
ئەلقىسسە، ئىسكەندەر مەغرەب زېمىننى ئاباد قىلىپ، يەنە شىمال تەرەفىگە ئەزم ئەي-
لەپ، دەريالار ۋە تاغلار ۋە دەشتلەرنى كېزىپ، رۇم شەھرىغە كەلگەي. ئەمما ئول چىنى
زاد پەرىۋەشكىم مەيداندا يولبارسلارنى يىقىتۇر ئېردى. ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە ھەم شەۋ-
قىنى سالىپ، زۇلفىنىڭ تەۋقىنى ئانىڭ بوينىغە چىگىپ مەھبۇبىنىڭ بولۇپ ئېردى. ئانىڭ
بىلە جۇرئە نۇش بولۇپ، ئۆز مۈلكىگە خۇشھال بولۇپ بارۇر ئېردى. گۈزەرگاھى روس دىيارى
بىلە فەرەڭ دىيارى ئېردىكىم، ھېچيەردە توختاماي، مەغرەب زېمىن بىلە شىمال تەرىپىنىڭ
ئوتراسىدىن ئۆتەر چاغدا بىر جامائەت فاراكەندە بولغان ئادەملار كېلىپ، ئىسكەندەرغە داد
دەپ، زۇلۇم ۋە بىدادلىقىنى نالەلەر چېكىپ، مەئلۇم قىلدىلاركىم، شاھا جاھاندار بولۇپ،
قەدرىڭ چەرخى گەرداندىن ئۆتۈپدۇر. جاھان مۈلكىنى، بۇ ئالەم ئەھلىغە ئەدل بىلەن ئاباد
ئەيلەپ، شاد قىلىپدۇرسەن. دىيارىكى ئەدلىڭ ئاڭا يەتمەي، ئانىڭ خەلقىنى شاد قىلماپسەن.
بۇ دىيار بىلەن بىز نەچچە زار بولغان بىچارەلەردۇرمىز. ئىسكەندەر ئۇلارنى تەرەھھۇم
بىلە سوراپ دېدىكىم، بۇ كىشۋەر نى ۋەجىدىن خاراپ بولۇپ ئىكەن، ئەلگە نە ئىشدىن ئىز-
تىراپ تۈشۈپدۇر؟ ئول بىچارەلەر دېدىكىم، بۇ يۇرتنىڭ بىر ھەددى قىرۋان سەرھەددىدۇركىم،
ئول يۇرت مەغرىبىغە يېقىندۇر، بۇ يەرنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ ئاراسىدا بىر تاغ ھاسىل بولۇپدۇر،
تۇرادۇركىم، ئول تاغنىڭ ئول يۈزىدە ئافەتلەر باردۇر، ئول ئافەتدىن نارى زۇلماتدۇر.
خەبەر بەرگۈچى يەنە دېدىكىم. زۇلماتنىڭ بىر ئۇچى بۇ يەرقەچە يېتىپدۇر. يەنە بۇ تاغنىڭ
ۋە زۇلماتنىڭ ئاراسىدە بىر دەشت باردۇركىم، ھەرقايداغ راھبەر ئول تەرەفكە راھبەر بول-
ماسكىم، جەھەننەمنىڭ دەشتىدۇر، يەئجۇج خەلقىغە قارار گاھ بولۇپدۇر، ئول يەئجۇجلەر بىز-
گە بالا بولۇپ، ئانىڭدىن ھەرتەرەف فاراكەندە بولۇپ قاچارمىز. تەڭرى تەئالا ئۇلارنى
قەھرىدىن خەلق ئېتىپدۇر. بىسيار شەھەرلەر ئۇلەردىن زۇلۇم كۆرۈپ، ۋەيران بولۇپدۇر.
ئۇلەرنىڭ ئىشلارىدىن ئەقلى لال بولۇپ ۋەسفىغە، كەلمەس. تولالىقىنىڭ ھەددى يوقتۇركىم،
ئەدەدغە كەلمەس. ھەرقايسىنىڭ ساچى بىلەن قەددى ياپىلىپ دۇركىم، بەئزەلەرنىڭ قەددى
بىر غەرىش، بەئزەلەرنىڭ قەددى ئون غۇلاچ، ئول ساچىنى بەدەنلەرىگە لىباس قىلىپدۇر.
ھەربىرىنىڭ ئىككى قۇلاقى يەرگە يېتىپ، نىجىس بەدەننى قۇلاقلەرى بىلەن ياپىپ، قول-
لارى غولنىڭ قوللارىدەك، تىرناقلارى دىۋەنىڭ تىرناقىدەك يامان، يۈزلەرىنىڭ رەڭگى سېرىغ
كېلىپ، ئول يۈزىنىڭ تۈكى قىزىل، كۆزلەرى مايمۇننىڭ كۆزىدەك، بۇرۇنلارىنىڭ ئىچىنى
تىلى بىرلەن ئېرتىپ، ئاندىن لەززەت ئالىپ، خۇرسەند بولۇرلەر. تۇنگۇزدەك ئاغزىدىن ئىككى
تىشىنى چىقارىپ، ئانىڭ بىرلەن يەرلەرنى قازىپ، قازغان يەرلەردىن قىيامەتغىچە گىياھ ئۈنە-
مەس، ئەگەر سۆزلەسە، يامان دەشنام بىلەن كالام قىلۇرلەر، لېكىن بارچەسىنىڭ ئاغزى ئى-
ئەكىنىڭ ئۇچىدا باردۇر. تىشلەرىنىڭ ۋە ئەركەكلەرىنىڭ ئەمچەكلەرى يەرغىچە ساڭگۇلاپ
تۇرادۇر. ئول تاغنىڭ ئىككى يۈزى ئانداغ سىلىق كېلىپدۇركىم، ھېچنىمە ئاڭا ئىلىنمەس،
ھېچنىمە ئاندىن ئۆتمەسكىم، ئول تاغدىن بۇيان كىشى ئۆتكەي، يا مۇندىن ئۇيان ئۆتكەي.
كوھى قاپىغە مۇتتەسىلدۇركىم، قاپ تاغىغە ئېتەك بولۇپ، مەئجۇجلەرغە ئاندا ماكان بولۇپدۇر.

ئۇشۇل تاغنىڭ بۇ ياندىن بىرشكاف زاھىر بولۇپدۇركىم، يەئجۇجلەر ئۇل شكافدىن چىقىپ، يىلدا ئىككى مەرتەبە چۆمۈللەرنىڭ خەيلدەك كېلىپ، بىزنىڭ شەھەرىمىزنى، دەشت ـ باياباز لارىمىزنى بەرھەم بېرىپ، ئىمكانسىز زۇلۇم تەئەددى قىلۇرلەر. كېلۇر چاغىنى بىلىپ جۇدايى ۋەتەن بولۇپ، قاچماقنى ئىختىيار قىلۇرمىز، تاغلار ۋە ۋادىلاردە ئاۋۋارە بولۇپ يۈرۈرمىز، تاپقان نەرسەنى ئالىپ، كىشۋەرىمىزنى ۋەيران قىلىپ، ئادىملارنى يەپ، چاھار پايلارىمىزنى سۈرۈپ، يىمەك ئۇچۇن زەخىرە قىلىپ، زۇلمىدىن بارچەمىز يوق بولدۇق دەپ، شاھىنە قىلغان ئەرزىمىز بۇدۇر. ئىسكەندەر دىدىكى، ئۇل گورۇھ قاچان سىزلەرنىڭ تەرەفىگە كېلۇرلەر، سىزلەرگە نىچۇك مەئلۇم بولادۇركىم، كەلمەسىدىن ئىلگىرى قاچىپ كېتەرسىزلەر ۋە بىچارەلەر دىدىكىم، تاغنىڭ ئۇل ياندا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ تەرەفىنە يۈرگەندە، ئانىڭ گەردىغۇبارى فەلەككە يىتىپ، ئاشكارا بولغاندا، ھەر تەرەف كېتەرمىز. ئىسكەندەر دىدىكىم، ئۇل ئىش قاچان بولۇر؟ ئۇلار ئەيدى، بىر نەچچە ۋاقىت ئۆتۈپ كېلەدۇرغان چاغى يىتەدۇر. ئىسكەندەر مۇنى ئىشتكەچ، ئانىڭ ئىلاجىنە ھەۋەس قىلدى. ئۆزى ئۇل يەردە ئارامگاھ قىلماقغە مەھكەم بىر يەرنى تاپىپ قويدى. بىچارەلەر دىدىكىم، جىنابىدا بىر ئىش ۋاقىئە بولماغاي، ئەگەر بىزنىڭ راھەتىمىز بولماسەمۇ، خالايىقنىڭ زەرەرىنى ھەم خاھلامايمىز، شاھى ئالەم مۇندا ماكان قىلماسۇنكىم، ئۇلارنى جاھان ئەھلىدەك بىلمەگەيلەر. بىناگاھ ئۇل خەۋفنىڭ بىرى يەتسە، لەشكەرىنىڭ يۈزى يا مىڭى ئانىڭ ئالدىدا ھىچدۇر. بۇ كىشۋەر ئۇلاردىن ۋەيران بولۇپ، خالايىقنىڭ قانىغە تەشنادۇرلەر. ئىسكەندەر دىدى، بىزگە قايغۇ قىلماڭلەر ۋە لىكىن سىزلەر بۇ كىشۋەردە تۇرماي، نەرسە ـ كېرەكلەرىڭلەرنى يىلدام توشۇپ، ھىچنىمە قويماي ئالىپ كېتىڭلار. تەڭرى تەئالاغە تەۋەككۇل قىلىپ، بۇلارنىڭ فىكرىنى قىلۇرمەن. ئۇلارھەم يۇرتىنى تاشلاپ كۆچۈپ چىقتىلەر ۋە لىكىن ئىسكەندەر كۆچمەي، فەرمان قىلدىكىم، ھەرفەرىقە ئۆزىنىڭ تۇشىدا چام سالىپ قازسۇنكىم، بىغايەت چوڭقۇر بولغاي. لەشكەرى ھەم فەرمانىنى تۇتۇپ، ئانداغ يەنە كىشلەرىنىڭ فەرەڭ، روس، شام، رۇمىنىڭ ۋە ئۆزگە تەرەپكە يىبەرىپ، بارچە نازۇك خىيال ئۇستادلارنى، سەنگى تاراش، ياغاچچى ـ خەرراد، مىسكەر، تۆمۈرچى ۋە ئۆزگە ھەرقىسىم ئۇستادلارنى سەرەنجام بىلەن نەچچە يۈزمىڭ تىۋەلەرغە سەرەنجامىنى يۈكلەپ، بارچەسى جەددى ـ جەھەد بىلەن مۇندا ئالىپ كەلسۇنلەر. ئىسكەندەرنىڭ ئىلتىفاتى بىلەن ھەممەسىنى تەييار قىلىپ، كۆڭۈل خاھلىغاندەك كېرەكلىك ئۇستادلار بىلەن مۇھەييا بولدى. ئىسكەندەر ئۆزى ئاتلانىپ، ئۇل تاغنىڭ ئىتەكىغىچە چىقىپ، ئىككى يۈز سەنگى تاراشلەرنى ئۇل تاغنىڭ ئىتەكىدىن تاش تاختەلەرنى كەسكەلى قويۇپ، ئۇلار ھەم كېسىپ تەييار قىلۇرلەر. سەد باغلاغالى تامام سەرەنجام ۋە ئەسبابلارنى يىغدىكىم، ئانى تەسەۋۋۇر قىلغالى بولماس. ھەممەسى تەييار بولغاندا، بىر تىزە گەردغۇبار ئاشكارا بولدىكىم، ئالەم قاراڭغۇ بولۇپ بىلدىلەركىم، يەئجۇجنىڭ كەلگەنىنىڭ نشانەسىدۇر. تامام خالايىقنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇل خەندەكنىڭ ئىچىگە سولاپ، يەنە تامام ئۇلاغلار ۋە جاندارلارنى ھەم ئاندا مۇھاپىزەت ئۇچۇن سولاپ قويدىلەر لىكىن بەش مىڭ ئىشەنچلىك مۇبارىزلارنى يەئجۇجلەرنىڭ ئارقەسىدا پىنھان قويۇپ تاكى يەئجۇجلەرنى شكار ئەيلەپ، فەيسەل بەرگەيلەر. بۇلار ئىچرە ئۇل ۋەھشى دىۋەۋەش بار ئىردىكىم، خەندەك ئەھلىنى مەزبۇت ساقلاغالى قويۇپ

ئېردى. بۇ هالەتدە يەئجۇج خەيالغە ئانداغ ئۇردىلـەركىم، قىلىچ ئاسـتىدا تولاسىنى هالاك
قىلدى. يەئجۇج بۇلارنىڭ غالىپلىقىنى بىلىپ، دەريايى شورغە مەۋج پەيدا بولغانـدەك هەمە-
مەسى تۇش - تۇشدىن قاچىپ كەتمەي، بۇلارغە يۈزلەنىپ ئانداغ جەڭ بولدىـلەركـىم، بۇلار-
نى هەم تولا خەلقلەرنى هالاك ئەيلەپ يەپ كېتەر ئېردىـلەر. ئاخشامـغـچە جەڭ قىلـىپ،
تولا سپاهلارنى هالاك قىلدىلەر. بۇلارهەم ئۆزىنى خەندەك ئىچىگە ئالىپ، يەئجۇجلەر قوغلاپ
خەندەككە يەتكەندە، دىۋەۋەشلەر ئايرىلىپ، يەئجۇجـنىڭ ئالدىغە چىقىپ، فەرب بېرىپ، جەڭ
قىلماقنى تەرك ئەيلەپ، يەئجۇجلەر هەم تاغلار ۋە سەهـرالارغە ياندىـلەر. تاڭ ئاتـقۇنچە
غەۋغا سالىپ، تەلبەئىت مەسەللىك ئاغزىدىن شالى ئاقىپ، ئىت تۈكىدىن هەم زىيادەرەك ئېر-
دىلەر. ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا سپاهـلار هازىر بولۇپ، غايىـپ بولغانـلارغە مۇسـىبەت تۇتۇپ،
بىسيار دىشۋار ئاشفىتە قالدىلەر. لىكىن پۇشايمانلىق هىچ ئىسىغ بەرمەدى. كۇشىش قىلماقغە
هىچ يول تاپالماي، زۇرۇرەتدىن دىدىلەركـىم، بىر نەچچە كۈن تەهەممۇل قىلـىپ، قىلادۇر-
غان ئىشنى ئالدىراماي شايدكى قىـلۇرمىز. شۇم يەئجۇجلەر مۇندا تۆئىمە تاپالماي، ئۆز ماكا-
نىغە يانىپ كەتمەككە كەلگەن يول بىلەن كەتكەيلەر. ئاندىن كېيـىن بىر ئىشغە ئىلاج قى-
لالمايمىز. ئەمما بۇلار دىگەندەك يەمەك ئۈچۈن يەئجۇجلەر ئاجىز كېلىپ، بارچەسى كەلگەن
يولغە يانىپ، دەررە ئىچرە سىغماي، هەر تەرەفدىن كىرىپ كەتتىلەر. بۇلارغە يۈزلەنگەن ئاۋۋە-
رەلىقنى ئۇنۇتۇپ، تەهەممۇل بىلەن ئىسـكەندەر دانالارنى ئۆزىگە هەمراه قىلـىپ، كېڭەشىپ
ئاتلاندىلەر. دانا ئۇستادلار هەم بىـللە يۈرۈپ، بارچەسى ئول دەررە تەرەفـىگە ماڭدىـلەر.
ئول دەررەگە يەتكەندە كۆردىلەركىم، ئىككى تەرەپدە ئىككى تاغ باردۇركىم، ئەل دىگەندەك ناما-
يان بولۇپ تۇرادۇرلەر. ئىككى تاغنىڭ ئاراسىدىن تار يېرىنى تاپىپ كۆردىلەركىم، ئارغامچىلار
بىلەن هەر تەرەفدىن چاغلاپ، تار يەرىنى ئون مىڭ گەز چاغلاشتىلەر. مۇنەججىملەر ياخشى
سائەتنى تاپىپ، ئىسكەندەرغە مەئلۇم قىلدىلەر. ئىسكەندەر دەرهال ئاتلانىپ فەرمان قىلـىپ،
سەرەنجام قىلغان ئەسبابلارنى تۆكتىلەر. ئىسكەندەر هەم تۇشۇپ، ياخشى سائەت تاپىپ سەد-
نىڭ ئەۋۋەلىنى قويۇپ بەردى. مىڭ يەردە دۇكان راستلاپ، كۆرۈكلەرنى مۇهەنـدىس ئۇس-
تادلار فۇسۇنسازلىق بىلەن ئىشلارنى تۈزۈپ، بارچە ئۇستادلار كەجنىڭ ئورنـىدا هەفتەجۇش
ئېرىتىپ يەرگە قۇيۇپ هەفتە جۇشنىڭ ئۈستىگە ياساغان تاشلارنى قويۇپ، مانـدەك ئۇستاد-
لار قويغان هەفتە جۇش بىلەن تاشلارنى ئۆز جايـىغە كەلتۈرۈپ قويار ئېـردى. يەنە ئانىڭ
ئۈستىدە هەفتە جۇش بىلەن تاشلارنى قويۇپ ئېردىـلەر، ئول يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئونمىـنىڭ
گەز، توغراسى بەشيۈزگەز، بۇ ئىشنىڭ تۆپەسىدە نەچچەمىڭ تۆمۈرچى ۋە گىلـكار ۋە ئۆزگە
ئۇستادلار بار ئېردىـكىم هەفتە جۇش بىلەن ياساغان سەدنى ئانـداغ مەهكەم ئەتتىـلەركىم،
بىر قىل پاتقۇنچە شىكاف قويمادىلەر. يەنە ئۆزگە مەردىكارلەرنىڭ هەددى - هىسابى يوقدۇر-
كىم، قىياسىغە راست كەلمەس. بۇ جاهان خەلقى ئالتە ئايغىـچە كېچە ۋە كۈنـدۈز ئىشـلەپ
سۈرەتىنە كەلتۈرۈپ، يەنە نەچچە مىڭ سەنئەتكار ئۇستادلارنىڭ دانالارى ئىهـتىمام ئەيـلەپ،
سەددى ئىسكەندەرنى ئەنجامغە كەلتۈردىـلەر. ئەهلى تارىخـلارنىڭ قولى بىلەن ئول سەدنىڭ
بۇ تەرەفدىن تۆپەسىگە چىققالى ئىككى زىنەپاي ياسادىلەر يەنە تۆتۈردىن بۇرجـلارنى قويۇپ
ۋە كەڭرەلەرنى ئېتىپ مەهكەم ئورناتتىلەر. يەنە ئىككى تەرەفدىن ئىككى جاي ياسادىلاركىم
نۆكەربانلەر ئۈچۈن ماكان قىلـىپ، سەنـگ باران قىلـماق ئۈچۈن تاشـلارنى ئانـدا تۇشۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نەچچە يۈز كىشىنى ئۇل سەدنى موھافىزەت قىلماق ئۈچۈن تەئىين قىلىپ قويدىلەر، ۋەقتىكى تەييار بولدى خۇدائى ئالەمىيانغە ئىسكەندەر سەجدەئى شۈكرانە بەجا كەلتۈرۈپ، بۇ ھالەتدە يەئجۇجلەر دەشت ـ ۋادىلارغە رۇستە خىز سالىپ، ئۆز ۋاقتىدا كېلىپ كۆردىلەركىم، ئاندا بىر سەد پەيدا بولۇپدۇر. تىشـلەر ۋە تىرناغـلەر بىلەن قانـچە جەددى ـ جەھەد قىلـىپ، سۇست بولۇپ ھالىدىن كەتتىلەر. ئىسـكەندەرنىڭ ئەمرى بىلەن ئىـسكەندەرنىڭ لەشكەرى ئۇلارنىڭ باشىغە تاش ياغدۇرۇپ، ئۇلار تاشدىن يەرگە تۈشۈپ، قانچە غەۋغاسى فەلەككە يېتىپ، ئىسىغ بەرمەي، ھالاك بولماقدىن قالغانلەر ئەندىشەلـىك بولۇپ، سۇد تاپالـماي ياندىـلەر. خۇدانىڭ بەندەلەرىغە قىلغان زۇلۇملارنىڭ ئەۋزىنى فەلەكدىن كۆردىـلەر. كىمەرسە كىمەرسەگە قىلسە، ئاسماندىن ئەگەر تاش ئەجىب ئەمەسدۇر، نەچچە قاتلا ئۇل يەئجۇجـلەر مۇنداغ كوشىمالنى تاپقاندا، ئۇل تەرەف باقماقنى خىيال قىلـمادىلەر. بۇ قائىدە بىلەن ئىسكەندەر يەئجۇجنىڭ دەفئى ئۈچۈن سەد قىلىپ، خاتىرنى جەمئ ئەيلەپ، سىپاھـلار بىلەن ئەسـلى ۋەتەننى ياد ئەيلەپ خىرام قىلدى. نەچچە كۈن باياباننلار ۋە دەشتلەرنى كېزىـپ يەنە ھەم رۇم تەخـتىنى مەنزىلگاھ قىلدى.

**ساقىنامە:**

كەتۈرساقى ئۇل جام تەۋۋى شىكەن،
كى كۆڭلۈمگە تۈشمىش ھاۋايى ۋەتەن.
تىلەرمەن كېزىپ رەبئ ئەتلالنى،
دىسەم رەنج غۇربەت داغى ھالىنى،
مۇغەننى چۈ تاپتىم مەقامىمدا كام،
تۈزەت كام ئىلە سەن داغى بىرمەقام.

قىلىپ فەھىم ئۇل ئاھەڭنىڭ رەڭگىنى،
يانا تەرك ئىتەي سىر ئاھەڭگىنى.
ناۋايى ۋەتەن مەنزىل ساڭا،
بۇ مەنزىلدىن ئامانە ھاسىل ساڭا.
كى ھەركىمگە بار ئىردى يارى قەرىن،
بولۇپدۇر ئەدەم سارى غۇربەت كەزىن.

**ئۇل كەبۇتەر ھىكايەتىكىم، پادىشاھنىڭ قەسرى زەرنىگار جەننەتىدىن قۇتۇلدى. ۋە ئۇل ۋەيرانەدىن پەراغەت كۈنجى تاپمادى**

بىر ئەفسانە ئىشتتىمكىم، نامە بىركە بۇتەربىر ئاشىقنىڭ نامەسىنى مەئشۇقغە يەتكـۈزۈرـمەن دەپ ھاۋا تۇتۇپ، غۇلاچلاپ ئۇچار ھالدا، بىر پادىشاھنىڭ قەيدىغە تۈشۈپ، قاناتلارىغە نەقىس يېتىپ، فەلەك گەردىشىدىن زۇلۇم تەككەچ، نەچـچە يىلغـىچە خانەكور ئەيـلەپ بەند قىلغان ئىردى. ئەگەرچە بەند قىلغان جايى جەننەت ئاسا بولسەمۇ ئانىڭ نەزەرىـدە زىنداندىن ئارتۇقـراق ئىردى. بىر كۈنى ئۇل يەردىـن خالاس بولۇپ قاچىـپ، خۇرسەنـد بولۇپ، ھاۋا تۇتۇپ، ھەر تەرەف نەزەر سالىپ، ئۆزىـنىڭ دىـيارىـنى كۆرگەچ سەئى بىلەن نەچـچە كۈنچۈلۈك يولنى باسىپ بىردەمدە يېتىپ كەلدى. دەۋران زۇلمىـنىڭ ئىنقىلابـىدىن ئۆزىـنىڭ ئۆيىنى كۆردىكىم، ۋەيران بولغان ئىردى. ئانى تاپالماي ۋە لىكىن ئۇچاردىن ھەم قاناتلارىنى ياپماس ئىردى. خالايىق ئاڭا دام قويۇپ، دان ساچىپ تۇتۇپ ئالارمىز، دەپ قانچە سەئى قىلدىلەر، بۇلارغە ھىچ ئىلتىفات قىلماي، قانات ئۇرۇپ، ئۆز تامىنى ئىزدەپ، ئېھتىيات بىلەن

نەچچە دەۋر قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇزۇلۇپ قالغان تامىدا ئولتۇرۇپ شاد بولدى. ئەگەر ئۆزىنىڭ ئۇلفەت ئالغانى بۇزۇق ۋەيران بولسە، شاھىنىڭ ئالتۇن قەسرىسىدىن ئۇلاراقدۇر. ھەقىقەت نەزەرى بىلەن باقساڭ، قۇش مۇرەسسەئ قەفەسىدىن يەتكەن ئاشيانىسى خۇشراقدۇر.

**ھىكمەت ئىسكەندەرنىڭ ئارستۇدىن سوئالى ئول بابداكىم، تەبىئىيەت ۋەتەندە ئام ۋە مەئلوف ۋە مەسكەندە ئارام جەھەتى نە بولغاي ۋە ئانىڭ جاۋابى**

يەنە ئىسكەندەر ئارستۇدىن سورىدىكىم، ئىشرەت فەزارى زىننەتلىك ئىمارەتنى ئادىمىنىڭ تەبىيىتى خۇش قىلىپ رەغبەت قىلغاي ئىردى لىكىن نەچچە بۇ ئىشىدا تەفەككۇر قىلىپ باقسام ئادىملار مۇنداغ ئىشنى خوشلاماي، ئاڭا راغىپ ئىمەسدۇر. ئەگەر ئۆزىنىڭ زىندانىدەك بۇزۇق كۆابەسى بولسە، نەزەرىدە باغ رىزۋانچە باردۇر. بۇ ئىشنىڭ مۇنداغ بولماقىنىڭ ھىكمەت تەرىقىن بايان ئەيلەگىل. ئارستۇ دىدى، بۇ بابدا ھەرتەرىقە گۇفتىگۇ بىسيار قىلدىلەر ۋە لىكىن ھىكمەت ئەھلىنىڭ مۇددەقىقلەرى بۇ بابدا موتتەفىق بولۇپدۇر. دىدىلەركىم، ئادىملارنىڭ تەبىئى بىر نەرسەگە ئادەت قىلسە، ئانى تاپقاندا شاد بولغۇسىدۇر. ئاڭا ئوخشە گەدالەرنى ئادەت بولغان كۇنجى ۋەيرانەنى تەلەپ قىلۇرلەر ھەم مۇئتاد قەسىر ۋە ئايۋانلارغە راغىپدۇرلەر، بۇ ئىش تەكەللۇف بولماس. ھەركىمەرسەنىڭ تەبىئىغە بىر نىمەرسە ئادەت بولسە، ئول ئادەتنىڭ زىيادەلىقىدىن ئادەت ئەينى تەبىئى بولۇر. مۇئەييەندۇركىم، ھەركىمەرسەنى ئۆز تەبىئى ئۆزىگە تارتقاي. مۇنداغ بولماق ئىختىيارى ئەمەس، بەلكى، تەڭرى تەئالانىڭ قىسمەتىدۇر. ھەرقايىداغ كىشى بىر يەرنى خاھلاپ تەبىئى بىلەن ئانىدا ئۇلفەت ئالغان بولسە، ئۇلفەتنىڭ مىقدارىچە ئول يەرگە مەشغۇل بولۇر، دەپ جاۋاپ بەردى. ئىسكەندەر ھەم ئاڭلاپ خۇش بولدى.

**ئىسكەندەرنىڭ قۇياشدەك جاھانگىرلىكىدىن سوڭرە دەريا دىيارى فەتھ ئۇچۇن ئارزۇ كىمەسىگە كىرىپ، ھەۋەس باربانىن تارقاتقانى ۋە ھۆكما ئىتتىپاقى بىلە رۇم دەرياسى ھەلەمىدە ئالەم مۇلكىنىڭ ماھىر تۇججارلەرىنى يىغىپ كىمە تەربىيەتىغە ئەمىر قىلغانى ۋە ئۈچ مىڭ ھىلال قەۋس مانەند قۇرۇۋالغانىدىن سوڭرە مەھجۇر ئاساتىر بىرلەن ئۇلارغە قاتتىغ يادىن چىققان ئوقدەك راۋانلىق بەرمەكلەرى ۋە ئانىڭ ئول سەفىنەلەردە مەۋج خۇتۇتىدىن تۇججار فەتھ نامەسىن ئوقۇغانى**

بۇ بەھرىنىڭ گۆھەر فەشان غەۋۋاسى سۆز گۆھەرىدىن مۇنداغ نىشان بەردىكىم، ئىسكەندەر تامام ئالەمنى ئالىپ يەنە رۇم شەھرىنى قارارگاھ ئەيلەپ، نەچچە كۈن ئۆز ۋەتەنىدە شاد بولۇپ بىقەدەر ئىمكان نىشاتلارنى ئەيلەپ، ئافتاپدەك يۇزىدىن شەرەف بۇرچى يەكلىغ ئۆز يۇرتىنى مۇنەۋۋەر ئەيلەدى. ھەر تەرەفنىڭ خەلقى ئەيىش تاپىپ، ئىشرەت قىلدىلەر ۋە لىكىن رۇم خەلقى ئۆزگەچە شاد بولۇپ، بىر ـ بىرىگە مۇباھات قىلۇر ئەردىلەر. ئىسكەندەر

www.uyghurkitap.com



نەچچە ۋەقت دىلئارام بىلەن جامى مەينى نۇش ئەيلەپ، خاتىرىغە يەتكۈرۈر ئەردىكىم، ئۇل خالىق پەرۋەردىگاردىن تەۋفىق رەفىق بولۇپ، جاھانگىرلىك ئىھتىمامىنى ئەزم ئەيلەپ، جاھاننى ئالدىم، ئالەمنىڭ ئاجايىپلارىنى مەخپى يا ئاشكارا ۋە ھەر غارايىپ جانىۋارلەرنى يانە باتى ۋە كانى ھەر قىسىم سۈرەتلەرنى تەڭرى تەئالا كۆرسەتىپ، بارچەسىنىڭ تاماشاسىنى قىلىپدۇرمەن، يەر يۈزىدە ۋۇجۇد تاپقان نەرسەلەر نەزىرىمدىن ئۆتتى ۋە لېكىن دەريايى سەيرىنى قىلماي، ئانىڭ ئىچىدەكى ئاجايىپلارىنى تاماشاھ قىلمادىم دەرلەركىم، دەريانىڭ كەنارەلەردە ۋە جەزىرەلەردە بىسيار ئاجايىپ ۋە غارايىپلار باردۇر. دەريايى موھىت ئىچرە بەھەد ۋە بىھىساپ مەخلۇقاتىنىڭ تاماشاسى باردۇر كىم، ئانىڭ ھەقىقەتىنى ئەقىل فەھم قىلماس. خۇدايى ئالەمىيات بۇ ئالەمنى ماڭا مۇسەخخەر ئەيلەپ، بارچە ئىشنى ماڭا قۇدرەت بېرىپدۇر. ئەگەر ئانىڭدىن ئاگاھ بولماسام، ئۆزگەلەرنىڭ مېنىڭ بىلە فەرقى بولماس. لازىمدۇركىم، بۇ يەر ئۈزرە قۇرۇقلۇقنىڭ دەريانىڭ ئەھۋالاتىدىن ئاگاھ بولغايمەن. ئەگەر بەخت دەۋلەتىم ياردۇرلىك قىلسە، يۈرۈپ بارچەلەردىن ئاگاھلىق تاپقايمەن، قۇرۇقلۇقنى خىزىر بىلەن يۈرۈپ، تاماشاھ قىلدىم، ئەمدى ئىلياس بىلەن سۇغە قەدەم قويغايمەن، دىگەندە ئانىڭ كۆڭلىگە بۇ ھەۋەس پەيدا بولۇپ، ھەرگىز ئانىڭدىن بۇ ھەۋەس كەم بولماي، بۇ ئەندىشەدىن دىماغىغە جۇنۇن يۈزلەندى. ئانى بىلىپ دانىشمەندلەرنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزگە ئۇلۇغلارنى ھەم ئالىپ كېلىپ، بەزم ئارەستە قىلىپ، كۆڭلىدىكى ئىشنى ئاشكارا ئەيلەپ، بار-يوقىنى ئايان ئەيلەدى. ئەھلى بەزملەر دىدىكىم، كۆڭلى دەريايى سەيرنى ھەۋەس قىلادۇر. ئانىڭ مەنئىغە سۆز سۆرگەندە، مەئقۇل جاۋابى بىلەن رەد قىلدىكىم. ئاقىللار ئاجىز بولۇپ، رىزا بەرمەكدىن ئۆزگە ھېچ تەدبىر تاپمادىلەر. بارچەسى مەئبۇل تۇتۇپ، دۇئا ئەيلەپ دىدىلەركىم، تەڭرى تەئالا كۆڭلۈڭگە بۇ مۇددىئانى سالدى، ئۈمىد ئولكى ئول زات بىنىياز لۇتف ئەيلەپ، بۇ ئەزمىڭىزغە سىزنى كامكار قىلغاي، دەپ ھەممە خاسئاملار ئىسكەندەرنىڭ ئەمرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى بۇلاردىن خۇش بولۇپ، دەرھال ھۆكۈم قىلدىكىم، ئۇستادلار كېمەنى يونارغە مايىل بولۇپ، لازىملىق سەرەنجامىنى ئالىپ، ئون ئۈچمىڭ كېمەنى تەييار قىلغايلەر، ئانىڭدىن مىڭ كېمەنى ئىسكەندەر بىلەن خاسلەر ئۈچۈن بولغاي. يەنە مىڭ كېمەنى ئەركان دۆلەتلەر ئۈچۈن، سەككىز يۈز كېمە باھادۇر مۇبارىزلەر ئۈچۈن، ئىككى يۈز كېمە بازار قىلماق ئۈچۈن، مىڭ كېمەنى خاسلەر ئۈچۈن فەرمان قىلىپ ئېردى لېكىن ئانىڭدىن يۈز كېمە چوڭ جاھازە بولسۇنكىم، ھەربىرى بىر شەھەردەك تەرتىپ تاپسۇنكىم، ھەركىشىنىڭ ھاجەتى ئاندا راۋا بولغايكىم، مەھەللەلەر ۋە كوچەلەر ۋە چاھار سۇلار ۋە بازارلار ۋە ھويلىلار ۋە سارايلار ۋە مەدرەسەلەر ۋە مەسچىدلەر ئاندا بولغاي. يەنە ئۈچ يۈز كېمە بولسۇنكىم، ھەر-بىرىدە مىڭ سىپاھى ئاتى ۋە سەرەنجامى بىلەن ئاندا ماكان تۇتقايلەركىم، سەككىز يىلغىچىلىك كېرەكلىك ياراغى بىلەن بولغايلەر. يەنە ئىككى يۈز كېمە ئۇلاغلەر ئۈچۈن بولسۇنكىم، شايەدكى بىر كەنارەگە چىققاندا، لازىم بولغاي، يەنە يۈز زورق بولسۇنكىم. ھەربىرى سۇ ئۈزرە بادى سابادىن يىلدام يۈرگەي بولغاي، يەنە ئىككى مىڭ كېمە تەييار بولسۇنكىم، زىبۇ-زىننەت بىلەن تەرتىپ بېرىپ، ھەشەم ئۈچۈن بولغاي، دەپ فەرمان قىلغاندا، ئالەم ئەھلى قوبۇل تۇتۇپ، نەچچە مىڭ نەججار ياغاچچى، خاررادلەر بىنەزىر ئۇستادلەر ئىش تۇتۇپ، ياغاچ كەسكەلى تۇردىلەر.

ھەرتەرەفدىن سەرەنجام كېلىپ، ئۇستادلار ئارام ئالماي قىلغالى تۇردىلەر. بۇ ئىشنى قىلىنان
كىشىلەرنىڭ مەنزىلى رۇم دەرياسىنىڭ كەنارەسىدە بولدى. ئون بەشىنىڭ كامىل ئۇستادلەردىن
يەنە ھەم شۇنچە شاگىردلەردىن ھەم مەغدۇرنىڭ بارىچە سەيئى ئېتىپ كېچە ۋە كۈندۈز
ئىشلەدىلەر. يەنە ئۈچ مىڭ كىشى تۆپەسىدە تۇرۇپ سەئيى بىلەن بولدىلەر. ئول كەنارەدە
ئانداغ شور سالدىكىم، گوياكى رۇم دەرياسىغە جۇش تۈشۈپدۇر. بۇ يەكىلىغ ئون يىلغىچە
ئىشلەپ، ئۈچ مىڭ كېمە دەرياغە كىردى. ئەۋۋەل تەئيىن تاپقاندەك، ھەركىم ئۆز كېمەسىدە
ئورۇن تۇتۇپ، نەچچە يىللىق يول ئەسباپىنى سالىپ، ھەركىم خاھلاغان نەرسەنى كېمەگە
ئالىپ دىگەنىدەك كېمەلەرنى ئارەستە قىلدىلەر، ئىسكەندەر دەريا مەسەللىك بەلكى چەرخ
مۇئەللا مەسەللىك ھەركەت تاپىپ، مەملىكەت ئەھلى بىلەن خەيرباد قىلىپ، نەۋازىش بىرلە
خالايىقنى شاد قىلدى. ھەرەم ئەھلىلەرى بىلەن ۋىدائلاشىپ ئاتلاندى. توختاماي بادىپايەنى
سۈرۈپ، رۇم دەرياسىنىڭ كەنارەسىگە يەتكەندە، جىلاۋنى تارتىپ تۇردى. شول ھالدا ئەھلى
ھىكمەتلەر ئۇستۇرلابنى ئالىپ، ياخشى سائەت ئۈچۈن توختادىلەر. ئىسكەندەر خالايىققە باقىپ
دىدىكىم، ئەي خالايىق خىزمەتىمنى قىلىپسىزلەر، بۈگۈن سىزلەرنىڭ يىراقلىغىدىن كۆپ مالال
بولۇپدۇرمەن. ئەگەرچە سىزلەردىن يىراق بولسام، ۋە لىكىن بارچەلەرىڭىزدىن ھەددىدىن
فۇزۇن سىزلەردىن رازىدۇرمەن، تەقدىر ئىلاھىدىن ماڭا مۇنداغ سەفەر تۈشۈپدۇر، ھەرنىچۈك
سۆزدەپ ئېيردىم، قۇلاق تۇتۇپ قىلىڭلار. ئەگەر ئاخىرەت ئۈچۈن، يا دۇنيا ئۈچۈن، يا يۇرت ئۈچۈن
ھەربىرىڭىزنى تەئيىن قىلىپدۇرمەن، ئول ئىشدىن تاشقارى چىقماڭلار، مېنىڭ سۆزۈمنى كۆڭلۈڭ-
لاردا ساقلاپ، ياخشىلىق بىلەن سالامەت بولۇڭلار، گاھى بىزنى دۇئا بىلەن ياد قىلىپ،
شوبۇ خىزمەت بىلەن بولۇڭلار. ئىسكەندەر بۇ سۆزنى دىگەچ، جەمئى خالايىقلار فىغانلارنى
فەلەككە چېكىپ، يۈزلەرىگە كۆز ياشىدىن دەريالار ئاقىتىپ، دۇئا خەيىر قىلىپ دىدىلەركىم،
ھەريەردە بولساڭ سالامەت بولۇپ، نىشات بىلەن قايان بارساڭ، تەڭرى تەئالانىڭ پاناھىدا
بولغايسەن، مۇندىن ئۆزگە ياخشى - يامان دىگەلى ھەددىمىز بولماس، يىراقلىقىڭدىن غەم
يىمەكدىن بۆلەك ئىشىمىز بولماس، تاكى جانىمىز بار قىلغان ئەمرىڭدىن بەقەدەر ئىمكان
چىقماسمىز، بىزدىن دۇئادىن ئۆزگە كەلمەس، دىگەندە ياخشى سائەت تەۋلۇد قىلدى. ئىسكەن-
دەر ئۇستۇرلابغە نەزەر سالغاچ، دەرھال ئۆزىنى كېمەگە ئالىپ، ئارامگاھ قىلدى. قۇياش
ھوت بۇرجىغە تەھەييۇل قىلغاندا، بولۇتدىن يامغۇر ياغقاندەك خالايىقنىڭ كۆزىدىن ياش
تۆكۈلدى. ۋەقتىكى ئىسكەندەر كېمەگە كىردى. ئارقاسىدىن تامام لەشكەرى خىرام ئەيلەپ،
ئون ئۈچمىڭ كېمەگە كىرىپ، لازىملىق نەرسە - كېرەكلەرنى سالدىلەر. كېمەلەر تولۇپ بولغان-
دىن كېيىن كېمەچىلارغە ھۆكۈم بولۇپ، دەريادا كېمەلەرنى سۈرۈپ، دەريايى مۇھىت
جەنبىشىغە كىرىپ، ئانداغ سۇ ئۈزرە ئۇلۇغ شەھەر نامايان بولدىكىم، زېمىن زامان كۆرمەگەن
بولغاي. بۇ سۈفەت بىلەن شاھ ئىسكەندەر يۈرگەندە، دەريا كۆكسى چاك بولۇپ، پارە - پارە
بولۇر ئېيردى. بۇ نەۋ مېھمان دەريايى مۇھىتغە كىرىپ، دەريايى مۇھىت ھەم مېھماندارچىلىق
قىلماق ئۈچۈن بىر تەرەفدىن سەدەفلەرنى يىغىپ، بارچە دەريالارنى ئاشكارا قىلىپ، بارچە-
سىنى مېھمانغە نىسار قىلغالى ئىسكەندەرنىڭ باشىدىن فىدا ئەيلەپ ساچتى. كىمەرسەنىڭ
مۇنداغ مېھمانى بولسە، جانىنى ھەم فىدا قىلسە ئازدۇر.

www.uyghurkitap.com



ساقىنامە:

ئاياقچى كىتۇر جامى مەيدۇر مىسال،
كىبەھر ئىچرەدۇر شاھى دەريا نەۋال.
ماڭا تۇتكىل چۇن نۇش ئەيلەي تەرەب،
كى دەريا كەبى بولماسام خەشكى لەب.
مۇغەننى تەرانە تۇزەت رىختە،
ھەزىن كۆڭۈلگە لەئىنى ئامىختە.

كى ئەشكىمنى تۆككەي ئەشك نابدەك،
بويۇرغاي ماڭا چەرخ گىردابدەك.
ناۋايى تەلەپ قىل تەرىقى فەنا،
كى سۇ ئۇزرەدۇر دەھىر ئۆيىگە بەنا.
كۆڭۈلنى بۇ ئۆي بىلە شاد ئەيلەمە،
ھۇباب ئۆيىگە ئىئتماد ئەيلەمە.

ئىسكەندەرنىڭ سىركمادىن دەريايى بارىيار ۋەسفىن سوئال ئەتكەنى ۋە سۇقراتنىڭ
گىريەئى ئەرىز دەۋرىدە سوڭگى نەۋئى ئىھات قىلغانىن شەرئى قىلغانى ۋە موھىت
ئەتىرافىدا يەتتە ئەخزەر دەرياكىم، يەتتە چەرخ خىزرادەك شور ئەڭگىز
بەلكى خۇنرىزدۇر تەقسىم ئەتكەنى، ئون ئىككى مىلك جەزايىركىم
خالداتدىن دۇرمۇنقەسىم قىلغانى ۋە بەھرى ئابشەرھىدىن ئەلگە
تەھەييىرات سالىپ ۋە ئەنۋار ماجراسىدىن بەھرىدەك
سايىلنى خەشكى لەبلىقىدىن سىراپ قىلغانى

ئىسكەندەر دەرياغە كىرگەن كۈنى، ئەھلىنى يىغىپ، مەجمەئ تۈزۈپ، بارچەلەرىغە دىل-جۇيلۇق قىلىپ، دەريانىڭ كەيپىيەتىنى بايان قىلىڭلاركىم، دەريايى موھىت يەر ئۈزرە نە تەرىقە باردۇر. ئەھلى ھىكمەتلەر دىدىلەركىم، سۇقرات بايان قىلسۇن، ئەھلى ھىكمەتلەرنىڭ ئۇستادىدۇركىم، كۆڭلىدە ھىكمەتدىن ئۆزگە يوقدۇر. ئىسكەندەر ئانىڭدىن سۆز سوراپ، ئىلتىماس قىلغاندا، سۇقرات مۇنداغ جاۋاپ بەردىكىم، يەر يۈزىنىڭ ھەيئەتى مەددۇرانى ئول قادىر دانا قۇدرەتى بىلەن بىر نىمەدە بەند قىلغاندۇر، لىكىن ئول بەند سۇ ئىچىدە پىنھاندۇر، ئۇچۇق يېرىنى جاھان دەرلەركىم، ئاباد يەرلەرى، تاغلار ۋە دەشتلەرى باردۇر. ئانى رۇبئى مەسكۇن دەرلەر ۋە لىكىن ئانىڭ چۆرەسىنى سۇ ئىھاتە قىلىپ يەتتە ئىقلىم ئاندادۇر، ئول-ھەم ھەممەسى ئۇچۇق ئەمەسكىم، ھەر تەرەفدىن سۇ كىرىپدۇر. ئول مۇھىتكىم فەلەك مۇتتەسىل كېلىپدۇر. ئانىڭدىن يەتتە دەريا رۇبئى مەسكۇنغە ھەرتەرەفدىن كىرىپ، ئاباد يەرلەر ۋە تاغلار ۋە دەشتلەرغە دەخلى باردۇر. يەنە ئون ئالتە دەريا باردۇركىم، ئانى بەھرات دەرلەر. ھەر - بىرىنىڭ ئۆزگەچە بىر ئاتى باردۇر. يەنە ھەم يۈزدىن ئارتۇغراق دەريالار باردۇركىم، خالايىق ئۇلاردىن مەنفەئەت ئالۇرلەر. تۆرتى مەشھۇردۇر، گەھكى دەرياسى، ھىرات دەرياسى، فرات دەرياسى، نىل دەرياسى بۇ تۆرت دەريادىن ئالەم ئابارلىقغە يېتىپ، خالايىق خۇر-سەندۇرلەر ۋە لىكىن بۇ دەريالارنىڭ مەنفەئى بۇلاقدۇر. ئول يەتتە دەرياكى ئۇلاردىن شەھەرلەر ۋە جەزىرەلەر ئاباد بولۇپدۇر. ھەممەسى دەريايى مۇھىتدىن ئايرىلۇر. بىرى رۇم فەرەك دەرياسىدۇركىم، ئالتە يۈز شەھەر بىلەن جەزىرەلەر ئانىڭدىن ئاباد بولۇپدۇر. ئىككىنچى دەريانى مەغرىپ دەرياسى دەرلەركىم، مەشرىق بىلە شىمالنىڭ ئارالىقى ئاباد يەرلەر، بىرمىڭ جەزىرە مەشھۇردۇر. ئۇچۇنچى دەرياسى زەنگى بىلە ھەبەش دەرياسىدۇركىم، مىڭ ئۈچيۈز

جەزىرەلەر باردۇركىم، ھەددىدىن فۇزۇن ھاسىللىقدۇر. تۆرتۈنچى دەرياسى، دەريايىھىندۇ دەر-
لەركىم، ئانىڭ ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز ھاسىللىق جەزىرەلەرى باردۇركىم، ئانىڭ شاخچەسى
قۇلزۇم بىلە ئۇمان كېلىپدۇرلەر. بەشىنچى چىن دەرياسىدۇركىم، ئانىڭ يەتتە يۈز ئۈچ جە-
زىرەسى باردۇركىم، ھەممەسى ئابادۇر. ئالتىنچى دۇۋاك دەرياسىدۇركىم،
ئانىڭ ئىككى مىڭ جەزىرەسى باردۇركىم، تۈمەنمىڭ كىمەلەر بىلەن خەلقى جەزىرەلەرنى ئاباد
قىلۇرلەر. يەتتىنچى مەشرىق دەرياسىدۇركىم، ئانىڭ ئون ئىككى مىڭ جەزىرەسى ھەددىدىن
فۇزۇن زىيادە ئاباددۇركىم، ئون ئالتە بەھرات بۇ دەريا بىلەن باردۇر. مۇنداغ ھاسىللىق
جەزىرەلەر ئۆزگە يەردە يوقدۇر. بۇ دەريالاردىن ئەدەدسىز جەزىرەلەر ۋە شەھەرلەر ئاباد
بولۇپدۇركىم، غايەتسىز غارايىپ ئىشلار زۇھۇر تاپىپدۇر. بۇلارنىڭ مەنبەئى دەريايى مۇھىت
دۇركىم، ئانىڭ ئاۋازەسى بۇ جاھاندا باردۇر ۋە لېكىن ئانىڭ ئىچىگە فەلەك تۈشسە غەرق
بولۇپ كۆرۈنمەس ۋە لېكىن ئانداغ ئۇلۇغ جانۇۋارلارنى تەڭرى تەئالا خەلق قىلىپ، سۇ-
رەتغە كەلتۈرۈپدۇركىم، ئەھلى خىرەدلەر تەكەللۇم بىلەن ئول جانۇۋارلارنىڭ سۇفەتىنى بايان
قىلماسلەر. بۇ دەريالارنىڭ سۇفەتىنى مەجمەل مەخرەجى ۋە مەدخەلى بىلەن بايان ئەيلەدىم.
كىمەرسەئى ئانىڭدىن تەپسىلىنى ئارزۇ قىلسە، جۇستجۇي بىلەن سەير قىلغاندا، تەھقىق
قىلۇر. ئىسكەندەر مۇنى ئاڭلاپ، سۇقراتغە ھەددىسىز ئافەرىنلەر قىلىپ، ھىممەتى غالىپ
بولۇپ، بۇرۇن يەتتە دەرياغە سەير قىلىپ، ئاندىن كېيىن دەريايى مۇھىتغە كېلىپ تاماشاھ
قىلماقچىدۇر. ئاگاھ بولغىلكىم، ئادىمىنىڭ بەلەند ھىممەتلىكى، ھەۋەسى، جاھان تاماشاسى
كۆڭلىدە بولسەكىم، غەپلەت بائىسدۇر. ئۆلۈم يەتكەندە ئانىڭ دىماغىغە دۇد سالىپ، تەمەننا
ئوتىنى ياقغان بىلەسۇد بەرمەس.

**مەشرقدا گەنج تاپقان كىشى ھىكايەتى**

مەغرىپ گەنج نامەسىنى ئوقۇپ، مىھرىدەك باشدىن قەدەم قىلىپ مەغرىبغە باردى ۋە
ئول زەر مەغرىبى تاپقاچ مىھرىدەك ئوت ياقتى. بىر كىمەرسە مەشرىقدا بىر گەنج تاپتىكىم،
تامام جاۋاھىراتلاردىن ئېردى. ئول گەنجىنىڭ ئىشىكىگە پۈتۈكلۈك ئەردىكىم، ھەركىمەرسە بۇ
گەنجنى تاپىپ، مەغرىب دەريايىغە بارسە فالان يەردە مۇندىن ئۇلۇغراق يەنە بىر گەنج
باردۇركىم، ئانى ھەم تاپىپ ئالغاي. ئول خام تەمەئ ئانى ئوقۇغاچ ھىممەت كەمەرنى باغ-
لاپ، مەغرىپ تەرەفىگە يۈردى. نەچچە يىل دەشت-بايابانلار ۋە دەريالارنى كېزىپ، يۈز-
مىڭ بالالەرنى باشغە ئالىپ، ئىزدەگەن يەرگە يېتىپ، ئول گەنجىنى تاپقان چاغدا، باشغە
ئەجەل يېتىپ، بۇ ئالەمدىن ئۆتتى. يا بۇ گەنجدىن بەھرە ئالماي يا ئول گەنجدىن بەھرە
ئالماي مۇشەققەت چېكىپ، جاندىن كەچتى. بىلگىل ۋە ئاگاھ بولغىل، شاھلىق ئول ئەمەسكىم،
يۇرتلارنى ئالىپ، سەھەرەبەرلەرنى مۇسەخخەرە قىلىپ، شاد بولغاي، بەلكى شاھ ئولدۇركىم،
ھەق يولغە كىرىپ، ھەقنى تاپقاي. كىمەرسە ئانىڭ ئەمرىغە فەرمان بەردار بولسە، خىرەدمەند-
لەردىن ۋە ئەھلى ھىكمەتلەردىن ئولۇر.

www.uyghurkitap.com

## ھىكمەت ئىسكەندەرنىڭ سوئالى سۇقراتدىن ئۇل بابداكىم، گەردىغە ئەرزنى تەمام ھەۋاھات قىلماقغا ھىكمەتى نەبولغاي ۋە ئانىڭ جاۋابى

ئىسكەندەر سۇقراتدىن سورىدىكىم، ئەي جاھاندىن ئۈزۈلگەن ئازادمەرد، بايان قىلغىلكىم، تامام ئالەمنى دەريايى ئىھات قىلىپ‌دۇر، نى ۋەجھىدىن يەر يۈزىنى تۇتماي، رۇبئى مەسكۇنغە دەخلى بەرمەي، ئاز كىلىپدۇر؟ خالايىقغە لازىملىقدىن زىيادە يەر يۈزىدە يوقدۇر، دەريايى مۇھىت‌دىن يەتتە دەريا جۇدا بولۇپ، يەر-يۈزىنى تۇتماغان‌دىن ھىكمەت نەدۇر؟ سۇق‌رات دۇئا قىلىپ دىدىكىم، ئەي شاھ دەريا نەزىر، بەئىزىلەر دەرلەركىم، يەر يۈزىنىڭ ئىگىز ۋە چۇقۇر يەرلەرى يەنە ھىكمەت ئەھلىنىڭ قولى بىلەن يەرنىڭ ئەسلى يۇمالاق كىلىپدۇرلەركىم، ياسى ئەمەس، ئۇل سەبەب‌دىن سۇ بۇ يەرگە مايىل بولادۇر، ئەگەر ياغىن‌دىن سەل كەلسە، چۇقۇر يەرلەرگە مايىل بولۇپ، ھەرگىز بەلەند يەرلەرگە چىق‌مايدۇ، بۇ جەھەت‌دىن دەريايى مۇھىتنىڭ سۈيى يەر يۈزىنى ئالمايدۇر، بەئىزى ئەھلى ھىكمەتلەر دەرلەركىم، مۇندا ھىكمەت ئىلاھى باردۇر، يەرنى مۇھىت ئىچرە ئانداغ ساقلادىلەركىم، ئەكسىنى ئايىنە ئىچرە ساقلاغاندەك، ھەق سۇبھانە ۋە تەئالانىڭ قۇدرەتىدە ھەر ئىش ئاسان‌دۇر ۋە لېكىن غەرەز ئافەردنىشدىن ئىنسان كىلىپدۇركىم، يەر يۈزىنى ئىنسانغە قۇدرەت بىلەن جىل‌ۋەگاھ قىلىپدۇر، بۇ مەئنىدىن يەر يۈزىگە سۇدىن دەخلى يوقدۇر، مۇنى بىلگىل‌كىم، ئەزەل ھەكىمىنىڭ ھىكمەتىغە ھىچ يەردىن خەلەل يەتمەسدە، بۇ ئىشلارغە ئەقىل ھەيراندۇر، ئەھلى خىرەدلەرغە ھەم سۆز دىمەككە ھەد يوقتۇر، دىگەندە ئىسكەندەرغە بۇ سۆز دىلپەزىر كىلىپ، ئافەرىن دەپ خامۇش بولدى.

### ئىسكەندەر يەتتە دەريا بىلەن ئۇن ئىككى مىلك جەزايىرنى فەتھى ئەتكەندىن سۇڭرەكىم،
### بىر قاتلا مۇھىت دەۋرەسىن پۇركار سۇپەت ئۈيرۈلۈپ ئېردى، مۇھىت نۇقتە گاھىغە
### ئەزم قىلغانى ۋە ئۇل يەردە ياغاچ مۇراكىبنىڭ يەلدىن ھەركەتى ۋە سوز
### دەشتىنىڭ سەماۋى ھەيئەتى ۋە كولاكدىن ئۇل دەشت ئاراكۆپ ئارغىدال
### نەمۇدارى ۋە سايىبدىن ئۇل يول ئارا سەڭگى رىزە ئاسارى
### ۋە ئىسكەندەرنىڭ مۇھىت مەركەزىغە يەتكەنى ۋە چەرخى
### رۇلابى ئانى ئايلاندۇرۇپ ئىسكەندەرىيەغە
### ئەزم ئەتكەنى

ۋەقتىكى سۇقرات بۇ يەكلىغ بايان قىلغاندا، ئىسكەن‌دەر دەريانىڭ كەيپىيەتى بۇ نەۋئ ئاڭلاپ، سەفەر قىلماقغە نىيەت قىلىپ، تەييار بولدى. سۇقراتغە دىدى، ساڭا بىردىن ئىلتىماس بۇدۇركىم، سۆزۈڭدىن مۇنداغ ئىفادە ئالىپدۇرمىز، ئەمدى بۇ سەيرىمىزغە ھەم پىشۋايىمىز بولغايسەن. بارچە سىپاھلەر ۋە مەللاھلەر تابىئىڭ بولۇپ، ئۇلار بىلەن قايان باشلاساڭ، بارچەمىز پەيرەۋى بولۇپ، ئارقاڭ‌دىن يۈرۈرمىز. سۇق‌رات ھەم قوبۇل ئەيلەپ يول باشلادى. بارچە خالايىق ئاڭا پەي‌رەۋى قىلدىلەر لېكىن ئاڭا لازىم بول‌دىكىم، كېمەچىلەر بىلەن ھەر ئىشدا ئېھتىيات ئەيلەپ، تابىئەلەرى ئانىڭ ئەم‌رىنى تۇتقاي. ئۇل ھەم ئىلياسنىڭ ئەم‌رىنى

تۇتۇپ، كېمەلەرنى سۇرۇپ، دەرياغە كەلدىلەر. ئىسكەندەر لەشكەرى بىلەن سەيئى قىلىپ،
جەزىرەلەرنى ئالغالى يۈز قويدى. خۇاھىش قىلغان جەزىرەلەرنى ئالىپ، غەرىب ئىشلارنى كۆ-
رەر ئېردى. لېكىن نەچچە كېمەلەرنى سۇنىڭ كەنارەسى بىلەن يۇرمەككە تەئيىن قىلدى.
نەچچە كېمەنى ئەھلى ھىكمەتلەرغە تەئيىن قىلىپ، كېچە ۋە كۈندۈز يۇرسۇنكىم، سۇ ئىچرە
دەريانىڭ چۆرەسىنى ئارغامچىلارنى تۇتۇپ يولىنى چاغىلاغاي، كەنارەسىدا ھەم يول يۇرۇپ،
تاغلارنى ۋە باياباﻧﻼرنى كېزىپ، يولنى چاغىلاغايلار لېكىن دەريا ئىچرە يوللارنى بۇ تەرىقە
بىرلەن چاغىلاشقالى تۇردىلەركىم، ئانداغكىم بىر كېمەنىڭ ئىچىدە ئون ئىككى مىڭ قارى
ئاغرامچىنى بىركىتىپ، لەنگەر سالىپ توختاتتىلەر. ئاغراەچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى يەنە بىر
كېمەگە بىركىتىپ، نارى ئالىپ يۇردىلەر. ئانىڭ شەرتىنى بەجا كەلتۇرۇپ، ئاغرامچى تامام
بولغاندا، بۇ كېمە توختاتىپ لەنگەر سالىپ تۇردىلەر. ئارقادەكى كېمەنى سۇرۇپ، ئول كېمە-
دىن ئۆتۇپ تۇتقاندا، يەنە بىر كېمەنى سۆرەر ئېردىلەر. بۇ يەگلىغ ھىسابدانلەر ئانىڭ
ھىسابىنى ئاڭلاشىپ، دەريانىڭ يولىنىڭ يىراق ۋە يېقىنلىقىنى چاغلاشتىلەر. يەنە بىر نەچچە ھىساپ-
دانلار دەريانىڭ توغراسىغە ئاغرامچىلارنى قويۇپ، ھىساپلاشىپ، دەريانىڭ چۆرەسىنىڭ يولىنى
تەھقىق قىلىپ دەريا يۈزىنىڭ مىقدارىنى ھەم چاغىلاشتىلەر. ئىسكەندەر جەزىرەلەرنى ئالىپ،
مۇسەخخەر قىلغۇنچە، ھىساپدانلار دەريانىڭ ئۇزۇن-قىسقەلىقىنى، كەنارەسىنىڭ مىقدارىنى
چاغلاپ، خەتغە ئالىپ، پۈتۈن قويار ئېردىلەر. ئول خەتنى ئىسكەندەرغە كۆرسەتىپ، رۇمدىن
ئالىپ كەلگەن كەبۇتەرنىڭ ئاياغىغە بەركىتىپ، قويا بېرىپ، ئول كەبۇتەر ھەۋا ئالىپ رۇم
تەرەفىگە پەرۋاز قىلىپ، رۇم ئەھلىغە خەبەر يەتكۇرۇر ئېردى. بۇ يەگلىغ يەتتە دەريانى
كېزىپ، جەزىرەلەر بىلەن ئاجايىپ ۋە غارايىپلارنى كۆرۇپ، ئون ئىككى جەزىرەلەرنى ئۆزىگە
مۇسەخخەر قىلىپ، ئېھتىمام بىرلەن نۇسرەت تاپتى. ئاغرامچىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە قىسقەلىقىنى
بىلىپ، بارچە نەرسەلەرنىڭ ياماﻧﻠىقىنى ۋە ياخشىلىقىنى مەئلۇم قىلىپ، ئاگاھ بولدى. بۇ يەتتە
دەريانى ئۆزىگە مۇسەخخەر قىلىپ، بىر دەۋر قىلغاندىن كېيىن بۇ ماجرانى
كىتابەت قىلىپ، كەبۇتەردىن يەنە ھەم رۇم ئەھلىغە يىبەردىلەر. فەرەڭ دەريانىڭ بىر
جەزىرەسىدە مەنزىل تۇتتىلەر. بۇ چاققىچە دەريا ئىچرە ئون ئىككى يىل تامام بولۇپ ئېردى.
ئون جەزىرەدە ماكان تۇتقاندا، لەشكەرنىڭ كۆڭلى خۇش بولۇپ، گۇمان قىلدىلاركىم، سەفەر-
قىلماقدىن خالاسلىق تاپىپ بۇ جەزىرە بىزگە ۋەتەن بولغۇسىدۇر لېكىن ئىسكەندەر سۇقرائىنى
كەلتۇرۇپ سورىدىكىم، بۇ يەتتە دەريانىڭ خەت قىلىپ قويغان ھىساپ كاغەزلەرنى كۆرەرمىز،
ئول كاغەزدىن بىر كېمە تولغان ئېردى، بۇلار ۋەھىمە قىلدىلاركىم، كاغەزگە نەم ئۆتۇپ بۇ-
زۇلغان بولسە، نىچۇك جاۋاپ بېرۇرمىز، دىگەندە ساندۇقلارنى ئاچىپ كۆرسەلەر، ھەممەسى
نەمدىن سالامەت قالغان ئېردى. ئىسكەندەرنىڭ ئەمرى بىلەن نەچچە ئەھلى قەلەملەر ھىساپ
ئەيلەپ، ئانىڭ ئەدەدىنى چىقارىپ، راست قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە رۇشەن ئېيتىپ،
ئىسكەندەر ھەم ھىساپنى ئاڭلاپ، دەريا يۈزىنىڭ يوللارنى بىلىپ، قىياس بىلەن ئۇزۇنلۇقى ۋە
توغراسىنى چاغلاپ، نەچچە گەز، نەچچە غېرىش ئېركەنىنى زەرب ۋە قىسمەت بىلەن تاپتى.
دەريايى مۇھىت كىم، يەتتە دەريالار ئانىڭدىن پەيدا بولۇپدۇر. ئول دەريايى مۇھىتنى
بەھرى ئەئزەم دەرلەر. ئىسكەندەر ئول دەريانىڭ قائىدەسىنى بىلىپ، ئانىڭ چۆرەسىنى توققۇز
يىل يەتتە ئاي، كېچە ۋە كۈندۈز سەفەر قىلسە، تامام قىلغالى بولۇر. يەنە ئانىڭ ئوتراسى

www.uyghurkitap.com

بىلەن بۇ باشتىن يەنە بىر باشقىچە يۈرسە، ئۈچ يىل نەچچە ئايغىچە يەتكەلى بولۇر. شەك يوقكى، ئانىڭ ئۇتراسىغە سەفەرقىلماقنى ئىختىيار قىلدى. تامام دانالار ۋە ئۇلۇغلار، ئۇششاقلارنى يىغىپ، سۆز باشلادىكىم، بىز تەمەننادى خامنىڭ ھاۋاسى پەيدا بولۇپتۇركىم، ئانى ھەۋەس دەرلەر. ھەقىقەتتە ھەۋەس ئەمەس تەڭرى تەئالانىڭ تەقدىرىدۇر. تەدبىر بىلە ئانىڭ چارەسىنى قىلالماي ئۇلۇسىنىڭ مالالىغە سەبەپ بولدۇم، بۇ خەلق ھەم بىسىيار مۇشەققەت تارتتىلەر، بىلۇرمەنكىم، بۇ يەردە سەفەردىن ئاجىز كېلىپدۇرلەر. ئەگەر سەفەرقىلماقغە بۇلارنىڭ رەغبەتى بولماسە، ھەق بۇلارنىڭ جانىبىدىندۇر. لېكىن ماڭا بۇ تەمەننا ھەرگىز كەم بولمايدۇر. ئون ئۈچ يىل جەزىرەلەر بىلە يەتتە دەريانىڭ تاماشاسىنى قىلدىم. بۇ سەيردىن مەقسۇدۇم مۇھىت ئېردى. بۇ دەمغەچە دەريالار ئىچرە يۈرۈپ، جەزىرەلەرنى مۇسەخخەر ئەيلەپ، خاتىرەمدە مۇددىئا بۇدۇركىم، دەريايى مۇھىت نىڭ مەركەزىنى كۆرسەم، يەئنى ئۇتراسىنى كۆرسەم، ئەگەر تەۋفىق ئىلاھى يار بولسە، تۆرت يىل كېمەدە بولۇپ، ئىككى يىل بارىشىمىز ئىككى يىل كېلىشىمىز بولغاي، ئەگەر بەخت دولەت ماڭا يار بولسە، بۇ سەفەر قىلماقدا ھىچ ئىختىيارىم بولماس، بىلۇرمەنكىم، ھىچ كىمەرسە مۇنداغ دەريانىڭ سەيرىنى قىلغان ئەمەس، بۇ خەلقنىڭ كوڭلىگە كەلمەسۇنكىم، ھەممەسى مېنىڭ بىرلە يۈرگەي، ئۆلۈم خوۋفىنى بىلىپ، نىچۈك تەكلىف قىلغايمەن، ھەممەسى ئۆز ۋەتەنىغە يانىپ، بىزدىن رىزا بولۇڭلار، دىگەندە خالايىق ھۇجۇم ئەيلەپ، فىغان چەكتىلەركىم، شاھا بۇگورۇھ نىچۈك گۇناھ قىلىپدۇركىم، بۇلارنىڭ قۇللۇقىدىن بولۇپدۇر سەن. بىز قۇلۇقنى ئادا قىلماقدا شەرمەندەدۇرمىز. خۋاھى ياخشى، خۋاھى يامان بولساق، ساڭا بەندەدۇرمىز. بارچەمىزنىڭ مۇرادى ھەمىشە ئاياغىڭدا بولغاي ئېردۇك. ئەگەر جانىمىزغە ئەجەل يېتىپ، بۇ تەنىمىز دەرگاھىڭدا تۇفراق بولغاي ئېردى. بىزدىن نىچۈك خاتايى ئۆتتىكىم، بارچەمىزنى رەد قىلۇرسەن. ھەر قايان بارساق نى ئىختىيار قىلساڭ، بىز ھەم بارۇرمىز. دەھردە ئارام ئالساڭ، بىز ھەم ئاندا تۇرامىز. تىرىكلىكىمىز سېنىڭ بىرلە بولۇپدۇر، سەندىن يىراق بولغۇنچە ئۆلۈم ياخشىراقدۇر. ئىسكەندەر بۇ خەلقنىڭ راستلىغىنى چاغلاپ، ھەممەسىگە دىلجۇيلۇقنى مەسلەھەت كۆرۈپ، ئىنايەتلەرنى قىلىپ دىدىكىم، ئىشىڭلارغە تەڭرى تەئالا راۋاج بېرىپ، زاھىر ۋە باتىن مۇرادىڭلارنى بەرگەي. بۇ سۆزدىن مېنىڭ ئەرزىم بۇئېردىكىم، مۇنداغ مۇشەققەتلىك سەفەردە ئۇلۇسىنىڭ كۆڭلى مېنىڭ بىرلە نىچۈكدۇر، ئەمدى سىدقى ئىخلاسىڭلار مەئلۇم بولۇپ، كۆڭلۈمدىن ۋەھى - ئەندىشە كۆتەرىلدى، بۇ ئىخلاس بىلە تەڭرى تەئالا سىزلەرگە يار بولۇپ، ھاۋا دىسات ئالىمدىن سالامەت ساقلاغاي، دىگەنلەردە بارچەسى شاد بولۇپ، ئىسكەندەرغە دۇئالار ئەيلەپ، راستلىق تەرىقىنى ئادا قىلدىلەر. ئىسكەندەر تەئەممۇل بىلەن مۇناسىپ تەخەييۇل ئەيلەپ، ئىككى مىڭ كېمە خەلقىنى جۇدا قىلىپ دىدىكىم، ھەق تەئالا سىزلەرگە يار بولغاي، دەپ بارچەسىنى لۇتف بىلە شاد ئەيلەپ، ۋەتەن تەرەفىگە ياندۇردى. دىدىكىم، رۇم مۇلكىغە بارىپ، سالامەتلىكىمدىن خەبەر بېرىپ ئىتىڭلاركىم، يەتتە دەريانىڭ زەخىرە ۋە دەفىنەلەرنى ئالىپ، ئون ئىككى مىڭ جەزىرەلەرنىڭ خەلقىنى مۇسەخخەر ئەيلەپدۇر، مۇنداغ كۇشادەلىقنى تەقدىرئىلاھى بىلەن تاپىپدۇر، ئەمدى دەريايى مۇھىتنىڭ ئۇتراسىغە قەسد قىلىپ كىرمەكنى ئىختىيار قىلىپدۇر، ئانىڭ خەرەزى يۈرتلارنى، جەزىرەلەرنى ئالماقدا ئەمەس ئېردى، ئاز ئەل بىلەن مۇھىتنىڭ ئۇتراسىغە تاماشا ئۈچۈن قەسدى بار ئېردى، بۇ جەھەتدىن بىزنى ياندۇردى، دەڭلار.

بۇ تەرەپتە بىلەن ئۇلارنى ئۇزاتتى. يەنتە يۈزكىمە بىلەن ئۆزى ئاندا تۇرۇپ بۇلارغە دىدىكىم، مۇندىن كەتمەي تۆرت يىلغىچە ئىنتىزارلىقىمنى تارتىڭلار، رۇمدىن داۋالارنى ۋە مەتائلارنى كەلتۈرۈپ قويۇڭلاركىم، باش ئاغرىلىغىنى ۋە زەئىپلىقىنى دەفئى قىلغاي، ئەگەر دىگەن ۋەقتىغىچە يانىپ كەلسەم، ئول داۋالار ۋە مەتائلار بىلەن قۇۋۋەت تاپىپ، تەربىيەت ئالۇرمىز، ئاندىن كىيىن فەراغەت بىلەن رۇم تەرەفىگە بارۇرمىز ئەگەر بۇ فەلەك غەددار ئۆزگەچە ئويۇن ئويناسە، مىنى بۇ دەريادا غەرق ئەيلەپ، نەھەڭلەرغە تۆئمە بولغۇمدۇر. ۋەئدە قىلغان ۋەقتىغىچە بىر نەچچە مەھەل ئۆتسە، مەندىن ئۇمىد ئۈزۈپ، دۇئادا يادقىلىپ، رىزا بولۇپ يانىڭلار، دەپ ئۈچ يۈز كىمەنى ئايرىپ، ئەھلى ھىكمەتلەرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، مەدارا بىلەن ئۇلارغە ئىھتىمام قىلدىلەر. لازىملىق نەرسە-كېرەكلەرنى ئول كىمەغە سالدى. ئەھلى ھىكمەتلەردىن نەچچە مىڭ كىشى بىر كۆكۈللۈك بولۇپ، بارچەسى كىمە ئىلمىدە مۇللاھدەك ھەربىرى دەريا غەۋۋاسلاردىن ئىردىلەر. ئىسكەندەرنىڭ خىزمەتىغە ھەددىدىن فۇزۇن دىلپەزىر ئىردىلەركىم، ئۇلار بولماي ئىسكەندەر ھىچ ئىشغە قەدەم قويالماس ئىردى. ھەممەسى دىل جانى بىلەن كىمەگە كىرىپ كەتتىلەر. ئۆزگەلەر جەزىرەدە زار-زار يىغلاپ قالدىلەر. ئىسكەندەر باشلىق ھەممەلەرى كېچە ۋە كۈندۈز ئارام ئالماي، يىمەكدىن ۋە ئۇيقۇدىن ئوبدان نەتىنجە كۆرمەي، تاغلار ۋە سەھرالاردىن جۇدا بولۇپ، سۇدىن ئۆزگە نىمەر سەنى كۆرمەدىلەر. سۇنىڭ كەنارەسى بىلەن ئاسماننىڭ كەنارەسىنى مۇتتەسىل كۆرۈپ گۇمان قىلدىلاركىم، ئاسماندا ماكان تۇتۇپدۇرمىز، ئافتاپ ھەم سۇدىن پەيدا بولۇپ يەنە سۇغە كىرەر ئىردى. سۇنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، كىرىپ تېگىدىن مەشرىق تەرەفىگە يۈرگەندە، گۆھەردەك كۆرۈنۇر ئىردىكىم، گوياكى پانۇس ئىچرە شەمئى كۆرۈنۈپ تۇرادۇر. يەنە ئافتاپ سۇ ئىچىگە كىرگەندە، يۈزتۈمەن جانىۋارلارنىڭ سۈرەتى زاھىر بولۇپ، بۇقىسىم رەڭ، نەقىشلەر بىلەن ھەرجىنس نەمۇدار بولۇر ئىردى. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، يۈز تۈمەنىمىڭ جانىۋارلارنىڭ كۆزلەرى شەبچىراغدەك دەريانى رۇشەن قىلۇر ئىردى. شول جانىۋارلار خىل-خىل بولۇپ گۇرۇھ-گۇرۇھ، تۇشى-تۇشى دىن كىمەلەرغە ھەملە قىلىپ، قارالاپ تۇرغاندا، كۆزلەرىنىڭ شۆئلەلەرى كىمەلەرگە تېگىپ كۆيەرمىكىن دەپ، ۋەھمە قىلۇر ئىردىلەر ۋە لىكىن كۆيمەكدىن سۇ مانىئ بولۇر ئىردى. ئانداغ ھەيبەتناك شەكلى بىلەن ھەملە قىلۇر ئىردىكىم، ئول ھەيبەتلىكدىن ئەلنىڭ يۈرەك-باغرى سۇ بولۇر ئىردى. بۇ گۇرۇھ بىر تەرەف كەتسە، يەنە بىر گۇرۇھ سۇغە مەۋج سالىپ، پەيدا بولۇر ئىردى. كىمە خەلقى خەۋفلۇق دەريادا يۈزمىڭ ئافەتغە قالدىلەر. ئەلنىڭ ئاغزىغە ئافتاپ چىققۇنچە يۈزمىڭ مەرتەبە كېرىپ چىقار ئىردى. يەنە ئافتاپ تولۇئ قىلغاندا، ئول جانىۋارلار نەزەردىن ناپەيدا بولۇر ئىردى. سۇنىڭ ھەركىتىدىن ئانداغ گىردابلەر پەيدا بولۇر ئىردىكىم، يولنىڭ ئالامەتلەرى كىمەدە بولۇپ، ھەر نىچۈك جان ئاندا سەرگەردانچىلىقغە مۇپتىلا بولۇر ئىردى. مۇسافىرلارنىڭ يولىدا بۇ نەۋئ گىردابلار بولسە، ئول مۇسافىرنىڭ ھالى تەباھ بولغۇسىدۇر. كىمە تال يافراغىدەك ئول گىردابلارنىڭ چۆرەسىگە دەۋرى قىلىپ، بىرىدىن قۇتۇلۇپ يەنە بىرىگە مۇپتىلا بولۇر ئىردى. گاھى خالاس بولسە، شامال چىقىپ، دەرياغە مەۋج سالغاندا، سۇ مەۋجى فەلەككە يىتىپ، دەريانىڭ سۇيى تاغلاردەك كۆلاكلارنى پەي دەر پەي پەيدا قىلىپ، ئالەمغە قوزغۇلان سالۇر ئىردى. گاھى ئول كۆلاك سۇنىڭ تۇبىگە كىرىپ، قىيامەت كۈننى ئاشكارا قىلۇر ئىردى. شامال چىققاندا،

دەريا جانىۋارلارى بالىق كەشنەلەردەك سۇ تۈۋىدىن كۆرۈنۈر ئېردى. شول ھالدا ئىسكەندەر-
نىڭ كېمەلەرى گاھى فەلەك شۇر بىلە ھۇتغە يېتىپ، گاھى تەھتىسسەرادىكى سۇر بىلە ھۇتغە
يېتەر ئېردى. كېمە ئەھلى گاھى ئۆلۈپ گاھى تىرىلىپ، ئول سۇ بىلەن جانىدىن ئىلكنى
يۇپ، گاھى ئول مەۋجلەر پەس بولغاندا، كېمەلەر بىرى مەشرىق، بىرى مەغرىبتىن ياغاچ
ئاتلاردەك چاپىشىپ كېلىپ، بىسيار دەرد ئەلەم بىلەن تاپىشىپ، كۆزلەردىن ئەشك تۆكۈپ،
دەرياغە كۆز گۆھەرلەرنى نىسار قىلۇر ئېردىلەر. بۇ تەرىقە بىلەن گاھى يىلدام گاھى ئاھستە
بارۇر ئېردىلەر. بىر يىل توققۇز ئايدا دەريانىڭ مەركەزىغە يەئنى ئوتراسىغە يەتتىلەر.

بىناگاھ، ئىسكەندەرغە سۇرۇش غەيبىدىن بۇ مۇژدە يەتتىكىم: «ئەي ئادەمزات، بىھۇدە
كۆش، ئوشۇل يەرگە يەتتىڭ كىم، ئانى ھاسىل قىلماق ئۈچۈن نەچچە يىل خىرام ئەيلەپ،
رەنج - مۇشەققەت تارتتىڭ»، دەپ نىدا كەلگەندە، ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە بۇ ۋاقىئە ئايان بو-
لۇپ، ئىلياس بىلە سۇقراتىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ھەم بۇ ئىشنى مەئلۇم قىلىپ، ئىسكەن-
دەرغە بايان قىلغالى كېلۇر ئېردىلەر. ھەممەلەرى بۇ شۇبھە دەفئى بولغانىنى، بىلىپ، ئىسكەندەر باش-
لىغىن خۇرسەندە بولدىلەر. كېمەلەرنى توختاتىپ، لەنگەرلەر سالىپ، بادبانلەرنى ئالدىلەر. ئى-
سكەندەر ئەلگە دىدىكىم، سىزلەر شاد بولۇپ مۇندا يۈرۈڭلار، مەن بۇ بارچىڭىزلەر بىلەن خەير
باد قىلىپ، دەريانىڭ قەھرىگە تۈشەرمەن، بۇ سائەت تەمەننا قىلغان مۇرادىمنى تاماشاھ قىل-
غۇمدۇر. ئەمما مۇندا بۇ رىۋايەتغە نەچچە ئىختىلافى باردۇر ۋە لېكىن ئەمىر خىرەد مۇنداغ
رىۋايەت قىلۇركىم، بىر شىشەنى ساندۇق يەڭلىغ مۇھەييا ئەيلەپ، ئول ساندۇقغە ئىسكەندەر
كىرىپ، باشىنى داۋالەر بىلەن بېركىتىپ، تەدبىر بىلەن ئاغرام-چىنىڭ بىر ئۈچىنى ئول سان-
دۇقغە بەند قىلىپ، يەنە بىر ئۈچىنى ھۆكمالەر تۇتۇپ، ئاللاھ تەئالاغە تەۋەككۇل قىلىپ،
ھەر ئەندىشەنى كۆڭلىدىن چىقارىپ، ئول ساندۇقنى دەرياغە سالدىلەر. نەچچە ئايغىچە دەريا-
نىڭ قەھرىدە يۈرۈپ، دەريانىڭ تامام ئەھۋالىنى تاماشاھ قىلىپ، ھەرنىمەنى كۆرۈپ، يۈز
كۈندىن زىيادەرەك ئۆتكەندىن كېيىن ئول شىشەنىڭ ئاغرامچىسىنى تارتىپ، ساندۇقنى چىقا-
رىپ ئالدىلەر ۋە لېكىن بۇ رىۋايەت مەھالدۇر. مۇنداغ ۋۇقۇئغە كەلمەك خىرەد ئېھتىمال تاپ-
ماپدۇر. يەنە بىر رىۋايەت ھەم باردۇركىم، راۋىلارنىڭ ئالدىدا ئول پىسەندىدۇر. ماڭا ھەم
ئول رىۋايەت دىلپەزىر كېلىپدۇركىم، ئانى بايان قىلماي بولماس. ئەھلى تارىخنىڭ رىۋايىتى
بىلەن ئىسكەندەرنى ھەم نەبى ھەم ۋەلى دەرلەر. خەبەردە ۋاقىئە بۇدۇركىم، ۋەقتىكى ئىسكەن-
دەر مۇھىتغە كىردى. ھەددىدىن ئەفزۇن رىيازەتلەرنى چېكىپ، تەسپىيەدىل ھاسىل قىلىپ،
خاتىرنى ماسەۋا رۇشەن ئەيلەپ، سەير ۋە سۇلۇكنى تامام قىلغاچ باتەن ئىشى ھەم ئەتمامغە
يەتكەچ، ۋىلايەت مەقامىدا ئۆزىنى تاپىپ، نەبۇۋۋەت چىراغى ھەم كۆزىنى يارۇتتى. ئول
شۆئلەئى ۋىلايەت ۋە لەمئەئى نەبۇۋۋەتتىن كۆزى نۇرلۇق بولۇپ، ھەر قايان باقسە، بار-
يوقنى كۆرۈپ، بارچە مەخپى ئەسرارلار ئاڭا ئاشكارە بولدى. يەنە دەريادىقى ھەر نەرسە-
لەرنى مۇئەييەن كۆرۈپ، مۇشاھەدە قىلدى. قۇرۇقدا ھەر جانىۋارلاردىن يا بەشەردىن باردۇر
بارچەسى ئاڭا كۆرۈندى ۋە لېكىن ئول دەريادا ھەيكەل ۋە تۇرپەئى سۈرەتلىك جانىۋارلارنى
كۆردىكىم، ئەگەر بىرى ئالەمغە تۈشسە، ئالەم ئەھلى ئانى كۆرگەچ ھالاك بولغۇسىدۇر. ئەگەر
ھەر بالىقلار يىلدام يۈرسە، بىر ئايغىچە ئانىڭ جىسمى ئۆتۈپ، بىر يەردىن تامام بولماس
ئېردى. يەنە نەھەڭلەرنى كۆردىكىم، ئول بالىقلەر ئۇلارغە غىزا بولۇرلەر. نەھەڭلەر ۋە كەشنە-

لەرنىڭ ھەم چوڭلۇقى ئانداغ ئىردىكىم، تەقرىرغە راست كەلمەس. ئىسكەندەرغە ھەر نىمەرسەئى تەمەننا قىلغۇر ئىردى. ھەممەسى مەئلۇم بولۇپ، بەلكى يۈزئانچە غارايىپلارنى تاماشاھ قىلدى. نەبۇۋەت رەمۇزلارىغە ئاگاھ بولغاچ بەررۇ ۋە بەھرىنىڭ شاھى بولۇپ، ئۈمىد تۇتماغان نىمەرسەنىڭ ئىقبالىغە يەتتى ۋە ئەھۋالدىن خەلققە خەبەر بەرگەچ، بارچەسى ئول ئىقبال يۈزلەنگەندىن ئاگاھ بولۇپ، ئانى شاھغە زەفەر بىلىپ، يەنە ۋەلى ۋە پەيغەمبەر ۋە ھەكىم دانا دۇر دەپ بىلادىلەر.

ئەلقىسسە، غەرەز تامام بولغاندىن كىيىن، شادىمان بولۇپ، يانماق ئۈچۈن كىمەلەرنى بىردەم توختاتماي، ئانداغ سۇرئەت بىلەن يۈردىكىم، چەرخى گەردۇن ھەم يۈرمەس. ئىككى يىلچىلىق يولنى بىر يىلدا يۈرۈپ، قويۇپ بارغان خەلقىغە ئۆزىنى يەتكۈردى. ئول خەلقنىڭ بارچەسى ئانىڭ ۋەسلىدىن بەھرىمەن بولدىلەر. بىر كۈن ئول مەنزىلدە مەقام تۇتۇپ، ئەرتەسى يۈرگەلى ئىھتىمام قىلىپ، بىر يەرگە يەتتىلەركىم، دەريالارنىڭ سەفەردىن خالاس بولۇپ، سائادەت بىلەن بىر قۇرۇغلۇقنىڭ كەنارەسىغە يەتتىلەركىم، ئاندا قۇرۇغلۇق سەفەرىنى ئىختىيار قىلدىلەر لىكىن ئىسكەندەر ئۆز جىسمىنى بىتاپ كۆرۈپ، مىزاجىدا سالامەتلىكنى تاپماي، خىيالىغە كەلدىكىم، بۇ فانى جاھاندىن ئالەم بەقاغە كەتمەك كېرەك، خالايىقنى ئۆز دىنىغە دەئۋەت قىلىپ، مەملەكەت زەپتىنىڭ قائىدەسىنى تۈزدى، لىكىن زورۇر ئىشى بۇ ئىردىكىم، ئەۋۋەل تەۋايىپ شاھلارىغە بەرھەم بېرىپ ئۇلاردىن كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، مۇسەخخەر قىلدى. ئول شاھلەر يەتتە يۈز يىلغىچە ھۆكۈمەتلىك سۈرۈپ، ئول يۈرتلارنى تۈزگەن ئىردىلەركىم، ئۇلار فەرمان بەردار ئىردىلەر. ئىسكەندەر زەئىپلىق جىسمى بىلەن كېچە ۋە كۈندۈز ئارام ئالماي يۈرۈپ، ھېچيەردە توختاماي، ھاۋانىڭ ئىسسىغلىقىدىن يەر قىزىپ، قۇياش ھارارەتىنىڭ غالىپلىقىدىن مىزاجىدا ھال قالماي، يۈرمەكنىڭ ئىلاجىنى تاپمادى. جىسمىنىڭ بىتاپلىقىدىن مىزاجىغە ئىزتىراپ تۈشۈپ، قىزىپ قالغان قۇملۇقغە تۈشتى. تا ئۆزىنى يەلپۈدۈرغاي لىكىن زەئىپىنىڭ غالىپلىقىدىن تۇرالماي، بىر ساۋۇتنى كىشى ئاچىپ يەرگە سالىپ بەردى. شول ساۋۇتنىڭ ئۈزەسىدە ئىسكەندەرنى ئولتۇرغۇزدى، بەلكى ئۇزالىپ ياتتىلەر. يەنە بىر كىشىنىڭ ئالتۇن كارلىق قالقانى بار ئىردى. ئانىڭ بىلەن ئىسكەندەرغە سايە سالدى. ئىسكەندەر كۆرۈپ دىدىكىم، يەر تۆمۈردىن، ئاسمان ئالتۇندىن بولۇپدۇر. كۆڭلىگە يەتتىكىم، ئىلگىرى تالىئ ئەھكامىدا ئوقۇپ ئىردىكىم، ھاياتلىق تۈگەر ھالدا، يەر تۆمۈردىن ئاسمان ئالتۇندىن بولغۇسىدۇر. بۇ ئىككى ۋاقىئەنى كۆرۈپ، كۆزىدىن ياشنى تۆكۈپ، قايغۇ بىلەن جاندىن ئۈمىد ئۈزۈپ، يىقىن بىلدىكىم، ئىش ئۆزگىچە بولۇپدۇر.

ساقىنامە:

كىتور ساقى ئول بادە ۋۇقۇي نىزائ،
تولا تۇت ماڭا ساغەرى ئەلۋىدائ.
دەمى مۇفتەنىم ئاڭلا مەيخانەنى،
كى تولدۇرغۇسى چەرخى پەيمانەنى.
مۇغەننى چېكىپ نەغمە، قىل بىزنى شاد.
كېرەك بولسە، ئول نەغمەئى خەيرباد.

ئەگەر مۇڭلۇغ ئىستەر ئىسەڭ ئاندا ئېيت،
ناۋايىنىڭ ئاشۇفتە نەزمىدىن ئېيت.
ناۋايى تاپىپ ساقىئى ماھۋەش،
ياندا ئانىڭ مۇترەبى نەغمەكەش.
بولۇپ مەست ياد ئەتمە ئاگاھلىق،
ئەگەر ئىستەر ئېرسەڭ دەمى شاھلىق.

www.uyghurkitap.com



ئەجەل بەزمى ساقىيلىرىنىڭ ھاياسىزلىقىداكىم، ئۆمۈر ساغىرىغا ئەجەل زەھەرى قۇيياردا غافىل بىلە ئاگاھ ئارا تافاۋۇت كۆرمەسلەر ۋە ئۆمۈر باغى ساقىيلەرى ۋەپاسىزلىقىداكىم، ھايات شاخىن ئەجەل تىغى بىلە قەتئ ئېتەر، شاھ بىلەن گاداھ ئارا فەرق بەرمەسلەر ۋە ئالەم خاكىدىن ئىتەكى سىلكىنگە ئىشغار ۋە بۇ دەر تۆئىمەئى ھەلاكىدىن ئىلك تارتارغە ئىرشادى كۆڭۈل بۇ جاھاننىڭ بىۋە قالغىنى بىلىپ ئانىڭدىن ۋاپا كېلۇر دەپ تەمەئ تۇتماغىلكىم، بىر ئۇلۇغراق كېسەكدۇر، ئانىڭدىن ئېتەكىڭنى يىراق تۇتغىل، ئانى تۆرت ھەسسە قىلىپ، ئۈچ ھەسسەسى دەريايى مۇھىتدا بىر ھەسسەسى دەريادىن تاشقارى قىلىپدۇر، بۇ بىر ھەسسەنى رەبئى مەسكۇن دەرلەر. ئەمدى لازىمدۇركىم، سۇ ئىچىدەكى بالچىقدىن ئېتەكىڭنى تارتقىل، تائالۇدە بولماغاي. سۇ تاشىداكىنىڭ گەردىدىن يىراق تۇرغىل، تاكۆڭلۈڭنى غۇبار ئالۇدە قىلماغاي، بۇ بالچىق بىلەن تۇفراقدىن يىلدام قاچغىل، ئاندا پاتقانلارنىڭ قۇتۇلماقى مۇمكىن ئەمەسدۇر. شاھ بەھرام ھەم پاتىپ، قىيامەتغىچە ئانىڭدىن چىقالماس كى خىسرۇ ھەم نىھان بولغاندا، ھېچكىم ئانى تاپماپ ئېردى. ھەر شاھىكى جاھان كىشۋەرىنى ئالىپ، كانلەر ۋە دەريالارنىڭ گەنجلارىغە تەسەررۇف قىلدى. ئانى ھەم بۇ جاھان دەردناك ئەيلەپ، بەرگەنىنى ئالىپ ھالاك قىلدى. ئىسكەندەردەك شەھىنشاھىكىم ۋەلى ۋە پەيغەمبەر ئېردى. قايسى ئىشغە ئىلكىنى سۇنسە، ئانى ئالماي قويمادى. ھەر ئىقلىمغە سىپاھلەرنى چېكسە مۇسەخخەر ئەيلەپ، دۇشمەن خەيلىنىڭ كۆككە چىقارىپ، مۇرادىنى تاپار ئېردى. بۇ ئىشلارنى قىلىپ يەنە ھەم ئانداغ ئىشلارنى قىلدىكىم، كىيومەرسنىڭ زامانىدىن تا بۇدەمغىچە ئۆزگە شاھلەرغە بولمايدۇرغان ئىشلار ئاڭا مۇيەسسەر بولۇر ئېردى. ئول ئىشلارنىڭ بىرى يەتتە ئىقلىمنى تابئ ئەيلەپ، رەبئى مەسكۇن ئۆزرە رەخشىنى سۈرۈپ سەراپەردە شەۋكىتىنى يايىپ، يەتتە ئەرزەدە نەۋ بەتىنى چالدۇردى. يەنە شىكار ئەزمىنى ئەيلەپ، يەتتە دەريانى ئالىپ، كانلارنى ۋە گەنجلەرنى تاپىپ، ئون ئىككى مىڭ جەزىرەلەرنى مۇسەخخەر قىلدى. يەنە يەئجۇج ۋە مەئجۇجنىڭ ئالدىغە سەددىبىنا قىلدىكىم، ئانىڭ شەرھىغە خىرەدلەر ئاجىزدۇر. يەنە ئۇستۇرلاب بىلە ئايىنەئى گىتى نەمانى تۈزدىكىم، ئانىڭدىن ئەفلاكلەر ھەقىقەتى تەھتىسسەراغىچە مەئلۇم بولۇر ئېردى. يەنە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، جاھان مۇلكىدە بىسيار ئاچىلماس تىلسىملارنى زۇھۇرغە كەلتۈردى. يەنە دانا ھۆكمالارنى ئۆزىگە يىقىن دوست قىلدىكىم، بارچەسىنىڭ ئالدىدا ئەفلاك ئىشلارىنىڭ مۈشكۈللەرى ئاسان بولۇر ئېردىلەر. جاھان ئىچرە بۇ نەۋئ شاھلىق تاپىپ، ئىلمى دانىشدا ۋىلايەت ۋە نەبۇۋەتتە ھەم قۇۋۋەتى بار ئېردى. مۇنداغ ئىشلار ھېچ قايداغ ئادىمغە مەۋجۇد بولماغان ئېردى. ئاڭا ھەم بۇ جاھان بىبەقا ۋەفا قىلماي، جافا ئەيلەپ، ئەجەل ئۈيىقۇسى بىلە ئاجىز قىلىپ، تىيرە تۇفراق ئۈزرە نازۇك تېنىنى تاشلادى. يەنە بۇ چەرخى غەددار ئانى ۋەتەنىدىن، ئاناسى ۋە فەرزەندلەرىدىن جۇدا ئەيلەپ، دەشتلەر ۋە دەريالەرنى كېزىپ، يانىشىدا كۆڭلىگە ئىشتىياق پەيدا بولۇپ، جۇدا بولغان قاياشلارىنىڭ مالاقاتى ئۈچۈن ئۈمىد بىلەن يىلدام كېلىپ، يىقىنلاشىپ، مۇرادى ھاسىل بولۇر چاغدا، ئۆلۈم ئوتى جانىغە تاپ سالىپ، جان قەسدىدە گىينەخاھ دۇشمەندەك قىززىق قۇم ئۈزرە بالىق يەڭلىغ تاشلادى. باشىدا مۇنىس مەھرەمى ۋە مۇشپىق ھەمدەمى يوق ئېردى. دەشت ئۈزرە ناتەۋان ئەيلەپ، خەستە جانىنى ئالۇرغە زار قىلىپ، داۋا قىلالماي، يۈز تۈمەن دەرد بىلەن قەتلى قىلدى. بۇ ئىشقە ئەقىل ھەيران بولۇپ، ئالەم ئەھلىغە ئىبرەت بولغاي، دەپ ھەر كىشىكىم جاھان ئىشىغە ھەۋەس قىلسە، ئول كىشىگە ئۆلگۈنچە بۇ ئەفسانە تەنبىھ ئۈچۈن كۇفايە قىلۇر.

### لوقمان ھىكايەتلىرى، جاھان مۇتەئەللۇقاتىدىن گەنجدەك بىر بۇزۇقنى ئىختىيار ئەتتى ۋە مىلك يېلىدىن سوگرە سېپەھرى ئەزدىھاسىدىن ئاڭا ھەم ئەسەب يەتتى

نەقىلدۇركىم، لوقمان ھېكىم بۇ جاھاندا بىر گەنج ۋەيرانە ئىچرە ماكان تۇتۇپ، ئىسسىغ ۋە ساۋۇقلۇقىدىن رەنجلەرنى تارتىپ، ئانىڭ جىسمىغە ئول بۇزۇق ۋەيرانە پانا بولماس ئېردى. ياشى مىڭغە يەتكۈنچە بىركىمەرسە ئانىڭ ھالىنى كۆرۈپ، ھەيرەت يۈزىدىن سورىدىكىم ئەي ھېكىم، مۇنداغ دانالىغىڭدىن يەر يۈزىنى مۇنەۋۋەر ئەيلەپسەن، نە ئۈچۈن جاھان ئەيشى بىلەن ئىشىڭ يوقتۇر؟ ياخشى مەنزىلدە ۋەتەن تۇتماي، بۇ ۋەيرانىدا ماكان تۇتۇپسەن. ئول دانا جۇۋاپ بەردىكىم، بۇ ۋەيرانىدا نەچچە ۋەقتىنىڭ بۇ يۈزى چۈغزى مەسەللىك ئۆمرۈمنى ئۆتكە-كەرىپ، خىرەد ئىشلەرىمنى دەفئ ئەيلەپ، بۇ ئالەمغە مايىل بولماي، تائول ھەم مېنى غەمغە قويماغاي، بۇ ئالەمدىن كېتەر چاغىدا بۇ بۇزۇق ۋەيرانىنى ھەم مەندىن ئالغۇسىدۇر، ئەدەم تەرەفىگە قەدەم قوياردا، بۇ ۋەيرانە كۆلبەم ماڭا ئارتۇقدۇر. ھەركىمەرسەكى بۇ جاھاندىن ئۆزىنى يىراق تۇتسە، ئانىڭ رەنج ۋە مۇشەققەتىدىن ئاسانلىق بىلەن خالاس بولغۇسىدۇر.

### بىر مەسايىل سوئال لوقمان

ئول بابداكىم، مۇنچە ئىلمگە بائىسكىم، ئەركىن ۋە بىزگە ئاندىن خەبەر بەرگىن ۋە ئانىڭ جەھل ئەھلىغە ئىشارەتى ۋە ئەكسىن تۇتار بىشارەتى يەنە ھەم لوقمان ھەكىمدىن بىركىمەرسە سورىدىكىم، ئەي ھېكىم دانا، ئەسرىڭدا ئانداغ كىشى يوقدۇركىم، دانالىغىڭچە ئانىڭدا دانىش بولغاي. بەس بۇ ھېكمەت ئىلمىنى كىمدىن تەئلىم ئالىپدۇرسەن؟ لوقمان بۇ تەرىقەدە جۇۋاپ بەردىكىم، مەن دانىش ئەھلىنىڭ خىزمەتىدە بۇ ئىلمى - ھېكمەتنى ئۆگ-گەنمەدىم. بۇ ئىلمى - دانىشىمغە بارچە جاھىللار ئۇستاد بولۇپدۇر. جاھىللار ھەرنىچۈك يامان ئىشنى قىلسە، مەن ئانىڭ ئەكسىنى قىلىپ، ياماندىن قاچىپ، ئامان تاپىپدۇر مەن. جاھان ئەھلىنىڭ قائىدەسى جەھل بولۇپدۇر، ھەركىمەرسە ئانىڭ ئەكسىنى قىلسە، ئول كىشى ئىلىم-ھېكمەتلەرىنىڭ زەمرەسىغە داخىل بولغۇسىدۇر. دانالار جاھان تەركىنى ئۇلا ۋە ئەفزەل بىلىپ، تەركى جاھان بولدىلەر. كىمەرسە مۇنداغ گەنجدىن بەھرىگەر بولۇپ، ئۆز ماكانىنى ۋەيران قىلسە، سائادەتىنىڭ ئەسرىدۇر. جاھان تەرك قىلماق شادلىقىنىڭ بائىسدۇركىم زاھىر خاراپلىقىدىن باتەن ئابادلىقى پەيدا بولغۇسىدۇر.

① ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا بىر نەچچە ۋاراق كەم. شۇڭا ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي موزېيدا ساقلىنىۋاتقان، ھىجرىيە 1292 - يىلى كۆچۈرۈلگەن يەنە بىر قولىيازما نۇسخىدىن كەم ۋاراقلىرىنىڭ تېكىستى تولۇقلاندى. بۇ قولىيازمىنىڭ تىلى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىغا ئاساسەن ئوخشايدۇ. شۇڭا كۆچۈرۈلگەن قولىيازما نۇسخىسى سېلىشتۇرغاندا تىلى ۋە مەزمۇنى جەھەتتە خېلى پەرقلەرنىڭ بولۇشى ئېنىق.

---

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر بىلدىكى، ئۆمرى ئاخىرىغە يېتىپدۇر. جاھاننى تەرك قىلادۇرغان ۋەقت بولۇپدۇر. ئاناسىنى ياد قىلىپ، جانىغە ئوتلار تۇتاشتى. كۆزىنى ئاچىپ خەلقىغە قارا-دى. كاتىپنى ئالدىغە چىرلادى ۋە مېھرىبان ئاناسىغە نامە يېبەرگەي، ۋەسىيەتلەر قىلغاي. كاتىپ ئىسكەندەرنىڭ سۆزلەرىنى پۈتۈشكە تۇتتى. بۇ نامە دۇرۇر دۇردانەدىن: «ھەق

www.uyghurkitap.com

سۇبھانە ۋە تەئالاغە ھەمدۇ-ساناكى، ئاڭا ئىپتىدا ۋە ئىنتىھا يوقدۇر. ھەممىگە نەسىبە باغىشلاغۇچى ۋە خالايىقنى ياراتقۇچى دۇرۇر، بەدەنگە جان جەۋھەرىنى ساچقۇچى ۋە يەنە ئاخىر ئۆزى بەرگەنىنى ئالغۇچى ئول ئاللاھ دۇرۇر. ھەممە پادىشاھلاردىن ئەزىز قىلغان جاھان پادىشاھلىرىنى ئانىڭ ئالدىدا زەبۇن قىلغۇچى ھەم ئول ئاللاھ دۇرۇر. ئول كىشىنىڭ بەدەنىگە ئاغرىق يىبەردى، بايابانىدا خارۇ-زار قىلدى. ئانىڭ قازاسى يەتكەنىدە، پادىشاھ ۋە ئۇلۇغلۇق ھىچ كار قىلماس، ئانىڭ ھەر بىر قازاسىدا ھىكمەت باردۇركى، ھىچ ئاقىلنىڭ ئەقلى ئاڭا يەتمەس. ئاناسىغە يىبەرگەن بۇ نامەدۇر: ئەجەل ئىلكىدە تۇزۇغان، ئۆلۈم شامالىدىن قۇرۇغان مېھرىبان مۇشفىق ئانامغە، تىنىمنىڭ جانى سەن دۇرۇرسەن، ۋۇجۇدۇمنىڭ قىممەت كانى سەن دۇرۇرسەن ۋە مەن بىچارەدىن سۆز بۇ كىم، سىنىڭ جۇدالىغىڭنى تولا ئىستەدىم، سەندىن يىراقلىق بىلەن مېھنەتىڭنى ئىستەدىم، باشىمغە بىھۇدە سەۋدالەر تۈشۈپ، ئالەمنى ئاچماقنى ھۈنەر بىلىپدۇرمەن، ئەمما ھەممە قىلغان خىياللارىم خام ئىكەن. ئەي دەرىغا، كېرەك ئېردىكى، ئەقلىمغە كەلگەچ ساڭا ئوغۇللۇق قىلىپ، كىچە ۋە كۈندۈز قۇللۇق قىلغاي ئېردىم، ساڭا قۇللۇق قىلغانىمنى پادىشاھلىق بىلگەي ئېردىم ئەمما ئول دەۋلەت كۈنلەرى كەتتى. ئەمدى ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆلتۈرگەن بىلەن ھىچ ھەددى يوقدۇر. ئەي مېھرىبان ئانام ئەگەرچە مەن سىنىڭ ئەمرىڭنى ۋە ھۆكمۈڭنى تۇتمادىم، ئەلبەتتە سەن بۇ ئىلتىماسىمنى قوللىغايسەن. ۋەقتىكى بۇ نامەم ساڭا يەتسە، ساڭا قىيامەت قايىم بولغاي ۋە تىرىكچىلىك ئاچچىغ، ئۆلۈم تاتلىق بىلىنگەي. ئەي مۇشفىق ئانام ۋەقتىكى سەن جاھان ئەھلىنىڭ ئاقىلى ۋە داناسى دۇرۇرسەن، كېرەككى كەلگەن قازاغە رىزا بەرگەيسەن ۋە كۆڭلۈڭنى مەندىن ئۈزۈپ، خۇدايى تەئالاغە باغلاغايسەن. يۈزۈڭنى فىراقىمدىن كاچ ئۇرماغايسەن ۋە كافۇردەك ساچلارىڭنى يۇلماغايسەن ۋە مېنىڭ غەممىمدىن نالە ۋە زارلىغ قىلىپ، جاھاننى قاراڭغۇ كۆرمەگەيسەن، ئاپتاپدەك ئىچىڭنى كۆيدۈرمەگەيسەن، ياقاڭنى چاك قىلماغايسەن، سارىغ يۈزۈڭگە ئاق ساچىڭنى ياپماغايسەن. ئەي جانىمدىن ئارتۇق ئانام، ئەگەر فىراقىمدا بۇ ئىشكە سەبىر قىلۇرغە تاقەتىڭ قالماسە، ئۇلۇغ مەجلىس قىلىپ، خاسۇ ئامنى جەمئى قىلغىل، بىھىساپ رەڭگا-رەڭ تائامىلار راست قىلغىل، ئۇلۇغ-كىچىك ئەشرەفلەر، رەئىيەلەرنى چىرلاتقىل، شەھەر خەلقىنى ئورداڭغە يىغىپ، قاشىڭدا ئولتۇرغۇزغىل، ھەممە خەلق جەمئى بولغاندىن كېيىن، فەرمانلاغىل تا خەلقىغە ئاش تارتقايلار. ئاش تارتقاندىن كېيىن، مۇنادى قىلغۇچىغە پەرمانلاغىلكى، بۇ تائامدىن ئانداغ كىشى يىسۇنلەركى، ئول كىشىنىڭ ھىچ كىشىسى ئۆلمەگەن بولغاي، دەپ بۇ سۆزنى ئەيتقاچ دەستۇرخانىڭغە قاراغىلكى، ھىچ كىشى قول سۇنارمۇ. ئەگەر بىر كىشى قول سۇنسە، سەن ھەم مەنىڭ ماتەممىدە غەمكىن بولغىل، ئەگەر بىرەر كىشى قول سۇنماسە، بىلگىلكى، بۇ ئالەمدە كىشىسى ئۆلمەگەن كىشى يوق ئىكەن، ۋەقتىكى ئۆزۈڭنى ھەم ئالەم ئەھلىغە ئوخشاش بىلگىل، ئەگەرچە سەن ئۇلۇغ دۇرۇرسەن ئەمما سەن ئۇلارغە ئوخشاش خۇدانىڭ بەندەسى دۇرۇرسەن، بەندەغە پەرمان تۇتماقلىق، ئىگىسىگە بەندەلىك قىلماقلىق لازىم دۇرۇر، خۇدايى-تەئالانىڭ رازىلىقىغە رازى بولغىل ۋە قازاسىغە رىزا بەرگىل، ئەي مېھرىبان ئانام، ئەگەر مەن خاھى ياخشى خاھى يامان بولاي، ئۆمرۈم ئامان بەرمەي كەتتىم، پۇشايمانلىقىمنىڭ ھەددى يوقدۇر، ساڭا ئۆمرى مەسلىھەت بەرسە، خۇدايى تەئالادىن غافىل بولماقنى

راۋا كۆرمەگەيسەن، ۋەقتىكى ياخشى ۋاقىتلاردا تائەتدە بولغانىڭدا، بۇ ئۆتكەن غەرىبىڭنى ياد قىلىپ، دۇئابىرلە روھىنى شاد قىلغايسەن»، دەپ سۆزلەرىنى تامام قىلىپ، نامەنى پەيىك قولىغە بەردى. ئايدەك كېچە ۋە كۈندۈز ياتماي يۈرۈپ، ئانامىغە يەتكۈرگىل ۋە خەلىققە ئەيدىكى، بۇ دەمدە ئۆمرۈم ئاپتابى ئەجەل بۇلۇتىنىڭ ئاستىغە كىردى ۋە باشىم ئۈزە تولا ئىزتىراپ قىلىپ، قاتتىغ ماتەم تۇتۇپ، ئالەمنى خاراپ قىلماغايسىزلەر ۋە مېنى تابۇتىغە سالىپ يۈرگەيسىزلەر، جەددى-جەھەد قىلىپ، ئىسكەندەرىيەغە ئالىپ بار-غايسىزلەر، تىرىك ئىكەنىمدە ئول يەر ماكانىم ئېردى، ئۆلگەندە ھەم ئول يەرگە كۆمگەي-سىزلەر ۋە لىكىن مېنى قويغاندا، ئەلبەتتە بىر قولۇمنى تابۇتىمدىن چىقارىپ قويغايسىز، تا خەلق ئانى كۆرۈپ ئىبرەت ئالغايلەركى، ئول ئىلىك كى جاننى ئالدى، ھەممە دەريالەرنى كېزىپ، لەئلى گۆھەرلەرنى ئالدى، چۇن ئەجەل كەلدى ھېچ نىمە ۋەپا قىلماي، قولى خالى قالدى، ئاقىل كىرەككى مۇندىن جاھاننىڭ بىۋاپالىغىنى بىلىپ، قولىنى جاھاندىن تارتقاي.—ئىسكەندەر سۆزنى بۇ يەرگە يەتكۈردى، كۆزلىرىنى فانى ئالەمدىن يۇمدى، باقىي ئالەمىغە رەھلەت قىلدى، خالايىق ئىچىدە قىيامەت-قايىم بولدى. نالە-زار، فەرياد-فىغان-لەرنى فەلەككە يەتكۈردىلەر، تابۇتلارنى مەھافەغە سالدىلەر. جەددۇ جەھەد بىلە راۋان بولدى. ئاندىن ئىلگەرى پەيىك ئىسكەندەرنىڭ نامەسىنى ئاناسىغە يەتكۈردى. ئاناسى ئول ۋاقىئەنى ئاڭلاپ، ھۇشى باشىدىن كەتتى. رۇستەم زالدىن ئايرىلغاندەك بولدى. كۆكسىنى چاك-چاك قىلىپ، نالە-زار قىلدى ۋە ئوغلىنىڭ نامەسىنى كۆرۈپ، مەھزۇن جانىغە تەسەللى بەردى ۋە ئۆزىنى ساقلايالماي، زەھەر ئىچكەندەك دەرت ئوتىدىن ئۇستىخانلارى كۆيگەندەك بولۇر ئېردى. ئالەم كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ يەنە سەبرى قىلۇر ئېردى. ئوشبۇ ھالدا دەشت سەھرانى قارار ئېتىپ، ئىسكەندەرنىڭ گەردلەرى يېتىپ كەلدى. ئىسكەندەرنىڭ تابۇتلارنى كۆتەرىپ، ھەر قەدەمدە جانلارنى نىسار قىلۇر ئېردى. ئاناسى بۇ خەبەرنى ئىشىتىپ، ئوتلۇق ئاھىدىن جاھاننى ئۆرتەپ، قولىغە ھاسا تۇتۇپ، بەلىنى باغلاپ، يولىغە كەلدى. ئاھىستە-ئاھىستە يۈرۈپ، فەلەكنى ئۆرتەپ، يىغلا-يىغلا بارۇر ئېردى. سىپاھلەر ئاڭا بۇ قارا كۈن تۈشكەنىنى كۆردىلەر. بۇ ھالەتدە ئانى كۆرۈپ فەرياد-فىغان ۋە نالە-زار قىلدى. چۇن ئوغلىنىڭ تابۇتىنى يىراقدىن كۆردى، زار-زار يىغلاپ ئەيدىكى، ئەي ئەزىزىم، مېھمانىم خۇش كەلدىڭىز، ئوشبۇ قېرىغان كېنىزەك ساڭا قۇربان بولسۇن، بۇ بىۋاپا دۇنياكى ساڭا لايىق ئەمەس ئېردى، بىزنى غېرىپلىق يېرىدە تاشلاپ، ئۆزۈڭ بېھىشت بوستانىنى يۈرۈتغالى باردىڭ، ساڭا بۇ ئىش خۇشاللىق بولدى، سېنىڭ خۇشاللىقىڭغە بىزنىڭ رىزا بولماقىمىز زەرۇر ئېردى ۋە لېكىن بۇ ستەمگار فەلەكدىن مۇنداغ زۇلۇم يەتتى، سەندىن ئىلگەرى ئاخىرەتكە يۈرۈپ كەتكەي ئېردىم، ساڭا جەننەت ئىچرە ئورۇن سالغاي ئېردىم، ئەي دەرىغا، بۇ فەلەكدىن ئەجەپ كۈنلەر كۆرۈندى، ئاپتاپ ئولتۇرغاچ، چىراغ زال قالدى، ئەي دەرىغا بۇ ئىشنى تۈشۈمدە كۆرسەم، شول زامان زەھرىم چاك بولۇپ ئۆلگەي ئېردىم، ئەمما قازادىن بۇ ئىش جانىمغە كەلدى، فىراق دەرياسىدا غەمىلىك تېنىم غەرق بولدى، ئاق ساچلارىمنى يايىپ سالىپ، تابۇتىڭدىن ئۆزۈمنى ئەرتكەي ئېردىم، گاھى ئۆزۈمدىن كېتىپ، گاھى ئۆزۈمگە كېلىپ، كۆزۈمنى ئويۇپ ئالىپ، زەئىپراندەك يۈزۈمدىن قىزىل گۈل ئاچىلغاندەك قانلار ئاقىزغاي ئېردىم، ياقامنى

www.uyghurkitap.com



چاك قىلماققا رۇخسەت پەرسەڭ ئېردى، قارا كىگىزنى ئېشىپ بويىنۇمغا ساپىپ كىيگەي ئېردىم، زەئىپ جانىمنى تابۇتۇڭ ئالىدا پىدا قىلىپ، غەملىك تېنىمنى بەدەنىڭ ئۈستىگە سالغاي ئېردىم، بۇ پەلەكنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، سەن بارغان يەرگە مەن ھەم بارىپ، قوشۇلغاي ئېردىم ۋە لېكىن ماڭا بۇ دەرد ئانداغ مۇشكۈل دەرد جان تۇرۇر، ساڭا كۆڭلۈڭچە ماتەم تۇتالمادىم، جانىمنى بېرىپ، سىنىڭ ئارقاڭدىن يېتەلمەدىم، ئەي جانىم ئوغلۇم ئانچە ئىشلارنى مەندىن تىلەپسەن، ئول سۆزۈڭنى ۋە تىلەگەنلەرىڭنى قوبۇل قىلماق ماڭا زۆرۈر ئېردى، ئەگەرچە دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، تولا ئازاپلار تارتتىم ۋە لېكىن سېنىڭ ھۆكمۈڭنى تۇتماقلىقىغا ماڭا ھەد يوقدۇر، دەپ ئەيدىكى، ئەي دەرىغا تېنىمنىڭ گۆھەرى قايان كەتتى ۋە جانىمنىڭ پارەسى ئىسكەندەر قايان كەتتى، دەپ زار - زار يىغلادى. ئوشبۇ يوسۇندا چەندان سۆزلەر ئەيتىپ يىغلادىكى، خالايىق ئىچىدە قىيامەت قايىم بولدى، زار - زار يىغلاشىپ كېلۇر ئېردى، تا ئىسكەندەرىيەگە يەتتى. ئىسكەندەرنى دەفنى قىلدىلەر. تېرە تۇفراقىنىڭ باغرىن چاك قىلىپ، ئىسكەندەردەك ئافتاپ تۇفراق ئاستىندا يوشۇرۇندىلەر. ئىسكەندەرنىڭ نۇرانە تەنلەرىنى تېرە تۇفراققا كۆمۈپ، ئانىڭ مازارىنى يۈز تۈمەن ياساداق بىلە ياسادىلەر. نەچچە كۈن فىغان ۋە خۇرۇش قىلدى. ئاخىرى ھەممەلەرى كۆڭۈللەرىنى تىندۇرۇپ، كۆڭۈللەرىدەكى بىھۇدە سۆزنى سىندۇرۇپ، ھەممەلەرى خۇدايى تەئالانىڭ فەرمانىغا قانىئ بولۇپ، قازاغە رىزا بېرىپ، سەبرىنى خۇي قىلدىلەر. ئەمما ئىسكەندەر ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئاناسىغە ئالەم قاراڭغۇ كۆرۈندى. ئەمما ئوغلىنىڭ قىلغان ھەممە ۋەسىيەتلەرىغە ئەمەل قىلىپ، ئانداغ ئىشلارنى قىلدىكى، جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشى قىلالماغان بولغاي. ئانىڭ ئول ئىشىدىن ئەھلى دىللار خەبەردار بولۇپ، يۈز مىڭ ئافەرىنلەر قىلدى. ھەممە ئانىڭ ماتەمىنى سوراغالى كەلدىلەر. يەتتە ھۆكمالاركى ھەر بىرى دانىشمەنلىكتە دەريا ئېردىلەر. ئۇلارنى كەلەدۇر، دەپ ئاڭلاپ، بانۇ جاھان دەرھال ئۇلارغە كۆرۈنۈش بەردى. يەتتە ھۆكما ئىسكەندەرىيەغە كەلگەچ يەنە جاھان تەھەررۇكىغە تۈشتى. ھۆكمالارنى كۆرۈپ، بانۇ جاھان بارىنى بىر - بىر ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئۆزى ئولتۇردى. ئەفلاتۇن ھەكىم باش كۆتۈرۈپ ئەيدىكى: بانۇ جاھان ھەممەدىن ئاگاھراقدۇرۇركى، ئاقىللارغە پادىشاھ دۇرۇر، ئاڭا بىز سەبرى قىل دەپ، نەسىھەت قىلماققا ئانىڭ ھاجەتى يوقدۇر ۋە لېكىن بىر دۇئادىن ئۆزگە چارە يوقدۇركى، گەۋھەر چۆمسە دەرياغە تىرىكلىك بولسۇن، ئافتاپ ئولتۇرسە ئاسمانغە سابىتلىق بولسۇن. بۈگۈن بانۇ جاھانى ئالەم، يىگانەئى زامان تۇرۇر بەلكى شەرمەرد جاھان تۇرۇركى، شۇنداق ئوغۇلدىن ئايرىلدى. قازاغە رىزا بەرمەكدىن ئۆزگە ئىش قىلمادى، ئۈمىد ئولدۇركى خۇدايى تەئالا بۇ دەردىنىڭ مۇژدىنى بەرگەي، دىدى. ئەفلاتۇن ھەكىم سۆزنى تۈگەتكەچ، سۇقرات ھىكىم سوز باشلادى: يەتتە ئىقلىم پادىشاھى سەندۇرۇرسەن، ئاقىللىقتا بارابەرىڭ يوقدۇر، ئەگەر پادىشاھ سەندىن غالىپ بولسە، ساڭا خۇدايى تەئالا يار بولسۇن، ئاقىللەر نەسىھەتنى قوبۇل قىلۇرلەر، بى ئەقىللەر نەسىھەتتىن نەسىبە ئالالماس، قازاغە رىزا بەرمەسە، بىئەقىللەر ئاياغىغە تىكەن سانچىلسە، ئاھىنى فەلەككە تارتارلەر ۋە لېكىن ئاقىللەر ھەرنىمەكى خۇدايى تەئالادىن كەلسە، ئاڭا قانىئ بولۇرلەر، ئەي بانۇ جاھان، سېنىڭ بۇ ھۆسنۈڭ ئىنتىھايى كەمال تۇرۇر، ھەق تەئالا بۇ دانىشمەنىغە زاۋال بەرمەسۇن، دىدى. سۇقرات

ھىكىم خامۇش بولغاچ، پىلىناس ھەكىم دۇئا ـ سەنا ئوقۇپ ئەيدىلەركى: يەتتە فەلەك
تۆرت ئۇنسۇردىن سىنىڭدەك قىز پەيدا بولغانى يوقدۇر، ھەممە خەلايىققە مەلۇمدۇركى،
فىراقنىڭ دەردۇ ـ داغى ناھايىتى مۇشكۇل تۇرۇر، بۇ دەردغە تولا فەرياد ـ فىغان قىلسە،
قازاغە رىزا بەرمەگەنى تۇرۇر، يامانلىقدىن رىزالىق نەقەدى قولدىن كىتەر، ئىككىنچى
ماتەمدە سەبىر قىلماقنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قالۇر، سىنىڭ ئەقلىڭىزگە بۇ ئىش تەھقىق
دۇر...... پىلىناس سۆزنى ئادا قىلغاچ بەقرات ھەكىم ئاغاز قىلدىكى، ئەي غۇسسە شەربە-
تىن ئىچمەكلىكدە، ھەكىملىقنىڭ كۇھىقابى، ھەممە بەرداشلىقنىڭ ۋەسفى سىنىڭ زاتىڭدا
باردۇر، خۇدايى تەئالا بۇ سەبرىڭنى تەخمىنۇ ھەم زىيادە قىلسۇن ۋە بىلگىلكى، ھەر
نىمە تەبرەر نىھايەتىغە يەتكەچ توختاماي قالماس، شۇنداقكى، كۆي ھەم چەۋگاندىن
يىلدام تەبرەر، ئاخىرىغە يەتكەچ يەردە توختار، بۇ فەلەك دەۋۋار ھەم كۆيىغە ئوخشە
تەبرەر، مۇنىڭغە ھەم بىر كۈن قارار بولغۇسىدۇر، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تا بۇ دەمغىچە
ئادەم ئەھلىنى كۆرگىلكى، ئول كىشىلەرگە ئەقىل يار بولسە، بۇ ئىشلەرنىڭ فىكرىنى
قىلۇر...... دىدى. چۈن بەقرات كالامنى تۈگەتتى ھورمۇس ھەكىم دۇئا قىلدىلەركى ئەيدى:
ئەي گۈلدىن ئايرىلغان باغ ۋە نۇردىن ئايرىلغان چىراغ، ئۆزۈڭ بىلۇرسەن ۋەقتىكى،
گۈلىستاندا گۈل ئاچىلسا، ئاچىلغان گۈلدىن باغىبان كۆڭلىنى ئۈزەر، چىراغ ھەم قانچە
رۇشەن بولسە، ئاخىر ئۆچەر، ۋەقتىكى، بۇ ئالەمنىڭ خاسىيەتى مۇنداغ دۇرۇر، ئەلبەتتە
ھەر نىچۈك جەمئىيەت بولسە، ئاخىر فاراكەندە بولۇر بەس، بۇ ئىشكە ئىزتىراپ قىلماقنىڭ
ھەددى يوقتۇر، ساڭا ۋەقتىكى، ھەق تەئالا مۇنداغ دانالىقنى بىرىپدۇر، ساڭا پەندى-
نەسىھەت ھاجەت ئىرمەس. ھورمۇس كەلامنى تۈگەتتى. فەرفەرىنۇس ھەكىم سۆز باشلادى،
ئەيدىكى، ئەي ئەزىز سەن بىر دەريا دۇرۇرسەنكى، گەۋھەرىڭ كىتىپدۇر ۋە لىكىن خۇدايى
تەئالا قايسى دەريانى ياراتىپدۇر گەۋھەرى كەتمەگەي ۋە قايسى كاندۇركى، ئانىڭ باغرى
چاك بولماغاي، ئۆزۈڭ ھەم خوپ بىلۇرسەن، مۇڭا شۇكرى ۋاجىپ دۇرۇر. چۈن فەرفەرىنوس
ھەكىم سۆزنى تاماممىغە يەتكۈردى. ئارستۇ ھىكىم زار ـ زار يىغلاپ ئەيدىكى: ئەي بانۇ
جاھان، مىنىڭ ساڭا كۆپ سۆزلەرىم باردۇر ۋە لىكىن مەن نەسىھەتنى قوبۇل قىلالماسمەن،
مىنىڭ ھوشۇمنى سەۋدا ئەسىر قىلىپدۇر. مەن ئەيتۇر ئىردىمكى، سىنىڭ غەمىڭنى سوراغاي-
مىز ۋە بەلەند ھىممەتىڭنى سوراغايمىز، نىچۈك قىلايكى، سورارغە تىلىم لال بولۇپدۇر،
خاتىرىم ئاشىفتە ھال تۇرۇر، بۇ غەمدە خۇدايى تەئالا بانۇ جاھانغە مەدەت قىلىپ تۇرۇر،
بارچەمىز ئاندىن سەبەق ئالماق كىرەك، بىزلەرچە ھەم ئىزتىراب قىلمادى، ئەيتادۇرغان
سۆزلەرنى ئەيتمادى، ھەق سۇبھانە ۋە تەئالا بۇ دۆلەتنى زىيادە قىلسۇن، دىدى. چۈن
ھۆكمالەر بانۇنىڭ غەمنى سورىدى ۋە دىماغىغە ھۇش كەلتۈردى ۋە ياخشى سۆزلەر بىلە
جاراھەتىغە مەرھەم قويدى. بانۇ جاھان ھۇشىغە كىلىپ، ئولارغە تولا ئۆزرە ئەيتىپ، گەنجلەر
تۆكتى. ئەيدىكى، ئەي دانىشمەنلەر بۇ ماتەم مەندىن سىزلەرگە تولاراق دۇرۇر ۋە ئىسكەندەرنىڭ
غەمى سىزلەردە كۆپرەك دۇرۇر، نىمە ئۈچۈنكى ئانىڭ كامىللىقى سىزلەرگە مەئلۇم ئىردى، سەفەر
ئىچرە ئانىڭ يارى سىزلەر ئىردىڭىزلەر، ھەر نىچۈك خەتەرلەردە غەمخارى
ئىردىڭىزلەر، ئەگەرچە پادىشاھ بولغان بىلەن سىزلەرنىڭ كۆڭلۈڭىزلەر خالىغانچە ھەمرا-
ھىڭىزلەر ئىردى، ۋەقتىكى مۇنداغ يارىڭىزلەر كەتتى، غەمكىن ماتەمزادە بولدىڭىزلەر، سىزلەرنىڭ ھەر

www.uyghurkitap.com



بىرىڭىزلەر ئاشا ئىككى جاھاندىن ئارتۇقراق ئىردىڭىزلەر، ھەق تەئالا بۇ غەمىڭىزلەرنى دەفئى قىلغاي، بۇ قاتتىغ ماتەمىڭىزلەرنى ئارادىن كۆتەرگەي، ئەگەرچە بىز ئىسكەندەردىن ئايرىلدۇق، بىر - بىرىمىزگە ھەمدەرد ئولتۇرۇربىز، ئەي دانىشمەنلەر مەن بۇ ئىش بولغاندىن بويۇزى كىشى بىلەن سۆزلەشكەنىم يوق ئىردى، ئەيتىپ ئىردىكى، تاكى ئۆمرۈم بويى سۆزۈمنى تاشلاپ، ئاغزىمغە خامۇشلۇق مۆھرىنى قويغايمەن، ۋەقتىكى، سۆزلەرىڭىزلەردىن ھەمدەردلىقىمىز ئاشكارە بولدى، ياخشى ھەمدەردغە خامۇشلۇق ياخشى تېمەسدۇر، مەنى بى ئىختىيار سۆزگە سالدىڭىزلەركى، ھەمدەرد بولغاندا ئىختىيار قالماس ئىكەن، دىدى.

ھۆكمالەر ئەيتۇر، ئىسكەندەر ھەم ئالەمغە پادىشاھ ئىردى بەلكى خۇدايى تەئالانىڭ سايەسى ئىردى، ئالەم ئەھلىغە دانىشلىغى بار ئىردى ۋە ئەقل - ئىدرەككە تولغان ئىردى ھەم ئالىم ھەم ھەكىم ئىردى ۋە ياخشى راي تەدبىرلىق ئىردى، شۇنچە دانىشى بىلە يەنە خەلقدىن تەدبىر سورار ئىردى ۋە دانىشمەنلەرنىڭ پەندى - نەسىھەتىنى ئۆممەت تۇتۇپ ئىشتۇر ئىردى. ھەر كۈن دانىشمەنلەرگە قاراپ، ئۇلاردىن كۆڭۈل قوبۇل قىلغۇدەك ئىشلارنى تاپۇر ئىردى، ياخشى سۆزلەرنى ئۇلاردىن ئىشتۇر ئىردى، ھۆكما ۋە دانىشمەنلەر قىلغان ئىشلارنى قىلۇر ئىردى. ئارستۇ ئەيتۇركى بىلىڭلاركى، ئالەم ۋافاسىزدۇر، ھەر نىمەكى ئالەمدە باردۇر. بەقاسى يوق تۇرۇر بەس، مەئلۇمدۇركى، ھەر نىمەنىڭ سابىتلىقى يوقدۇر، ئاشا كۆڭۈل باغلاماقنىڭ خوپلۇغى يوقدۇر، چۈنكى ھەق سۇبھانە ۋەتەئالا ھەمىشە باقى تۇرۇر، ئاندىن ئۆزگەسىگە ئىئتىماد قىلغۇلۇق ئەمەس، پادىشاھلاركى، ھەق تەئالانىڭ ئاللىدا بەندە ۋە ھەقىردۇرلەر، ئەلگە ھەم رەھىم قىلسە، خۇدايى تەئالا ھەم ئول پادىشاھغە مەرھەمەت قىلۇر، ھەممە خالايىقكى پادىشاھغە بەندەۋار تۇرۇرلەر، پادىشاھلەردىن ھەم قۇدرەتلىك قادىرى باردۇر، ئەگەر زەئىپغە قۇۋۋەتلىك كىشى ئەگەر لاتافەت قىلسە ۋە غەزەپ قىلسە، قادىرى پەرۋەردىگاردىن ھەم ئانى تەلەپ قىلماق كېرەك، شۇنداقكى ھەر كىشىنىڭ مۆھرىنىڭ ئىچىدە نىمە خەت پىتسە، ۋاراقىغە باسقاندا ئول خەت پەيدا بولغۇسدۇر، پادىشاھ كېرەككى، ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن نىمەنى خەلق ھەم راۋا كۆرمىسگەي. ئەفلاتۇن ئەيتۇر، ھەق تەئالا پادىشانى خەلقدىن بى نىياز قىلىپ، شەۋكەتلىك قىلىپدۇر، ئەگەر پادىشاھ خۇدايى تەئالاغە فەرمانبەردارلىق قىلماسە، ئانىڭ مۇشكۇلى ئىچۈك ئاچىلۇر. پادىشالار سىپاھنىڭ كۆڭلىنى لۇتف بىلە خۇش قىلغاي ۋە رەئىيەلەرنى ئەدل بىرلە ئاباد قىلغاي، ۋەقتىكى مۇنداق بولسە، پادىشالىقى روناق تاپىپ، سابىت بولۇر. رەئىيەلەر پادىشاھنىڭ ئەدلىدىن فەراغەتدە بولسەلەر، پادىشالارنىڭ ھەم مەقسۇدى ھاسىل بولۇر، ئەگەر رەئىيەلەر فاراكەندە بولسە، سەلتەنەت دەرەختىنىڭ يىلتىزى يولۇنۇر ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ①

① ھىجرىيە 1292 - يىلى كۆچۈرۈلگەن قولىيازما نۇسخىدىن ئېلىنغان قىسمى مۇشۇ يەردە تۈگىدى.

..............................................................

دۇنيانىڭ تەلەبىدىن قولۇڭنى يىغقىل، ئەگەرگەنجلەرنى تىلەرسەن،
خەلقنىڭ ئەيىبىدىن كۆزۈڭنى يۇمغىل، تا ئەيىپلەرىڭنى مۇشاھىدە قىلۇرسەن.
بادىيەلەرنىڭ رەنجىنى ئىختىيار قىلغىل تا كەئبەغە يېتەرسەن،
نائەھلى دوستىدىن ئۈزۈلگىل، تائەھلى دوستىنى تاپارسەن.

ئۆزۈڭنىڭ سىررىنى كىشىگە دىمەگىل، تائەسرارگەنجىنى تاپارسەن.
كەمەرسەنىڭ زىيانىنى تىلەمەگىل، ئەگەر سۇد تىلەرسەن.
كىشى بىرلە بولغىل، تا كىشىسىز قالماغايسەن.
بىخۇد بولغىل، تا ھەق بىرلە بولۇرسەن.
ياخشىلارنىڭ سۆھبەتىنى ئىختىيار قىلغىل، تا ياخشىلىقنى يىتەرسەن.
ئاجىزلىقىڭىزغە ئىقرار قىلغىل، تا ئارماندە بولماسەن.
ھەممەدىن بىگانە بولغىل، ئەگەر ھەقنىڭ يىگانەلىكىنى تىلەرسەن.
رەھبەرسىز يۈرمەگىل، تا يولنى يۈتۈرمەسسەن.
بەدخۇيلار بىلەن ئەدەپ بىرلە بولغىل، تا زىيان تارتماغايسەن.
خامۇش بولغىل، تا ئىمىن بولۇرسەن.
ئىشىڭنى پىنھان تۇتغىل، تا باھالىغ بولۇرسەن.

لۇقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيەتنامەكىم، يۈز ئاتمىش بىر ۋەسىيەتنامە خەلققە نافىئدۇر. خالەدىمكىم، بۇ كىتاپنى ئانىڭ بىلە خەتمى قىلغايمەن، تا خۇدايى تەئالا ھەممەلەرغە خەيرىيەت ۋە ھەسانات تۆۋفىق كارامەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ رىزالىق تەلەبىغە ھىرىس قىلغاي.

تەممەتىل كىتاب بى ئەۋنىل فەييازىل ۋەھھاب
ۋە ئىلەيھىل مەرجىئۇ ۋەلمە ئاف ①
تارىخقە بىر مىڭ ئىككى يۈز يەتمىش سەككىز
ئۆي يىلى رەبىئەل ئەۋۋەلنىڭ ئون بىرى
دۈشەنبە كۈنى ئەتمامىغە يەتكەن.

## لۇغەت

### ئا

| | |
|---|---|
| ئاسا | سۆزگە قوشۇلۇپ كېلىپ، راھەت، تېچلاندۇرغۇچى، كەبى، ئوخشاش دىگەن مەنىلەرنى بىرىدۇ. دىل ئاسا — كۆڭۈل راھىتى |
| ئاساتىر | ئەپسانە، رىۋايەت، تىلسىم |
| ئامىختە | 1) ئارىلاشما 2) قوشۇلغان، بىرلەشكەن |

① «تەممەتىل كىتاب بى ئەۋنىل فەييازىل ۋەھھاب ۋە ئىلەيھىل مەرجىئۇ ۋەلمەئاف»—ھەممە ئىشلارنى كەچۈرگۈچى ئاللاھنىڭ فەيزىلىك ياردىمى بىلەن كىتاپ تۈگىدى.

www.uyghurkitap.com



## پ

| | |
|---|---|
| پەرران | ئۇچقۇر، ئۇچقان |
| پەيرەۋ | ئەگەشكۈچى، ئىزىدىن ماڭغۇچى |
| پەيك | خەۋەرچى، ئەلچى |
| پستەدەھان | لەۋلىرى، گىلاستەك (شېئىرىيەتتە) |

## ت

| | |
|---|---|
| تەئەققۇل | پىكىر قىلىش، ئويلاش |
| تەئەننى | ئاستىلىق، بىرەر ئىشتا ئاستا ۋە ئېغىرلىق بىلەن ھەر-كەت قىلىش |
| تەسكىن | ھەركەتسىزلىنىش، توختاش |
| تەھۋىل | 1) ئۆزگەرتىش، ئاسترونومىيىدە قۇياشنىڭ بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ئۆتۈشى |
| تەفرىقە | ئايرىلىش، ئايرىتىش |
| تەزەرىۋ | قىرغاۋۇل |
| تەقرىر | قارار قىلىش، مەقسىدىنى ئاغزاكى بىلدۈرۈش |

## ج

| | |
|---|---|
| جانىب | تەرەپ، جەھەت |
| | جانىبىنى تۇتماق — تەرىپىنى ئالماق |
| جەلىس | ھەمسۆھبەت |
| جۈيەندە | قىدىرغۇچى، ئىزلىگۈچى، تەلەپ قىلغۇچى |
| جۇرم | گۇناھ، جىنايەت |

## خ

| | |
|---|---|
| خەرۋار | 1) ئېغىرلىق ئۆلچىمى (300 كىلوغا تەڭ) 2) ناھايىتى كۆپ، ئىنتايىن |
| خۇسۇمەت | 1) دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك |
| | 2) ماجرا، تالاش-تارتىش |
| خۇتۇت | خەتلەر |
| خۇي | تەر |

## د

| | |
|---|---|
| دىباچە | 1) كىتاپنىڭ نەقشلەر بىلەن بېزەلگەن بىرىنچى سەھىپىسى 2) كىرىش سۆز، مۇقەددىمە. |
| دىلپەزىر | كۆڭۈلگە ياققۇچى، يېقىملىق |
| دىۋسار | دىۋگە ئوخشاش، دىۋە شەكىللىك |
| دەررەندە | يىرتقۇچ، يىرتقۇچ هايۋان |
| دۇلاب | قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىدىغان چاق |
| دۇرراج | چىللاش |

## ز

| | |
|---|---|
| زاغ | قاغا |
| زىنى پۇش | ئات يوپۇغى |
| زەمىر | 1) دىل، يۈرەك 2) ئوي - پىكىر، مەزمۇن |
| زەخىرە | زاپاس نەرسىلەر، ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلانغان نەرسىلەر |

## س

| | |
|---|---|
| سەۋاد | 1) قاراڭغۇلۇق، قارا نەرسە 2) خەت، 3) نىشان 4) شەھەر |
| سەھۋى | 1) خاتالىق، يېڭىلىش 2) ئۇنۇتۇش |
| سەۋت | 1) قامچا 2) ئاۋاز، شاۋقۇن 3) ئاھاڭ، كۈي |
| سىرا پەردە | خان - پادىشالارنىڭ مەخسۇس |
| | چېدىرى، ئىچكى ئوردا |
| سەئىيى | توغرا، ساغلام |

## ش

| | |
|---|---|
| شۇئبەدە باز | ھىلىگەر، كۆز باغلىغۇچى |
| شىكەن | 1) سۇنۇق، پۈكۈلگەن 2) سۆز بىرىكمىلىرىدە سۇندۇرغۇچى مەنىسىدە كېلىدۇ. م: پۇت شىكەن — پۇت سۇندۇرغۇچى |

## غ

| | |
|---|---|
| غەددار | 1) ئالدامچى، خىيانەتچى 2) زالىم |

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com



### ھ

| | |
|---|---|
| ھىجاپ | 1) پەردە 2) ئۇيات، خىجىللىق |
| ھەملە | ئىنتىلىش، ھۇجۇم |
| ھەدداد | تۆمۈرچى |
| ھەفتە جوش | قۇيما، يەتتە خىل مېتال ئارىلاشمىسى |

### ف

| | |
|---|---|
| فارىغىلبال | خاتىرجەم |
| فاسىد | بۇزۇق |

### ق

| | |
|---|---|
| «قەمەرى سەباھىس سەرئىس سەير» | تاڭدىكى ئاينىڭ تېز سەير قىلىشى |
| قاسىر | قىسقا، كالتە؛ كۈچسىز، ئاجىز |
| قەۋس | 1) يا، كامان، كامالەك 2) ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۆلىـ گىدىن توققۇزىنچىسى |
| قەللاپ | ئالىمەك |

### ك

| | |
|---|---|
| «كۇللۇ ۋە ئەشرەبۇ ۋەلا تۇسرەفۇ» | يەڭلار ۋە ئىچىڭلار لېكىن ئىسراپ قىلماڭلار |
| كامكار | قۇدرەتلىك، ھاكىم |
| كارساز | ئىش بېجىرگۈچى، ئىشنى جايىغا يەتكۈزگۈچى |
| كۇس | 1) دۇمباق، 2) سىلكىنمەك، تەۋرىمەك |
| كۇدۇرەت | دىل غەشلىك، غەم ـ غۇسسە |
| كۇھەنسال | ياشانغان، قېرى، ئۇلۇغ |
| كۇنج | بۇرجەك، بۇلۇڭ |

### گ

| | |
|---|---|
| گەداز | 1) كۆيمەك 2) تەشۋىش، ئەندىشە قىلماق |
| گەران | 1.) ئېغىر 2) ئىسىل، قىممەتلىك |

| | |
|---|---|
| گىر | سۆز بىرىكمىسىدە ئىگەللەش، قولغا كىرگۈزۈش مەنىسىدە كېلىدۇ. |
| گىريە | يىغلىماق، ياش تۆكمەك |
| گىتى نەما | «جاھاننەما» (ئەينەك)نى كۆرسىتىدۇ. |
| گۇلباڭ | خۇش ئاۋاز، بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى |

ل

| | |
|---|---|
| كەلەد | تەپمەك، ئەزمەك |
| لاجۇۋەرد | 1) توق كۆك رەڭلىك تاش 2) كۆك رەڭ |

م

| | |
|---|---|
| مەئاف | ئەپۇ قىلىنغان |
| مەئدۇم | يوق، يوقالغان |
| مەسەندنىشىن | ئەمەلدار |
| مۇزتەر | مەجبۇر بولغان، ھەيرەتتە قالغان |
| مۇبارىز | يەككمۇ - يەككە جەڭ قىلغۇچى |
| مۇفرىت | ھەددىدىن تاشقىرى |
| مۇستەھسەن | ماقۇللانغان؛ چىرايلىق، گۈزەل |
| مۇشتاق | ياسالغان، باشقا بىر سۆزدىن ياسالغان |
| مۇددەقىق | تەتقىق قىلغۇچى |
| مۇتەئەللۇقات | تەئەللۇق نەرسىلەر |

ن

| | |
|---|---|
| ناب | تازا، تىنىق، ساپ |
| ناۋەك ئەنداز | ئوق ئاتقۇچى |
| نەۋال | 1) ئىنئام، ھەدىيە 2) نىسۋە |
| نەھس | مارس پلانىتىسىنى كۆرسىتىدۇ. |
| نىژاد | نەسىل - نەسەپ، كېلىپ چىقىش |

ر

| | |
|---|---|
| رىياز | باغلار |
| رۇكن | 1) تۈرۈك 2) ھۇل |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رەمز — 1) ئىما ـ ئىشارەت، يوشۇرۇن بەلگە

رەئد — قەدىمقى سوقۇشلاردا دۈشمەنگە ئوت ئاتىدىغان بىر خىل قورال

### ئە

ئەبەس — پايدىسىز، ئورۇنسىز

ئەنھار — دەريا، ئېقىن، قانال

ئەفرات — 1) چېكىدىن ئاشقان 2) ئىسراپ

ئەفسۇردە — مۇزلىغان، قېتىپ قالغان؛ جانسىز

ئەفرۇز — سۆز بىرىكمىلىرىدە ئېرىتكۈچى، قىزدۇرغۇچى مەنىسىدە كېلىدۇ.

### ئې

ئېھتىشام — ھەشەمەت، سۆلەت

### ئۇ

ئۇستۇرلاب — قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئېگىزلىگىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاپ




## ئەخمەت يەسەۋى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىجات مۇخلىس

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرىنىڭ ناھايىتى زور سالمىغىنى «چىغاتاي تىلى» دەۋرى ئەسەرلىرى تەشكىل قىلىدۇ. بىز ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى قۇتقۇ-زۇش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش ئىشىنى ياخشى ئىشلەپ، بۇ مىراسلارنى ئەۋلاتلىرىمىزغا تولۇق ۋە مۇكەممەل ھالدا قالدۇرۇشنى مىللەت ۋە ۋىجدان ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىمىز دەپ ھىساپلايمىز. چىغاتاي تىلى دەۋرى مىراسلىرى توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا، بۇ تىلنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەخمەت يەسەۋى ۋە ئۇنىڭ «دىۋان ھىكمەت» ناملىق ئەسىرى ئۈستىدە توختالماي ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس.

ئەخمەت يەسەۋى ھەققىدە توختىلىشتىن ئاۋال ئىسلامىيەت ئەقىدىلىرى، ئىسلامدىكى مەزھەپلەر ۋە ئەخمەت يەسەۋى ۋەكىللىك قىلغان تەسەۋۋۇپچىلىق ئېقىمى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام ئاتالغۇلىرىدىكى فىقھە شەرىئەت — ئىسلام قانۇنى ياكى دىنىي قانۇن دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي، سىياسى، ئىجتىمائىي، ئائىلىۋى ۋە شەخسى تۇرمۇشلىرىغا ئائىت قانۇن - نىزاملارنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەزمۇنى — ئېتىقات، ئەدەپ، ئىبادەت، مۇئامىلەت، ئوقۇبەت دىگەن تىپلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇ نىزاملار — مەشرۇ، غەيرۇل مەشرۇ (قانۇنلۇق، قانۇنسىز) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شەرىئەت قانۇنى نەچچە ئەسىر ئىچىدە تۈزۈلۈپ بولغان ۋە پەيدىن - پەي مۇكەممەللەشكەن بۇ قانۇن ئېتىقات ۋە رەسىم - يوسۇننى خەلق ئىشلار قانۇنى، جازا قانۇنى ۋە دۆلەت قانۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋەزىپىسىگە ئايلاندۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىسلام دىنىدىكى ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ قانۇن تۈزۈش پىرىنسىپى ۋە قانۇن ئاسا- سى توغرىسىدىكى كۆزقارىشى، ئۇلارنىڭ شەرىئەتنى شەرھلەشلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تۆرلۈك فىقھە ئىلمى ئېقىملىرى (مەزھەپلەر) شەكىللەنگەن. ئۇلار:

1. ھەنەفىيە ياكى ھەنەفى مەزھىبى (ئىمام ئەزەم مەزھىبى)
2. شافىيە ياكى شافىي مەزھىبى
3. مالىكىيە ياكى مالىك مەزھىبى
4. ھەنبىلە ياكى ئەنبەل مەزھىبى

1. ھەنەفىيە مەزھىبى. بۇ مەزھەپنى ئىرانلىق سودىگەر ئەبۇ ھەنىفە (699 — 767) بەرپا قىلغان. بۇ سۈننى مەزھىبى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق مەزھەپ بولۇپ، ھازىر ئېتىقاتتا ئىراق، تۈركىيە، تۇنىس، مىسىر، ئافغانىستان، ھىندىستان، پاكىستان، ئوتتۇرا ئازىيا قاتارلىق جايلاردا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارمۇ ئاساسەن مۇشۇ مەزھەپتە. بۇ مەزھەپ ئىلىم جەھەتتىن شەخسىنىڭ پىكرىنى، شەخسىنىڭ ھۆكمىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ، ئۇنىڭ قىياسنى ئىشلىتىشمۇ ناھايىتى جانلىق. شۇڭا، ئېتىقات دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولغان.

2. شافىيە مەزھىبى، پەلەستىندە تۇغۇلغان مەككىلىك قۇرەيىش قەبىلىسىنىڭ ھاشىملار ئۇرۇغىدىن بولغان مۇھەممەت ئىبنى ئىدرىس شافىي (767 — 820) ھەرقايسى ئىلىم ئېقىملىرىدىن فىقھەنى ئۆگىنىپ، ھەنەفىيچىلەر بىلەن مالىكچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بۇ ئېقىمنى ياراتقان. بۇلار ئىسلامدا كېلىشتۈرگۈچىلەر (ئوتتۇرىدىكىلەر) دەپ قارىلىدۇ. بۇ مەزھەپ پىكىر جەھەتتىن قاتتىقراق كېلىدۇ. بۇ مەزھەپ مىسىر، سۈرىيە، ئىراق، پەلەستىن، ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، شەرقىي ئافرىقا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا ئۆز ئېتىقاتچىلىرىغا ئىگە، بىزدىمۇ بۇ ئېقىمنىڭ ئېتىقاتچىلىرى بار.

3. مالىكىيە مەزھىبى. بۇ مەزھەپنى مەدىنىلىك مالىك ئىبنى ئەنەس ئىجات قىلغان. بۇ مەزھەپتىكىلەرنىڭ قارىشىچە، مەدىنىلىكلەرنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئادىتى مۇھەممەت پەيغەمبەر- نىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇڭا ئۇلار، بۇ ئەنئەنە ۋە ئادەت- لەرنى مەلۇم بىر شەخسىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ھەدىسىدىنمۇ ئىشەنچلىك دەيدۇ. شۇڭا، شە- رىئەت قانۇنلىرىنى تۈزگەندە، ئۇلار ئادەتتىكى پىرىنسىپلاردىن تاشقىرى، مەدىنىلىكلەرنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئادىتىنىمۇ تولۇق ھېساپقا ئالىدۇ. ئۇلار، ئاساسەن، ھەدىسكە ئاساسلىنىدۇ. شۇڭا «ئەھلى ھەدىسلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار، ھەدىستە شەرھلەنمىگەن مەسىلىلەرنى ھەتتا مەدىنىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىلەن زىت بولغان مەسىلىلەرنىمۇ مەدىنىلىكلەرنىڭ ئادىتى ۋە ئەنئەنىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ (بۇ قاراش مالىكنىڭ «مۇۋەتتە» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان). بۇ ئېقىم ماراكەش، ئالجىرىيە، تۇنىس، لىۋىيە، سۇدان، گاد، باش مىسىر، ئافرىقا قاتارلىق جايلارغا كەڭ تارقالغان.

4. ھەنبەل مەزھىبى، بۇ مەزھەپنى باغداتلىق ئەخمەت ئىبنى ھەنبەل ئىجات قىلغان. بۇ مەزھەپتىكىلەر قانۇن تۈزگەندە قۇرئاننىڭ خەت مەنىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ، ئەنئە-

ندە چىلىك تۇردۇ، ھەدىستىن كۆپ نەقىل ئالدۇ. قىياسنى ئاز ئىشلىتىدۇ، شەخسنىڭ پىك-
رىنى (رايىنى ھۆكمىنى) بولسا ئىنكار قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئۆزلىرى توغرا
دەپ ھىساپلىغىننى قوبۇل قىلىدۇ، توغرا كۆرمىگىنىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەخمەت تۈزگەن
«مۇسناد» دىگەن ھەدىسنى ئىسلام دۇنياسى ئىتىراپ قىلىدۇ. بۇ ھەدىس باشقا ئالتە ھەدىس-
تىن قالسىلا نوپۇزلۇق ھەدىس دەپ قارىلىدۇ. ئادەتتە، بۇ مەزھەپ ئىسلامدىكى تۆت چوڭ
مەزھەپنىڭ ئەڭ مۇتەئەسسىپى دەپ ھىساپلىنىدۇ. شۇڭا بۇ مەزھەپتىكىلەر «كالام ئەنئەنىسىدە
چىڭ تۇرغۇچىلار» دەپ نام ئالغان. ئۇلار قۇرئان بىلەن ھەدىستىن باشقىغا ئىشەنمەيدۇ. بۇ
مەزھەپ دەسلەپ سۈرىيە ۋە ئىراقتا تارقالغان، كىيىنچە سەئۇدى ئەرەبىستانغىمۇ تارقالغان.
سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ھازىرقى ۋاھابىلارمۇ مۇشۇ مەزھەپكە ئاساسلىنىپ شەكىللەنگەن.

ئىسلامىيەتتىكى تەسەۋۋۇپچىلىق ئىسلام دىنى مەيدانىغا كېلىپ 2 ئەسىردىن كېيىن
يەنى 9-ئەسىرلەردە پەيدا بولغان. تەسەۋۋۇپچىلىق ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى
ۋە كائىناتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى يەككە مەۋجۇدىيەت چۈشەنچىسى بىلەن بايان قىلىدىغان
مۇرەككەپ پەلسەپىۋى ئېقىمدىن ئىبارەت.

تەسەۋۋۇپچىلىق ئېقىمى مەزمۇنى ۋە شەكلى بويىچە ناھايىتى كۆپ تارماقلارغا بۆلۈ-
نىدۇ. ئۇ شۇنچە كەڭ ۋە كۆپ تەرەپلىمە بىر ئېقىمكى، ئۇنىڭغا خالىغان ئۇقۇم ۋە دۇنيا
قاراشنى كىرگۈزۈش مۇمكىن. تەسەۋۋۇپ پارچىلانمايدىغان بىر پۈتۈن تەلىمات ئەمەس، ئۇ-
نىڭدا بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى پىكىر ئېقىملىرى ۋە مەزھەپلەرنىڭ كەسكىن كۈرىشىمۇ
مەۋجۇت.

تەسەۋۋۇپچىلىق ئېقىمىنى ئىلمىي ساھەدىكىلەر «سوفىزىم» دەپمۇ ئاتايدۇ. «سوفىزىم»
سۆزىنىڭ قايسى تىلدىن ئېلىنغانلىقى، مەنىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى تەسەۋۋۇپ ئالىملىرى ئۆز
ئەسەرلىرىدە ھەر خىل ئىزاھلاپ كەلدى. بەزىلىرى بۇ سۆزنى ئەرەپچە «ساف» ياكى
«سۇففە» سۆزىدىن كېلىپ چىققان. «سوف» سۆزى ئەرەپچە «يۇڭ» دىگەن مەنىنى بىلدۈر-
دۇ، سوفىلار، ئىشانلار كۆپىنچە يۇڭ توقۇلمىدىن مەللە چاپان كىيىشىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى
«سوفى» ئاتىشىدۇ دەپ چۈشەندۈرسە، بەزىلىرى «سوف» سۆزى يۇنانچە «سوفىيا» (سوفۇس-
ھىكمەت) سۆزىدىن ئېلىنغان، ئۇ پەيلەسوپدىكى «سوف» سۆزىنىڭ ئۆزى، چۈنكى پەيلاسوف—
ھىكمەت سۆيگۈچى، «دانىشمەن ھاكىم» دىگەن مەنىلەرگە ئىگە. مەۋجۇدىيەتنىڭ ئاساسى
ئاللا، ئەڭ يۈكسەك بىلىم ئاللاغا خاس، ھاكىملىق ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل سۈپەتلىرىدىن بىرى،
دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

دەسلەپكى چاغلاردا، تەسەۋۋۇپ ئىسلامىيەتتە تەركى دۇنيالىق (زاھىدلىق) ئادەملىرى-
نىڭ ئاددىيلا تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئىدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئىلاھىيەت كۆز قارىشى خۇدا ھەققىدىكى بىر يۈرۈش خۇداگۈيلۈق
نۇقتىئىنەزەردىن ئىبارەت بولدى. بۇ خىل ئىلاھىيەت كۆز قارىشى بويىچە، دۇنيا خۇدانىڭ
بىر خىل ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ. تەسەۋۋۇپچىلار، كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئىلاھ-
نىڭ جۇغلانمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، خۇدا تەبىئەتتىكى ھەممە ھادىسىلەردە ۋە
ماددىلاردا مەۋجۇت، دۇنياغا دۇنياۋى رۇھ سۈپىتىدە سىڭگەن خۇدا بىر بولغاندەك، دۇنيامۇ
بىردۇر، ئادەممۇ خۇددى بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئوخشاش روھنىڭ بىر زەررىچىسى-

دۇر، ئۇ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بەرىبىر شۇ دۇنياۋى روھقا پۈتۈنلەي سىڭىپ كېتىدۇ، ئەنە شۇنداق خۇداغا سىڭىپ كېتىش پەيتى بەخت-سائادەتنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ؛ ھەر بىر ئادەم، ئەنە شۇنداق سىڭىپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشىشى يەنى خۇدا بىلەن بىرلىشىپ كېتىشى لازىم، دەپ قارايدۇ. بۇ ھىندى ۋە يۇنان پەلسەپىسىدىن كىرگەن ۋەھدەتى ۋۇجۇت ئەقىدىسى ئىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، تەسەۋۋۇپ ئېقىمى ئەسلى ئىسلام ئەقىدىسىدىكى خۇدا بىر دىگەن چۈشەنچىنى خۇدا تەبىئەتتىكى ھەممە ھادىسىلەردە ۋە ماددىلاردا مەۋجۇت، دەپ كېڭەيتىپ، باشقا دىنلار ۋە باشقا ئەللەر پەلسەپىلىرىنىڭ كېرەكلىك قىسمىنى قوبۇل قىلىپ، دۇنيانى كەڭرەك ۋە ئەمەلىرەك مىقياستا چۈشەندۈرۈشكە، ئادەمنىڭ شەخسى پائالىيەتچانلىقىنى كەڭرەك ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىشقا ئۇرۇنغان. بۇ مەنىدە، تەسەۋۋۇپچىلىق ئەسلى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە نىسبەتەن ئىسلاھاتچىلىق بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا مۇئەييەن ئىلغارلىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىدى.

ئەمما، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ ئۆزىدىمۇ ھەر خىل مەزھەپلەر شاخ ئايرىپ چىقىپ، دۇنيانى ۋە ئىنسان پائالىيىتىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىسلامىيەت دۇنياسىدا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ ئېقىمنىڭ چاكىنا (ۋولگار) شەكلىمۇ كېلىپ چىقتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەشقەرىيەدىكى سوفى-ئىشانلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقان تەلىماتلىرى ۋە چەك-چېگىرىسىز پائالىيەتلىرى تەسەۋۋۇپچىلىقنى بارغانسېرى چاكىنىلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئەسلى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە نىسبەتەن چۈشكۈن، قالاق ۋە ئەكسىيەتچى بىر ئېقىمغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، تەسەۋۋۇپچىلىق تەركى دۇنيالىقنى ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان بولدى. يۇنان پەلسەپىسى ۋە قەدىمقى دىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىسلام ئالىملىرى قۇرئاندىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە تەسەۋۋۇپلۇق يېڭى بىر نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، تەسەۋۋۇپچىلىقتا قۇرئان ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسلانغانلارنى «زاھىرىلەر»، قۇرئاندىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە يېڭى نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغۇچىلارنى «باتىنىلەر» دەپ ئايرىيدىغان ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. «ھەقىقى تەسەۋۋۇپچىلار»— قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسلانغۇچىلار؛ «ساختا تەسەۋۋۇپچىلار»— قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەرگە «ساپ» چۈشەنچىلەرنى بەرگۈچىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش داۋام قىلدى. تەسەۋۋۇپتىكى باتىنىي (ئىچكى، مەخپى مەنىدە) يولنى تاللىغان تەسەۋۋۇپچىلار قۇرئانغا كەڭ مەنە بەردى. باتىنىي يولنى تاللىغان تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئىلاھىيەت كۆز قارىشى ئىسلامىيەتكە قارىمۇ-قارشى بولغان دىن ۋە دىنىي پەلسەپە ئېقىملىرىنىڭ يەنى بۇددىزىم ۋە يېڭى ئەپلاتونىزىمنىڭ تەسىرى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن ئىدى. ئىسلامىيەتنىڭ نېگىزىگە سىڭىپ كىرگەن يېڭى ئەپلاتونىزىم كۆز قاراشلىرى تەركى دۇنيالىق، زاھىدلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان ئىلاھىيەتچىلىك نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بۇ خىل تەسەۋۋۇپچىلار نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە ئۆزلىرىنىڭ يېڭىچە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى سىڭدۈردى.

قۇرئاندىكى ئايەتتە: ئىمان ئېيتقۇچىلارنىڭ ئاللاغا بولغان مۇھەببەتلىرى ئەڭ كۈچلۈك

www.uyghurkitap.com

مۇھەببەتتۇر، دېيىلگەن.

تەسەۋۋۇپچىلار مۇھەببەتنى دىللارنىڭ مايىللىقى ئاللا تەرەپكە، ئاللاغا مەنسۇپ ئىشلار تەرەپكە تەكەللۇپسىز مايىل بولۇش، ئاللاغا بويسۇنۇش، يەنى بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش تەقدىر ئۆلچەملىرىگە رازى بولۇش، سۆيگىنىنى (ئاللانى دېمەكچى) ئىزلەش، مۇھەببەتنى قوزغايدىغان ئامىللاردىن قەلبىنى خالى قىلىش، تۈرلۈك ھەۋەسلەرگە ئورۇن بەرمەسلىك، شەخسى مەنپەئەتنى ئويلىماسلىق، شەخسى غەرەزدە بولماسلىق، دەپ ئىزاھلايدۇ.

تەسەۋۋۇپتا، خۇداغا ئەقىل ـ ئىدرەك بىلەن ئېتىقات قىلىش كۆڭۈلدە ئېتىقات قىلىشقا ئالماشتۇرۇلدى. سوفىلار بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مۆمىن مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئورۇنلىشى زۆرۈر بولغان بارلىق ئىبادەت رەسمىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىشى كېرەك، يەنى خۇدا بىلەن بىر بولۇپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان سوفىلار ئۈچۈن بارلىق دىنىي پەرزلەر ۋە مەسچىتلەرنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، دەپ ھىساپلىدى.

ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپ سىستېمىسىدا تۈرلۈك مەزھەپ ۋە كۆز قاراشلار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ ئېتىقات، ئاساسەن، تۆۋەندىكى بەش خىل نەزىرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (تەسەۋۋۇپنىڭ تۈپ ئاساسى بولغان بۇ نەزىرىيەلەرنى ئەڭ ئاۋۋال مۇھەممەدىن ئەرەبى ئوتتۇرىغا قويغان). بۇلار: يەككەن بارلىق نەزىرىيىسى، مەلۇم بولۇش نەزىرىيىسى، شەيئىلەرنىڭ يارىتىلىشىدىن بۇرۇن ئۇلارنى تەڭرى مۇقىملاشتۇرغان، دېگەن نەزرىيە، ئىشق نەزىرىيىسى، ئىنسان ھەققىدىكى نەزىرىيىدىن ئىبارەت. تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى مەزمۇن جەھەتتىن باي. ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەرياندىن ئۆتكەچكە، تارىختا ئوينىغان رولىمۇ يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئوخشاش بولمىغان.

تەسەۋۋۇپ 9 ـ ئەسىردە ئىراندا بىر خىل پەلسەپە تەلىماتى سۈپىتىدە زېمىن تاپتى. كېيىن 11 — 12 ـ ئەسىرلەردە ئىران ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە رايونىمىزغا سىڭىپ كىرىپ، بۇ جايلاردا چوڭ تەسىر دائىرىسى پەيدا قىلدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى ۋەكىلى ئىرانلىق مەشھۇر سوفى ھۇسەيىن ئىبنى مەنسۇر ھەللاج ئىدى. ئۇ مىلادى 922 ـ يىلى مۇسۇلمانلار سوتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ھەللاجنىڭ ئاساسىي تەلىماتى — «ئەنەلھەق» (مەنىسى «ھەق خۇدا مەندە كۆرۈلدى») دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تەلىمات فانتىستىك تەلىماتقا يېقىن. ئومۇمەن، ھەللاج ئوبيېكتىپ ئىدىئالىزم مەيدانىدا تۇردۇ. بىراق ھەللاجنىڭ ئوبيېكتىپ ئىدىئالىزمى ماھىيەتتە ئۆز زامانىسىدىكى فېئوداللىق رىئاللىقنى رەت قىلىش بولۇپ، ئۇ ئىسلام پەلسەپىسىگە قارىمۇ ـ قارشى ئىدى.

مۇسۇلمانلار سوتى مەنسۇر ھەللاجنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۇنىڭ تەسىرىنى يوقىتالمىدى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەپ بولدى. ھەللاج تەلىماتىنىڭ تەسىرى ئىراندىلا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلار شەرقىدە، جۈملىدىن ماۋرائۇننەھىردە تېخىمۇ كەڭ يېيىلدى، كېيىنچە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىگىمۇ كېڭەيدى. بۇ جايلاردا مەنسۇر ھەللاجنىڭ نامى جەبىر ـ زۇلۇمغا قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈش ۋە غەزەپلىنىشنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى.

ۋ. بارتولد ئۆزىنىڭ «تۈركىستاندىكى مەدەنىي ھايات تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە، تەسەۋ-

www.uyghurkitap.com



ۋۇپنىڭ ماۋرائۇننەھرىگە تارقىلىشى 12 - ئەسىر مۇتەپەككۇرى يۇسۇپ ھەمەدانى مەكتىۋىدىن باشلانغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ: يۇسۇپ ھەمەدانى مەرۋلىك ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىدە بۇخارانى، كېيىنچە سەمەرقەنتنى قاراخانىلار ھۆكۈمىدىن قوغداشقا بىۋاستە قاتناشقان ئادەم، ئۇ ئۆز شاگىرتلىرىنى ئەمگەك قىلىشقا، ھۈنەر ئۆگىنىشكە، ھەربى ئىشلارنى ئۆگىنىشكە چاقىرغان، دەپ يازىدۇ. يۇسۇپ ھەمەدانىنىڭ تەلىماتى ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائى تەپەككۇرنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئىلغار رول ئوينىغان. بۇ تەلىمات يۇسۇپ ھەمەدانىنىڭ شاگىرتى خوجا ئابدۇخالىق غىژدۇۋانىنىڭ نامى بىلەنمۇ باغلىنىدۇ.

بۇ ئېقىمنىڭ يەنە بىر مەكتىۋى يۇسۇپ ھەمەدانىنىڭ مۇرىدى خوجا ئەخمەت يەسەۋى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى سۇلايمان باقىرغانىي ھەم سەلىق ئاتالەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغان.

ئەخمەت يەسەۋى ئوتتۇرا ئاسىيالىق بولۇپ، 1086 - يىلى تۇغۇلۇپ 1166 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ ئىبراھىم دىگەن شەيخنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئارسلانبەگ ۋە يۇسۇپ ھەمەدانى دىگەن چوڭ سوفىلارنىڭ شاگىرتى ئىدى. 12 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا سوفىزىمنىڭ ئەڭ چوڭ مۇتەپەككۇرى بولغان يۇسۇپ ھەمەدانى تەلىماتىنىڭ ھاجى ئابدۇخالىق غىژدۇۋانى نامىدىكى بىر ئېقىمىدىن (بۇنى كېيىن مۇھەممەت باھائىددىن نەقشۇەندى داۋاملاشتۇرغان) باشقا يەنە، تۈپ قاراشلىرى ئۇنىڭدىن زور تۈردە پەرقلىنىدىغان ئىككىنچى ئېقىمغا ھاجى ئەخمەت يەسەۋى باشلاچىلىق قىلغان. بۇ ئېقىم كېيىنچە «قادىرىيە» دەرۋىشلىك يولىغا ئاساس سالغان ئىدى.

ئەخمەت يەسەۋى سوفىلىقنى بۇخارادا ئۆگىنىپ، كېيىن تۈركىستانغا قايتقان. ئۇ ئۆزىنىڭ «دىۋان ھىكمەت» (پەلسەپىۋى شېئىرلار توپلىمى) ئەسىرىدە ئىسلام، كالام، سوپىلىق، دىخانلار، چارۋىچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، تەرەققىيات، مەرىپەت ۋە ھەقىقەت قاتارلىق 10 مەسىلىنى دىنىي ئىدىئالىستىك ۋە روھىي پىسسىمىستىك ئاساستا چۈشەندۈرۈپ، تەركى دۇنيالىقنى تەرغىپ قىلىدۇ. ئۇ پەقەت كەمبەغەللىك، تەقۋادارلىق ۋە قايغۇ - ئەلەم ئىچىدە ئۆتكەن سوفىلا ھەقىقى سوفى بولالايدۇ، دەپ يازىدۇ. ئۇ ئۆز تەلىماتىنى زالىم، پارىخور، ئەمەل تۇتقان سوفىلارغا قارشى تەرغىپ قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ شېئىرىيىتى ئەينى ئەسىرلەردە دىخانلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئىسيانكار شائىرلار تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنغان.

ئەخمەت يەسەۋىنىڭ شېئىرىيىتى ئەينى دەۋردىكى فېئودال رىئاللىقنى سۆكۈش، پاش قىلىش، ئەيىپلەش يېقىدىن ئىلغار، تەركى دۇنيالىقنى تەرغىپ قىلىش يېقىدىن پاسسىپ، تىل يېقىدىن ئەينى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پۈتۈن بەدىئى ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن گۈزەل ئۈرنەكتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ جاھانغا تونۇلغان مىراسى «قۇتادغۇبىلىگ» قاراخانىلارنىڭ «خاقانىيە تىلى» ئاساسىنى تىكلىگەن بولسا، خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ 1145 - يىلى يېزىلغان ئەسىرى «دىۋان ھىكمەت» ۋە قەشقەرلىق چوڭ مۇدەررىس نەسىرىددىن ئىبنى بۇرھاندىن رابغۇزىنىڭ 1310 - يىلى يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق رومانى چىغاتاي تىلىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن. بۇ ئىككى ئەسەر زامانىسىدا ئۆيمۇ - ئۆي ئوقۇلىدىغان، ئەسىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كەڭ تارقالغان ئەدەبىي كىتاپلاردىن بولغان ئىدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەسىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورنى كۈندىن - كۈنگە

مۇستەھكەملەنگەن. ھەتتا ئۆزبېك خان (1312 — 1340) ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان (1347— 1363)لار ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

ئەخمەت يەسەۋىنىڭ شېئىرىي تىلى جانلىق خەلق تىلىدۇر. ئەينى دەۋرلەردە كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئەدىپلىرى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەپ، پارس تىللىرىدا يېزىپ، ئۆز ئانا تىلىنىڭ ئەدەبىي ئەنئەنىلىرىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قارىغان، ئۆز ئانا تىلىدا يېزىشقا ئۇرۇنغانلىرىمۇ ئەرەپ، پارس ئىبارىلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىشتىن خالى بولالمىغان، بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئىستىمالىدىكى جانلىق تىلدىن زور دەرىجىدە چەتنىگەن، چاغاتاي تىلى ئاتالغان بىر يازما ئەدەبىيات تىلىنى جارى قىلدۇرغان شارائىتتا، شائىرنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا مۇراجەت قىلىشى، ئۆز تىلىنى ئانا تىلىنىڭ كەڭ ئىمكانىيەتلىك ئاساسىغا قۇرۇشى مىسلىسىز دەرىجىدە ئىنقىلاۋىلىق ۋە مىللەتپەرۋەرلىك بولغان ئىدى. ئەخمەت يەسەۋىنىڭ شېئىرىي تىل يارىتىشتىكى بۇ خىل پوزىتسىيىسى ۋە پرىنسىپىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، شائىرنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى ۋە پرىنسىپى بۈگۈنكى كۈندىمۇ چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارمۇ لۇغەتسىز ۋە ئىزاھاتسىز ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ.

پىروفېسسور ي. ئە. بېرتېلىس: خوجا ئەخمەت تۈرك تىللىرىدا يازغان ۋە ئىجات قىلغان، چۈنكى ئۇ بۇ ئەسەرلىرى بىلەن ساراي دائىرىلىرىگە ئەمەس، بەلكى خەلققە مۇراجەت قىلغان، دەپ يازغان ئىدى.

ئەخمەت يەسەۋىنىڭ شېئىرلىرى مەزمۇنەن خىلمۇ - خىل ۋە باي. ئۇ فېئوداللىقنى ئىنكار قىلىدۇ، زالىم فېئوداللار ۋە مۇتەئەسسىپ، چىرىك روھانىيلاردىن غەزەپلىنىدۇ، مېھنەتكەش، مەزلۇم خەلق كۆپچىلىكىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسلام تارىخىدىكى ئىسيانكار پەيلاسوپلارغا ھېسداشلىق قىلىشىمۇ ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. شائىر 9 - ئەسىردە مۇسۇلمانلار سوتى تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن مەنسۇر ھەللاجنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ناھەق بولغانلىقىدىن ھەسرەتلەنگەن:

ئايا دوستلار پاك ئىشقنى قولغە ئالدىم،
بۇ دۇنيانى دۈشمەن تۇتۇپ يۈردۈم مانا.
ياقام تۇتۇپ ھەزرەتىغە سىغىنىپ كەلدىم،
ئىشق بابىدا مەنسۇر سۈفەت بولدۇم مانا.

ئىشق يولىدا ئاشىق بولۇپ مەنسۇر ئۆتتى،
بىلىن باغلاپ ھەق ئىشقىنى مەھكەم تۇتتى،
مالامەتلەر، ئاھانەتلەر كۆپ ئىشتتى،
ئەي مۆئمىنلەر مەن ھەم مەنسۇر بولدۇم مانا.

ئاشىق مەنسۇر ئەنەلھەقنى تىلگە ئالدى،
جەبرائىل كېلىپ باشىڭ بەر دەپ يولغە سالدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەبرائىل كېلىپ ئەنەلھەقنى بىرگە ئالدى،
دارگە ئاسىلىپ دىدارنى كۆردۈم مانا.

.........................................
.........................................
.........................................
.........................................

ئەخمەت يەسەۋى مۇھەببەتنىڭ خۇداغا بولۇشنى قايتا - قايتا تىلغا ئالدۇ. لېكىن مۇھەببەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئارا بولۇشنى چەتكە قاقمايدۇ:

ئىستەپ چىقتىم شامۇ ئىراقنى،
تاپمادىم ھەرگىز يارنى سىياقى،
مۇشكۇل ئىكەندۇر ئانى يىراقى،
كۆيدۈردى دوستلار يارنى فىراقى.

بىر كۆرمىدىم مەن ئول پەيۋەستە قاشنى،
كۆرۈك يارانلەر كۆزدە ياشنى،
دايىم ئۇرارمەن كۆكسۈمگە تاشنى،
كۆيدۈردى دوستلار يارنى فىراقى.

كۆرسەم بىناگاھ گۈلدەك يۈزنى،
قەلەم قاشنى، نەرگەس كۆزنى،
خەتنە ئالۇرمەن ھەر بىر سۆزنى،
كۆيدۈردى دوستلار يارنى فىراقى.

جانۇ دىلىمدىن ئارتۇق ئۇ يارىم،
بىلمەدى ھەرگىز نالەيۇ - زارىم،
كەتتى ئەنانىم ھەم ئىختىيارىم،
كۆيدۈردى دوستلار يارنى فىراقى.

بولسۇن تەسەددۇق جانۇ جاھانىم،
كۆرسەتسە يارنى ماڭا خۇدايىم،
يول ئىنتىزارى يىغلايدۇر دايىم،
كۆيدۈردى دوستلار يارنى فىراقى.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ يەردە گەپ مەھبۇپ — ئىنسان توغرىسىدا كېتىۋاتىدۇ.
مەن بۇ قېتىم «دىۋان ھېكمەت»نى قولۇمدا ساقلىنىۋاتقان ھىجرى 1299 - يىلى (مىلادى 1879 - يىلى) تۈركىيىنىڭ «ئوسمانىيە» مەتبەسىدە چاپپ قىلىنغان نۇسخىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلىدىم.

× ×

ئايا دوستلار قۇلاق سالىڭ ئەيدۇغۇمگە،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.
مىراج ئۈزرە ھەق مۇستافا رۇھۇم كىردى،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

ھەق مۇستافا جەبرائىلدىن قىلدى سوئال،
بۇ نىچۇك رۇھ تەنغە كىرمەي تاپتى كامال،
كۆزى ياشلىغ، ھەلقە باشلىغ، قەددى ھىلال،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

جەبرائىل ئەيدى ئۈممەت ئىشى سىزگە بەرھەق،
كۆككە چىقىپ مالائىكدىن ئالۇر سەبەق،
نالىشگە نالە قىلۇر ھەفتىم تەبەق،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

فەرزەندىم دەپ ھەق مۇستافا قىلدى كالام،
ئاندىن سۈڭرە بار ئەرۋاھ قىلدى سالام،
رەھمەت دەريا تولۇپ تاش دەپ يەتتى پايام،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

رەھىم ئىچرە پەيدا بولدۇم ندا كەلدى،
زىكر ئەيت دىدى بەدەنلەردىم جەنبىش قىلدى،
فەرزەندىم دەپ ھەق مۇستافا ئۇلۇش بەردى،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

تۆرت يۈز يىلدىن كېيىن چىقىپ ئۈممەت بولغاي،
نەچە يىللار يۈرۈپ خەلققە يول كۆرگۈزگەي،
ئون تۆرت مىڭ مۇجتەھىدلەر خىزمەت قىلغاي،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۈچدە كىردىم يەرگە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



توققۇز ئايۇ توققۇز كۈندە يەرگە تۈشتۈم،
توققۇز سائەت تۇرالمىدىم كۆككە ئۇچتۇم،
ئەرشۇ كۇرسى پايەسىنى بارىپ قۇچتۇم،
ئۇل سەبەبدىن ئاتمىش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

ئەرش ئۈستىدە ناماز ئوقۇپ تىزىم پۈكتۈم،
رازىم ئەيتىپ ھەققە باقىپ ياشىم تۆكتۈم،
يالغان ئاشىق، يالغان سوپى كۆردۈم سۆكتۈم،
ئۇل سەبەبدىن ئاتمىش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

جاندىن كېچەي ھۇ ھۇ دىگەن بارى يالغان،
بۇ قىلتاقدىن سورماڭ سوئال يولدا قالغان،
ھەقنى تابقان ئۆزى پىنھان سۆزى پىنھان،
ئۇل سەبەبدىن ئاتمىش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

بىر ياشىمدا ئەرۋاھ ماڭا ئۇلۇش بەردى،
ئىككى ياشدا پەيغەمبەرلەر كېلىپ كۆردى،
ئۈچ ياشىمدا چىلتەن كېلىپ ھالىم سوردى،
ئۇل سەبەبدىن ئاتمىش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

تۆرت ياشىمدە ھەق مۇستافا بەردى خىرما،
يول كۆرسەتتىم يولغە كىردى نەچە گۇمراھ،
قايدا بارسام خىزىر بابام ماڭا ھەمرا،
ئۇل سەبەبدىن ئاتمىش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

بەش ياشىمدە بىلىم باغلاپ تائەت قىلدىم،
كېچە - كۈندۈز روزە تۇتۇپ ئادەت قىلدىم،
كېچە - كۈندۈز زىكرىن ئەيتىپ ئىبادەت قىلدىم،
ئۇل سەبەبدىن ئاتمىش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

ئالتى ياشدا تۇرماي قاچتىم خالايىقدىن،
كۆككە چىقىپ دەرس ئۆرگەندىم مالائىكدىن،
دامىن كىسىپ ھەممە ئەھل ئەلايىقدىن،
ئۇل سەبەبدىن ئاتمىش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

يەتتى ياشدا ئارسلان بابام ئىزلەپ تاپتى،
ھەرسىر كۆرۈپ پەردە بىرلە بۆكۈپ ياپتى،

بەھەمدۇلىللا كۆردۇم دىدى ئىزدىم ئۆپتى،
ئۆل سەبەبدىن ئاتمىش ئۆچدە كىردىم يەرگە.

قابىز كىلىپ ئارسلان بابام جانىن ئالدى،
ھۆرلەر كىلىپ ھەرىر توندىن كىپەن قىلدى،
يەتمىش مىڭ لەب فەرىشتەلەر يىغىلىپ كەلدى،
ئۆل سەبەبدىن ئاتمىش ئۆچدە كىردىم يەرگە.

جىنازەسىن ئوقۇپ يەردىن كۆتەردىلەر،
بىر فۇرسەددە ئۆچماغ ئىچرە يەتكۆردىلەر،
روھىن ئالۇب ئەلەيىننگە كىرگۆزدىلەر،
ئۆل سەبەبدىن ئاتمىش ئۆچدە كىردىم يەرگە.

ئاللا ئاللا يەر ئاستىدا ۋەتەن قىلدى،
مۇنكىر نەكىر مەن رەببىڭ دەپ سوروغ سوردى،
ئارسلان بابام ئىسلامدىن بايان قىلدى،
ئۆل سەبەبدىن ئاتمىش ئۆچدە كىردىم يەرگە.

ئاقىل ئەرسەڭ ئىرانلارگە خىزمەت قىلغىل،
ئەمىر مەئەرۇف قىلغانلارنى ئىززەت قىلغىل،
نەھى مۇنكىر قىلغانلارنى لەئنەت قىلغىل،
ئۆل سەبەبدىن ئاتمىش ئۆچدە كىردىم يەرگە.

سەككىزدىدە سەككىز ياندىن يول ئاچىلدى،
ھىكمەت ئەيت دەپ باشلارىمغە نۇر ساچىلدى،
بەھەمدۇلىللا پىرى مۇغان مەي ئىچۆردى،
ئۆل سەبەبدىن ئاتمىش ئۆچدە كىردىم يەرگە.

پىرى مۇغان ھەق مۇستافا بى بىشەك بىلىڭ،
قايدا بارساڭ ۋەسفىن ئەيتىپ تەئزىم قىلىڭ،
دۇرۇد ئەيتىپ مۇستافاغە ئۆممەت بولىڭ،
ئۆل سەبەبدىن ئاتمىش ئۆچدە كىردىم يەرگە.

توققۇزۇمدە تولغانەدىم توغرى يولغە،
تەبەرۆك دەپ ئالىپ يۆردى قولدىن قولغە،

www.uyghurkitap.com

قۇۋانمادىم بۇ سۆزلارگە قاچتىم چۆلگە،
ئۇل سەبەبدىن ئاتىمش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

ئۇن ياشىدە ئوغلان بولدۇك قول خوجا ئەھمەت،
خوجالىككە بىنا قويۇپ قىلماي تائەت،
خوجامەن دەپ يولدا قالساڭ ۋاي نە ھەسرەت،
ئۇل سەبەبدىن ئاتمش ئۇچدە كىردىم يەرگە.

× ×

ھەر سەجدەم ندا كەلدى قۇلاقىمغە،
زىكر ئەيت دىدى زىكرىن ئەيتىپ يۈردۈم مانا.
ئىشقسىزلارنى كۆردۈم ئەرسە يولدە قالدى،
ئۇل سەبەبدىن ئىشق دۇكانىن قۇردۇم مانا.

ئون بىردىمدە رەھمەت دەريا تولۇپ تاشتى،
ئاللا دىدىم شەيتان مەندىن يىراق قاچتى،
ھاۋايى ھەۋەس مەنمەنلىك تۇرماي كۆچتى،
ئون ئىككىمدە بۇ سىرلارنى كۆردۈم مانا.

ئون ئۇچۇمدە نەفس ھەۋانى قولغە ئالدىم،
نەفس باشىغە يۈزمىڭ بالا قەرماپ سالدىم،
تەكەببۇرنى ئاياغ ئاستىن باسىپ ئالدىم،
ئون تۆرتۈمدە تۇفراق سۈفەت بولدۇم مانا.

ئون بەشىمدە ھۆرۈ غۇلمان قارشۇ كەلدى،
باشىن ئۇرۇپ قول قوشۇرۇپ تەئزىم قىلدى،
فىردەۋسى ئاتلىغ جەننەتدىن مەھزىر كەلدى،
دىدار ئۇچۇن بارچەسىنى قويدۇم مانا.

ئون ئالتىمدە بارچە ئەرۋاھ ئۇلۇش بەردى،
ھەي ھەي سىزگە مۇبارەك دەپ ئادەم كەلدى،
فەرزەندىم دەپ بويىنۇم قۇچۇپ كۆڭلۇم ئالدى،
ئون يەتتىمدە تۈركىستاندە تۇردۇم مانا.

ئون سەككىزدە چىلتەن بىلە شاراپ ئىچتىم،
زىكرىن ئەيتىپ هازىر تۇرۇپ كۆكسۇم تەشتىم،

روزى قىلدى جەننەت كىرىپ ھۆرلار قۇچتۇم،
ھەق مۇستافا جامالىنى كۆردۇم مانا.

ئۇن توققۇزدە يەتمىش مەقام زاھىر بولدى،
زىكرىنى ئەيتىپ ئىچۇ تاشىم تاھىر بولدى،
قايدە بارسام خىزىر بابام ھازىر بولدى،
غەۋسۇ ئىلياس مەي ئىچۈردى تويدۇم مانا.

ياشىم يەتتى يىگىرمىگە ئۆتدۇم مەقام،
بىھەمدۇلىللا پىر خىزمىتىن قىلدىم تەمام،
دۇنيادەكى قۇرۇت ـ قۇشلار قىلدى سەلام،
ئول سەبەبدىن ھەقغە ياۋۇق بولدۇم مانا.

مۆئمىن ئىرمەس ھىكمەت ئىشتىپ يىغلامايدۇر،
ئىرانلارنى ئايتقان سۆزىن تىڭلامايدۇر،
ئايەت، ھەدىس گويا قۇرئان ئاڭلامايدۇر،
بول رىۋايەن ئەرش ئۈستىدە كۆردۇم مانا.

رىۋايەتنى كۆرۈپ ھەقغە سۆزلەشتىم مەن،
يۈزمىڭ تۈرلۈك مالائىككە يۈزلەشتىم مەن،
ئول سەبەبدىن ھەقنى سۆزلەپ ئىزلەشتىم مەن،
جانۇ دىلىم ئاڭا فىدا قىلدىم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەت ياشىڭ يەتتى يىگىرمە بىر،
نە قىلغايسەن گۇناھلارىڭ تاغدىن ئاغىر،
قىيامەت كۈن غەزەپ قىلسە رەببىم قادىر،
ئايا دوسلار نىچۈك جەۋاپ ئەيغۇم مانا.

× ×

خوش غايىبدىن نىدا كەلدى قۇلاغىمە،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.
جۇملە بۈزرۈك يىغىلىپ ماڭا ئىنئام بەردى،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

مەن يىگىرمە ئىككى ياشدە فەنا بولدۇم،
مەرھەم بولۇپ چىن دەردلىككە دەۋا بولدۇم،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يالغان ئاشىق، چىن ئاشىققە گۇۋاھ بولدۇم،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

ئايا دوستلار ياشىم يەتتى يىگىرمە ئۈچ،
يالغان دەئۋا تائەتلەرىم بارچەسى پۇچ،
قىيامەت كۈن نەقىلغايمەن بەرەھنە لۇچ،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

مەن يىگىرمە تۆرتتە كىردىم ھەقدىن يىراق،
ئاخىرەتتە بارۇر بولسام بارمۇ يەراق،
ئۆلگەنىمدە يىغلىسپ ئۇرۇك يۈزەمك تەياق،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

جىنازەمنى ئارقاسىدىن تاشلار ئاتىلىك،
ئاياقىدىن تۇتۇپ سۆراپ گۆرگە ئىلتىك،
ھەققە قۇللۇق قىلمىدىك دەپ يانچىپ تىشلك،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

يازۇق بىلەن ياشىم يەتتى يىگىرمە بەش،
سۇبھان ئىگەم زىكر ئۆرگەتىپ كۆكسۈمنى تەش،
كۆكسۈمدىكى گىرىھلەرىم سەن ئۆزۈك يەش،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

مەن يىگىرمە ئالتى ياشدە سەۋدا قىلدىم،
مەنسۇر سۇفەت دىدار ئۈچۈن غەۋغا قىلدىم،
پىرسىز يۈرۈپ دەردۇ ھالەت پەيدا قىلدىم،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

مەن يىگىرمە يەتتى ياشدە پىرنى تاپتىم،
ھەرىسىر كۆردۈم پەردە بىرلە بۈكۈپ يافتىم،
ئاستا نەسىن ئىستانىبان ئىزدىن ئۆپتۈم،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

مەن يىگىرمە سەككىز ياشدە ئاشىق بولدۇم،
جاندىن كىچىپ مەھنەت تارتىپ سادىق بولدۇم،
ئاندىن سۇگرە دەرگاھىگە لايىق بولدۇم،
ئول سەبەبدىن ھەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

بىركەم ئوتتۇز ياشقە كىردىم هالىم خاراب،
ئىشق يولدە بولالمەدىم مىسال تاراب،
هالىم خاراب، باغرىم كەباب، كۆزۈم پۇرئاب،
ئول سەبەبدىن هەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

ئوتتۇر ياشدە ئوتتۇن قىلىپ كۆيدۇردىلەر،
جۇملە بۇزرۇك يىغىلىپ هەفنى سودۇردىلەر،
ئۇرۇپ سۆكۈپ دىنى ئەقىبىن قويدۇردىلەر،
ئول سەبەبدىن هەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

قۇل خوجا ئەهمەد دۇنيا قويساڭ ئىشىڭ بىتەر،
كۆكسۇڭداكى چىققان ئاهىڭ ئەرشغە يىتەر،
جان بىرەردە هەق مۇستافا قولۇڭ تۇتار،
ئول سەبەبدىن هەققە سىغىنىپ كەلدىم مانا.

× ×

يا ئىلاهىم هەمدىڭ بىرلە هىكمەت ئەيتىپ،
زاتى ئۇلۇغ خوجەم سىغىنىپ كەلدىم ساڭا.
تۆبە قىلىپ گۇناهىمدىن قورقۇپ ياتىپ،
زاتى ئۇلۇغ خوجەم سىغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرىق بىرىمدە ئىخلاس قىلدىم يول تاپاي دىپ،
ئىرانلاردىن هەر سىر كۆرسەم مەن ياپاي دەپ،
پىرى مۇغان ئىزدىن ئالىپ مەن ئۇپاي دەپ،
زاتى ئۇلۇغ خوجەم سىغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرىق ئىككىمدە تالىپ بولۇپ يولغە كىردىم،
ئىخلاس بىرلە يالغۇز هەققە كۆڭۈل بەردىم،
ئەرشۇ كۇرسى لوهدىن ئۆتۈپ قولۇم كەزدىم،
زاتى ئۇلۇغ خوجەم سىغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرىق ئۇچۇمدە هەقنى ئىزلەپ نالە قىلدىم،
كۆز ياشىنى ئاقۇزۇبان ژالە قىلدىم،
بايابانلار كىزىپ ئۆزۈم ۋالە قىلدىم،
زاتى ئۇلۇغ خوجەم سىغىنىپ كەلدىم ساڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قىرىق تۆرتىمدە مۇھەببەتنى بازارىندە،
ياقام تۇتۇپ يىغلاپ يۈردۈم گۈلزارىندە،
مەنسۇر سۈفەت باشىم يېرىپ ئىشق دارىندە،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سېغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرىق بەشىمدە سەندىن ھاجەت تىلەپ كەلدىم،
تۆبە قىلدىم ھەر ئىش قىلدىم خاتا قىلدىم،
رەھمان ئىگەم رەھمىتىڭنى ئۇلۇغ بىلدىم،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سېغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرىق ئالتىمدە زەۋقى شەۋقىم تولۇپ تاشتى،
رەھمەتىدىن قەترە تامدى شەيتان قاچتى،
ھەقدىن ئىلھام رەفىق بولۇپ بابىن ئاچتى،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سېغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرىق يەتتىمدە يەتتى ياقدىن ئىلھام يەتتى،
ساقى بولۇپ جامى شەراپ خوجەم تۇتتى،
شەيتان بىلە نەفس ھەۋا ئۆزى كەتتى،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سېغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرىق سەككىزدە ئەزىز جاندىن بىزار بولدۇم،
گۇناھ دەردى كىسەل قىلدى بىمار بولدۇم،
ئول سەبەبدىن ھەقدىن قورقۇپ پىدا بولدۇم،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سېغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قىرىق توققۇزدە ئىشقىڭ تۈشتى كۆيۈپ ياندىم،
مەجنۇن سۈفەت خەيل خۇيشدىن قاچىپ تاندىم،
تۈرلۈك - تۈرلۈك بالا كەلدى بويۇن سۇندۇم،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سېغىنىپ كەلدىم ساڭا.

ئەللىكىمدە ئەرمەن دىدىم فەئلىم زەئىف،
قان تۆكمەدىم كۆزلەرىمدىن باغرىم ئېرىپ،
نەفسىم ئۈچۈن يۈرەر ئېردىم ئىتدەك كېزىپ،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سېغىنىپ كەلدىم ساڭا.

قۇل خوجا ئەھمەد ئەر بولساڭ ئۆلگەن ياخشى،
قىزىل يۈزۈڭ قارا يەردە سۇلغان ياخشى،

تۇفراق سۇفەت يەر ئاستىدا بولغان ياخشى،
زاتى ئۇلۇغ خوجام سىغىنىپ كەلدىم ساڭا.

× ×

سۇبھى سادىق دۇشەنبە كۈن يەرگە كىردى،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.
ئاتمىش ئۇچدە سۇننەت دىدى ئىشىتىپ بىلدىم،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

يەر ئۇستىدە يارانلارىم ماتەم تۇتتى،
ئالەم ھەممە سۇلتانىم دەپ نەئرە تارتتى،
ھەقنى تاپقان چىن سوفىلار قانلار يۇتتى،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

ئەلۋىداڭ دەپ يەر ئاستىغە قەدەم قويدۇم،
يارۇق دۇنيا ھارام قىلىپ ھەقنى سۆيدۇم،
زىكرىن ئەيتىپ يالغۇز ئۆلۈپ، يالغۇز كۆيدۇم،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

تەھى ئوقۇپ تۈن كېچەلەر قايىم بولدۇم،
كېچە ناماز، كۈندۈزلەرى سايىم بولدۇم،
بۇ ھال بىرلە يەر ئاستىدە دايىم بولدۇم،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

ئاتمىش كېچە ئاتمىش كۈندۈز بىر يول تەئام،
تاڭ ئاتقۇنچە ناماز ئوقۇپ بىر يول سەلام،
ئاتمىش ئۇچدە بولدى ئۆمرۈم ئاخىر تەمام،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

ھەق مۇستافا روھى كېلىپ بولدى ئىمام،
جۇملە مۈلك يەر ئاستىدە بولدى غۇلام،
كۆپ يىغلادىم ھەق مۇستافا بەردى ئىنئام،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

مىئراج تۈنى نۇر دىدىم فەرزەند دىدى،
قولۇم تۇتۇپ ئۇممەتىم سەن ئۇممەت دىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۈننەتىمنى مەھكەم تۇتقىل دىلبەند دىدى،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

قىيامەتدە يول ئاداشساڭ يولغە سالاي،
مۇھەممەد دەپ تەشنە بولساڭ قولۇڭ ئالاي،
فەرزەندىم دەپ ئىلكىڭ تۇتۇپ جەننەت كىرەي،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

ئەي يارانلار سۆز ئىشتىپ شەۋقىم ئارتدى،
ئۈممەت دىدى ئىچى ـ تاشىم نۇرگە پاتدى،
پەرتەۋ سالىپ دىدارىنى ھەق كۆرسەتدى،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

دىدار كۆرۈپ روھۇم ئۇچۇن ئەرشغە قوندى،
موسا سۈفەت ۋۇجۇدلارىم كۆيۈپ ياندى،
مەجنۇن سۈفەت خەيل خۇيشدىن قاچىپ تاندى،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

يەر ئاستىدە خورلىغ تارتتىم كۆپ مۇشەققەت،
تۆشەك ياستۇق تاشدىن قىلىپ چېكىپ ھەسرەت،
ئەي يارانلار بۇ دۇنيادا يوق فاراغەت،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

تا مۇشەققەت تارتمىگۇنچە ۋەسلى قايدا،
خىزمەت قىلماي دەردى ھالەت بولماس پەيدا،
جان ۋە دىلنى تا قىلمەسەڭ ھەقغە شەيدا،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

يەر ئاستىغە كىردىم ئەرسە بىخۇد بولدۇم،
كۆزۈم ئاچىپ مۇستافانى ھازىر كۆردۇم،
ئاسى جافى ئۈممەتلەرنى ھالىن سوردۇم،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

ئايا فەرزەند مەندىن سورساڭ قېنى ئۈممەت،
ئۈممەت دىدى كۆكسۇم تۈلە داغى ھەسرەت،

ئۇممەت ئۇچۇن كۆپ تارتەمەن ھەقدىن كۈلفەت،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

ئۇممەتلارىم يازۇقلارىم ھەر جۇمئە كەچ،
ئالىپ كەلگەي يا مۇھەممەد سەن مۇنى جەج،
تاكى يىغلاپ سەجدە ئەيلەي تەڭرىغە كەچ،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

ھەر جۇمئە كەچ ئۇممەتلارنى گۇناھىنى،
ئالىپ كەلگەي يا مۇھەممەد كۆرگىل (ئانى)،
ئۇممەتلارنىڭ نىلەر قىلۇر ئەھمەد سىنى،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

مەن مۇلكىدىن شەرم ئالۇرمەن ئەي ئۇممەتىم،
يەراتقاندىن قوقماسمۇ سەن پەست ھىممەتىم،
كېچە ياتماي تائەت قىلساڭ خوش دۆلىتىم،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

يەر ئاستىغە كىردىم دوستلار بى ئىختىيار،
ئامىن دەڭلار ئال ئەسھاب ھەم چاھار يار،
ئۇممەتلەرنى جەرمىك كەچكىل پەرۋەردىگار،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد مەن دەفتىرى سانى ئايتىم،
ئىككى ئالەم ئىشرەتلەرىن مەيگە ساتتىم،
ئۆلمەس بۇرۇن جان ئاچچىغىن زەھرىن تارتتىم،
مۇستافاغە ماتەم تۇتۇپ كىردىم مانا.

× ×

قول قادىرىم قۇدرەت بىرلەن نەزر قىلدى،
خۇررەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.
غىرىب بەندەڭ بۇ دۇنيادىن سەفەر قىلدى،
مەھرەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

زاكىر بولۇپ شاكىر بولۇپ ھەقنى تاپتىم،
دۇنيا ئىقبى ھارام قىلىپ يەنجىپ تەفتىم،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



شەيدا بولۇپ رەسۋا بولۇپ جاندىن ئۆتتۈم،
بىغەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

شۇملۇغۇمدىن تاغى تاشلار سۆكتى مېنى،
قەسىد تىلدە سۆكۈپ ئەيدى تەھقىدىڭ قانى،
ئاشىق بولساڭ ئەۋەل بارىپ ھەقنى تانى،
مەرھەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

سىرنى بىزنى ھەق ياراتتى تائەت ئۈچۈن،
ئەي بۇ ئەئجەب ئىچمەك ـ يىمەك راھەت ئۈچۈن،
قالۇۋا بەلا دىدى روھۇم مىھنەت ئۈچۈن،
ئەدھەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

نەفسىم مەنى كۆپ يۈگۈرتتى ھەققە باقماي،
كېچە ـ كۈندۈز بىغەم يۈردۈم ياشىم ئاقماي،
ھەۋاي ھەۋەس مەنمەننى ئوتقە ياقماي،
پۇر غەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

قۇلنى كۆرسەم قۇلى بولۇپ خىزمەت قىلسام،
تۇفراق سۇفەت يول ئۈستىدە يولى بولسام،
ئاشىقلارنى كۆيۈپ ئۆچكەن كۈلى بولسام،
ھەمدەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

جاندىن كەچىپ مىھنەت تارتتىم بەندەم دىدى،
قانلار يۇتۇپ ئالاھ دىدىم رەھىم ئەيلەدى،
دەۋزەخ ئىچرە قالمىسۇن دەپ غېمىم يىدى،
خۇررەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

ياشىم يەتتى يەتمىش ئۈچكە بىر كۈنچە يوق،
ۋادەرىخا ھەقنى تاپماي كۆڭلۈم سۇنۇق،
يەر ئۈستىدە سۇلتان مەن دەپ بولدۇم ئۇلۇق،
شاكىر بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

شەيخ مەن دىبان دەئۋا قىلىپ چۆلدە قالدىم،
فىش دەستار پۇچەك پۇلغە ساتىپ ئالدىم،

نەفسىم مەنى ھەۋا قىلدى يولدە قالدىم،
بىدەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

باشىم تۇفراق ئۆزۈم تۇفراق جىسمىم تۇفراق،
ھەق ۋەسلىگە يەتەرمەن دەپ روھۇم مۇشتاق،
كۆيدۈم ياندىم بولالمىدىم ھەرگىز ئاپاق،
شەبنەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

پىرى مۇغان نەزەر قىلدى شەراپ ئىچتىم،
شەبلى يەڭلىغ سەمائ ئولۇپ جاندىن كەچتىم،
سەرمەست بولۇپ ئەل خەلقدىن تانىپ قاچتىم،
زەمزەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد ناسى بولسەڭ ئۆزۈڭگە بول،
ئاشىق بولسەڭ جاندىن كىچىپ بىر يولى ئۆل،
نادانلارگە ئىسىز سۆزۈڭ قىلماس قوبۇل،
مەھكۇم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

× ×

ئايا دوستلار نادان بىرلەن ئۇلفەت بولۇپ،
باغرىم كۆيۈپ، جاندىن تويۇپ ئۆلدۈم مانا.
توغرى ئەيتسام ئىگرى يولغە بويىنىن تولغار،
قانلار يۇتۇپ غەم زەھرىنە تويدۇم مانا.

نادان بىرلە ئۆتكەن ئۆمرىڭ نارى سەقەر،
نادان بارسە دەۋزەخ ئاندىن قىلغاي ھەزەر،
نادان بىرلە دەۋزەخ سارى قىلماڭ سەفەر،
نادان ئىچرە خازان يەڭلىغ سۇلدۇم مانا.

دۇئا قىلىڭ نادانلارنى يۈزىن كۆرمەي،
ھەقتەئالا رەفىق بولسە بىردەم تۇرماي،
بىمارى بولسە نادانلارنى ھالىن سورماي،
نادانلاردىن يۈزىمڭ جافا كۆردۈم مانا.

يەر ئاستىغە قاچىپ كىردىم نادانلاردىن،
ئىلكىم ئاچىپ دۇئا تىلەپ مەردانلاردىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غېرىب جانىم يۈز تەسەددۇق دانالاردىن،
دانا تاپماي يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

نادانلارنى مەندىن سورمە كۆكسۈم جەغە،
ھەقدىن قورقۇپ ماتەم قۇرسام كۈلەر قەھقەھ،
ئاغزى ئاچۇق نەفسى ئۇلۇق مىسال لەقە،
نادانلاردىن قورقۇپ ساڭا كەلدىم مانا.

تەمەئ قىلمە نادانلاردىن قەدرىلىك بىلمەس،
زۇلمەت ئىچرە يول ئاداشساڭ يولغە سالماس،
بوينۇڭ قىسىپ زارى قىلساڭ قواۇڭ ئالماس،
نادانلارنى شەكۋە ئەيلەپ كەلدىم مانا.

ئەۋەل ئاخىر خوبلار كەتتى قالدىم يالغۇز،
نادانلاردىن ئىشتمادىم بىر ياخشى سۆز،
دانا كەتتى، نادان قالدى يىدىم ئەفسۇس،
يولنى تاپماي ھەيران بولۇپ قالدىم مانا.

داغى ھىجران ئەزدى باغرىم قانى دەردمەند،
دانا تۇفراق نادانلارنى كۆكسى بەلەند،
ئايەت، ھەدىس بايان قىلسام قىلماس پسەند،
كۆكسۈم تىبشىلىك دەردى غەمگە تولدۇم مانا.

دەرد ھالەت تۇغيان قىلدى بارمۇ تەبىب،
ئەرزى ھالىم ساڭا ئەيتاي يالغۇز ھەبىب،
بارچە تالىپ ئۆلىرش ئالدى مەن بى نەسىب،
ئۆلۈش ئىستەب دۇئا بولۇپ كەلدىم مانا.

خانۇمانىلىك تەرك ئەيلابان ئۆلۈش ئالغىل،
ئەي بىخەبەر دۇنيا ئىشىن ئارقە سالغىل،
ئاللا سەخى لۇتفىن كۆرۈپ ھەيران قالغىل،
كۆرەرمەن دەپ فەنا بولۇپ كەلدىم مانا.

مەن دەفتىرى سانى ئەيدىم سىزگە يادگار،
ئەرۋاھىمدىن مەدەد تىلەپ ئوقۇۇڭ زىنھار،

دۇئا قىلاي ۋاسىل قىلسۇن پەرۋەردىگار،
راھمان ئىگەم ئەرز ئېتكالى كەلدىم مانا.

ھېكمەتىمدىن بەھرە ئالغان كۆزگە سۇرسۇن،
ئىخلاس بىرلەن كۆزگە سۇرتۇپ دىدار كۆرسۇن،
شەرتى ئۇلدۇر رىيازەتكە بويۇن سۇنسۇن،
جانلار چىكىپ جانانەنى كۆردۈم مانا.

دىدار ئۈچۈن گەدا بولدۇم ئامىن دەڭلار،
ئەي تالىبلار ھالىم كۆرۈپ غېمىم يەڭلار،
يولدە قالغان قۇل ئەھمەدگە يول بېرىڭلار،
يولنى ئىزلەپ گەدا بولۇپ كەلدىم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد گەدا بولساڭ ھەققە بولغىل،
باشىڭ بىرلە يارانلارگە خىزمەت قىلغىل،
نەزر تاپساڭ ھەلقە قۇرۇپ سۆھبەت قىلغىل،
ھەلقە ئىچرە ئاگاھ بولۇپ تۇردۇم مانا،

× ×

ئايا دوستلار پاك ئىشقنى قولغە ئالدىم،
بۇ دۇنيانى دۈشمەن تۇتۇپ يۇردۇم مانا.
يەقام تۇتۇپ ھەزرەتىغە سىغىنىپ كەلدىم،
ئىشق بابىدە مەنسۇر سۈفەت بولدۇم مانا.

ئىشق يولدە ئاشىق بولۇپ مەنسۇر ئۆتتى،
بىلىن باغلاپ ھەق ئىشقنى مەھكەم تۇتتى،
مالامەتلەر ئاھانەتلەر كۆپ ئىشىتتى،
ئەي مۆئمىنلەر مەن ھەم مەنسۇر بولدۇم مانا.

ئاشىق مەنسۇر ئەنەلھەقنى تىلگە ئالدى،
جىبرئىل كېلىپ باشىڭ بەر دەپ يولغە سالدى،
جىبرئىل كېلىپ ئەنەلھەقنى بىرگە ئالدى،
دارگە ئاسىلىپ دىدارىنى كۆردۈم مانا.

مەنسۇر كىلگەچ دارا ئىگىلىپ ئۆزى ئالدى،
باتىن كۆزى ئاچۇقلارى ھەيران قالدى،

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرتەۋ سالىپ ئاللا ئۆزى نەزەر قىلدى،
ۋاشەۋقا دەپ دىدارىنى كۆردۈم مانا.

ئىدا كەلدى ئوشۇل دارغە كۆپ بوغماغىل،
مەھكەم تۇرغىل ھەريان باقىپ سەن ئاغماغىل،
تاشقا ئەيدى ئەمرىم تۇتۇپ سەن تەگمەگىل،
لوۋھىلمەھفۇز تەھتەسىدە كۆردۈم مانا.

ئۈچ يۈز موللا يىغىلىپ پۈتتى كۆپ رىۋايەت،
شەرىئەتدۇر مەن ھەم بىتاي بىر رىۋايەت،
تەرىقەتدە ھەقىقەتدە ھەق ھىمايەت،
باشىم بىرىپ ھەق سىرىنى بىلدىم مانا.

ئەنەلھەقنىڭ مەئنىسىنى بىلمەس نادان،
دانا كېرەك بۇ يوللاردە پاك مەردان،
ئاقىل قۇللار ھەق يادىنى ئەيدى جانان،
جاندىن كېچىپ جانانەنى سۆيدۈم مانا.

ئىما قىلدىم دانا بولسە مەئنى ئالسۇن،
قال ئىلمىدىن بىتىپ ئەيدىم نىشان قالسۇن،
دۇررى گەۋھەر سۆزلەرىمنى ئىچىگە سالسۇن،
ھالدىن ئەيتىپ ئاشىقلەرغە بەردىم مانا.

ئىسىز مەنسۇر خارلىق بىرلە بولدى ئادا،
بىر سۆز بىرلە يارانلەردىن بولدى جۇدا،
ھال دىلىن ھىچكىم بىلمەس تەڭرىم گۇۋاھ،
قانلار يۇتۇپ مەن ھەم گۇۋاھ بولدۇم مانا.

شاھ مەنسۇرنى ئەنەلھەق بىجا ئىمەس،
يولنى تاپقان بىرگە ئوخشاش گۇمراھ ئىمەس،
ھەر نا جىنسلەر بۇ سۆزلەردىن ئاگاھ ئىمەس،
ئاگاھ بولۇپ بوي خۇدا ئالدىم مانا.

بىر تۈن سەھەر غەرىب مەنسۇر كۆپ يىغلادى،
پەرتەۋ سالىپ ئاللا ئۆزى رەھىم ئەيلەدى،
ئاندىن سۆگرە چىلتەن باقىپ شاراپ بەردى،
دانالارغە بۇ سۆزلەرنى ئەيدىم مانا.

نادانلارگە ئىسىز سۆزۈم ھەيىف ھىكمەت،
ئادەم مەي بىلىن باغلار قانى ھىممەت،
دۇنيا ئۈچۈن بىر - بىرىگە قىلماس شەفقەت،
زالىملەرگە ئەسىر بولۇپ ئۆلدۈم مانا.

زالىملەردە ھەدىنە بولغاي بىزدە گۇناھ،
دەرۋىشلەرنى ھەلقى مەردار ئۆتمەس دۇئا،
ئول سەبەبدىن پادىشا قىلۇر بىزگە جەفا،
ئايەت، ھەدىس مەئنىسىدىن ئەيدىم مانا.

زالىم ئەگەر جەفا قىلسە ئاللا دىگىل،
ئىلكىڭ ئاچىپ دۇئا ئەيلەپ بويۇن سۇنگىل،
ھەق دادىڭگە يەتمەس بولسە گىلە قىلگىل،
ھەقدىن ئىشتىپ بۇ سۆزلەرنى ئەيدىم مانا.

زالىم ئەگەر زۇلۇم ئەيلەسە ماڭا يىغلا،
ياشىڭ ساچىپ ماڭا سىغىنىپ بىلىڭ باغلا،
ھارام شۈبھە تەرك ئەيتىبان يۈرەك داغلا،
زالىملەرگە يۈزمىڭ بالا بەردىم مانا.

زالىملەرنى قۇربى نىدۇر مەن ياراتقان،
ياراتقاننى مەئزۇر قىلماي سەن ئۇنۇتقان،
مەندىن كېچىپ زالىملەرنى ئىلكىن تۇتقان،
زالىملەرگە ئۆزۈم راۋاج ئەردىم مانا.

ساڭا جازا ياراتقانغە يالبارمىدىڭ،
ئاللا دىبان تۈنلەر تۇرۇپ ئىگرانمىدىڭ،
ھەقىقەتدىن سۆزلەر ئەيتتىم ئىشتمادىڭ،
زالىملەرنى ئىلكىن ئۇزۇن قىلدىم مانا.

ئەي بىخەبەر ھەققە كۆڭۈل بۈكۈتمادىڭ،
دۇنيا ھارام ئاندىن كۆڭۈل ساۋۇتمادىڭ،
نەفسىمدىن كېچىپ ئاللا سىرى تولغانمىدىڭ،
بۇ نەفس ئۈچۈن زارى ھەيران بولدۇم مانا.

زالىملەرنى شەكۋەھ قىلمە زالىم ئۆزۈڭ،
خۇيۇڭ رىيا تەئسىر قىلماس خەلققە سۆزۈڭ،

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇنيا مالىن تولا بەردىم تويماس كۆزۈڭ،
ھەرسلەرنى سۆھبىن ئىچرە سالدىم مانا.

لەئلى لەبى جەنبش قىلىپ ئەيدى سېنى،
جانى دىلىم ئۈممەتلەردىم كۆز روشنى،
ھەققە قۇللۇق ماڭا ئۈممەت بولغان قېنى،
چىن ئۈممەتنى سىنەسىغە قويدۇم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد ھەق سۆزنى سۆزلەپ ئۆتتى،
ئەينەلىيەقىن تەرىقەتدە بوزلاپ ئۆتتى،
ئىلمەلىيەقىن شەرئەتنى سۆزلەپ ئۆتتى،
ھەققۇلىيەقىن ھەقىقەتدىن ئەيدىم مانا.

× ×

تەئاللالا ئاشىقلەرگە بەردى ئىشقىن،
شاكىر بولۇپ ئۆرتاپ يانىپ كۆيدۇم مانا.
ئىككى ئالەم كۆزلەرىمغە خەشخاش دانە،
كۆرۈنمەدى يالغۇز ھەقنى سۆيدۇم مانا.

جاندىن كەچىپ يالغۇز ھەقنى جانغە قوشتۇم،
ئاندىن سۇگرە دەريا بولۇپ تولۇپ تاشتىم،
لاماكاننى سىر ئەيتىبان مەقام ئاشتىم،
دۇنيا ئەقبىن يۈز مىڭ تەلاق قويدۇم مانا.

ھەق ئالدىدا ئەقىل كامىل دەم ئۇرالماس،
ئىشق شىددەتى تۇغيان قىلسە بىر دەم تۇرماس،
پەرۋانەدەك ئاخىر بولۇر ئۆزىدىن بىلمەس،
بۇ سىرلارنى جانانەدىن تويدۇم مانا.

تەرىقەتنى يوللارىنى ئىقبەسى كۆپ،
پاك ئىشقنى قولغە ئالماي بولماس يۈرۈپ،
دىدارىنى كۆرسە بولماس تۈن - كۈن ئويۈپ،
ھىچ ئۇخلاماي دىدارىنى كۆردۇم مانا.

تەرىقەتنى يولى قاتىغ تەرفە شاشتىم،
باشىم قاتتى پىر مۇغان سىرى قاچتىم،
پىر ئىپتەكىن تۇتۇپ باتىن كۆزىن ئاچتىم،
رەسۋا بولۇپ يوللار كىزىپ يۈردۈم مانا.

تەرىقەتنى يوللارىدۇر قاتىغ ئەزاپ،
بۇ يوللاردە نەچە ئاشىق بولدى تەراپ،
ئىشق يولىغە هەر كىم كىرسە هالى خەراپ،
ئىرانلاردىن يوانى سوراپ يۈردۈم مانا.

تەرىقەتنى يوللارىدۇر تەرفە ئۇلۇغ،
روزى قىلغان بەندەسىغە بولغاي ياۋۇغ،
ئۇچقۇنىغە تاقەت قىلماس يەتتى تۇمۇغ،
ئەي يارانلار ئەزىز جاندىن تويدۇم مانا.

هەقىقەتنى مەئىنىسىگە يەتكەن كىشى،
بىخود بولۇپ كۆيۈپ يانار ئىچى تاشى،
قانلار ئاقار كۆزلەردىن ئاققان ياشى،
كۆز ياشىمنى توهفە قىلىپ باردىم مانا.

شەرىئەتدۇر ئاشىقلارنى ئەفسانەسى،
ئارىف ئاشىق تەرىقەتنى دۇردانەسى،
قايدە بارسە جانانەسى، هەمخانەسى،
بۇ سىرلارنى ئەرش ئۇستىدە كۆردۈم مانا.

مۇهەببەتنى باغىن كەزمەي ئاشىق بولماس،
خارلىق زارلىق تارتماغۇنچە نەفسىڭ ئۆلمەس،
بىر قەترەغە قانىئ بولماي ئول دەر بولماس،
قانىئ بولۇپ خاس گەۋهەرىن ئالدىم مانا.

ئىشق ئوتىغە كۆيگەن ئاشىق رەڭگى ئۆچەر،
ئۇقبى سىرى جىدەل قىلىپ مۇندىن كۆچەر،
مۇندە بولغان گىرىهلارنى ئاندە ئاچار،
رەسۇل دۇنيا جەفە دىدى قويدۇم مانا.

هەقىقەتلىك ئاشىقلارنى رەڭگى سۇنۇق،
ئايىينەغە نەزەر قىلسە ئاندىن تونۇق،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئۆزى ھەيران، كۆڭلى ۋەيران كۆزى ياشلۇق،
قۇدرەتىغە ھەيران بولۇپ قالدىم مانا.

ئاللا ئەيدى كۆپ يىغلاساڭ كۆرگۈڭ مېنى،
زارى قىلساڭ بەندەم دىبان ئەيغۇم سېنى،
جاندىن كەچىپ مېنى ئىستەر ئاشىق قېنى،
ئىلھام كەلدى چىن قۇلاقىغە ئالدىم مانا.

چىن كۆڭلىدە كۆيگەنلەرگە دىدار ئەتا،
يالغان ئاشىق يولغە كىرسە ھەممە خەتا،
چىن ئاشىقنىڭ كۆزى ياشلىغ قەددى دۇتا،
دۇتا بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

ھەقىقەتلىغ چىن ئاشىقغە توھفە بەرگۈم،
روز مەھشەر نىچۈك سەن دەپ ھالىن سورغۇم،
شەفىئ بولۇپ شەفائەتنى ئۆزۈم قىلغۇم،
رەھمەتىدىن ئۈمىد تۇتۇپ كەلدىم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد ھەق يادىنى ئەيغىل مەدام،
ھەقدىن قورقۇپ تىنماي يىغلا ئەلەد داۋام،
ناماز قويۇپ روزە تۇتۇپ ھەر سۇبھى شام،
مۇنداغ قىلىپ مۇرادىمغە يەتتىم مانا.

× ×

رەھىم مەۋلۇم رەھمى بىرلە ياد ئەيلەسە،
نە يۈز بىرلە ھەزرىتىغە بارغۇم مانا.
تۆبە قىلىپ ئېگرى يولدىن راستىغە قايتىپ،
نە يۈز بىرلە ھەزرىتىغە بارغۇم مانا.

ھەق بەندەسىن نامەلەرىن قولغە بەرسە،
ھەق ئىلاھىم رەھمى بىرلە رەھمەت قىلسە،
پىر مۇغان ھادى بولۇپ يولغە سالسە،
نە يۈز بىرلە ھەزرىتىغە بارغۇم مانا.

بىر كۈن بولۇپ ئەجەل ۋەقتى ياۋۇق يەتسە،
سەڭا، مەڭا ئەسلى ۋەتەن ھۆكمىن ئەيتسە،

ئۆلمەي تۇرۇپ جان ئاچچىغىن زەھرىن تارتسە،
نە يۈز بىرلە ھەزرىتىغە بارغۇم مانا.

سىرداش بولغان ھەمراھلەرىڭ شاشىپ كەتتى،
جىدەل قىلىپ ئىقبەلەردىن ئاشىپ كەتتى،
چار زەرىپ ئۇرۇپ دەريالاردەك تاشىپ كەتتى،
نە يۈز بىرلە ھەزرىتىغە بارغۇم مانا.

•

ۋا ۋەيەلتا كىپچە ـ كۈندۈز قىماي تائەت،
ھەق رەسۇل ئۈممەت ئۈچۈن يىمەي نىئمەت،
ئىچمىش يىمىش نىئمەتلەرى قايغۇ مىھنەت،
نە يۈز بىرلە ھەزرىتىغە بارغۇم مانا.

ھەق رەسۇل دۇنيا ئۈچۈن قايغۇرمىدى،
ئۈممەت تىلەپ ئۆزگە سۆزگە دەم ئۇرمىدى،
دۇنيا ئىچرە لەھزە ئارام ئول كۆرمىدى،
نە يۈز بىرلە ھەزرىتىغە بارغۇم مانا.

ۋادەرىخا مەھشەر كۈنى زاھىر بولسە،
تەڭرى ئۆزى قازى بولۇپ نازىر بولسە،
يامان ئىشىم قىلمىشلەرىم ھازىر بولسە،
نە يۈز بىرلە ھەزرىتىغە بارغۇم مانا.

كىپچە ـ كۈندۈز تىنماي يىغلا قۇل خوجەئەھمەت،
دۇرۇد ئەيتىپ ھەق رەسۇلغە بولغىل ئۈممەت،
هادى بولۇپ ئۈممەت دىسە خوش سەئادەت،
نە يۈز بىرلە ھەزرىتىغە بارغۇم مانا.

× ×

خۇداۋەندە مىنى سالغىل ئۆز يولۇڭگە،
نەفس ئىلكىدە هارىپ ئەدا بولدۇم مانا.
فىسقۇ فۇجۇر تولۇپ تاشىپ ھەددىن ئاشتى،
غەرقاپ بولۇپ ئىسيان ئىچرە قالدىم مانا.

دۇنيا نىجىس تالىپ بولۇپ ئىتدەك يۈردىم،
ئىستەپ ئانى ئارقاسىدىن تۈن كۈن قوۋدىم،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەمرىن تۇتماي ھەق يولغە كۆزۈم يۇمدىم،
قايدە باراي ئايا دوستلار نىتكۇم مانا.

نەفس شەيتان ئەسىر قىلدى ئادەم ئوغلىن،
شىترلايىن باغلاپ ئالدى ئىككى قولىن،
نە مۇشكىلدۇر ئوك ۋە سولنى بىلمەي يولىن،
ۋادەرىخا ھەسرەت بىرلەن بارغۇم مانا.

يوق مىنىڭدەك شۇم ۋە بەلا ئالەم ئارا،
ھىچ بولمەدى مەندىن رىزا خالىق خۇدا،
ئەمدى بولدى ئاخىر مىنى يۈزۈم قارا،
ۋا ۋەيەلتا ئول نىگا بولدۇم مانا.

ئەتا قىلغان ئەزىز جاننى بىلمەدىم مەن،
زاھىر باتىن ھازىر سېغىنىپ تۇرمەدىم مەن،
قارا يۈزۈم دەرگاھىڭگە سۇرمەدىم مەن،
يارەببەنا ھەرنە قىلساڭ كەلدىم مانا.

تاقىتىم يوق ئەگەر باقسام گۇناھىمگە،
قىلاي تۆبە قاچىپ كەلدىم پەناھىڭگە،
رەھمەت بىرلەن نەزىر قىلغىل خوجە ئەھمەدگە،
ھەرنە قىلساڭ مەن بىناۋا كەلدىم مانا.

× ×

كۆڭۈل كۆزى يارۇتمايىن تائەت قىلسە،
دەرگاھىگە مەقبۇل ئىماس بىلدىم مانا.
ھەقىقەتدە بۇ سۆزلەرنى پاك ئۇرگانىپ،
لاماكاندە ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

بىرۇ باردىم سەبەق بەردى پەردە ئاچىپ،
يەر ۋە كۆكرە تۇرالمادى شەيتان قاچىپ،
ئىشرەت قىلىپ ۋەھدەت مەيدىن تويا ئىچىپ،
لاماكاندە ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

مۇندە جەفا چەككەنلەرگە دىدارى تەخت،
روز مەھشەر ئەتا قىلغاي ھەم تەختۇ بەخت،

ياراتقانده قىلغان ئۆزى ئاشىققه ئەھد،
لاماكانده ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

كۆزلەرىمدىن قانلار تۆكۈپ ياد ئېتمەدىم،
يۈزمىڭ تۈرلۈك مېھنەت سالدىڭ داد ئېتمەدىم،
سەندىن قورقۇپ خەسته كۆڭلۈم شاد ئېتمەدىم،
لاماكانده ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

ئاللا دەردى ساتقۇن ئېرمەس ساتىپ ئالساڭ،
پىرى مۇغان خىزمەتىده خاك بولمىساڭ،
ھەق يولىغه كىرىپ بولماس پاك بولمىساڭ،
لاماكانده ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

ئىشق پادشاه ئاشىق فەقىر دەم ئۇرالماس،
ھەقدىن رۇخسەت بولمىغۇنچه سۆزلايالماس،
ھەق پەندىنى ئالغان دۇنيا ئىزلايالماس،
لاماكانده ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

قۇل خوجه ئەھمەد يەتتى ياشده سەبەق ئالدىم،
سەككىزىمده دۇنيا ئىقبىن تەلاق قىلدىم،
توققۇزۇمده خۇدايىمنى ھازىر بىلدىم،
لاماكانده ھەقدىن سەبەق ئالدىم مانا.

× ×

رەھمەتىڭدىن نەۋمىد قىلما مەن غېرىبىنى،
ئارام ئالماي يىغلاپ دۇئا قىلاي ساڭا.
كېچەلەرى بىدار بولۇپ تاڭ ئاتقۇنچه،
يۇماي كۆزنى يىغلاپ دۇئا قىلاي ساڭا.

دەرگاھىڭگه ئەمدى كېلىپ بىلىم باغلاپ،
جان كۆيدۈرۈپ يۈرەك باغرىم تۇتۇپ داغلاپ،
ياقام تۇتۇپ ئۆتكەن ئىشگه چەندان يىغلاپ،
ئىخلاس بىلەن يىغلاپ دۇئا قىلاي ساڭا.

ئۇيغۇرچە كىتابلار تورى www.uyghurkitap.com

كۆكۆل باغى سىز ئىكەندە بىلمەي يۈردۈم،
ئۆمۈر يۈكلى خەزان بولدى ئەمدى تويدۇم،
دۇنيا تاشلاپ دىن يولىغە قەدەم قويدۇم،
ھەزار داستان يىغلاپ دۇئا قىلاي ساڭا.

بۇ يوللاردە جاننى ئاسراپ بولماس ئېرمىش،
جان ئاسراغان بۇ يوللارگە كىرمەس ئېرمىش،
سۇدۇ زىيان بولغاننى بىلمەس ئېرمىش،
بۇ ھال بىرلەن يىغلاپ دۇئا قىلاي ساڭا.

قۇل خوجە ئەھمەد نەفس تاغىدىن چىقىپ ئاشتى،
فەنا فىللاھ مەقامىغە ياۋۇقلاشتى،
يۈرەك باغرىم جۇش ئۇرۇبان قايناپ تاشتى،
بۇ ھال بىرلەن يىغلاپ دۇئا قىلاي ساڭا.

× ×

«فەز كۇرۇللاھەن كەسىرەن» دەپ ئايەت كەلدى،
زىكرىن ئەيتىپ زارى قىلىپ يۈردۈم مانا.
دىدارىنى ئاشىقلارغە ۋەئدە قىلدى،
ئىشق يولىدە جانىم بېرىپ يۈردۈم مانا.

چىن ئاشىقنى ئاللا سۆيۈپ بەندەم دىدى،
ئارا يولدە قالمەسۇن دەپ غەممىم يىدى،
يالغانچىلار دىدارىمنى كۆرمەس دىدى،
ئىشق بابىدە مەھكۇم بولۇپ تۇردۇم مانا.

ئاقىل ئېرسەڭ گۆرۈستاندىن خەبەر ئالغىل،
مەن ھەم شۇنداغ بولۇرمەن دەپ ئىبرەت ئالغىل،
مەۋتۇ قەبلە ئەنتەمۇتۇگە ئەمەل قىلغىل،
بۇ ھەدىسنى فىكىر ئەيلەبان ئۆلدۈم مانا.

خەبەر بېرۇر «فەليەز ھەكۇ قەلىلەن» دەپ،
يەنە ئەيتۇر «ۋەليەبكۇ كەسىرەن» دەپ،
بۇ ئايەتنى مەئنىسىگە ئەمەل قىل دەپ،
بۇ دۇنيادە ھىچ كۈلمەيىن يۈردۈم مانا.

ئەمەلسىزلەر قەھقەھ كۈلۈر خۇررەم يۈرۈر،
فەرمانىغە بويۇن سۇنغان بىغەم يۈرۈر،
كېچە ـ كۈندۈز دىدەلارى پۇرنەم يۈرۈر،
كۆز ياشىمنى دەريا قىلىپ يۈردۈم مانا.

نەفسىدىن كېچىپ چىن ئاشىقلار ئاللا دىدى،
سەھەر تۇرۇپ چاھار زەربى ئۇرۇپ كۆزىن ئويدى،
رەھىم ئەيلابان ئاللا ئۆزى نەزەر سالدى،
ئاندىن سۆگرە دەريا بولۇپ تاشتىم مانا.

زالىم نەفسىم ھىچ قويمايىن ئوتغە سالدى،
ۋۇجۇدلارىم ئۆز ئۆزىدىن كۆيۈپ ياندى،
مۇشرىكلارنى ئىمانىنى شەيتان ئالدى،
ئەئۇزىبىللاھى بىسمىللاھى دەپ يۈردۈم مانا.

مۇنافىقلار دەۋزەخ ئىچرە كۆيۈپ يانغاي،
ئىمان ئىلىتكەن خالىس بولۇپ يانىپ چىققاي،
ئىمانسىزلار ئەۋەل ـ ئاخىر كۆيۈپ يانغاي،
ئوغانىمدىن ئىمان تىلەپ يۈردۈم مانا.

نەفسىم مېنى ھەۋا قىلدى تۇرفە شاشتىم،
باشىم ئالىپ پىرى مۇغان سىرى قاچتىم،
قۇل خوجە ئەھمەد ئىقبەلەردىن يىلىپ ئاشتىم،
ئۇچقان قۇشدەك لاماكانغە ئاشتىم مانا.

× ×

ۋادەرىخا نىتۈك قىلغۇم غېرىبلىغدە،
غېرىبلىغدە غۇربەت ئىچرە قالدىم مانا.
خۇراسان ۋە شام ۋە ئىراق نىيەت قىلىپ،
غېرىبلىغ قەدرىنى بىلدىم مانا.

نە كەلسە كۆرمەك كېرەك ئول خۇدادىن،
يۈسۈفنى ئايىرىدىلەر ئول كەنئاندىن،
تۇغغان يەرىم ئول مۇبارەك تۈركىستاندىن،
باغرىمغە تاشنى ئۇرۇپ كەلدىم مانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غۇربەت تەگدى مۇستافادەك ئىرانلەرغە،
ئوتتۇزئۈچ ملك سەھابە ھەم يارانلەرغە،
ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، مۇرتىزاغە،
غۇربەت تەگدى ئالارگە ئەيغۇم مانا.

غۇربەت تەگسە پۇختە قىلۇر كۆپ خاملارنى،
دانا قىلۇر ھەم خاس قىلۇر كۆپ ئاملارنى،
كىيەر گەر تون تاپسە يىيۇر تائاملارنى،
ئانىڭ ئۈچۈن تۈركىستانغە كەلدىم مانا.

غېرىبلىقدە يۈز يىل تۇرسە ئېرۇر مىھمان،
تەخت بەخت بوستانلارى ئېرۇر زىندان،
غېرىبلىقدە قۇل بولدى ئول مۇھەممەد سۇلتان،
ئەي يارانلەر غۇربەت ئىچرە كۆيدۇم مانا.

غېرىبلىقدە ئارسلان بابام ئىزلەپ تاپتى،
ھەر سىر كۆرۈپ پەردە بىرلە بۈكۈپ ياپتى،
مۇھەممەدۇلللا كۆردۇم دىدى ئىزدىم ئۆپتى،
ئۇشبۇ سىرنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم مانا.

ئارزۇلۇقمەن قەرىنداشلىغ ۋىلايەتغە،
ئۇلۇغ بابام روزەسى ئاق تېربەتىغە،
بابامنى روھى سالدى بۇ غۇربەتغە،
ھىچ بىلمەس مەن نىچۈك تەقسىر قىلدىم مانا.

قۇل خوجە ئەھمەد سۆزلەگەنى ھەقنى يادى،
ئىشتماغان دوستلارىغە قالسۇن پەندى،
غۇربەتلەنىپ ئۆز شەھرىغە قايتە ياندى،
تۈركىستاندە مازار بولۇپ قالدىم مانا.

× ×

ئول قادىرىم قۇدرەت بىلان نەزىر قىلدى،
خۇررەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.
غېرىب بەندەڭ بۇ دۇنيادىن كىبزەر بولدى،
مەھرەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

زاكىر بولۇپ شاكىر بولۇپ ھەقنى تاپتىم،
شەيدا بولۇپ رەسۋا بولۇپ جاندىن ئۆتتۇم،
ئاندىن سۇكرە ۋەھدەت مەيدىن قەترە تاپتىم،
ھەمدەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

جاندىن كېچۇپ مىھنەت تارتتىم بەندەم دىدى،
دەۋزەخ ئىچرە قالمەسۇن دەپ غېمىم يىدى،
قانلەر يۇتۇپ ئاللا دىدىم رەھىم ئەيلەدى،
بىغەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

نەفسىم مەنى ھەۋا قىلدى ھارىپ قالدىم،
زىنغىل دىستار پۇچەك پۇلغە ساتىپ ئالدىم،
شەيخ مەن تىيۇ دەئۋا قىلىپ يولدا قالدىم،
بىغەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

ئاتىمىش ئۇچكە ياشىم يەتتى بىر كۇنچە يوق،
ۋادەرىخا ھەقنى تاپماي كۆڭلۇم سۇنۇق،
يەر ئۇستىدا سۇلتان مەن دەپ بولدۇم ئۇلۇغ،
پۇرغەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

پىرى مۇغان جۇرئەسىدىن قەترە تاپتىم،
ھۇھۇ تىيۇ ياشىم بىلەن تۇنلەر قاتتىم،
مۇھەممەدۇللا ھەق ۋەسلىغە ئاخىر يەتتىم،
شەبنەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

باشىم تۇفراق جىسمىم تۇفراق ئۆزۇم تۇفراق،
كۆيدىم ياندىم بولالمەدىم ھەرگىز ئاپاق،
ھەق ۋەسلىغە يىتەرمەن دەپ روھىم مۇشتاق،
زەمزەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

سىز ۋە بىزنى ھەق ياراتتى تائەت ئۇچۇن،
ئەي بۇ ئالجىپ يىمەك ـ ئىچمەك راھەت ئۇچۇن،
"قالۇۋا بەلا" دىدى روھلار مىھنەت ئۇچۇن،
ئەئلەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

مەن تەرەددۇ نەفسىگە قىلدىم ھەقغە ياتماي،
ھەۋاي ھەۋەس مەنمەنلى ئوتقە ياقماي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


كېچە ـ كۈندۈز بىغەم يۈردۈم ياشىم ئاقماي،
بىغەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

كىمنى كۆرسەم خىزمەت قىلىپ قۇلى بولدۇم،
تۇفراق سۇفەت يول ئۈستىدە يولى بولدۇم،
ئاشىقلارنى كۆيۈپ ئۆچكەن كۈلى بولدۇم،
مەرھەم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

قۇل خوجە ئەھمەد ناسە بولساڭ ئۆزىڭە بول،
ئاشىق بولساڭ جاندىن كېچىپ بىر يولى ئۆل،
نادانلەرغە ئىسىز سۆزىم قىلماس قوبۇل،
مەھكۇم بولۇپ يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

× ×

ئاشىقلىقنى شىۋەسى گۇفتىگۇدۇر مىۋەسى،
ئىنايەتدۇر بارچەسى ئاشىقلارغە تەگدىيا.

ئىشقدىن خەبەر بىلگەنلەر جانىن قۇربان قىلغانلار،
ئىشق مەقام خوش مەقام ئاشىقلارغە تەگدىيا.

لاماكانىنى شەھرىنى كەزگەن ئاشىق بەھرىنى،
جانىنى بىلگەن قەدرىنى ئۇشبۇ دەۋران سوردىيا.

ئاشىق بولساڭ دىدارغە قوشۇلمىغىل مۇردارغە،
ۋاسىل بولغىل دىدارغە دۇنيا قانى ئۆتدىيا.

ئىشقنى بىلگىل خوجە ئەھمەد جاندىن كەچتى مۇھەممەد،
تىلامەدى ھىچ راھەت جانىنى قۇربان قىلدىيا.

× ×

رەھمىتىدىن ئۈلۈش بەردى مەۋلۇم سىزگە،
سىنى خاھلاپ ئىمان ئەتا قىلدى سەڭا.
ھەق مۇستافا رەسۇل ئېردى سەن ئۈممەتىم،
لۇتف بىرلەن بېغىشلاسام قۇرئان سەڭا.

قۇرئان رەھمەت تۇرۇر سەڭا گەنج ھىكمەت،
قۇرئان بىرلەن روشەن بولدى بارى فۇرقەت،
ئۇممەت ئۇچۇن ئالىپ كەلدى روھۇل ھەمد،
فاقرەڭ مەئەتتەسەر قۇرئان سەڭا.

قۇرئان يولدىن ئازمىشلارنى يولغە تارتار،
ئاۋاز بىرلەن ئوقۇسەلەر كۆڭۆل ئۆرتار،
قۇرئان بىرلەن بولساڭ ئىززەت ـ ھۆرمەت ئارتار،
قىلار ئېرمىش يۈزمىڭ ھۆرلەر خىزمەت سەڭا.

بۇ دۇنيادا ئوقۇر مەۋلۇم كەلامىنى،
ئىشتكەي سەن ئاندە يارنى سەلامىنى،
ئۇچماخ ئىچرە بەردى نىئمەت تەمامىنى
ھۆرى غىلمان قەسۇر بىرلەن ۋەلدان سەڭا.

قۇرئان بىرلەن قەيۇ تەندە تۇتقۇچى ئول،
مەئىسيەتنى نامەسىنى يۇغۇچى ئول،
«خەيرەن يەرەھۇ شەررەئەن يەرەھۇ» سۇغۇرچى ئول،
قۇرئان ئۇلۇغ مۆئجىزەئى بۇرھان سەڭا.

قۇرئان ئۇلۇغ فەرمانىنى ئىچكە باغلا،
يانساڭ ئەگەر ئوتۇنىغە قورقۇپ يىغلا،
ئول قورقۇنچى ئوقى بىرلەن ئىچىڭ داغلا،
ئىزدىم قىلغاي ئۇچماخ يولىن ئاسان سەڭا.

كەچتى ئۆمرىم قىشۇ يازى بولدى زۇۋال،
يازۇقۇم كۆپ يارلىقاغىل يا زۇلجالال،
قۇل خوجە ئەھمەد غەيرىلىغدە بولدىم مەلال،
ئاررزۇ قىلۇر تۇتقان يېرىم تەركان سەڭا.

× ×

بى شەك بىلىڭ بۇ دۇنيا بارچە خەلقدىن ئۆتەرا،
ئىنانماغىل مالىڭە ئىلكىڭدىن ھەم كىتەرا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاتا ـ ئانا قەرىنداش قايان كەتتى فىكىر قىل،
تۆرت ئاياقلىغ چويۇن ئات بىر كۈن سەڭا يېتەرا.

مىندۈرۈپ ھەم يەلدۈرۈپ ئېتسە ئۇشول گۆر ئۆيگە،
كىرىپ ئىلكى سورغۇچى سەندىن سوئال ئېتەرا.

دۇنيا ئۈچۈن غەم يېمە ھەقدىن ئۆزگەنى دىمە،
كىشى مالىنى يېمە سىرات ئۈزرە تۇتارا.

ئايا ئۇرۇغ قەرىنداش ھېچكىم بولمايدۇر يولداش،
مەردانە بول غېرىب باش ئۆمرۈڭ باددەك ئۆتەرا.

قۇل خوجە ئەھمەد تائەت قىل ئۆمرۈڭ بىلمام نەچە يىل،
ئەسلىڭ نەسلىڭ ئاب كۆل يەنە كۆلگە قايتارا.

× ×

مەلۇل بولدى بۇ كۆڭلۈم ئايا دوستلار،
تىڭلاڭىز رازنى سىزگە ئاچار بىزا.
ۋەفاسىز يالغانچى بۇ دۇنيادىن،
كۆڭۈل كىسىپ باقى سۆزنى ساچار بىزا.

ئوغان ئىزدىم ئۇشبۇ جانغە قىلسە فەرمان،
قىلىچە بويۇن سۇنماي ئەڭا نىدۇر دەرمان،
ئاخشام تۈشۈپ سەھەر بولسە كۆچەر كارۋان،
ئۇل كارۋاننى سوڭىنى ئالىپ كۆچەر بىزا.

بىزدىن بۇرۇن بارچە كارۋان كۆچۈپ تۇرۇر،
مەئلۇم قىلسە نۆبەت بىزگە يېتىپ تۇرۇر،
مەلەكىل موۋت قەدەھ شەرابىن تۇتۇپ تۇرۇر،
نۆبەت كەلسە ئۇل شەربەتدىن ئىچەر بىزا.

ئېر ئۇل كىشى ئېرمەن دىسە بەر كۆڭۈللۈك،
ئېر ئۇل بولۇر ئىمانىنى قىلسە كۆزلۈك،
قىلدىن ئىنچكە قىلىچدىن ئۆتكۈر سىرات كۆپرۈك،
رەھىم مەۋلۇم ئولاي قىلسە كېچەر بىزا.

يېقىن تۇرۇر ئۇشبۇ ئۆلۈم ئېمەس يىراق،
ئېر ئول بولۇر ئاخىرەتكە قىلسە بىراق،
نەچە ياقسە ئاقىبەت ئول ئۆچەر چىراغ،
ئول چىراغدەك بىركۈن يانىپ ئۆچەر بىزا.

دىن يارۇغى شۆئلەئ ئۇرار ئاشىقلەردە،
نەچە ياقساڭ يانماس چىراغ بادە يەردە،
جانلەر چىقىپ تەنلەر تۇرار نىران گۆردە،
روھ بولۇبان بىلمام قەيان ئۇچار بىزا.

غافىلىغدە كەچتى ئۆمرۇم ئويناپ كۈلۈپ،
ئاھ ئۇرارمەن نادامەتدە ياشىم تۆكۈپ،
قول خىجە ئەھمەد بۇ ھەسرەتدە باغرى كۆيۈپ،
كۆز ياشىنى سىردىغ يۈزگە ساچار بىزا.

**ھكمەت سۇلتانۇل ئارفىيىن**

بىسمىللادىن سۆز ئاچتى ھەمدۇسەنا ئەيدىيا،
ھەبىبەنى سۆيگەندىن ئالەم بىنا قىلدىيا.

مۇھەممەد دەپ ئات قويدى ئاخىر دەمدە بىلگۇردى،
مەغرۇپ بىرلەن مەشرىقغە دىن يولنى ئاچتىيا.

دۇنيا غىمىن يىمەدى ھەق يولىنى قويمادى،
دايىم تۈنلەر ئويمادى مۇشەققەتلەر تارتتىيا.

كۈنلەردە روزە ئېردى تۈنلەردە بىدار ئېردى،
ئۈممەتكە غەمخۇار ئېردى قانلار يۇتەر ئېردىيا.

ئاچلىقغە قارار قىلغان ياتۇردىن غار قىلغان،
تۆرت ئۈممەتىن ياۋۇقلىغاي تەگرى دوستى ئېردىيا.

بالاگە سەبىر ئەيلەگەن نەفسگە جەبرا ئەيلەگەن،
دۇشمەنگە ھەرب ئەيلەگەن تەگرى ئۇچۇن دىدىيا.

ئۇ بالا نەبىگە سۇگرە بالا ۋەلىگە،
ئاندىن سۇگرە ئالەمگە سالغان ئېرمىش دىدىيا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

دۇنيالىقدىن پەيغەمبەر تويغۇنچەسى يوق ئىېردى،
ئىنجىق ئۈچ كۈن ئاچ ئىېردى ناماز ئۆتەر ئىېردىيا.

ئۇل كۈن ئايشە كەلدى ئالددە هازىر تۇردى،
رەسۇل نامازىن بولدى ئۇلۇغ ـ سول سالام بەردىيا.

ئايشە تىلگە كەلدى يارەسۇل هەق دىدى،
هىچ نىمەرسە يوق دىدى روزە نەدۇر دىدىيا.

هەر پەيغەمبەر بىر يولدە ئوقەتلەرىنى كېچۈردى،
سىزگە نەدۇر بۇ هالەت مىھنەت چەكمە دىدىيا.

رەسۇل ئەيدى ئۇ زامان يا ئايشە كەل راۋان
جايىنامازىم كۆتەرىپ نەزر قىلغىل دىدىيا.

ئايشە لەبىك ئالدى جايىنامازىن كۆتەردى،
گۆھەر ياقۇتنى كۆردى ئەقلى هەيران قالدىيا.

ئەيدى خاتۇن قۇلاق سال دۇنيا كېرەك بولسە ئال،
قىلما مەنى كۆپ مالال دۇنيا ئۆچۈن دىدىيا.

ئايشە مۇزتەر بولدى رەسۇلگە ئەزرى قىلدى،
ئاياغىگە يىقىلدى رەسۇل ئاندىن چىقتىيا.

رەسۇل چىقىپ ئۆيىندىن ئۆتۈپ كوچە كويىندىن،
فاتىمەنى ئۆيىگە قەدەم باسىپ باردىيا.

كۆردى فاتىمە ئاندە رەسۇل كېلۇر بۇ دەمدە،
قارشۇ چىقىپ ئالدىگە كەل مەرهابا دىدىيا.

رەسۇل ئەيدى يافەرزەند كۆزۈم نۇرى جىگەر بەند،
مىهمان بولان كەلدىم مەن كۆلبەڭىزگە دىدىيا.

فاتىمە ئەيدى راۋان جانىم ئاتام ئۇل زامان،
دۇنيا ئۇقبا مىھرىبان خوش كەلدىڭىز دىدىيا.

هەزرەت ئۆيگە كىردى فاتىمە قارشۇ تۇردى،
بىر بىرىگە رازىن ئەيدى هالىن ئىزهار قىلدىيا.

رەسۇل ئەيدى ئەي بوتام تەئام كەلتۈرگىن بۇ دەم
ئۈچ كۈن ئاچلىق بىرلە مەن تارتتىم ئەلەم دىدىيا.

فاتىمە سۆز باشلادى قانلىق كۆزىن ياشلادى،
ئۇياتىنى تاشلادى ئايا بابام دىدىيا.

بۈگۈن تۆرت كۈن بولۇبدۇر ئىچىم غەمگە تولۇبدۇر،
ئاچلىق هەددىن ئۆتۈبدۇر بىزلەرگە هەم دىدىيا.

رەسۇل كۆردى ئۆيدە ئوت ياقىلىق تونۇردە،
تاۋۇش كېلۇر قازاندە رەسۇل باقىپ كۆردىيا.

رەسۇل ئەيدى: ئەي بوتام نە پۇشۇرۇپ تۇرۇپسەن،
ئوت ياقىلىق كۆرارمەن ئوشول يەردە دىدىيا.

ئول خاتۇن قىيامەت تارتىپ ئاه نادامەت،
مەندىن سورساڭ ئالامەت ئېيتاي سىزگە دىدىيا.

هەسەن ـ هۈسەن ئۆتكۈرە يۈر قارنىم ئاچ دەپ يىغلا يۈر،
هەر دەم كۆڭلى بۇزۇلۇر بەندەگىزا دىدىيا.

ئۇلارنى كۆڭلى ئۈچۈن قازانگە ئوت ياقارمەن،
خاتىرىگە باقارمەن يۈپان سۇنلەر دىدىيا.

قارا سۇنى سالىپ مەن هەيرانلىقغە قالىپ مەن،
ئۇلار ئۈچۈن هىچ چارە قىلا بىلمام دىدىيا.

رەسۇلنى ئىچى كۆيدى دەرهال ئورنىدىن تۇردى،
يىغلا يۇ تاشگە چىقتى يازۇ يىبان ئۇردىيا.

باياباني قېدىرىپ خۇدايگە يالبارىپ،
نۇر دىدىم ئاچ قالىپ مۇڭلۇغ تۇرۇر دىدىيا.

مەككە دەشتىگە باردى بىر قويچىگە ئۇچرادى،
باربان سالام قىلدى قويچى ئىلىك ئالدىيا.

ئۇيغۇرچە كىتابلار تورى www.uyghurkitap.com



سوردى قويچى كىمدۇرسەن قايدىن مەند كەلدىڭ سەن،
نە يەلەردىن بولۇرسەن دىبان قويچى سوردىيا.

ئەيدى مەدىنەلىك مەن كىرا ئىشلەپ يۈرۈپ مەن،
ئايالىمگە ئىلتارمەن مۇزدەم ئالىپ دىدىيا.

قويچى ئەيدى ئەي يىگىت سەندىن سورى ماڭا ئەيت،
مەدىنەدە كۆردىڭمۇ مۇھەممەدنى دىدىيا.

ئەگەر سورارسەڭ مەندىن ئىشتىپ سۆزنى ئاندىن،
مۇھەممەدنى ئالدىدىن چىقىپ كەلدىم دىدىيا.

قويچى شولدەم سورەدى مۇھەممەد ئىززەتدەمۇ،
دۈشمەندىن كۆلفەتدە دۇرمۇ نە ھال ئىرۇر دىدىيا.

رەسۇل ئەيدى ياخشىدۇر ئانى يارى مولادۇر،
فىكرى ئۈممەت غىمىدۇر كىچە ـ كۈندۈز دىدىيا.

قويچى ئەيدى نە ئىشتە يۈرۈرسەن بۇ رەۋىشدە،
يازىيبان كەزمىشدە نە كۆرۈرسەن دىدىيا.

رەسۇل ئەيدى ھەر كىمنى ئىشى بولسە قىلۇرمەن،
مىھنەتىمنى ئىلىبان ئوقات قىلغۇم دىدىيا.

قويچى رەسۇلگە باقتى كۆزلەرىنى ئايرىمدى،
رەسۇل ئەيدى سەن ماڭا كۆپ قارارسەن دىدىيا.

قويچى ئەيدى ئىبر يىگىت ھەرچەند ساڭا قارارمەن،
ئانداغ كىشى سەن ئىرمەس تەئەججۈب مەن دىدىيا.

رەسۇل ئەيدى: خوپ بىلدىڭ بۇ ھالىمگە تاڭ قالدىڭ،
ئەۋەل ئاخرىنى ئىيتسام فايدە قىلماس دىدىيا.

قويچى ئەيدى ئەي جۇۋان ئول تۆپەگە بول راۋان،
شول تۆپەنى ئۈستىدە خىميە باردۇر دىدىيا.

ياپۇقلارى بەناتدىن ئىشىكلەرى ئەتلەسدىن،
ئاندە ئالتۇن تەخت ئۇزرە بەرابەر باردۇر دىدىيا.

ئۇشۇل سىنى ئىشلەتكەي مۇزد پۇلۇگنى بەرگەي،
نەچە كۈن ئوقات بولغاي ئەيالىگا دىدىيا.

رەسۇل ئەيدى ئۇشۇل ئىر مۇسۇلمانمۇ يا كافىر،
بەيان قىل ئەي مۇسافىر بىلەي ئانى دىدىيا.

قويچى ئەيدى كافىردۇر يىراق يەردىن كېلىبدۇر،
مۇھەممەدكە بارماقغە ئىمان ئۇچۇن دىدىيا.

رۇم شەھرىنى شاھىدۇر ئاتى قەيسەر ئىر ئىرۇر،
شۇنچە تۇرغان ماللارىن نىسار قىلغۇر دىدىيا.

رەسۇل ئولدەم يۈزلەندى ئۇشۇل تۆپەگە چىقتى،
ئاستىدە خىمە كۆردى تۈشۈپ ئاندە باردىيا.

ئول خىمەگە تۈشتى تاشدىن سالام قىلدى،
قەيسەر سالام ئىشتىپ كاج كۆگلى راھەت تاپتىيا.

يەپار ئەيدى گۆكرەدى سەھرا مەئتىر بولدى،
بىر قۇلىگە بۇيۇردى چىقىپ كۆرگىل دىدىيا.

خىزمەتكار چىقتى ئاندە كۆراركىم ياخشى بەندە،
كېلىپ تۇرۇبدۇر ئاندە ئىچكارىگە كىردىيا.

ئەيدى شەھانشاھىگە بىر يىگىتدۇر ئىشىكدە،
يا مۇھەممەد ئىرۇر بول يا سەھابە دىدىيا.

ئىچكارىگە ئۈندادى رەسۇل كىرىبان باردى،
تەختىدىن رەۋان تۈشتى تۆرگە تەكلىف قىلدىيا.

رەسۇل يۇقارى چىقتى قەيسەر خىزمەتدە تۇردى،
ئادەپ بىرلەن سۆز سوردى قايدىن كىلدىڭ دىدىيا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رەسۇل ئەيدى: سوراسەڭ مەدىنەدىن كېلۇرمەن،
ئالەم كىزىپ يۈرۈپ مەن ئوقات ئۆچۈن دىدىيا.

مەدىنەنى ئىشىتتى قەيسەر كۆڭلىيا تۈشتى،
مۇھەممەدنى سورادى بىلۇرمۇسەن دىدىيا.

مۇھەممەدنى بىلۇرمەن مېھربانلىق قىلۇر مەنى،
ياندە ئولتۇرۇرمەن دايىم مەدام دىدىيا.

قەيسەر كۆڭلى يارۇدى ئايا بۇرادەر دىدى،
مۇھەممەدگە سەن مەنى ئېلتارمۇسەن دىدىيا.

بىر تاباقدە ئون خورما ئالىپ ئالدىگە قويدى،
يىگىت مۇنى يە دىدى سۆزۈم كۆبدۇر دىدىيا.

رەسۇل بىسمىللا دىدى تاباققە ئېلىك سۇندى،
بىر خورما قولىگە ئالىپ لوقمە قىلاي دىدىيا.

ئولدەم جىبرئىل كىلدى رەسۇل قولنى تۇتتى،
ھەسەنۇ ھۇسەن ئاچ دىدى نىچۈك يەرسىز دىدىيا.

پەيغەمبەرگە قارادى قەيسەر كۆردى يىمەدى،
نىگە يىمەس سەن دىدى ئول تەئامنى دىدىيا.

رەسۇل ئەيدى: ئەي قەيسەر مەڭا رۇخسەت يوق تۈۋۈر،
مۇنى يىماك مانىئدۇر مەڭا بولدەم دىدىيا.

قەيسەر ئەيدى: سەن مەنى مۇھەممەدكە يەتكۈرسەڭ،
دۇنيالىقدىن مەن سەنى غەنى قىلاي دىدىيا.

رەسۇل ئەيدى: ئىشلەرمەن مۇزدەم ئالىپ بارۇرمەن،
ئەيالىمگە باربان قايتىپ كىلەي دىدىيا.

ئول قەيسەرنى مالىگە قۇدۇقدىن سۇ ئالۇرگە،
قىرىق تېيۋەنى يۈكىدىن ئارقان قىلغان ئېردىيا.

قىرىق كىشىنى مەردىكار ئاڭا بۇيۇرۇر ئېردى،
ھىلە بىرلە قۇدۇقدىن ئانى تارتار ئېردىيا.

رەسۇل بىرلە بىر كەم قىرىق شول يەردە ھازىر ئېردى،
بىر كىشىنى تەرەدۇد قىلۇر ئېرۇر ئېردىيا.

رەسۇل ئەيدى: ئەي قەيسەر قىرىق كىشىنى ئىشىنى،
قىلسە ئەگەر بىركىشى نە :ېرۇرسەن دىدىيا.

قەيسەر ئەيدى: سەن قىلساڭ قىرىق كىشىنى ئىشىنى،
سەڭا بىرەي شول زەمان قەبول قىلساڭ دىدىيا.

رەسۇل ئەيدى: سەن مەڭا ھەر قوغانى چىقارسام.
ئون خورمانى قەبۇل قىلساڭ تارتىپ بىراي دىدىيا.

قەيسەر ئانى ئاڭلادى جان بىرلەن بىراي دىدى،
رەسۇل ھەم قەرار قىلدى چەكە قوغان سالدىيا.

تۆرت قوغانى چىقاردى بەشىنچىدە ئۈزۈلدى،
ئانى قىلغان سەۋداسى قۇلاغىغە يەتتىيا.

قەيسەر ئانى كىم بىلدى غەزەب بەرگەن تىللدى،
قولۇڭدىن كەلمەس ئىشنى نىگە قىلدىڭ دىدىيا.

ئەيدى كىم پەيدا بولۇر قوغانى كىم چىقارۇر،
ماللارىم ھەلاك بولۇر دىبان ھەيبەت قىلدىيا.

ئا چىقلانىپ مۇھەممەدنى سەلى تارتتى يۈزىگە،
يالىن ئۇچراپ كۆزىگە بىخۇد بولۇپ قالدىيا.

ئول كۈن ئافتاپ تۇتۇلدى زامىن زەمان قۇرۇلدى،
جۈملە جانىۋار يىغلدى نۆھە زارى قىلدىيا.

ئەرشى كۇرسى ئىڭرادى ئاسمان بىقارار بولدى،
زامىن دەر لەرزە بولدى قەيسەرگە ئۇ قۇرئان دىدىيا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى



فەرىشتەلەر يىغلىدى خۇدايىغە يالبارىدى،
بىزلەرگە فەرمان بولسە نابۇد قىلساك دىدىيا.

ئەيدى خۇدا ئول زەمان تىك تۇرۇڭلار جۇملە جان،
قۇدرىتىم بار بۇ زەمان كۆرگۈزايىن دىدىيا.

ئىبلىس ئەيدى ئوغلانىم بۇگۈن ئۆرتەندى جانىم،
مۇھەممەدنى كۆردۈڭمۇ زەخمەت چەكەر دىدىيا.

ئىككى ئالەم ئېرۇر بىل ئانىڭ ئۈچۈن ياراتقان،
ئانداغ كىشى بۇ مىھنەت چەكمەك نەدۇر دىدىيا.

مەنى شەيتان ئەيلەدى باغرىنى قان ئەيلەدى،
ھەرنە ياخشى - يامانى ئۆزى قىلۇر دىدىيا.

كىلىڭ بىزلەر يىغلىپ تەفەررۇچلار بىرالۇك،
مۇھەممەدنى ھالىنى كۆرمەك كىراك دىدىيا.

بارچە مەلئۇن يىغلىپ تاماشاگە كەلدىلەر،
پەيغەمبەرنى دۇئاسىن سەن ئەڭلاغىل دىدىيا.

پەيغەمبەر دىدى يارەب بارچەنى سەن يەرلاقاب،
ھەرنە ھاجەت قىلارسام رەۋا قىلغىل دىدىيا.

گەر مەنى بىلسە ئېردى مۇنداغ قىلمىغاي ئېردى،
نادانلارنى ئىشنى بەس كىچۈرگىل دىدىيا.

پەيغەمبەر ئاندىن ياندى كېلىپ مەدىنە كىردى،
قەيسەر ئورنىدىن تۇرۇي ھىچ كىمسە يوق دىدىيا.

ئۇيان - بۇيان يۈگۈردى ئول يىگىتنى سورادى،
ھىچ نىشانە قالمەدى ھەيران بولۇپ قالدىيا.

زەماندىن سوڭ بىر قۇلى يۈگۈرۈپ ئالدىغە باردى،
ئەي خوجە نە ئىش بولدى قارانغۇلۇق باستىيا.

قەيسەر ئەيدى ئىشككە بىر يىگىت كىلدى ماڭا،
ئەڭا سىياسەت قىلدىم مۇنداغ بولدى دىدىيا.

ئول قۇل ئەيدى ئەي خوجە شەرم هاياڭ يوقىدىن،
مۇهەممەدكە بۇ ئىشنى سەن قىلىپسەن دىدىيا.

قەيسەر ئەيدى: نە بىلدىڭ ئول مۇهەممەد ئىكەنىن،
بۇ ئەلامەت ئول ئىرنىڭ شەئنىدەدۇر دىدىيا.

قەيسەر تۇرۇي يىغلادى ياقاسىن پارە قىلدى،
ئانى بىلمەدىم دىدى جاهىل ئىردىم دىدىيا.

ئەيدى يەنە قۇلىگە قالىپ مەن مۇشكىلىگە،
قىيامەتدە مەۋلىگە شەرمەندە مەن دىدىيا.

سىنى ئازاد قىلايىن ئۆز يولۇڭگە قويايىن،
بىر سۆزۈم بار سەن ئانى قەبۇل قىلسەڭ دىدىيا.

غۇلام ئەيدى: ئەي قەيسەر جان بىرلەن قەبۇل قىلاي،
هەر نە دىسەڭ مەن بىلەي ئانداغ قىلاي دىدىيا.

قەيسەر ئەيدى: سەن مەنى باغلاپ ئىپغىل بوينۇمدىن،
ئارقامگە قىل قولۇمنى سۆدراپ يۈرگىل دىدىيا.

تاغدىن تاشقە سۆدراگىل خار ۋە خەسكە بۇلغىگىل،
يۈزۈم كۆزۈم قانلاغىل جازام ئولدۇر دىدىيا.

قۇلى بۇيرۇغىن تۇتتى ئاياق يالاڭ يۈگۈرتتى،
مۇهەممەدكە نە ئەيتتى كۆرارمۇسەن دىدىيا.

زارى قىلىپ يىغلادى ئىچى ـ تاشىن داغلادى،
ئاهۇ فەرياد ئەيلەدى ئول كۆن قەيسەر دىدىيا.

نەچە كۆنلەر يول يۈردۈم زەنج مۇشەققەت چەكتىم،
بەرنى يەاگە بەردىم ئەيدى نىنەي دىدىيا.

www.uyghurkitap.com

كۆككە يەتتى فىغانى لەبىگە يەتتى جانى،
كۆرۈپ مۇنى ھالىنى ئاناسى ھەم بىلدىيا.

كۆرەر ئوغلىنى يەرلەدە بىر قۇلنى قولدە،
سۆدراپ يۈرۈر بۇ كويدە بوينىدە قول ئېردىيا.

ئېچى كۆيۈپ يۈگۈردى ئوغلىن ئالدىغە كەلدى،
بۇ نەچۇك ھالدۇر دىدى مۇنداغ قىلدىڭ دىدىيا.

ئەيدى گۇناھ قىلىپ مەن ئۇزۇن غەمگە قالىپ مەن،
مۇھەممەدنى ئۇرۇپ مەن يازۇقلۇق مەن دىدىيا.

ئاناسى ھەم ئىڭرادى يەرۇ كۆكلەر تىترادى،
خۇدايگە يالباردى يا رەببەنا دىدىيا.

باشىنى يالاڭ قىلدى خۇدايگە يالباردى،
ئوغلۇم گۇناھكار دىدى كەرىم قىلغىل دىدىيا.

مەنى ساچىم ئاقدىن سەن ئانى ھۆرمەتىدىن،
بەر لىغاغىل بىزلەرنى رەھىم قىلغىل دىدىيا.

قەيسەر ئەيدى: ئەي ئانا بۇ يىغلاماق نەرەۋا،
نەچە زارى ئەيلەسەڭ قەبۇل بولماس دىدىيا.

ئاناسى ئەيدى: ئوغلۇم بىز ئىكوۋلەن بارالىك،
مۇھەممەدكە ئەيالۇك خوشنۇد بولغاي دىدىيا.

قەيسەر ئەيدى: مەن ئاسى بىچىد ئېرۇر گۇناھىم،
يۈزۈم يوقتۇر بارۇرغە ئايا ئانا دىدىيا.

ئانا ئەيدى: قوپالىك ئوڭ قولۇڭنى كىسالىك،
خىزمەتىگە بارالىك رازى بولسۇن دىدىيا.

قەيسەر بۇ سۆزگە قوپتى بارماقىغە بەل باغلادى،
ئوڭ قولنى كەستۇرۇپ مەدىنەگە باردىيا.

باشى يالاڭ ئاناسى بويىندە غول بالاسى،
كېلۇرلەر ئىكىلەسى مەدىنەگە يەتتىيا.

كۆرۈڭ جىبرئىل ئىمىن بىلە رەببىل ئالەمىن،
سىدرەتىل مەنتەھىدىن مۇھەممەدكە كىلدىيا.

ئەيدى جىبرئىل ئىمىن قەيسەر كىلەدۇر مەلۇل،
خۇدايىڭ قىلدى قەبۇل سەن قەبۇل قىل دىدىيا.

پەيغەمبەرنى قاشىگە كىلدىلەر نالە بىرلەن،
ئولتۇردى خىجالەتدە رەسۇل ئاڭا باقتىيا.

قانلىق قولىنى كۆردى جىگەرى كەباب ئوادى،
كەلىمەئ ئىمانى ئەرزە قىلغىل دىدىيا.

ئانا ـ ئوغۇل ئىكاۋى ئولدەم ئىمان كىلتۇردى،
پەيغەمبەر ھەم سوندى خوش كىلدىڭىز دىدىيا.

كەسكەن قولىن قولىگە رەسۇل قويۇپ جايىگە،
بولدى مەشغۇل دۇئاگە دەرھال سۆھبەت تاپتىيا.

ئالىپ كىلگەن قىماشىن رەسۇل ئالدىغە قويدى،
رەسۇل ئۇچۇن بارچەسىن تەسەددۇقلار دىدىيا.

پەيغەمبەرنى يەر سۆيگەن ئۇممەتلەرىمدىن بولدى،
شەرىئەت بىرلەن ئولدى ئىمان بىرلەن دىدىيا.

ھەركىم خۇدا يولىدە قىلسە خەيرۇ ساخاۋەت،
ئاخىر كۆرگەي راھەتى زايىئە ئېمەس دىدىيا.

ئەي بەندەئ كەردىگار مەھزى ئۇممەت ئاتىڭ بار،
يوقتۇر ناماز نىيازىڭ ھەم ئىخلاسىڭ دىدىيا.

خالىس ئاسى قۇل ئېرۇر ئۆمرىن يەلگە كەچۈرۇر،
شافائەت قىلغايمۇ دەپ بۇ سۆزلەرنى ئەيدىيا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## قىسسەئى جابىر

كۈنلەردە بىر كۈن رەسۇل مەدىنەدە ئېردىيا،
مۇھاسىرە قىلغالى كافىر جەبىرىك قىلدىيا.

ئول كۈن ئەسهاب يىغىلدى ھەم مەشۋەرەت ئەيلەدى،
ھەرقايسىسى بىر سۆزنى ئورتاسىگە سالدىيا.

سۇلايمانى فارىس ئەيدىلەر مەندە باردۇر بىر سۆزى،
قەبۇل بولسە ئۇشبۇ سۆز مەن ئېيتايىن دىدىيا.

رەسۇل ئەيدى: بايان قىل بىز ھەم ئانى بىلالى،
مەئقۇل بولسە قىلالى ئۇشبۇ سۆزنى دىدىيا.

ئەيدى: بىزنى شەھەردە خەندەق قىلۇر تىكرادە،
دۈشمەن قالۇر ھەيراندە ئۆتا بىلمەس دىدىيا،

بارچە مۇنى خاھلادى قەلئە تاشىگە چىقتى،
سۇلايمان فارىس باشلەدى خەندەق يېرىن دىدىيا.

ئەترافىنى ئەيلانىپ خەندەق قازىپ كىلادىلەر،
بىر يەردە بىر ئۇلۇغ تاش مەئلۇم بولۇپ تۇردىيا.

ھىلە بىرلە ئول تاشنى ھىچكىم ئالا بىلمەدى،
پەيغەمبەرنىڭ كۆزلەرى ئولدەم تاشغە تۈشتىيا.

پەيغەمبەر مىتىن ئالدى ئوادەم تاشغە بىر ئۇردى،
مەغرۇپ سىرى شەھەرنىڭ ئادەملەرى كۆردىيا.

يەنە بىر مىتىن ئۇردى مەشرىق سىرى يۈزلەندى،
مەشرىقدىكى ۋىلايەت بىر نەچە كۆرۈندىيا.

ئۈچۈنچى مىتىن سالدى رۇم تەرەفى يارۇدى،
رۇم خەلقىنى ئادەمى ئول ھالدە كۆرۈندىيا.

تۆرتۈنچىدە ھىندۇستان ھەم كۆرۈندىلەر ئەئىيان،
خەلقى ئانىڭ بى گۇمان ئاندە مەئلۇم ئېردىيا.

پەيغەمبەرگە ئەيدىلەر ۋاقئەنى سوردىلەر،
بىر سىر كۆردۈك دىدىلەر ئول نىچۈكدۈر دىدىيا.

رەسۇل ئەيدى ئەسھابىغە تۆرلىك بارلىك ئەترافىغە،
يول ئاچىلۇر ئەسھابىغە مەندىن سوڭرە دىدىيا.

رەسۇل ئول كۆنى تەيىرلادى بىلىن قىستۇرۇپ ئالدى،
ئىشىگە مۇقىد بولدى قازماق ئۈچۈن دىدىيا.

پەيغەمبەرنىڭ قارنىگە ئۈلكۆن تاش باغلىغ ئېردى،
ئىتەكىدىن جابىرنى تاشغە كۆزى تۈشتىيا.

جابىرنىڭ كۆزى تۈشتى يىغلاپ ئورنىدىن تۇردى،
ئۆي سىرىغە يۈزلەندى خاتۇنىغە ئەيدىيا.

جابىر ئەيدى: ئەي خاتۇن مەئلۇم بولۇركىن بۈگۈن،
پەيغەمبەرنىڭ قارنىغە تاش باغلاغدۇر دىدىيا.

ئاچلىق بىرلە مۇپتەلا ئول رەسۇل باۋەفا،
تارتەدۇر دايىم جەفا ئۈممەت ئۈچۈن دىدىيا.

جابىر ئەيدى: زەئىفە كاشكى بىزلەردە بولسە،
رەسۇلنى كەلتۈرۈبان مىھمان قىلساق دىدىيا.

زەئىفەسى ئولزامان جابىرغە ئەيدى رىۋان،
مەن ئېيتايىن بۇ زەمان قۇلاق سالغىل دىدىيا.

ئوغلانلەرنى ئوغلاقى ئازغىنە ئۇن بار تەقى،
بۇ ئىكاۋنى مەن تەقى تەئام قىلاي دىدىيا.

سەن بارىپ تەكلىف ئېتكىل يەنە سەن ماڭا يەتكىل،
مە ھازىر تەييار ئېتكىل رەسۇل كەلسۈن دىدىيا.

جابىر بول سۆز قۇۋاندى رەسۇل ئالدىغە باردى،
بۇ سۆزلەرنى ئەيتىبان ئولدەم تەكلىف قىلدىيا.

رەسۇل ئەيدى: ئۆيۈڭدە نە تۈرلۈك تەئاملق بار،
جابىر ئەيدى: بىر ئوغلاق ئازغىنە ئۈن دىدىيا.

رەسۇل ئەيدى: يا جابىر سەن بارىپ ئۆيۈڭە كىر،
ئوغلاق ئىتىنى سالىپ مەھكەم قىلغىل دىدىيا.

نانىنى تونۇرغە باغلا ئاغزىنى مەھكەم ئەيلە،
مەن بارغۇنچە ئېكاۋىن ئاچمىغاي سەن دىدىيا.

جابىر ئۆيگە كىلدى مەھازىر تەييار قىلادى،
پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇغىن ئولدەم قىلىپ تۇردىيا.

ئىمدى ئىشت قىسسەنى تەۋدە ـ تەۋدە غۇسسەنى،
ئول جابىرنى ئوغلىنى ئىيتاي سەڭا دىدىيا.

جابىرنىڭ ئىككى ئوغلى دۇنيالىغدە بار ئىردى،
ئول ئوغلاقنى ئىكاۋى ئوينار ئىردى دىدىيا.

ئوغلاقنى ئۆلتۈرگەندە ئۇلۇغى ھازىر ئىردى،
بىسمىل قىلغان يىرىنى كۆرۈپ تىزرۇر ئىردىيا.

بىر زاماندە كىچىگى كىلىپ ئوغلاقنى سوردى،
ئاتام ئۆلتۈردى دىبان ئۇلۇغ ئوغلى ئەيدىيا.

كىچىگى يەنە سوردى قانداغ قىلىپ ئۆلتۈردى،
ئۇلۇغى ئەيدى سەڭا كۆرگۈزەيىن دىدىيا.

بارىپ بىر پىچاقنى ئۆيدىن ئالىپ چىقتى،
كىچىگىنى ياتقۇزۇپ ئاياغىنى بوغدىيا.

بوغزىغە پىچاق قويدى بوغزى قويدەك كىسىلدى،
ئاناسى خەبەر بىلدى ئوغلان تامغە قاچتىيا.

ئول ئوغلان تامدىن ئۈچتى يىقىلىپ بوينى سۇندى،
ئىكىلاسى تەڭ ئۆلدى ئانا باقىپ قالدىيا.

ئىكاۋىنى كەلتۈرۈپ بىر ئۆيگە كىرگۈزدى،
ئۈستگە بوريا سالىپ ئارىدىن ياشۇرۇپ قويدىيا.

زاهىرى كۆلكۆ بىرلەن باتىنى يىغا بىرلەن،
خىزمەت قىلىپ ئۇلارگە قانلار يۇتەر ئىردىيا.

بىر نەچە زەمان ئۆتتى رەسۇل ئۆيگە يەتتى،
تۆرت يۇز سەهابە بىرلەن يىغلىشىپ بارديا.

جابىرنىڭ بىر هۇجرەسى ئون كىشى سىغماس ئىردى،
پەيغەمبەرنىڭ فەزلىدىن تۆرت يۇزكىشى سىغدىيا.

رەسۇل تونۇرغە كىلدى تونۇرنىڭ ئاغزىن ئاچتى،
بىسمىللا دەپ قول سۇنۇپ سەهابىغە تارتتىيا.

بىر - بىر سالدى ئالدىغە يەتتى خەلقنى بارىغە،
يەنە باقسە تونۇرغە هىچ تۇگەتمەس ئىردىيا.

قازانغە كىلدى رەسۇل ئىتتى ئالدى بول فەسل،
ئىلگە تەئام يەنى ئول يەنە باقى قالدىيا.

رەسۇل كىلدى ئورنىغە قول سالدى تەئامغە،
فەرمان بولدى جىبرئىلغە رەسۇلغە بار دىدىيا.

جىبرئىل كىلدى ئولزامان رەسۇلغە بولدى رەۋان،
سالام ئەيدى ئول ئوغان يا مۇهەممەد دىدىيا.

يەنە بۇ سۆزنى ئاڭلا جانىڭ بىرلە سەن تىڭلا،
جابىرنىڭ ئوغلى بىرلە تەئام يىگىل دىدىيا.

بۇ ئوغلاقنى ئىگەسى جابىرنىڭ ئوغلىدىن،
ئىگەسى رازى بولماي نىچۈك يەرسىز دىدىيا.

رەسۇل ئەيدى جابىرغە خەبەر بەرگىل ئوغلۇڭا،
كەلسۇن ئۇلار ئالدىمغە تەئام يىسۇن دىدىيا.

جابىر ئۆيىگە كىلدى زەئىفەسىگە ئەيدى،
ئوغلانلەرىڭنى بولدەم رەسۇل خەبەرلەر دىدىيا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خاتۇن ئېرىگە ئەيدى سىزگە نە بولدى دىدى،
ئوغلانلەرىڭنى بولدەم يوقلاي سىزدۇر دىدديا.

ئۇلار بىرلە رەسۇلنى تەئام يىسە خاتىرى،
مەلۇل بولغاي بىر يولى يىبەرسۇنلەر دىدديا.

جابىر رەسۇلغە كىلدى ئۇزرەنى بىر - بىر ئەيدى،
خىزمەتىڭە ئوغلانلەر لايىق ئېرمەس دىدديا.

رەسۇل يەنە تەئامغە قول ئۇزاتماق بولدىلەر،
جىبرئىل ئەيدى يىماڭىل هارام تۇۋۇر دىدديا.

رەسۇل ئەيدى جابىرغە كىلتۇر ئوغلانى ماڭا،
شادلىغ بولسۇن هەم سەڭا بىرگە يەيىنۇك دىدديا.

جابىر كىلدى خاتۇنغە كىلتۇر ئوغلانى ماڭا،
ئېلتاي ئۇنى رەسۇلغە باقىپ تۇۋۇر دىدديا.

ئولدەم خاتۇنى ئەيدى سىزگە نە بولدى دىدديا،
رەسۇل مەلۇل بولماسۇن يىبەرسۇنلەر دىدديا.

يەنە جابىر كىلىبان ئۇزرىن ئاندە ئەيتىبان،
ئوغلانلەر هازىر يوقتۇر مەلۇل بولماڭ دىدديا.

يەنە جەبرائىل ئەيدى ئوغلاننى كىلتۇر دىدى،
هازىر قىلماي ئوغلاننى قول ئۇرەڭىل دىدديا.

رەسۇل ئەيدى: يا جابىر ئەمدى هەرگىز بولمادى،
ئۇچ يول جەبرائىل ئەيدى هازىر قىلغىل دىدديا.

يەنە جابىر كىلىبان زەئىفەسىگە ئەيدى،
ئەمدى بولمايدۇر ئانى ئېيتمەك كېرەك دىدديا.

خاتۇنى سۆز باشلەدى ئىككى كۆزىن ياشلەدى،
ئەمدى سەڭا مەن بۇ دەم بىر سۆز ئېيتاي دىدديا.

بىر كىشىگە بىر كىشى قويسە ئەگەر ئەمانەت،
يەنە ئالسە ئەمانەت مانئ مۇكىن دىدىيا.

ئەمانەت ئالغان كىشى سەبىر ئېتمەكى كېرەكمۇ،
يا يىغلاماق كېرەكمۇ بەندەلىكدە دىدىيا.

جابىر ئەيدى: ئەي خاتۇن ئول شەرىئەت ئىشىدۇر،
سەبىر ئەيلەمەك كېرەكدۇر بەندەلىكدە دىدىيا.

ئانداغ بولسە بېرى كەل بۇ مەھفى سىرنى بىل،
سەن ھەم ئەمدى سەبىر قىل چارە يوقتۇر دىدىيا.

ئول بورىيانى كۆتەردى ئوغلانلارنى كۆرگۈزدى،
قانغە بويالىپ ياتۇر جابىر ئانى كۆردىيا.

يىغلامايىن سەبىر ئېتتى رەسۇلغە بارىپ ئېيتتى،
بەندەلىكنى ئوغلانلار بىجا قىلمىش دىدىيا.

رەسۇل ئەيدى: كەلتۈرغىل بىز ھەم ئانى كۆرەلى،
نە ۋاقئە بولغانىن ھىكمەت نەدۇر دىدىيا.

كەلتۈردىلەر ئوغلاننى رەسۇل ئانى كۆردىلەر،
مۇنداغ ھالدە بولغانىن كۆرۈپ ھەيران قالدىيا.

بۇ نە ھەسرەت يارانلەر بۇ نە مىھنەت يارانلەر،
بۇ نە كۈلفەت يارانلەر نىچۈك قىلغۇم دىدىيا.

يەنە جەبرائىل كىلدى يا مۇھەممەد دەپ ئەيدى،
تەڭرى سەڭا سۆز ئەيدى ئېيتاي سەڭا دىدىيا.

جابىرنى ئوغلى ئۈچۈن دۇئاغە قول كۆتەرگىل،
قۇدرىتىمنى سەن كۆرگىل نىچۈك قىلغۇم دىدىيا.

تىرىكنى ئۆلتۈرۈرمەن ئۆلۈكنى تىرگۈزۈرمەن،
ھەرنە قىلسام قىلۇرمەن قۇدرىتىم بار دىدىيا.

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد دۇئا قىلدى سەھابە ئامىن دىدى،
ئوغلانلەرى تىرىلىپ تۇرۇپ سالام بەردىيا.

ئول ھالەت تىرىلدىلەر ھەم ئويناپ كۈلۈشتىلەر،
ئەرۇ ـ خاتۇن قۇۋانىپ پەرۋانەدەك تۇردىيا.

ئاندىن سۈكرە قول سالىپ بارچە تەئام يىدىلەر،
ئۇلۇغ ـ كىچىك تويدىلەر بارچە دۇئا قىلدىلەر.

يەئنى ئەي مۇسۇلمانلار بۇ ئىبرەتدۇر دىدىلەر،
ياخشى پىشە قىلغانلار زايىئە قالمىش دىدىيا.

جابىر كىم پەيغەمبەرنى جان بىرلەن مىھمان قىلدى،
ئۆلگەن ئوغلى تىرىلدى قۇدرەتىدىن دىدىيا.

ئىخلاس ئىلە ھەر كىشى قىلسە خەيرۇ ساخاۋەت،
ئىككى دۇنيا ياخشىلىق تاڭلا كۆرەر دىدىيا.

خالىس بۇ سۆز ئېيتادۇر بۇ سۆز يالغان ئىمەسدۇر،
خەلق ئالەم ئىچىندە بىر نىشانە قالدىيا.

كۆرۈك قادىر قۇدرەتىن كۆرسۇن دىبان سۇنئەتىن،
مۇستافانى ئۇممەتىن مۇنداغ شەرىف قىلدىيا.

يوق ئىردۈك بار ئەيلەدى تەن ياراتتى جان بەردى.
قەترە سۇدىن بىزلەرنى مۇنداغ شەرىف قىلدىيا.

كۆزنى بەردى كۆرگەنى ئەقلنى بەردى بىلگەنى،
ھەق يادىنى ئەيغانى تىلنى يەنە بەردىيا.

قولنى بەردى تۇتقانى ئاياق بەردى يۈرگەنى،
نىئمەت بەردى يىگەنى شۈكرى قىلسۇن دىدىيا.

خۇدايىڭنى بىلمەس سەن نىگە قۇللۇق قىلماس سەن،
ئاتا ـ ئاناڭ بارىسى قارا يەرگە كىردىيا.

تۇقغان ئادەم ئانادىن قۇرۇق قالماس ئۆلۈمدىن،
ئۇشبۇ يۇرگەن ئادەملەر ۋالله ئۆلەر دىدىيا.

سۆز مۇختەسەر قىلاى سۆز باشىگە بارالى،
يادكار قىلا كورەلى ئۆلمەس بۇرۇن دىدىيا.

بۇرۇن ئۆتكەن زەماندىن پەيغەمبەرلەر سوڭدىن،
بىر ئەر قوپتى كۆفەدىن ئاتىن نەئمان قويدىيا.

ياراتتى ئول بىرۇ بار يارلاقاب ئىزدىم جاپپار،
مەھبەرىد ئىردى ئۆزى ئاتى سابىت ئىردىيا.

ئارىغقە سۇغە باردى سۇغە تاھارەت قىلدى،
بىر قىزدل ئالمە ئاقىپ كىلۇر ئىردى دىدىيا.

سابىت ئالمەنى كۆردى سۇدىن ئالمەنى ئالدى،
يارىم ئالمە يەپ ئىردى كۆڭلىگە فىكىر تۇشتىيا.

نىگە يىدىم ئالمەنى تاپسام ئىردى ئىگەسىن،
بەرسەم ئىردى باھاسىن دىبان قورقۇپ تۇردىيا.

بەرمەيىن قولغە ئالدى چاھار باغلارنى قىدىردى،
چاھار باغدىن چاھار باغغە كىرەر ئىردى دىدىيا.

بىر چاھار باغ ئىچرە كىردى ئالمە قولىندە ئىردى،
كىرىپ چاھار باغدە تۇردى بىر ئەر قارشۇ كەلدىيا.

سالام بەردى بۇ يىگىت ئۇشبۇ كىشىنى كۆرگەچ،
قولۇڭداكى ئالمەڭىز بىزنىڭ ئالمە دىندىيا.

مۇنى ئەمدى ئالىپ سىز بىزدىن بى رۇخسەت يەپسىز،
ئاخىرەتدە جازاسىن خوپ بىرۇرسىز دىدىيا.

يىگىت ئەيدى تۇرۇپمەن سىزنى ئىستەپ كىلىپمەن،
ئاخىرەتدىن قورقۇپ مەن ھازىر بەرگۇم دىدىيا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلدەم يىگىتنى كۆردى ئابدان ئىكەنىن بىلدى،
بىر قىزى ھەم بار ئېردى ساھىپجامال ئېردىيا.

ئۇل ئېر ئەيدى سۆزۈم بار ئۆيۈمدە بىر قىزىم بار،
ئۇشبۇ قىزىمنى ئالساڭ رازى بولاي دىدىيا.

سۆزلاغالى تىلى يوق كۆرۈپ يۈرەر كۆزى يوق،
ئاياقى ھەم قولى يوق قىزىم مۇنداغ دىدىيا.

بۇ قىزىمنى ئالماساڭ مەنى رىزا قىلمەسەڭ،
يارىم ئالمە جازاسىن سەندىن ئالغۇم دىدىيا.

ئالاي دىسە قىزىنى ئالىپ نە قىلسۇن ئانى،
يارىم ئالمە يىگەندىن ئىلاج تابماس دىدىيا.

سۆزلەر سۆزى يوق بولسە كۆرار كۆزى يوق بولسە،
ئاياق قولى يوق بولسە ماڭا مۇشكۇل دىدىيا.

سۆزىن قوبۇل قىلمەسام بۇ قىزنى ئالمەسام،
ئاخىرەتدە جازاسىن نە قىلۇرمەن دىدىيا.

ھەر نە بولسەم بولايىن بۇ قىزنى ئالايىن،
ئاخىرەت ئەزابىنى مۇندە تارتاي دىدىيا.

قوبۇل قىلدى قىزنى ئالماق بولدى قىزدنى،
ئاخىرەت ئەزابدىن قۇتۇلايىن دىدىيا.

خوشۇەقت بولدى ئاتاسى رازى بولدى ئاناسى،
تويلار قىلىپ نىكاھىن ئۇل زەمان ئالدىيا.

خاتۇنلەر يىغىلدىلەر ئۆيگە تۆشەك سالدىلەر،
قىزنى ئالىپ كىلدىلەر ئۇشبۇ يىگىت كۆردىيا.

كۆرگەچ ئانى سىسكەندى قاچىپ تاشقارى چىقتى،
ئۆزگە قىزنى كىلتۈرۈپ مازاق قىلۇر دىدىيا.

ئەيدى يىگىت نىتەرسىز بىزنى مازاق ئىتەرسىز،
بىزگە دىگەن قىزىڭىز بول ئىمەسدۇر دىدىيا.

كۆزى ھەم يوق تىلى يوق ئاياقى ھەم قولى يوق،
مۇنداغ كىلۇر ھالى يوق بىلەرمۇسىز دىدىيا.

خاتۇنلەر كۆپ كىلدىلەر قەھقە ئۇرۇپ كۈلدىلەر،
ئۇشبۇ تۇۋۇر قىزىمىز بىزگە ئىنان دىدىيا.

ئاي دىسەڭىز يۈزى بار كۈن دىسەڭىز كۆزى بار،
ئايەت، ھەدىس سۆزى يا بىزگە ئىنان دىدىيا.

يىگىت كۆردى قىزنى تەيرىس كۆرۈي يۈزىنى،
يەلغانچىدۇر ئاتاسى قىزىن ئالمام دىدىيا.

كىلدى قىزنىڭ ئاتاسى يوقتۇر سۆزۈم خەتاسى،
ئاتا بىرلە ئاناسى كىلىپ ئەزرىن ئەيدىيا.

تىلى يوقتۇر دىگەنىم غەيبەت سۆزىن قىلمادى،
كۆزى يوقتۇر دىگەنىم نا مەھرەمنى كۆرمەدى.

قولى يوقتۇر دىگەنىم كىشى ھەققىن ئالمادى،
ئاياق بىرلە تاشقارى ھەرگىز چىقماس دىدىيا.

يىگىت مۇنى ئىشىتتى سىرىن كۆڭلىگە تۇتتى،
بۇ سۆز يىگىت كۆڭلىگە ئۇلدەم مەئقۇل بولدىيا.

يىگىت قىزگە قوشۇلدى ئىپەك بولۇپ ئىشلدى،
كۆڭىللەرى قاتىبان ئۇادەم ئارام تاپتىيا.

بىرنەچە كۈن ئۆتۈپدۇر قىز ھامىلە بولۇپدۇر،
ئىچىندەكى ھامىلە بىر ئىر ئوغۇل بولدىيا.

ئوغلانغە توي قىلدىلەر كۆپ خالايىق كىلدىلەر،
بۇ ئوغلاننى ئاتىنى نەئمان بواسۇن دىدىيا.

ئوغلان ئالتىگە كىردى ئېلىپ مەكتەپكە بەردى،
ھەر كۈن مولّلاگە بارىپ ئوقۇپ كىلۇر ئېردىيا.

بىر پادىشاھ بار ئېردى ئۇشبۇ شەھەردە ئېردى،
خانىم ئەيدى: پادىشاھ سەن جەھەننەمى دىدىيا.

پادىشا ئەيدى: نىتەرسەن سۆزنى بىلمەي ئەيتۇرسەن،
مەن جەھەننەمى بولسەم سەن تەلاق بول دىدىيا.

ئالىملارنى يىغدۇردى رەۋايەت بارمۇ دىدى،
ئۈچ كۈنگەچە تاپمەساڭ ئۆلەرسىزلەر دىدىيا.

بارچە ئالىم يىغىلدى كىتابىن بىر - بىر قىلدى،
رەۋايەتىن تاپمايىن يىغلاشۇرلەر دىدىيا.

نەئمان ئولدەم سورادى نىگە يىغلارسىز دىدى،
مولّلا ئەيدى: ئەي ئوغلان تىلك ئولتۇرغىل دىدىيا.

نەئمان قايتە سورادى نىگە يىغلارسىز دىدى،
ئۈچ كۈن بولدى بولۇبدۇرسىز يار دىدىيا.①

مولّلا ئەيدى: ئەي ئوغلان مۇشكىل تۈشتى بىل رەۋان،
پادىشاھغە بىر رەۋايەت تاپمايدۇرمىز دىدىيا.

خانغە خانىم ئەيتىپدۇر سەن جەھەننەمى دەپدۇر،
مەن جەھەننەمى بواسەم سەن تەلاق بول دىدىيا.

مۇنچە نىگە يىغلارسىز خانغە مەنى ئېلتارسىز،
ئۇشبۇ سۆزنى جاۋابىن مەن بېرەيىن دىدىيا.

مولّلا ئەيدى: بارايىن ئالىملارگە ئەيتايىن،
بۇ سۆزۈڭنى ئالىم خوش كۆرەرلەر دىدىيا.

مولّلا باردى ئالىمغە ئالىم كىلدى ئوغلانغە،
ئوغلان ئېمەسدۇر بىرگە دۆلەت بولغاي بىرگە دىدىيا.

① بۇ مىسرا ئەسلى كىتاپتا خاتا بېسىلغان بولسا كېرەك.

بۇ ئوغلاننى ئالدىلەر خانغە ئالىپ باردىلەر،
ئالىملارگە خان ئەيدى تاپتەگىزمۇ دىدىيا.

ئەي پادىشاھىم تاپمىمىز مۇندە ئالىپ كىلىپمىز،
ئۇشبۇ ئوغلان رەۋايەت مەن بىرەيىن دىدىيا.

پادىشاھ تەختىدە ئولتۇردى كىچىك ئوغلاننى كۆردى،
ئالتى ياشار ياش ئوغلان جەۋاب بەرمەس دىدىيا.

ئوغلان ئەيدى: ئەي سۇلتان تەختىن تۈشىڭىز رەۋان،
تەخت ئۇستىدە ئولتۇرۇپ جەۋاب بەرگۈم دىدىيا.

تەختتە سىز ئولتۇرسەگىز بىزدىن سوئال سورسەگىز،
جەۋاب بەرسەك بىز مۇندە گۇناكارسىز دىدىيا.

پادىشا تەختتىن تۈشتى ئوغلان تەخت ئۇزرە مىندى،
سوئالگە ياراشۇر جەۋاب بەرگۈم دىدىيا.

پادىشاھ تەختتىن تۈشتى قولىن قوشۇرۇپ تۇردى،
سوردى ئاندىن سوئالىن سۆزنى تەمام قىلدىيا.

قورقۇمۇسىز تەڭرىدىن مۇنداغ يامان ئىشلاردىن،
قايتارمۇسىز زەررىدىن دىيان جەۋاب بەردىيا.

پادىشاھ ئەيدى: ئەي بوتام بار ئېردى مەنى ئانام،
ئۇ ئاتامنى ياشگىنە زەئفى بار ئېردىيا.

بىر كىچە ئاتا باردىم بارىپ ياندە تۇردۇم،
ئول كىچە مەن فەئلىمدىن قايتىپ ئېردىم دىدىيا.

ۋەننازى ئاتى ئوقۇدى مەئنىسىنى بىلدۇردى،
ھەفتىيەكى قولىغە ئالىپ ئانى كۆردىيا.

ۋەنەھىيىيەن نەفسە ئەنەلھەۋايى فەئىننەلجەننە تەھىيەلمەئۋا،
بۇ ئايەتنى مەئنىسىن خانغە ئەيتىپ بەردىيا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



سىزگە جەھەننەم بولمەس خانىم ھەم تەلاق بولمەس،
بۇ ئايەتنى مەئنىسى مۇنداغ تۇرۇر دىدىيا.

كەرۋەھ ـ كەرۋەھ ئالىملار خان ياندە قازىلار،
ئۇلۇغ ـ كىچىك خالايىق تاڭ ئاجايىپ قالدىيا.

ئۇشبۇ ئوغلان ئېر بولۇر ئەل ئىچىندە شىر بولۇر،
ئالتى ياشار ئوغلاننى ئەزەم بولسۇن دىدىيا.

رەۋايەتىن بىلدۇردى خەلقنى كۆڭلىن تىندۇردى،
ئىمام ئەزەم ئات قويدى ئۇشبۇ يەردە دىدىيا.

ئۆيگە كىشى باردى سۆيۈنچى بەرگىل دىدى،
ئالتى ياشار ئوغلۇڭىز ئەزەم بولدى دىدىيا.

ئەيدى ئولدەم ئاتاسى زەئىفەلەر ئاناسى،
يارىم ئالمە شۇملۇغى ئالتى ياشقە قويدىيا.

يارىم ئالمە يېمەسە ئاتا شۇملۇق قىلمەسە،
ئۈچ ياشىندە بۇ ئوغلۇم ئەزەم بولۇر دىدىيا.

دىنىمىزنى يارۇغى ئىماملارنى ئۇلۇغى،
مۆئمىنلەرنى مەزھەبى ئىمام ئەزەم بولدىيا.

بۇ ئىمامەلەر بولمەسە مۇنى بىزگە ئەيتمەسە،
يولنى بىلمەس مۆئمىنلەر قايان بارۇر دىدىيا.

مۇھەممەدكە ئۈممەت بول مەزھەپ ئەزەمگە بول،
ئۇشبۇ تۇرۇر ھەقلىق يول مۆئمىنلەر يول تاپتىيا.

ئاشىق بولسەڭ ئويۇمە نەفسىڭ يولغە كىرمە،
شەيتانىڭ تىرىك قىلمە نەفسىڭ ئۆلسۇن دىدىيا.

تەمام بولدى بۇ قىسسە كىتتى كۆڭلىدىن غۇسسە،
كۆڭلۇم ئىچىندە غۇسسە كۆزۈم گىريان دىدىيا.

نەزم قىلدىم مەن غېرىپ ئىرانلەرگە يالبارىپ،
ئىرانلەرنى رۇھىدىن ماڭا مەدەد بولدىيا.

بەسكە ئەزىزلار ئاتام يوقتۇر سۆزۈمدە خەتام،
بۇ قىسسە بولدى تەمام قۇل خوجەئەھمەد دىدىيا.

**غەزەل ھىكمەت**

شەرمەندىلىكلەر كۆپ ئىكەن نىگە ئول تۇغدۇك ئانا،
بارۇر يەرىمىز كۆن ئىكەن ئول نىگە بولدۇم مانا.

ھۇل قىيامەت بار ئىكەن ئاھ ۋە نادامەت بار ئىكەن
ئارمان ۋە ھەسرەت يار ئىكەن ئول نىگە بولدۇم مانا.

تۇغدۇك گۇناگە ياپۇشۇپ شەيتان بىرلە سۆز تاپۇشۇپ،
تەئىزىم قىلىپ قول قاۋۇشۇپ ئول نىگە بولدۇم مانا.

ھەرگىز خۇدانى بىلمىدىم قورقۇپ ئۆزۈمگە كېلمادىم،
دەرگاھىگە يالبارمادىم ئول نىگە بولدۇم مانا.

ئاھ نادامەت قىلمادىم خوبلارنى كۆزگە ئىلمادىم،
ئاخىر ئۆلەرىم بىلمادىم ئول نىگە بولدۇم مانا.

بولماس گۇناھىمنى ساناپ ئەستايەد شەيتان تونۇپ،
شەيتان نە دىسە مەن ئۇناپ ئول نىگە بولدۇم مانا.

يازۇقلارىمنى سانى يوق قورقماس كىشىنى جانى يوق،
ھەم جانى يوق ئىمانى يوق ئول نىگە بولدۇم مانا.

قورقماي بۇ دۇنيا زەھرىن خۇفىم ئىگەمنى قەھرىدىن،
بىتمەي بۇ دۇنيا مېھرىدىن ئول نىگە بولدۇم مانا.

قىلماي بۇ نەفسىمدىن ھەزەر ئىتدەك يۈگۈردۈم دەربەدەر،
دۇنيادىن ئۆتتۈم بىخەبەر ئول نىگە بولدۇم مانا.

يەتسە ئەگەر ۋەقتىم مەنى ۋەيران بولۇر بەختىم مەنى،
تۇفراق ئېرۇر تەختىم مەنى ئول نىگە بولدۇم مانا.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى

ئالسە جانىمنى قىيناتىپ مېغزى سىرىمنى قىيناتىپ،
ئىكى كۆزۈمنى ئويناتىپ ئول نىگە بولدۇم مانا.

(   ) نى قاتىغ تۇرتسەلەر قىلمىشلارىمنى ئايتسەلەر،
(   ) لار تىلىمدىن تۇتسەلەر ئول نىگە بولدۇم مانا.

سۆزلەرگە بولمىسا ماجال سود ئىپلاماس يىغقان بۇ مال،
جايىمدە ياتسام هال ماجال ئول نىگە بولدۇم مانا.

هالىمنى سورسەلەر ئىپلىم سۆزلەرگە بولمىسا تىلىم،
ۋاۋەيلەسە فەرزەندلەرىم ئول نىگە بولدۇم مانا.

جانىمنى تەندىن ئۈزدۈرۈپ جاننى بۇ تەندىن بەزدۈرۈپ،
سانىسىز گۆرىستان كېزدۈرۈپ ئول نىگە بولدۇم مانا.

ياتسام جانىمدىن ئايرىلىپ هىچ دۈنماسام مەن قايرىلىپ،
كىلسە خالايىق يىغىلىپ ئول نىگە بولدۇم مانا.

غۇسال كىلىپ هەم يۇسەلەر ئۈچ كاسە سۇنى قۇيسەلەر،
ئېلتىپ جايىمگە قويسەلەر ئول نىگە بولدۇم مانا.

ئۈچ يۈز ئاتمىش تومۇرلارىم تۆرت قىرىق تۆرت سۆڭەكلەرىم،
(   ) قۇرۇپ قالىپلارىم ئول نىگە بولدۇم مانا.

باشتىن ئاياغ جۇلغۇپ كىفەن يىغمىشلارىم قالدى ۋەتەن،
خەلقە قىلالمادىم سۇخەن ئول نىگە بولدۇم مانا.

جانسىز ئاتىگە مىندۈرۈپ قەۋم قارىنداش ئاه ئۇرۇپ،
ئەهل ئەيال فەرياد ئۇرۇپ ئول نىگە بولدۇم مانا.

باشىم ئاياغىمنى تۇتۇپ يۈرگەن يىرىمنى ئۇنۇتۇپ،
دىن دۇنيا كۆڭىل سۇۋۇتۇپ ئول نىگە بولدۇم مانا.

ئوقۇپ جىنازەم كۆتەرىپ يارانلارىم يىغلاپ بارىپ،
ماتەم تۇتۇپ كۆكسىن يارىپ ئول نىگە بولدۇم مانا.

ئىلتىپ تەدگە قويسەلەر ئارقاغە باقماي قايتسەلەر،
سورۇق سوئالىم سورسەلەر ئۇل نىگە بولدۇم مانا.

قىلدىم گۇناھلار ماھ سال ئىلكىمدە يوقتۇر قال ھال،
ئاندە سورساڭ مىڭ سوئال ئۇل نىگە بولدۇم مانا.

كىرسە ساڭا ئىكى مالىك رەبىڭنى ئېتكىن كىم سىڭ،
سۆزلەرگە ئاغىز تىل قانى ئۇل نىگە بولدۇم مانا.

دىنىم رەسۇلۇم سورسەلەر يىغلىپ مالىكلار ئۇرسەلەر،
دەۋزەخ سىرىگە سۆرسەلەر ئۇل نىگە بولدۇم مانا.

ھىچ چىقمىسا مەندىن جاۋاپ قىلغاي يەتتە قاتىغ ئەزاپ،
ئەي كاشكى بولسام تاراپ ئۇل نىگە بولدۇم مانا.

جانىم تىنىم كۆيدۇرسەلەر گاھ تىرگۇزۇپ ئۆلتۇرسەلەر،
گۇلدەك يۇزۇم سۇلدۇرسەلەر ئۇل نىگە بولدۇم مانا.

مالىكلار كۆمەس تەرزىنى ھىچكىم ئىشتمەس ئەرزىنى،
ئوتكە باسارلار يۇزنى ئۇل نىگە بولدۇم مانا.

ئۇرسە كۆتەرىپ كەرزىنى بەرگىن خۇدانى قەرزىنى،
ۋاجىپ سۇننەت فەرزىنى ئۇل نىگە بولدۇم مانا.

ئەمرىمنى ھەرگىز تۇتمادىڭ قويۇپ سەھەر قان يۇتمادىڭ،
بىردەم رىيازەت تارتمادىڭ ئۇل نىگە بولدۇم مانا.

تىلگە سەنا ئۆرگەتمادىڭ يازۇقلارىڭ بەركىتمادىڭ،
جان دىلىڭ قورقۇتمادىڭ ئۇل نىگە بولدۇم مانا.

ھەمدۇ ـ سەناسىن ئېتمادىڭ شەيتان لەئىندىن قايتمادىڭ،
مەنلىكنى تاشلاپ ئاتمادىڭ ئۇل نىگە بولدۇم مانا.

دۇنيادە يۇردۇڭ مەنمەنى قويۇپ خۇدايىڭنى قانى،
ئاخىر ياراتتى كىم سەنى ئۇل نىگە بولدۇم مانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەئنە قىلۇرسەن بەندە سەن كۇفار ئىچىندە گەندە سەن،
يۈزى قارا شەرمەندە سەن ئول نىگە بولدۇم مانا.

قەدىم ئىلىق بولدى دۇتا ئىلكىم ئالىك يا مۇستافا،
مەھشەر كۈنى ھالىم تەبا ئول نىگە بولدۇم مانا.

قىلغان ئىشىم جۇرم گۇناھ ھالىم نە كەچكەي ئاھ ئاھ،
ئىلكىم ئاياغىمدۇر گۇۋاھ ئول نىگە بولدۇم مانا.

بارى گۇناھ تاغدىن ئاغىر سەن سەن بى نەزىر،
ئەي پادىشاھى بى ۋەيىز ئول نىگە بولدۇم مانا.

يالغانچى بەندە سەن ئۇيات يىغدىك جاھاندە قوي ۋە ئات،
ئاخىر تاپماك مۇ مامات ئول نىگە بولدۇم مانا.

ئىيتسام قىيامەت قىسسە كۆپ قىلسام بايان بولمان يۈرۈپ،
قىلغىل ئىبادەت يەتكۈرۈپ ئول نىگە بولدۇم مانا.

ئەي ئەھمەدى مىسكىن غېرىپ يىغلا خۇداغە يالبارىپ،
كۆپ يىغلاساڭ قىلغاي ھەبىب ئول نىگە بولدۇم مانا.

× ×

كىلىڭ دوستلار ھىكمىتىمدىن ئۆلۈش ئالىڭ،
بىسمىللا دەپ بايان ئەيلەپ ئەيتتىم مانا.
جان دىلدەن ھەق يولىنى مەھكەم تۇتۇپ،
شەيتان لەئىن يوللارىنى قايتتىم مانا.

تەۋبە ئوقۇپ تەۋبە قىلدىم مەۋلۇم گۇۋاھ،
نەزەر قىلىپ ھەق دەردىمە بەردى دەۋا،
خانۇمان خانۇماندىن كەچسەم رەۋا،
جان نە بولغاي ئىمانىمدىن ئۆتتۇم مانا.

تا ئۆلگۈنچە مىھنەت تارتىپ بولاي ئادا،
ھەقىقەتلىق مەئشۇق ئۇچۇن جانىم فىدا،

پەرۋانە دېك ئەخكەر بولۇپ كۆلدەك فەنا،
ئىنشائ ئاللا ھەق نۇرىگە پاتتىم مانا.

ئەي يارانلار دەردىم پىرزور ھالىم زەبۇن،
جانىم كۆيگەن باغرىم كۆيگەن چىقماس دۇتۇن،
دەرگاھىگە كۆپ يىغلادىم باقتى بېھچۇن،
مۇھەممەدۇللا جان بەخشىشلىق تاپتىم مانا.

زاھىد بولۇپ بوي خۇدا ئاڭلامىدىم،
دۇنيا ئەقباي ئارقا سىرى سالمىدىم،
تەسبىھ ئالىپ ئىشق لەززەتىن بىلالمىدىم،
مەسجىد كىزىپ زاھىد سۇفەت قاتتىم مانا.

ئىشق شەرابىن ھەق ئىچۈردى تولۇپ تاشتىم،
مەجنۇن سۇفەت خەيىل خۇشدىن ئۇرۇپ قاشتىم،
ھەقدىن يۈز مىڭ جافا تېگدى قورقۇپ شاشتىم،
غۇنچە يەڭلىغ خۇن جىگەر يۇتتۇم مانا.

ئىشقىن ئالىپ پىر مۇغان سىرى باردىم،
ياشىم ساچىپ دەردىم ئەيتىپ كۆكسۇم ياردىم،
فەيىز فەتۇھ تولا بەردى سىرلار كۆردۇم،
ھەركۈن يۈز مىڭ سىرلار كۆرۈپ ياتتىم مانا.

مەيخانەگە تا كىرگۈنچە ھىچ ئويمادىم،
تەسبىھ تەھلىلنى شەۋقى ئۈچۈن مەن سويمادىم،
سابىر بولگىن بەندەم دىدى مەن ئەغنەدىم،
جان ۋە دىلدە ھەق ئەمرىنى تۇتتۇم مانا.

مەن ئانادىن تۇغدۇم ئېرسە كۆلگەنىم يوق،
بۇ دۇنيانى ئىشرەتلەرىن بىلگەنىم يوق،
ئۆمرۈم ئىچرە ھەرگىز خوشنۇد بولگەنىم يوق،
ھەقدىن قورقۇپ يىغلاي يىغلاي ئۆتتۈم مانا.

دۇنيا ئەسلى ماتەمخانە كۆلمەك نىمە،
ئاقىل ئېرسەڭ ھەقدىن ئۆزگە سۆيمەك نىمە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەم غەنىمەت بۇ دۇنيانى غېمىن يەمە،
پىرى مۇغان خىزمەتىدە ئۇقتۇم مانا.

فەيز فۇتۇھ ئول ھافىزۇ ئەكا زاكىر،
شەرتى ئولدۇر قانائەتلىك بولسە سابىر،
ئالىلا ھەققى يالغانچى يوق خۇدا ھازىر،
ھەقدىن ئىشتىپ بۇ سۆزلەرنى ئەيدىم مانا.

خاس بۇزرۇكنى ئاستانەسى پىرى مۇغان،
ئايەت ئىچرە خەبەر بەردى مەۋلۇم ئوغان،
زاھىد قايتىپ بارساڭ ئوتدە ھەقتە تولغان،
ھەركۈن يۈز مىڭ ئاستانەنى ئۆپتۈم مانا.

قۇل خوجە ئەھمەد سەخىلارنى جايى جەننەت،
دەريا - دەريا ئېھسانى قىلسە قىلماس مىننەت،
تاغىنە بارسە ھەق ئىنئامى تاجى دەۋلەت،
ئېھسان ئۈچۈن يۈزمىڭ ئۆزۈم ساتتىم مانا.

× ×

ئارىف ئاشىق سۆھبەتىدىن بەھرە ئالغان،
خۇدايغە يېقىن بولدى بىلدىم مانا.
پىرى كامىل مۇكەممەلگە خىزمەت قىلغان،
ئىخلاس بىلەن سىرى ئەسرار ئالدىم مانا.

سىر ۋە ئەسرار ئالقانلارگە يۈز مىڭ ئىنئام،
خاس بەندەم دەپ ھەق يىبەرگەي يۈز مىڭ سالام،
مالائىكلەر ئالىپ كېلگەي يۈز مىڭ پايام،
ھازىر تۇرۇپ ئەرش ئۈستىدە كۆردۈم مانا.

ئەرش ئۈستىدە ناماز ئوقۇپ سۆھبەت قىلدىم،
تۈن كېچەلەر باشىم بىرلە قايىم تۇردۇم،
مۇھەممەدۇللا مەئشۇقىمە ئۈلفەت بولدۇم،
موسا سۈفەت يۈز مىڭ سوئال سوردۇم مانا.

سوئالىمغە ھەقدىن كېلدى يۈز مىڭ جاۋاپ،
روز مەھشەر ئەئمالىڭنى قىلىمام ھىساپ،

كاتىپ بولۇپ ئوك قولىڭا بىراي كىتاپ،
ھەق كەل دىدى تەئزىم قىلىپ كىلدۇم مانا.

يولسىز ئىبردىم ئۇلۇغ بابام يولگە سالدى،
ئاندىن سۆگرە خاس بۇزرۇك قولۇم ئالدى،
خىزىر بابام ھازىر تۇرۇپ شەفقەت قىلدى،
شەفقەتىدىن خاسىيەتلەر كۆردۇم مانا.

خاسىيەتنى سىزگە ئىيتاي خەلق جاھان،
يا ئەبەدى دەپ ئاۋاز كىلدى ھەقدىن نىھان،
رەھمەت بىلەن ماڭا ياقتى ھەق مىھرۇ يان،
ئالەم كىزىپ ئىرانلاردىن سوردۇم مانا.

قەيۇ تالىپ ھىكمەتىمنى تۇتسە ئەزىز،
قايدە بارسە باشى ئەزىز سۆزى لەزىز،
ياخشى سۆزنى فەھىم ئىيتمەسلەر ھەر بى تەمىز،
ئول سەبەبدىن دانا ئىزلەپ يۈردۇم مانا.

مەن دەفتەرى سانى ئەيتتىم قەنى قۇلاق،
قان ياش تۆكۈپ يىغلاماسلار مەسل بۇلاق،
ئاشىق بولساڭ دۇنيا ئىقبىن قويگىن تالاق،
تالاق قويۇپ دىدارىنى كۆردۇم مانا.

ھەقىقەتدىن ھىكمەت ئىيتتىم بىلمەس كىشى،
يالغان ئاشىق ھىلە بىلەن پۈتمەس ئىشى،
چىن ئاشىقنى نۇرگە تولار ئىچۇ تاشى،
ھەقدىن ئىشتىپ بۇ سۆزلەرنى ئەيدىم مانا.

ھەقتەئالا ئاشىقلارغە بەردى ئىشقىن،
چىن تالىپكە ئاتا قىلدى زەۋقى شەۋقىن،
زاھىدلەرگە شەيتان بەردى رىيا دەلقىن،
سۆزلەر بىلەن رىيالىغنى ئۇردۇم مانا.

مەن رىيالىغ شەيخنى كۆرۈپ بىزار بولدۇم،
زەررە بۇي ماڭا تىگدى بىمار بولدۇم،

www.uyghurkitap.com



هەق يولدە سىرمەست ئېردىم ھۇشيار بولدۇم،
ئىچ قارنىمدە دۇشمەن تۇتۇپ يۇردۇم مانا.

مەن رىيالىغ شەيفنى كۆرۈپ تەپكۈم كىلۇر،
هەقدىن يۈز مىڭ بالا تىلەپ سەپكۈم كىلۇر،
شەمشەر ئالىپ باشلارىنى چاپكۇم كىلۇر،
قايدە بارىپ ئىشق دۇكانىن قۇردۇم مانا.

قۇل خوجە ئەھمەت تائەت قىلساڭ پىنھان قىلگىن،
لەب نامەھرەم دەم نا مەھرەم هازىر بولگىن،
بىلگە قەدەم نامەھرەمدۇر ئۆزۈڭ بىلگىن،
هەقدىن ئۆزگە تالىپلارنى (سوردۇم) مانا.

× ×

تىنماي ئاشىق هۇ دەرلەر خۇدايىغە يالبارىپ،
يۇرەر ئانى ئىشقىدە كېچە-كۈندۈز سارغايىپ.

زار يىغلاتىپ ئاشىقنى ئىشق ئىلكىدە خۇدايىم،
ئىشق يولدە مالامەت ئاڭار كۆرەر مۇناسىپ.

مەنسۇر بىر كۈن يىغلادى ئىرانلار رەھىم ئەيلادى،
چىلتەن شەربەت ئىچۈردى مەنسۇرغە مىهرىن سالىپ.

مەنسۇر ئەيتۇر ئەنەلھەق ئىرانلار ئىشى بەرھەق،
موللالار ئەيتۇر ناهەق كۆڭلىگە يامان ئالىپ.

ئەيتماگىل ئەنەلھەق دەپ كافىر بولدۇڭ مەنسۇر دەپ،
قۇرئان ئىچرە يولدىر دەپ ئۆلدىردىلەر كوبلاشىپ.

بىلمادىلەر موللالار ئەنەلھەقنى مەئنىسىن،
قال ئەهلىگە هال ئىلمىن هەق كۆرمەدى مۇناسىپ.

رەۋايەتلەر پۈتۈلدى هالىن ئانى بىلمادى،
مەنسۇردەك ئەۋلىيانى قويدىلەر دارغە ئاسىپ.

ئەفسانەدۇر شەرئەت فەرزانەدۇر تەرىقەت،
دۇردانەدۇر ھەقىقەت ئاشىقلەرغە مۇناسىپ.

خەلق ئالەم يىغلدى مەنسۇر دەپ فەرياد قىلدى،
مەنسۇرنى يارانلەرى قالدى ئاندە يىغلاشىپ.

تەۋبە قىلگىل خوجە ئەھمەد بولگەي ھەقدىن ئىنايەت،
يۈز مىڭ ۋەلىلار ئۆتتى سىرنى سىرنى ئۇلاشىپ.

× ×

ھەق رەسۇلنىڭ ئېلچىسى بابىلار بابى ئارسلان باب،
تالىپلارنىڭ يولچىسى بابىلار بابى ئارسلان باب.

پەيغەمبەرنىڭ ئەمنى ھەم بەندەلەر كەمىنى،
خوش ساقلىدى دىنىنى بابىلار بابى ئارسلان باب.

ئىمان ئۈچۈن جان بەرگەن ئىسلام ئۈچۈن تىغ
مەۋلۇم رىزاسىن قولغان بابىلار بابى ئارسلان باب.

غازىلارنى نەكىنى سەھابەلەر ھەلمى،
خاس بەندەلەر كەمىنى بابىلار بابى ئارسلان باب.

ئىلمەلىيەقىن داناسى ئەينەلىيەقىن سەناسى،
ھەققۇلىيەقىن كوياسى بابىلار بابى ئارسلان باب.

مەئرىفەتنىڭ بازارى مۇھەببەتنىڭ گۈلزارى،
ئاشىقلارنىڭ سەردارى بابىلار بابى ئارسلان باب.

قابىل كۆرۈپ ھەق رەسۇل قىلدى خىزمەتدە قوبۇل،
بولدى ۋىسالغە مەۋسۇل بابىلار بابى ئارسلان باب.

بىر كۈن ئەيدى مۇستافا بەرگۈم ساڭا بىر خورما،
ياخشى ساقلاغىل بالا بابىلار بابى ئارسلان باب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەندىن سۇكرە بىر ئوغلان تۇتقۇسىدۇر بى گۇمان،
ئاتى كۆرگىل ئولزامان بابلار بابى ئارسلان باب.

ئاتى ئانىڭ ئەممەر ئول زانى ئانىڭ رەھمەت ئول،
خەلاسەئى ئۇممەت ئول بابلار بابى ئارسلان باب.

مەئادىنى مەقدەر قىلدى ئەگا پەيغەمبەر،
مۇنداغ خەبەر بەردىلەر بابلار بابى ئارسلان باب.

ئارسلان ئەيدى: ئەي نەبى ئاخىر بولۇپ مەن قەرى،
ئول زامانغە يەتكەلى بابلار بابى ئارسلان باب.

بىننى دۇئا قىلدىلەر جۇملە ئامىن دىدىلەر،
شاد خۇررەم بولدىلەر بابلار بابى ئارسلان باب.

ئول تارىخدىن تۆرت يۈز يىل كەچتى يەتتە ئارتۇق يىل،
سورار ئېردى مۇتتەسىل بابلار بابى ئارسلان باب.

سەفەر قىلدى بۇ يانغە تا كېلدى تۇركستانغە،
سوراغ سالدى ھەر يانغە بابلار بابى ئارسلان باب.

تاپتى ئانى ياشدە مەكتەپخانە يولدە،
قىر تۇردى ئالدىدە بابلار بابى ئارسلان باب.

رەۋان ئىسلام قىلدىلەر ئوغلان ئىلىك ئالدىلەر،
بىر زەماننى تۇردىلەر بابلار بابى ئارسلان باب.

ئوغلان ئەيدى: ئەي بابا سىزنىڭ ئەمانەت قەنى،
ئىمىن قىلدىلەر سىزنى بابلار بابى ئارسلان باب.

ئارسلان ئەيدى: ئەي ۋەلى قايدىن بىلدىڭ سەن مۇنى،
ھېچكىم ساڭا ئەيمادى بابلار بابى ئارسلان باب.

ئەيدى ماڭا ھەق سۇبھان قىلدى بۇ سىرنى ئەيان،
تاڭلانىپ قالدى ھەيران بابلار بابى ئارسلان باب.

ئارسلان ئەيدى: ئەي ئوغلان ئاتىڭ كىمدۇر قىل ئەيان،
بىلەي سەنى بى گۇمان بابلار بابى ئارسلان باب.

ئەيدى: ئاتىم قۇل ئەھمەد پەيغەمبەرىم مۇھەممەد،
مەئبۇدۇمدۇر ئول ئەھەد بابلار بابى ئارسلان باب.

بۇ ئىشلارنى كىم كۆردى ئەمانەتنى يەتكۆردى،
ئىگەسىغە كىتۆردى بابلار بابى ئارسلان باب.

قاراپ قۇرئان ئالدىدا قەلئە قىبلە ئۆيىندە،
مەكتەھۇللاھى يولىندە بابلار بابى ئارسلان باب.

ئۆتەر ئىر ئەيالى خادەمى ئامى ۋە ھەم ئالىمى،
جۇملە ئۇنىڭ مەخدۇمى بابلار بابى ئارسلان باب.

ئوڭ ياندە ماچىن باب سول ياندە قارغە باب،
قاتىھەئى جۇملە باپ بابلار بابى ئارسلان باب.

شەمس ئەھمەدى كىم بولغاي بۇ بابلاردىن دەم ئۇرغاي،
مەگەر ئانى قولداغاي بابلار بابى ئارسلان باب.

بەند

جان دىلدىن نە ئىتىنى گەر ئەيلەسە رۆخسەت،
مەھبۇب خۇدا ساھىپ ئول مىھر نە بۇۋۋەت،
مەۋجۇت تۇفەيلى ئانى ھەفتاد دۇ مىللەت،
ئاسىلارنە قىلسە قىيامەت كۈنى شەفقەت،
مىئراج تۈنى ھەق ئاگا بەردى مەي ۋەھدەت،
يۈز شۇكرى خۇدا بىزنى قىلىپدۇر ئاگا ئۇممەت.

تەئرىفى ئىمەس بىرنەچە سۆز ئەيلەسەم ئىزھار،
ھۆسنى ئىقلىمدە ئول تىگى يوق ئارەزى گۈلزار،
زۇلفى سىيەھ ۋە قامەت خوش لەئلى شىكەر بار،
جان نەقدە بىلەن نەئتىغە ئۈيقۇمدە خىرىدار،
مىئراج تۈنى ھەق ئاگا بەردى مەي ۋەھدەت،
يۈزمىڭ خۇدا بىزنى قىلىپدۇر ئاگا ئۇممەت.

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com



بىلگىل نە ئەجەپ قۇدرەت ۋەھاب خەلىلدۇر،
تا قىلغۇسى نەمدۇر ئوتى گۇلزار جەلىلدۇر،
ئول كۆنكى رەسۇل ئۇممەت ئۈچۈن ھەققە كەفىلدۇر،
گىسۇيى ئەزىزى يەتتى دەۋزەخقە قەتىلدۇر،
مىئراج تۈنى ھەق ئاڭا بەردى مەي ۋەھدەت،
يۈز شۈكرى خۇدا بىزنى قىلىپدۇر ئاڭا ئۇممەت.

بەردى خەبەر ئول كېمەكى جەبرائىل بۇرادەر،
ئاتلاندى ئەجەپ شىۋە بىلەن شاھى دىلاۋەر،
ئويناتتى بۇ توققۇز فەلەك ئۈستىدە تەكاۋەر،
ئارقاسىدە بولغايمۇ ئانىڭ تەڭ بەرابەر،
مىئراج تۈنى ھەق ئاڭا بەردى مەي ۋەھدەت،
يۈز شۈكرى خۇدا بىزنى قىلىپدۇر ئاڭا ئۇممەت.

ئۇلكى يارى ھەزرەت سىدىق سەفادۇر،
ئىككىنچى شەرىئەتدە ئۆمەر ئەدل ئەتادۇر،
ئۈچۈنچى يارى ھەزرەت ئوسمان ھەيادۇر،
تۆرتىنچى يارى ھەزرەت ئول شىر خۇدادۇر،
مىئراج تۈنى ھەق ئاڭا بەردى مەي ۋەھدەت،
يۈز شۈكرى خۇدا بىزنى قىلىپدۇر ئاڭا ئۇممەت.

ئوت سالدى ئوشول قۇدرەت جانىغە ئويىسى،
تاسەڭ ...................... دەھنانىغە ئويىسى،
ئەنجۇم قۇلاغىن ئاچتى فىغانىغە ئويىسى،
كەلتۈردى ۋە يادىغە سەناسىنى ئويىسى،
مىئراج تۈنى ھەق ئاڭا بەردى مەي ۋەھدەت،
يۈز شۈكرى خۇدا بىزنى قىلىپدۇر ئاڭا ئۇممەت.

× ×

ھەقتەئالا فەزلى بىرلەن فەرمان قىلدى،
ئىشتىپ ئوقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجەئەھمەد.
ئاتمىش ئۈچدە سۈننەتلەرىن مەھكەم تۇتۇپ،
ئىشتىپ ئوقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجەئەھمەد.

يەر ئۈستىدە ئۆلمەس بۇرۇن تىرىك ئۆلدۇم،
ئاتمىش ئۈچدە سۈننەت دىدى ئىشتىپ بىلدىم،

یەر ئاستدە جانىم بىلە قۇللۇق قىلدىم،
ئىشتىپ ئۇقۇپ یەرگە كىردى قۇل خوجەئەھمەد.

ئىرانلاردىن فەیزۇ فۇتۇھ ئالالمادىم،
یۈز یىگىرمە بەشكە كىردىم بىلالمادىم،
ھەقتەئالا تائەتلەرىن قىلالمادىم،
ئىشتىپ ئۇقۇپ یەرگە كىردى قۇل خوجەئەھمەد.

بولغاي مەنمۇ مۇھەممەدنى خاس ئۇممەتى،
ئۇممەت دىسە ئاسلارنى خوش دەۋلەتى،
بالدىن تاتلىغ ئىرۇر ماڭا بۇ مىھنەتى،
ئىشتىپ ئۇقۇپ یەرگە كىردى قۇل خوجەئەھمەد.

بىزلەر ئۈچۈن جانلار چەكتى ئول مۇھەممەد،
ئۇممەت بولساڭ غەم یەمەسەن یالغان ئۇممەت،
كىچە - كۈندۈز ھاسىللارىڭ ئەیشى - ئىشرەت،
ئىشتىپ ئۇقۇپ یەرگە كىردى قۇل خوجەئەھمەد.

ئەللىك یاشدە نىدا كەلدى ئۆلمەك ئاسان،
شەرتى ئولدۇر سەندە بولسە نۇر ئىمان،
تاڭلا بارساڭ دىدارىغە قىلۇر مىھمان،
ئىشتىپ ئۇقۇپ یەرگە كىردى قۇل خوجەئەھمەد.

ئەي مۆئمىنلەر بۇ دۇنیانى پایانى یوق،
چىن ئۆلۈرسەن ھەرگىز مۇنى یالغانى یوق،
كىم بىلمىسە ۋاللە ئانى ئىمانى یوق،
ئىشتىپ ئۇقۇپ یەرگە كىردى قۇل خوجەئەھمەد.

ئەسلىم تۇفراق نەسلىم تۇفراق بارچەدىن خار،
باسىپ ئۆتسەڭ مۇردار جىسمىم قىلغۇسى ئار،
كىم ئار ئىتسە شەیتان قەۋمى ھەۋاسى بار،
ئىشتىپ ئۇقۇپ یەرگە كىردى قۇل خوجەئەھمەد.

چىن زاكىرغە خۇدا ئۆزى قىلدى رەھمەت،
تاڭلا بارسە جەننەت ئىچرە یایۇر خىلئەت،
روز مەھشەر دىدار كۆرۈپ سۈرگەي دەۋلەت،
ئىشتىپ ئۇقۇپ یەرگە كىردى قۇل خوجەئەھمەد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەندە بولساڭ مىھنەت تارتقىل غافىل ئادەم،
ئاقىل ئېرسەڭ غەنىمەتدۇر ساڭا شولدەم،
ئامانەتدۇر ئەزىز جانىڭ يۈرمە بىغەم،
ئىشتىپ ئۇقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجەئەھمەد.

ئاتمىش ئۈچدە سۈننەت بولدى يەرگە كىرمەك،
رەسۇل ئۈچۈن ئىككى ئالەم بەرباد بەرمەك،
ئاشىقلارنى سۈنەتدۇر تىرىك ئۆلمەك،
ئىشتىپ ئۇقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجەئەھمەد.

ئۈممەت بولساڭ ئىشتىپ جانىڭ بەرمەسۇ سەن،
مۇستافاغە جانىڭ قۇربان قىلماسۇ سەن،
جان نە بولغاي ئىمانىڭنى بەرمەسۇ سەن،
ئىشتىپ ئۇقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجەئەھمەد.

قۇل خوجە ئەھمەد ئاتمىش ئۈچدە غايىب بولدى،
ئەدەپ ساقلاپ مۇستافاغە نايىب بولدى،
سۇلتان بولدى مىھنەت تارتىپ تايىب بولدى،
ئىشتىپ ئۇقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجەئەھمەد.

× ×

قاھار ئاتلىغ قەھرىڭدىن قورقۇپ يىغلار خوجەئەھمەد،
راھمان ئاتلىغ رەھمىڭدىن ئۈمىد تۇتار خوجەئەھمەد،

گۇناھىم كۆپ ئىلاھىم كەچۈرگەيسەن گۇناھىم،
بارچە قۇللار ئىچىندە ئاسى قۇلدۇر خوجەئەھمەد.

مۇنافىقلار يۈرۈرلەر فىسقۇ فۇجۇر قىلۇرلەر،
هارام شۈبھەلەر قورقۇپ يىغلار خوجەئەھمەد.

تەرىقەتنى بىلمادىم ھەقىقەتنە كىرمادىم،
بىر بۇيرۇغىن تۇتمادىم ئۇزرى كۆپتۇر خوجەئەھمەد.

ئاخىر زامان بولغاندۇر پادىشاھ زالىم بولغاندۇر،
هارام شۈبھە تولغاندۇر ھەيران بولۇر خوجەئەھمەد.

شەرمەندە ئاسى قۇلمەن ئىشق يولىدە بۇلبۇل مەن،
ئارسلان باباغە قۇلمەن قۇلۇڭ بولۇر خوجەئەھمەد.

قۇل خوجەئەھمەد تائەت قىل يىغلاماقنى ئادەت قىل،
بالا كەلسە تاقەت قىل ھەقدىن بولۇر خوجەئەھمەد.

× ×

ئىشق يولىدە فەنا بولاي ھەق بىرۇ بار،
ھەر نە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل پەرۋەردىگار.
ئىلكىم ئاچىپ دۇئا قىلاي ئىزىم جاپپار،
ھەر نە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل پەرۋەردىگار.

ئىشقى تەگسە كۆيدۈرگۈسى جان ۋە تەننى،
ئىشقى تەگسە ۋەيران قىلۇر ماۋمۇننى،
ئىشق بولمىسا تانىپ بولماس مەۋلۇمىنى،
ھەر نە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل پەرۋەردىگار.

ئىشق دەفتەرى سىغماس دوستلار دەرگاھىنە،
جۇملە ئاشىق يىغلىپ بارغاي بارگاھىنە،
يەتتى دەۋزەخ تاقەت قىلماس بىر ئاھىنە،
ھەر نە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل پەرۋەردىگار.

خاس ئىشقىڭنى كۆرسات ماڭا شاكىر بولاي،
ئارە قويسە زىكرىڭيادەك زاكىر بولاي،
ئايۇپ سۇفەت بالاسىنە سابىر بولاي،
ھەر نە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل پەرۋەردىگار.

ئىشق دەردىنى تەلەپ قىلدىم دەرمانى يوق،
ئىشق يولىدە جان بەرگەننى ئارمانى يوق،
بۇ يوللاردە جان بەرمىسە ئىمكانى يوق،
ھەر نە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل پەرۋەردىگار.

قايدىن تاپاي ئىشقىڭ تۈشتى قارارىم يوق،
ئىشق سەناسىن تۈنى كۈنى قويارىم يوق،
دەرگاھىڭدىن ئۆزگە يەرگە بارارىم يوق،
ھەر نە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل پەرۋەردىگار.

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشق بازارى ئۇلۇغ بازار سودا هارام،
ئاشقلارگە سەندىن ئۆزگە غەۋغا هارام،
ئىشق يولىغە كىرگەنلەرگە دۇنيا هارام،
هەر نە قىلساڭ ئاشىق قىلگىل پەرۋەردىگار.

ئاشىقلىقنى دەئۋا قىلىپ يۈرالمادىم،
نەفسىدىن كېچىپ مەن ئەرنى قىلالمادىم،
نادانلىقدە هەق ئەرىنى بىلالمادىم،
هەر نە قىلساڭ ئاشىق قىلگىل پەرۋەردىگار.

قۇل خوجەئەهمەد ئىشقدىن قاتىغ بالا بولماس،
مەرهەم سۈرمە ئىشق دەردىنە دەۋا بولماس،
كۆز ياشدىن ئۆزگە هىچكىم گۇۋاھ بولماس،
هەر نە قىلساڭ ئاشىق قىلگىل پەرۋەردىگار.

× ×

ئەۋلىيالار ئەيتقان ۋەئدە كەلدى بولغاي،
قىيامەتنى كۈنى ياۋۇق بولدى دوستلار.
ئاقىللار بولغاننى بىلدى بولغاي،
خەلق ئېلدىن مېھرى شەفقەت كەتتى دوستلار.

ئۇلۇغ - كىچىك يارانلاردىن ئەدەپ كەتتى،
قىز ۋە زەيىپ جۇۋانلاردىن هايا كەتتى،
ئەلھايائۇ مىنەلئىمان دەپ رەسۇل ئەيدى،
هاياسىز قەۋم ئاجايىپلار بولدى دوستلار.

مۇسۇلمان مۇسۇلماننى قىلدى قەتل،
ناهەق تۇتۇپ هەق ئىشلاردىن قىلدى باتىل،
مۇرىد پىرغە قىلمادىلەر يۈزۈ خاتىر،
ئەجەپ شۇملۇغ زامانەلەر بولدى دوستلار.

ئەهلى دۇنيا خەلقىمىزدە ساخاۋەت يوق،
پادىشاھ ۋەزىرلەردە ئادالەت يوق،
دەرۋىشلەرنى دۇئاسىدە ئىجابەت يوق،
تۈرلۈك بالا خەلق ئۈستىنە ياغدى دوستلار.

ئاخىر زامان ئالىملارى زالىم بولدى،
خوش ئامەد ئېتكۈچىلەر ئالىم بولدى،
ھەقنى ئەيتقان دەرۋىشلەرگە غەنىم بولدى،
ئەجەپ شۇملۇغ زامانەلەر بولدى دوستلار.

قىيامەت كۈن ياۋۇق پىتى قالغانى يوق،
قۇل ئەھمەدنى ئەيتقان سۆزىن يالغانى يوق،
ئۆز ئۆزىنە بىر نەسىھەت قىلغانى يوق،
نەسىھەتىن خەلققە ئەيتىپ كەتتى دوستلار.

× ×

مۇھەببەتنى جامىن ئىچكەن دىۋانەلەر،
قىيامەت كۈن ئوت ئاغزىدىن ساچار دوستلار.
قۇدرەت بىرلە ياراتىلغان يەتتى تومۇغ،
ئاشىقلارنى نەئرەسىدىن قاچار دوستلار.

دەۋزەخ يىغلاپ داد ئەيلەگەي خۇدايىغا،
تاقىتىم يوق ئاشىقلارنى بىر ئاھىغا،
قاچىپ بارغاي ھەقتەئالا پاناھىغا،
ئاشىقلارنى ياشى بىرلەن ئۇچار دوستلار.

ئاشىقلارى ئىشق دۇكانىن بارسە قۇرۇپ،
ئىنشائ ئاللا دەۋزەخ قاچقاي ئاندىن قورقۇپ،
ياشىن ساچىپ كۆكسىن ئاچىپ يۈزىن سۇرۇپ،
يەتتى ئاسمان تاقەت قىلماي كۆچەر دوستلار.

راھمان ئىگەم ساقى بولۇپ مەي ئىچۈرسە،
ئەھلى ئەيال خانۇماندىن پاك كىچۈرسە،
ۋۇجۇدۇمدە ئازازۇلنى ھەق قاچۇرسە،
جۇرم ئىسيان كىرەلاردىن ئاچار دوستلار.

ئىشق بابىنى ھەق يۈزىنە ۋاھ ئەيلەسە،
خاس ئىشقىنى كۆڭىل ئىچرە چاھ ئەيلەسە،
لۇتق ئەيلەسە ئىككى ئالەم شاھ ئەيلەسە،
ئاشىقلارى ھەق سارىغە ئۇچار دوستلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۇبھان ئىگەم بىر قەترە مەي قىلسا ئىنئام،
زىكىر سىرىنى ئايىتە قىلسام تامام،
ھۆر غۇلمان جۇملە مالىك ئاڭا غۇلام،
ئۇچماخ ئىچرە ھەربىر تونلار پىچار دوستلار.

ئاللادىبان گۆردىن قىپسە ئالەم كۆيەر،
خاس بەندەم دەپ راھمان ئىگەم يالغۇز سۆيەر،
ياش ئورنىغە قانىن تۆكۈپ يۈزنى يۇيار،
ھەمدىن ئېتسە شەيتان لەئىن قاچار دوستلار.

مەن ئەيتمادىم ئاللا ئۆزى ۋەئدە قىلدى،
يولسىز ئېردىم لۇتف ئەيلەبان يولغە سالدى،
غېرىپ بولۇپ نالە قىلدىم قولۇم ئالدى،
ئانداغ ئاشىق شەۋق شارابىن ئىچەر دوستلار.

قۇل خوجەئەھمەد ئىشقسىزلارنى ئىشى دىشۋار،
تاڭلا بارسە ھەق كۆرساتمەس ئاڭا دىدار،
ئەرشى كۇرسى لەۋھى قولۇم ھەممە بىزار،
ئىشقسىزلەرگە دەۋزاخ بابىن ئاچار دوستلار.

× ×

كۆزۈم نەملىك دىلىم غەملىك جان ئالەملىك،
نىچۈك ئىلاج ئەيتارىمنى بىلمادىم دوستلار.
بۇ ھەسرەتدە نادامەتدە ياشىم ئاقىپ،
قايۇ تەرەف كىتەرىمنى بىلمادىم دوستلار.

تۇرلۇك - تۇراۋك ئالامەتلەر بولدى پەيدا،
يۇراكىمدە جاراھەتلەر بولدى پەيدا،
بۇ دۇنيادە لەھزە فارىغ بولماق قايدا،
نىچۈك ئىلاج ئەيتارىمنى بىلمام دوستلار.

ئاللا ئۈچۈن فەرزەندلارىم يىتىم قىلسام،
جاندىن كىچىپ مالدىن كىچىپ غېرىپ بولسام،
باياباندە يالغۇز قازدەك نالە قىلسام،
نىچۈك ئىلاج ئەيتارىمنى بىلمام دوستلار.

خاس قۇللاردەك كىچەلەرى قولۇم بولسام،
مەردانلاردەك كۈندۈزلەرى سايىم بولسام،
كىچەلەرى ئارام ئالماي رەببىم دىسەم،
نىچۈك ئىلاج ئەيتارىمنى بىلمام دوستلار.

تەخىم ئىسيان بىھەد ساچتىم تائىتىم ئاز،
ئۆتتى ئۆمرۈم غەفلەت بىلەن ھەم قىشۇ ياز،
ياقىن تۇرۇر جانىم قۇشى قىلسە پەرۋاز،
نىچۈك ئىلاج ئەيتارىمنى بىلمام دوستلار.

قۇل خوجەئەھمەد خىزمەتىدە جان بەرمىسە،
دىھقان ئىرمەس كەتمان چافىپ نان بەرمىسە،
كۆز ياشىدە گۈل غۇنچەسى نەم بولمىسە،
نىچۈك ئىلاج ئەيتارىمنى بىلمام دوستلار.

× ×

ئارىف ئاشىق جان مۈلكىدە ئەلەم تارتىسە،
ئون سەككىزمىڭ قاموغ ئالەم غولغۇل بولۇر.
كۆڭىل قۇشى شەۋق قاناتىن توقۇپ ئۇچسە،
جۇملە ۋۇجۇد يادىن سايرار بۇلبۇل بولۇر.

مۇھەببەتنى مەيدانىغە ئۆزىن سالسە،
مەئرىفەتنى مەيدانىغە ئۆزىن ئۇرسە،
سىر شارابىن ئىچىپ ئاشىق روھى قانسە،
مۇۋەددەت گۈلزارىدە خوش گۈل بولۇر.

ئىرانلار ھەق يادىدىن غافىل بولماس،
رىجالۇن لاتۇلھىھىم دەپ خالىقىنناس،
ئىران يولىن تۇتقان ھەرگىز يولدە قالماس،
ئول ھەزرەتدە سىر ئەسرارى مەقبۇل بولۇر.

ئەلەست ھەمرىن كىمگە بەرسە ئوشۇل ساقى،
بالا مەدام ئىچىپ ئىسرۇ مەنگۇ باقى،
تەنىن جانىن كۆيدۈرۈپ شەۋقى ئەھراقى،
ئىچىدىن كۈيەر ياقىلۇر ھەم كۈل بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زاھىرىن ئاتى بىرلەن بىزەگەنلەر،
باتىنلارىن ئاتى بىرلەن تۈزەگەنلەر،
شەۋقى ئوتىنى ئىچ كۆڭلىگە كىزەرگەنلەر،
ماسىۋا بىرلەن قاچان مەشغۇل بولۇر.

تەرىقەتدۇر بۇ يول ئاتىن بىلسە دەرۋىش،
مەئرىفەتنى مەتائىدىن ئالسە دەرۋىش،
ئۆزگە يوللار باد ھەۋا سانسە دەرۋىش،
ھەقىقەتنى مەيدانىدە ئىر ئول بولۇر.

قاتىغلانىپ قۇل خوجە ئەھمەد يولغە كىرگىل،
قۇلنى كۆرسەڭ قۇلى بولۇپ مەئنى سورغىل،
يا ئىلاھىم روزى قىلسە مەئنى ئالغىل،
مەئنى سوراپ مەئنى ئالغان چىن بولۇر.

× ×

ئىشق سىرىنى بايان قىلسام ئاشىقلارگە،
تاقەت قىلماي باشىن ئالىپ كىتەر دوستلار.
تاغى تاشغە باشىن ئۇرۇپ بىخۇد بولۇپ،
ئەھل ئەيال خانۇماندىن ئۆتەر دوستلار.

ئىشق شىددىتى باشقە تۈشسە ئاشىق بىلەر،
بىگانەلەر تاشلار ئاتىپ ئاڭا كۈلەر،
دىۋانە دەپ باشىن يارىپ قانغە بويار،
شاكىر بولۇپ ھەمدۇ-سانا ئەيتار دوستلار.

ئىشقسىزلارنى ھەم جانى يوق ھەم ئىمانى،
رەسۇلللا سۆزىن ئەيدىم مەئنى كانى،
نەچە ئەيتسام ئىشقكۈچى بىلگەن قانى،
بىخەتەرگە ئەيتسام كۆڭلى قاتار دوستلار.

ئىشق گۆھىرى تۈبسىز دەريا ئىچرە پىنھان،
جاندىن كىچىپ گۆھەر ئالغان بولدى جانان،
بولھەۋەسلەر ئاشىق مەن دەپ يولدە قالغان،
دىنلارىنى پۇچەك پۇلغە ساتار دوستلار.

ئوتقه كۆيدۇم جاندىن تويدۇم هەيران بولدۇم،
بۇ ئىچۇك ئوت كۆيىەي يانماي بەريان بولدۇم،
مۇهەببەتنى ئاتىن ئىشتىپ گىريان بولدۇم،
كۆزى گىريان مۇرادىغه يەتەر دوستلار.

زار يىغلابان زار ئىڭراگىل رەهىي كەلسۇن،
يول ئاداشساك رەهىي كىلىپ يولغه سالسۇن،
ئامىن دەگلار پىرى مۇغان قولۇك ئالسۇن،
خىزمەت قىلغان مۇرادىغه يەتەر دوستلار.

زامانه ئاخىر بولدى خۇيۇك كەتتى،
رەسۇلىللا ۋەئدەلارى ياۋۇق يەتتى،
خاس قۇللارى ياخشى سۆزگه قۇلاق تۇتتى،
يامان قۇللار كۇندىن ـ كۇنگه بەتتەر دوستلار.

كۇللەيۋەمىن بەتتەر دىدى هەق مۇستافا،
ئۇممەت بولساك قۇلاق سالگىل ئەهل ۋەفا،
ياخشىلارنى ئەجرىن بىرۇر بەدكه جازا،
قىيامەت كۇن جازالارىن تارتار دوستلار.

فاسىق فاجۇر هەۋا قىلىپ يەرنى باسماس،
روزه ناماز قازا قىلىپ مىسۋاك ئاسماس،
رەسۇلىللا سۇننەتلارىن كۆزگه ئىلماس،
گۇناهلارى كۇندىن ـ كۇنگه ئارتار دوستلار.

دۇنيادارلار مالىن كۆرۇپ هەۋا قىلۇر،
مەنمەنلىكدىن ئول دەئۋا خۇدا قىلۇر،
ئۆلەر ۋاقتىدا ئىمانىدىن جۇدا قىلۇر،
جان بىرەردە هەسرەت بىرلەن كىتەر دوستلار.

قامۇغ دۇنيا يىغقانلارنى ۋالله كۆردۇم،
ئۆلەر ۋاقتىدا نه قىلغايسەن دەپ هالىن سوردۇم،
شەيتان ئەيدى ئىمانىغه چەنگال ئۇردۇم،
جان چىقاردە يىغلاي ـ يىغلاي كىتەر دوستلار.

قۇل خوجەئەھمەد ئاشىق بولسەڭ جانىڭ كۆيسۇن،
سەدقىڭ بىرلەن ئاللا دىگىل تەكرى بىلسۇن،
دۇئا قىلغىل مۆئمىن قۇللار دۇنيا قويسۇن،
دۇنيا قويغان ئاخىرەتىغە يەتەر دوستلار.

× ×

قايۇ يەردە ئەزىزلارنى جەمئى بولسە،
ئاشۇ يەردە هال ئىلمىنى ئەيغۇم كىلۇر.
ئۇلارنى سۆھبەتىنى خوشلاسام مەن،
ئۆزۈمنى ئۆزلەرىغە قاتقۇم كىلۇر.

خوش سوھبەتلىغ دەرۋىشلەرغە جانىم بەرسەم،
ھەربىر باسقان ئىزلارىنى كۆزگە سۇرسەم،
خىزمەت قىلىپ ياخشىلاردىن دۇئا ئالسام،
ئاندىن سۆكرە شەۋقى شاراپ تأتۇم كىلۇر.

شەۋقى شارابىن ئىچگە قىلۇر دۇنيا تالاق،
خىزىر بابام كىلىپ ئاڭا بىرۇر ساباق،
دۇنيا تىغىپ قىلىپ يۈرگىل يۈز مىڭ تالاق،
شۇنداق ئىرگە ئەزىز جانىم بەرگۇم كىلۇر.

ۋادەرىخا خوبلار ھەممە يىغلاپ ئۆتتى،
ئاناسىدىن تۇغدى ئىرسە ماتەم تۇتتى،
كۆزۈم يۇمۇپ تاڭ ئاتقۇنچە ئۆمرۈم ئۆتتى،
بۇ دۇنيانى پۈچەك پۇلغە ساتقۇم كلۇر.

تىلى بىرلە ئۈممەت مەن دەپ يالغان سۆزلەر،
كىشى مالىن ئالماق ئۈچۈن ھەريان سۆزلەر،
ھالالنى مۇندە تاشلاپ ھارام كۆزلەر،
نادانلارغە بۇ سۆزلەرنى ئەيتۇم كىلۇر.

زامانە ئاخىر بولسە ئاقىل كەتكەي،
ئادەم ئوغلى بىر بىرىنى تۇتۇپ يەگەي،
دۇنيا ئۈچۈن ئىمان ئىسلام دىنىن ساتقاي،
ئاقىللارغە بۇ سۆزلەرنى ئەيغۇم كىلۇر.

مالائىكلار يىغىلىپ بىر كۈن سۆھبەت قۇردى،
رەقس سەمائى ئۇرماق ئۈچۈن يۈگۈرۈپ تۇردى،
مىئراج ئۈزرە ھەق مۇستافا مۇنى كۆردى،
ئەمدى مەن ھەم رەقس سەمائى ئۇرغۇم كىلۇر.

ھەق مۇستافا بىخۇد بولۇپ ئۆزدىن كەتتى،
جەبرائىل كىلىپ ھەق مۇستافا باشىن تۇتتى،
سۇبھان ئىگەم قۇدرەت بىلەن زىكىر ئۈرگەتتى،
ئۈممەت بولسام مەن ھەم زىكرىن ئەيغۇم كىلۇر.

ئاشىق بولساڭ كۆز ياشىڭنى ساچىپ يۈرگىل،
با يەزدىدەك دۇنيا ئىقبىن تىغىپ يۈرگىل،
ئەدھەم سۈفەت تەخت ـ بەختىدىن كىچىپ يۈرگىل،
ھىممەت بەرسەڭ دۇنيا ئىقبىن تەپكۈم كىلۇر.

قۇل خوجەئەھمەد دۇنيا كۆرسەڭ زىنھار قاچقىل،
زىكرىن ئەيتىپ تەرىقەتنى يولىن ئاچقىل،
ئايەت، ھەدىس سۆزى بىرلە دۇنيا ساچقىل،
ئىرانلاردىن دۇر ۋە گەۋھەر ئالغۇم كىلۇر.

× ×

غىرىبلىغدە غىرىب بولغان غىرىبلار،
غىرىبلار ھالىنى بىلگەن غىرىبلار.

سەبەب بىرلە يىراق يەرگە بارىبان،
قېرىنداش قەدرىنى بىلگەن غىرىبلار.

سۇساگەندە سۇگە مۇھتاج بولغان،
تىرىكدە زارخار ئۆلگەن غىرىبلار.

كىشى بىلمەس غىرىبلار ھالى نىدۇر،
مىكىر بىلگەي غىرىپ بولغان غىرىبلار.

غىرىبلىغ قاتىغ ئىشدۇر ئەي ئەزىزىم،
كىم ئول بى قەدىر ئۇلان مىسكىن غىرىبلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كەل ئەمدى ئەھمەد ئۆزۈڭنا باقغىل،
غېرىب سەن سەن غېرىپ مىسكىن غېرىبلار.

× ×

مۇھەممەدنى بىلىك زاتى ئەرەبدۇر،
تەرىقەتنى يولى گۈل ئەدەبدۇر.

ھەقىقەت بىلمىگەن ئادەم ئېمەسدۇر،
بىلىگىز ھىچ نىمەگە ئوخشماسدۇر.

بىلسەڭ بىھچۈن ئېرۇر ھەم بى جەكۈنە،
ۋە بى شۈبھە ئېرۇر ھەم بى نەمۇنە.

قەھرلانسە قىلۇر يەر بىرلە يەكسان،
بولادۇر زىلزىلە يەر بىرلە ئاسمان.

رەھىم قىلسە بىلىگىز رەھمىتى بار،
بېرۇر بواسە تۈگەنمەس نىمىتى بار.

مۇھەممەدنى سۈفەت قىلسە كەمىنە،
ئاناسىنى ئاتى بىلگىل ئامىنە.

ئاتاسىنىڭ ئاتى ئابدۇللا ئىكەندۇر،
ئانادىن تۇغمايىن ئۆلگەن ئىكەندۇر.

مۇھەممەدنى باباسى ساقلاغاندۇر،
يالاڭاچ ئاچلارنى يوقلاغاندۇر.

باباسىن بىلسەڭىز ئابدۇللا تالىپ،
كۆڭۈلدە ساقلاغايسىز ياخشى بىلىپ.

باباسىنى ئاتاسى ئېردى ھاشىم،
ئىشتىكەندە ئاقادۇر كۆزدە ياشىم.

بىلىڭ تۆرتىنچىسىدۇر ئابدۇل ماناف،
ئۇلارنى بىلسە ھەركىم كۆڭلىدۇر ساف.

رەسۇلنى بىلسە ھەركىم تۆرت پۇشتىن،
قىيامەتدە كىزەر سەككىز بەھىشتىن.

باباسى يەتتى ياشىدە ئۆلۈپدۇر،
رەسۇلنى ئىمكىسىگە بىرىپدۇر.

ئەبۇ تالىپ ئەلىنى ئاتەسىدۇر،
قامۇغ ئەرابىلارنى كاتەسىدۇر.

ئەبۇ تالىپ بولادۇر ئىش باشىدە،
مۇھەممەد ئولتۇرۇر دايىم قاشىدە.

مۇھەممەدنى ياشى ئون يەتتى بولدى،
كى ئول ۋاقتىدا خەدىچە ئانى كۆردى.

مۇھەممەدنى بىلىك كىم مىسال شۇنقار،
خەدىچە ئانى كۆرۈپ بولادۇر زار.

خەدىچە كۆڭلىدە ئانى سۆيەدۇر،
مۇھەممەد ئىشقىدە ئىچى كۆيەدۇر.

كىچە ـ كۈندۈز تىلەر ئانى خۇدادىن،
بىلىڭىز ئاقىبەت تاپتى مۇرادىن.

كۆرۈڭىزلەر خۇدانى شىيۋەسىنى،
مۇھەممەد باقىان ئىكەن تىيۋەسىنى.

خەدىچەغە رەسۇل چاكار بولۇپدۇر،
بۇ بائىس بىرلە بىل ئانى ئالىپدۇر.

خەدىچەنى خۇدا بەختىن ئاچىپدۇر،
رەسۇلنى باشىغە دۇرلەر ساچىپدۇر.

رەسۇلنى ياشلارى قىرىققە يەتىپدۇر،
كى ئاندىن سوڭ خۇدادىن ۋەھى ئىنىپدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كى ئاندىن سوڭ مۇھەممەد بولدى پادىشاھ،
رەسۇلنى كۆڭلىدە يار بولدى ئاللا.

مۇھەممەدنى ئىشىن ئاللا پۈتتۈردى،
خالايىق بارچەسى ئىمان كەلتۈردى.

رەسۇلنى باشىدە بولدى ئەمامە،
كامال تاپتى ئوتتۇز ئۈچ مىڭ سەھابە.

رەسۇلغە بارچەسى خىزمەت قىلادۇر،
ئەدەپ بىرلەن يۈرۈپ ئىززەت قىلادۇر.

رەسۇل ئالدىغە بىر يېتىم كېلىپدۇر،
غېرىب مۇپتىلا مەن دەپ ئەيتىپدۇر.

رەھىم قىلدى رەسۇل ئانى ھالىغە،
تىلاغانىن ئاتى بەردى قولىغە.

رەسۇل ئەيدى ئاگا مەن ھەم يېتىم مەن،
يېتىملىكدە غېرىبلىغدە يېتىپ مەن.

مۇھەممەد ئەيدىلەر: ھەركىم يېتىمدۇر،
بىلىڭلار ئول مىنى خاس ئۇممەتىمدۇر.

يېتىمنى كۆرسەڭىز ئاغرىتمەڭىزلەر،
غېرىبنى كۆرسەڭىز داغ ئەتمەڭىزلەر.

يېتىملار بۇ جاھاندە خار ئىكەندۇر،
غېرىبلارنى ئىشى دىشۋار ئىكەندۇر.

غېرىبلارنى ئىشى دائىم سۆلۈكدۇر،
تىرىك ئېرمەس غېرىب مىسال ئۆلۈكدۇر.

خۇدايغە غېرىبلار بەلگۈلۈكدۇر،
غېرىبنى ئەرتە ئاخشام سورگۈلۈكدۇر.

سۇفەت قىلسام ئەلى شىر خۇدادۇر،
كى شەمشەر بىرلە كافىرنى قىرادۇر.

كافىرلارنى قىلۇر ئىمانغا دەئۋەت،
بىرا دۇر ھەر زامان ئىسلامغا قۇۋۋەت.

كى مۆئمىن بولغانىن ئالىپ كىلەدۇر،
قوبۇل قىلماغانىن چاپىپ كىلەدۇر.

كى شەمشەر قولغە ئالىپ مىنسە دۇلدۇل،
تۈشەدۇر قەۋم كافىرلارغە غۇلغۇل.

قولدەكى ياراغى زۇلفىقارى،
چاپۇشقاندە ئۇزالۇر قىرىق قارى.

ئەلىنى بار ئىردى ئون سەككىز ئوغلى،
ئانى ھەر قايسىسىدۇر كاتتە توغلى.

ئەلى ئىسلام ئۈچۈن قانلار يۇتەدۇر،
كى ئىسلام تۇغىغە مەھكەم تۇتادۇر.

خوجەئەھمەد بىلە غىربىلىككە تۈشۈپدۇر،
رەسۇل ئەۋلادىغە سۆزلەر قاتىپدۇر.

× ×

مۇھەببەتسىز خالايىقدىن ھەر كىم قاچسە،
ئارىفلارنى سۆھبەتىدە جەۋلان قىلۇر.
ئۆرتەپ كۆلۈپ ئىشق يولدە ياشىن ساچسە،
سۇبھان ئىگەم ئەرش ئۈستىدە مىھمان قىلۇر.

بەندەم دىگەن كۆيگەنلەرنى سۆيۈپ ئاللا،
ھەق كۆرسەتكەي دىدارىنى ۋاللە باللا،
قايدە بارسە تەسبىھلارى شەيئۇاللا،
ھەرنە تاپسە ھەق يولدە ئىھسان قىلۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زاكىر بولۇپ زىكرىن ئەيتسە كەلگەي نىدا،
شەيتان لەئىن يەتمىش فەرسەڭ بولغاي جۇدا،
دەردى بولسە ھەق دەردىغە بەرگەي دەۋا،
ئانداغ قۇلنى ئۆزى ئىزلەپ جانان قىلۇر.

تۈن سەھەرلەر ھەق ئويغاتىپ قان يىغلاتار،
بىدار قىلىپ ئۆز ئىشقىغە بەل باغلاتار،
دەۋاسى يوق دەردنى بېرىپ زار ئىڭراتار،
مۇندە يىغلاپ ئاندە بارسە سۇلتان قىلۇر.

ھەققە ئاشىق بولغان قۇللار دايىم بىدار،
رىزۋان ئىمەس مەقسۇدلارى ئېرۇر دىدار،
ئەھل ئەيال خانۇماندىن بولۇر بىزار،
ئىسمائىلدەك ئەزىز جانىن قۇربان قىلۇر.

دىۋانەئى ژولدە ھەقنى تاپقان،
شەمشەر ھەق قولغە ئالىپ نەفسنى چاپقان،
قايدە بارسە كۆزنى يۇمۇپ سىرنى تاپقان،
ئانداغ سىرنى تاپقان كىشى مەردان بولۇر.

شەيخ مەن تىيۇ باش كۆتەردىپ ھەققە رەقىپ،
مەنلىك قىلىپ سۇبھانىغە بولماس ھەبىب،
بىدار بولۇپ دەردسىزلارغا بولغاي تەبىب،
بۇ دۇنيانى مۆئمىنلارغا زىندان قىلۇر.

ئەي مۆئمىنلەر تائەت قىلىپ تايانماڭلار،
ئامانەتدۇر ئەزىز جانغا ئىنانماڭلار،
ھارام ھەرىش يىغمىش مالغە ئىنانماڭلار،
ماللارىڭنى قۇرىش ئاتلىغ يەلان قىلۇر.

بۇ دۇنياغە بىنا قويغان قارۇن قانى،
دەئۋا قىلغان فىرئون بىلە ھامان قانى،
ۋامۇق - ئۇزرا، فەرھاد - شىرىن، مەجنۇن قانى،
قەھرى ئەيلەسە بىر لەھزەدە يەكسان قىلۇر.

ھىچ بىلدىڭمۇ ئادەم ئۆلماي قالغاندىنى،
بۇ دۇنيانى ۋەفاسىنى بىلگەنىنى،

دۇنيا تىلەپ بۇيى خۇدا ئالغاننى،
ئاللا دىسەڭ كۆز ياشىڭنى باران قىلغۇر.

ئىشق دەردىغە دەۋا سورغان هازىر تىلبە،
زاهىردە يوق باتىن ئىچرە قىلغۇر جىلۋە،
مەغىز سىرىڭ باغرىڭ ئىچرە قىلغۇر غەلبە،
ئىشق دەردىغە دەۋا قىلسە راهمان قىلغۇر.

كىمنى كۆرسەڭ بۇ يوللاردە يالغان ئاشىق،
زاهىر سوفى باتىن ئىچرە ئېرمەس سادىق،
ئانىڭ ئۈچۈن مەئشۇقىغە بولماس لايىق،
يالغانچىنى روز مەھشەر سەرسان ئولغۇر.

تەن سۆزلىمەس جان سۆزلىمەس ئىمان سۆزلەر،
جاندىن كەچكەن چىن ئاشىقلار هەقنى كۆزلەر،
ئارىفلارغا خىزمەت قىلىپ يولىن تۆزلەر،
ئول ئاشىقنى خالايىققە سۇلتان قىلغۇر.

ئاشىق بولساڭ كېچە - كۈندۈز ئىشق ئىستەگىل،
تائەت قىلگىل كېچە قوپۇپ هېچ ياتماغىل،
ئاقىل بولساڭ نادانلارغە سىر ئەيتماغىل،
چىن دەرۋىشلار تائەتلارىن پىنهان قىلغۇر.

ۋاي ئوشۇنداغ دەرۋىشلاردىن پاناه بەرگىل،
ئول نادانغە ئۆلفەت قىلماي جانىم ئالگىل،
ئايا مەھبۇپ يولدا قالدىم يولغە سالگىل،
تەۋبەلىقنى خوجەم جايىن بوستان قىلغۇر.

ئاشىق بولساڭ ئىشق يولىدە فەنا بولگىل،
دىدار ئىزلەپ هەسرەتىدە ئادا بولگىل،
مەرهەم بولۇپ چىن دەردلىككە دەۋا بولگىل،
خەلق خوشىنى جان ئالۇردە ئاسان قىلغۇر.

ئاشىقلارى هەققە ياقىپ نەئرە تارتار،
مۇھەببەتنى دەرياسىغە چۆمۈپ پاتار،
گەرهەر ئالىپ مەئشۇقىغە زارىن ئايتار،
قەترە ياشى يەرگە تامسە ئىمان قىلغۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاشىقلارغە بەردى ئىشقىن كۆيدۈرغالى،
زىلەيخادەك قەددىن دۇتا قىلدۇرغالى،
رىيازەتدە رەڭگى روين سۇلدۇرغالى،
چىن ئاشىقنى رەڭگى روين شامان قىلۇر.

ئاشىقلارى ھەق قەھرىدىن قىزقۇپ تىترار،
يەر ۋە كۆكدە مالائىكلار يىغلاپ تۇرار،
گاھى قىزىل گاھى سارىغ بولۇپ يۈرار،
نالە قىلىپ يەر ۋە كۆكنى لەرزان قىلۇر.

ئاشىقلارنى خاس مەشۇقى سەھەر خىزلار،
ندا قىلغاي يا ئەبەدى دەپ باتىن كۆزلەر،
ئىشق شىددەتى تۇغيان قىلسە دەردى زورلار،
قايدە سەن دەپ يۈرەك باغرىن بەريان قىلۇر.

قايدەسەن دەپ قايدە سەن دەپ ئاشىق ئەيتار،
ئاشىقلاردە ئەديەھ بولغاي مەشۇق ئەيتار،
ئاغزى ئەيتماس تىلى ئەيتماس دىلى ئەيتار،
ئۈچ يۈز ئاتمىش تومۇرلارى لەرزان قىلۇر.

ئاشىقلارنى قيامەت كۈن ھالىن سورغاي،
چىن ئاشىقنى كۆكسىن يارىپ داغىن كۆرگەي،
پاك ئاغزىدىن كۆڭلى ئاقىپ تۆكرۈپ يۈرگەي،
كىمگە بەرسە پاك ئىشقىنى ھەيران قىلۇر.

ئاشىقلارنى تەلەپلەرى جام شاراپ،
مەشۇقىغە يەتمەك ئۈچۈن باغرى كاباب،
روھلارىنى غىزاسىدۇر چەڭ رەباب،
ئاھى چىقسە يەتتى ئىقلىم ۋەيران قىلۇر.

قۇدرەت بىرلە ھەرنە قىلسە ئەرىكلىك ئۆزى،
قۇدرەتىدىن مەئلۇم ترۇۇر قىش ۋە يازى،
ئەي نا ئىنساق ئاللا بىلە قىلمە بازى،
قاھار ئىگەم جانلىغلارنى بىھجان قىلۇر.

يىغلاماقنى ھەر ئادەمغە بەرگەن قانى،
يىغلاماقلىغ ئاسان ئىمەس باغىر قانى،

كۆز ياشىنى دەريا قىلمە ھەقنى قانى،
ھەقتەئالا سۆيگەنلەرنى گىريان قىلۇر.

قۇل خوجەئەھمەد بەندە مەن دەپ ئۇرمىگىل لاف،
دەريا بىرلەن قىلغان تائەت بارچە كەززاف،
شەرىئەتدە تەرىقەتدە كارىڭ خىلاف،
ئاخىرەتدە كەززابلارنى ئەريان قىلۇر.

× ×

ھىكايەتدە بىلىڭ مۇنداغ كەلتۇردىلەر،
بابا چىن ئول سۇلتاننى يەتكۇردىلەر،
خۇراساندە تۆرت يۇز ياشنى ياشادىلەر،
يىگىرمە تۆرت ياغاچ ھەر كۈن ئۇچار دوستلار.

ئىشىتتى بابا ماچىن ئول زاماندە،
ئەھمەد ئاتلىغ بىر شەيخ چىقمىش تۈركىستاندە،
سۆھبەت قىلمىش قىز ۋە جۇۋان بىرلەن ئاندە،
مەنئى ئەيتغالى تۈركىستانغە كەلدى دوستلار.

كەلدى ئىرسە كۆردىلەر ئول ماشايىخنى،
سەن شەيخ مەن سەن ئازغۇرغۇچى خالايىقنى،
ئۇشول ئەيغان گۇمراھدۇرمەن بىلگىل مۇنى،
تەيۇ ھەزرەت ئاڭا جاۋاپ بەردى دوستلار.

ئەمىر ئەيتتىلەر ھەكىم خوجە سۇلايمانغە،
ئۇشول سوفى مۇھەممەدى دانىشمەنغە،
باغلاپ ئۇرۇڭ بەش يۇز قامچى ئول نادانغە،
بىر ستونغە مەھكەم باغلاپ قويدى دوستلار.

يۇز كىشى كەلسە تۇتا بىلمەس ئەيدى،
ئىككى كىشى تۇتۇپ ئانى ھەم باغلادى،
ئۇشول دەمدە بەش يۇز قامچى ساناپ ئۇردى،
نە ئاھ دېدى نە ۋاھ دېدى بىلىڭ دوستلار.

يالاڭاچۇ قىلىپ ئانى باغلاپ قويدى،
بەش يۇزدىن بىر قامچىنى ئارتۇق ئۇردى،

www.uyghurkitap.com

بىر قامچىدە زار يىغلابان فەرياد قىلدى،
ئاتا ئەھمەد يەشتۈرۈبان قويدى دوستلار.

ئوشول دەمدە مۇرىدلارى قىلدى سوئال،
بەش يۈز قامچى ئوغاندە يوق ھىچ قىلىۋ ـ قال،
بىر قامچىنى ئۇردى ئېرسە بولدى بى ھال،
سىر نەدۇر دەپ ئەسھاب ئاندە سوردى دوستلار.

ئاتا ئەيدى: ئارقاسىدە دىۋە پەرى،
ئورناپ ئېردى بەش يۈز قامچى ئاڭا تەگدى،
دىۋە پەرى ئارقاسىدىن دەرھال كۆچتى،
بىر قامچىسى ئاڭا تەگدى بىلىڭ دوستلار.

بابا ماچىن ئولدەم ئەيدى ۋا ئەھمەدا،
كەلسەمۇ رەسۋا بولۇپ خەلقلەر ئارا،
ئۆلەر ئېردىم ئۇشبۇ ھالەت بىرلەن مانا،
زار يىغلا بان ئەرزى ھالىن ئەيتتى دوستلار.

ئاتانىڭ ئېرلىكىنى ئاندە بىلدى،
رىيازەتۇ تاتقۇزۇبان يول كۆرسەتتى،
ئاتا بىرلە ئۈچ يۈز مەرتىبە خىلۋەت كىردى،
مۇراد مەقسۇد پىردىن ئېرمىش بىلىڭ دوستلار.

مۇرىد بولماي ھەرگىز مۇراد تاپمادىلەر،
خىزمەت قىلماي ھەققە ۋاسىل بولمادىلەر،
زار يىغلابان كېچە دىدار بولمادىلەر،
زار يىغلاماي ھەق دىدارىن كۆرمەس دوستلار.

ياد ئەيتالۇك قۇل خوجەئەھمەد ئەۋلىيانى،
مۇرىدلارى بابا ماچىن ئول سۇلتاننى،
قىلاغايمۇ ئاسى يۇسۇف بىراۋنى،
نەزم ئەيلەدىم بۇ ھىكايەت بىلىڭ دوستلار.

× ×

ئايا دوستلار تەۋەككۇلنى قىلىچىنى،
بەلگە باغلاپ يولغە قەدەم قويغۇم كىلۇر.

لاتەقنە تۇمەن رەھمەتدىن ئۇمىد تۇتۇپ،
ھەقىقەتنىڭ گۈلزارىغە كىرگۈم كېلۇر.

ئارىف ئاشىق بولسە كىرەر ئول مەيدانغە،
يالان قاچى قىلىپ مىنەر ئول ئارسلانغە،
سىر سۆزىنى ئەيتسە بولماس ھەر نادانغە،
نادان قويۇپ دانالارغە ئەيغۇم كېلۇر.

ئارىف بولۇپ ئاشىق بولسە دانا كىتەر،
ئانداغ مۇرىد شەيخ ئۇچۇن جانىن ساتار،
ئانداغ قۇلغە تاڭمۇ ئاتار كۈنمۇ پاتار،
تۈنى كۈنى تىنماي زارى قىلغۇم كېلۇر.

نىشانەسى بۇدۇر ئانى يۈزى سارىغ،
ئانداغ كىشى بۇ دۇنيادىن بولۇر فارىغ،
ماسىۋادىن يىغىپ ئۆزىنى كۆڭلى يارۇغ،
مەئرىفەتنى رەختىن ئاڭا يايغۇم كېلۇر.

ئايا دوستلار تەرىقەتدە بازار كۆردۇم،
رەختىم يايىپ ئول بازاردە دۇكان كۆردۇم،
غافىل كۆڭلۇم ئويغانىبان بىدار بولدۇم،
ئۆزى بىلەن تۈن كۈن سودا قىلغۇم كېلۇر.

ئاشىق قۇللار ئۆزى بىرلە سودا قىلۇر،
جاھىل قۇللار مۆئمىن كۆڭلىن ئازار بېرۇر،
غافىللاردىن خۇدايى شەك بىزار ئېرۇر،
ھازىر بولۇپ ھەق زىكرىنى ئەيغۇم كېلۇر.

غافىل ئۆمرىن زايىئە كەچۇرۇر ھەرگىز تويماس،
ياقا تۇتۇپ غافىل ھەرگىز تەۋبە قىلماس،
فانى ئۆمرۇڭ مۈلك پاشاسە باقى بولماس،
تەۋبە يەتۇ تەۋبە تونىن كېيگۈم كېلۇر.

قۇل خوجەئەھمەد كەچتى ئۆمرۇڭ غافىل تۇرمە،
نەفسىڭ سۆزىن سۆز قىلىبان ئاڭا كىرمە،
جەھد قىلغىل زىنھار تۆت كۈن غافىل يۈرمە،
ھازىر تۇرۇپ ھەق قۇللۇغىن قىلغۇم كېلۇر.

www.uyghurkitap.com



× ×

ھەقتەئالا پەرتەۋ سالدى بىخۇد بولدۇم،
ئەرشى ئەئلا لەۋھى قولۇم كۆرۈك دوستلار.
قالۇۋا بەلا دىگەن قۇللار روھنى كۆردى،
ھەقتەئالا قۇدرەتىنى كۆرۈك دوستلار.

بەندەلەرگە سەككىز بىھىشت ئەتا قىلدى،
بەندە بولغان بەندە قەددىن دۇتا قىلدى،
غافىل بولغان تەۋبە قىلماي خەتا قىلدى،
ھەق ئەمرىگە بويۇن سۇنۇپ تۇرۇك دوستلار.

بويۇن سۇندى ھەق ئەمرىگە خەلىلۇللا،
ئۇل ئوغلىنى قۇربان قىلىپ دىدى ئالىلا،
سەبرى قىلىپ ھەق سەناسىن دىدى ئاللا،
قۇدرەتىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالىڭ دوستلار.

فەرىشتەلەر زارى قىلىپ كۆپ يالباردى،
ئىسمائىلنى ئوتتىن تىلەپ ھەقدىن ئالدى
ئوغان تەكرىم دەرگاھىگە سەنا ئەيدى،
راھمان ئىگە رەھمەتىغە باقىڭ دوستلار.

قارا ئاتنى مىنمەگۈنچە قارار ئالماس،
قارا لاچىن قونماغۇنچە سىرنى كۆرمەس،
سىرنى كۆرگەن ئارىق قۇللار مۇندە تۇرماس،
جانىڭ قىيناپ جانىڭ قىيناپ كۆرۈك دوستلار.

دەۋلەت قۇشى شۇنقار بولۇپ كىمگە قونسە،
لاچىن بولۇپ ھەلقە كۆرسە ئۆزىن ئۇرسە،
جاننى قۇشى پەرۋاز قىلىپ ھازىر تۇرسە،
لاچىن يەگلىغ ھەلقە ئىچرە ئۇرۇك دوستلار.

قارا لاچىن قايرىلىبان قانات قاقسە،
پىرى مۇغان نەزەر قىلىپ ئاكا باقسە،
ئاشىق ئولدۇر تەن ۋە جانىن ئوتقە ياقسە،
شۇنقار يەگلىغ قانات قاقىپ ئۇچۇك دوستلار.

شەيخ مەن دىگەن كۆپ ئادەمنى سانى يوقتۇر،
قارا لاچىن ئۇشلاماغان جانى يوقتۇر،
مىغزىن چاقىپ كۆرگەنلەرنىڭ دانى يوقتۇر،
شۇنقار لاچىن ئارقاسىدىن ئۇچۇك دوستلار.

ئايا دوستلار ئاخىر بولدى زامانەمىز،
ھىچ قالمادى بۇ دۇنيادە نىشانەمىز،
خەبەر بەردى ئەددۇۋا دەپ جانانەمىز،
ئاللا يادىن تىنماي ئەيتىپ يۆرۈك دوستلار.

روز ئەلەستۇ نەھنۇ قەسمەنا ئۆلۈش بەردى،
ئۆلۈش ئالغان بەندەلارى يەرغە كىردى،
شەمئىن كۆرسە پەرۋانەدەك ئۆزىن ئۇردى،
جاننى جانغە پەيۋەند قىلىپ يۆرۈك دوستلار.

ھەق رەسۇلنىڭ ئەيتقانى كەلدى بولغاي،
ئاخىر زامان نىشانەسى بولدى بولغاي،
فىسقۇ فاسات دۇنيا ئىچرە تولدى بولغاي،
تۆرلۈك - تۆرلۈك دەئۋا ئىشنى كۆرۈك دوستلار.

زەگار باسغان كۆڭلۈم روشەن بولغايمۇكىن،
ئۆلەر ۋاقتىدا قەلبىم جارى بولغايمۇكىن،
رىيازەتدە رەڭگى رويىم سۇلغايمۇكىن،
بەخت تالئ زەبۇن بولدى كۆرۈك دوستلار.

ئەمەل قىلماي ئالىم بەندە خەلققە ئەيغاي،
دۇنيا مالىن كۆرۈپ ئۆزى ھارىس بولغاي،
بىدئەت ئىشلار ئالەم ئارا تولا بولغاي،
قىيامەتنىڭ شىددەتىدىن قورقۇك دوستلار.

ياخشىلارغا خىزمەت قىلىپ دۇئا ئالساڭ،
كىچە-كۈندۈز دەرگاھىگە سەنا قىلساڭ.
ئىرانلاردىن فەيزى فۇتۇھ تولا ئالساڭ،
ھەلقە تاپساڭ ھەلقە ئىچرە كىرىڭ دوستلار.

ۋا ھەسرىتا ئىسىز ئۆمرۈم زايئە ئۆتتى،
تەۋبە قىلماي ئەجەل كىلىپ ياقام تۇتتى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كىمگە ئەيتىپ كىمگە يىغلاي باشىم قاتتى،
ئۆتكەن ئارىپ ئىراندىنى سورۇدىڭ دوستلار.

ياخشىلارگە خىزمەت قىلىپ مىزا تاپتى،
خىزمەت قىلىپ ھەقدىن سۆزلەپ رىزا تاپتى،
جاندىن كېچىپ نەفسىن قىيناپ غىزا تاپتى،
ئانداغ ئېرلەر قايان كەتتى كۆرۈڭ دوستلار.

قەلاۋۇزسىز يولغا كىردىم ھەيران بولدۇم،
باشىم قاتتى ئەقلىم ئازدى سەرسان بولدۇم،
كۆيۈپ يانىپ ئىشق ئوتىغە بەريان بولدۇم،
كۆكسۇم يارىپ يۈرەك باغرىم تىلىڭ دوستلار.

غەۋۋاس بولماي جاندىن كەچمەي گەۋھەر ئالماس،
گەۋھەر ئالغان ئىرانلاردىن ھەرگىز قالماس،
ئارىپ بولماي دۇنيا مېھرىن ئۆزدىن سالماس،
ئارىپلارنىڭ ئىزىن ئىزلەپ يۈرۈڭ دوستلار.

ھەق رەسۇلغە ئۇممەت بولغان دۇنيا سۆيمەس،
توشە ئاراپ كېچە-كۈندۈز ئارام تۇرماس،
ئاخىرەتنىڭ غېمىن قىلىپ ھەرگىز كۈلمەس،
فەنا بولۇپ دۇنيا مېھرىن سالىڭ دوستلار.

سىزدىن سۆكرە ماشايىخلار پەيدا بولغاي،
شەيتان لەئىن چۈن ئۇلاردىن ساباق ئالغاي،
زاھىر توزاپ دۇنيا ئىچرە مەن مەن دىگەي،
باتىنىدە ھىچ نىمە يوق كۆرۈڭ دوستلار.

مۇرىد كېرەك بايەزىددەك سەفا بولسۇن،
سەفا بولۇپ قىرىق يىل مەدام خىزمەت قىلسۇن،
ئاندىن سۆكرە سۇبھادەگە ئۇل ئولتۇرسۇن،
ئانداغ شەيخنىڭ ئېتەكىنى تۇتۇڭ دوستلار.

بەئزى شەيخلار مۇرىدلارىن باشقۇرالماس،
سۆزلەرىنى خەلققە ئەيتىپ ئۆزى قىلماس،
تەكەببۇر مەنمەنلىكنى ئۆزدىن سالماس،
ئانداغ پىرنىڭ دەرگاھىدىن قاچىڭ دوستلار.

قول خوجه‌ئه‌مه‌د گومراهلارنىڭ گومراهى سه‌ن،
يولدىن ئازغان مۇرشىدلارنىڭ هه‌مراهى سه‌ن،
بارچه بۇغداي ئېل تۇتماغان سامانى سه‌ن،
ياخشىلارنىڭ ئىزىن ئىزله‌پ يۈرۈك دوستلار.

× ×

بۇ دۇنيادا يارىتىلغان مه‌خلۇقلارغه،
ئه‌مدى بىلدىم تىرىكلىك بولماس ئېرمىش.
ئۆلۈمنىڭ شه‌ربه‌تىدۇر ئاچىغ شه‌ربه‌ت،
جۇمله ئادەم ئىچمه‌ي ئاندىن قالماس ئېرمىش.

ئه‌مه‌ل قىلساڭ ئه‌ي دوستلارىم ئازۇق ئالىپ،
ئه‌جه‌ل كه‌لسه ئىسىغ قىلماس ساقال يۇلۇپ،
بۇ دۇنيانىڭ مۈلكى مالىن هاسىل قىلىپ،
رىشوه به‌رسه‌ڭ مه‌له‌كىل موۋت ئالماس ئېرمىش.

كارۋان كوران كۆچه‌ر بولسه ئازۇق ئالۇر،
ئازۇق سىزىن يولغه كىرگه‌ن يولدا قالۇر،
سۇدۇد زىيان بولغانىنى ئانده بىلۇر،
يۈكىن يۈكله‌پ يولغه كىرگه‌ن قالماس ئېرمىش.

يۈكىن يۈكله‌پ يولغه كىرگه‌ن مه‌ردان بولۇر،
قه‌لاۋۇزسىز يولغه كىرگه‌ن هه‌يران بولۇر،
يول باشچىسى يولنى كۆرگه‌ن كارۋان بولۇر،
يولنى كۆرمه‌ي كارۋان قه‌دەم قويماس ئېرمىش.

ئه‌جه‌ل كه‌لسه ئىسىغ قىلماس ساقال يۇلساڭ،
ئوڭ ۋه سوڭگه قاراتماس ئول پاره به‌رسه‌ڭ،
دۇنيا ئۈچۈن ئه‌زىز ئۆمرۈڭ ئادا قىلساڭ،
مه‌له‌كىل موۋت كه‌لسه فۇرسه‌ت قويماس ئېرمىش.

بۇ دۇنياده پادىشاه مه‌ن دەپ كۆكسىن كه‌رگه‌ن،
هه‌م ئالدىده كۆرسى قويۇپ خىمه ئۇرغان،
نه‌چه مىڭلار خىل هه‌شه‌م چېرىك يىققان،
ئه‌جه‌ل كه‌لسه بىرى ۋه‌فا قىلماس ئېرمىش.

www.uyghurkitap.com



نەچە مىڭلار چىرىك يىققان خانلار قانى،
بۇ ھىكمەتنى ھەر بىرسى گەۋھەر كانى،
ۋەفاسى يوق بىۋەفادۇر دۇنيا قانى،
غافىل ئادەم كۆرۈپ ئىبرەت ئالماس ئىرەمىش.

بۇ دۇنيادە يۈگرۈك ئاتكە مىنگۈچىلار،
ھەرب كۈنى مۇبارىزلىق قىلغۇچىلار،
ئالماس فولاد ئۆتكۈر قىلىچ چاپقۇچلار،
ئەجەل كەلسە بەگ ۋە خاننى قويماس ئىرمىش.

بۇ دۇنيادە تەبىب مەن دىپ دەئۋا قىلغان،
دەئۋالارى باتىل ئىرۇر سۆزى يالغان،
خالايىقلار ئىللىتىگە دارۇ قىلغان،
كىسەل بولسە دارۇسىنى بىلماس ئىرمىش.

بەندە نەچە ياش ياشاسە ئۆلماكى بار،
كۆرار كۆزگە بىر كۈن تۇفراق تولماغى بار،
بۇ دۇنيادە سەفەر قىلغان كىلماكى بار،
ئاخىرەتتە سەفەر قىلغان كىلماس ئىرمىش.

تىرىكلىكدە دىن نەۋبەتىن ياخشى ئۇرغىل،
ئاخىرەتنى ئەسبابىنى مۇندە قۇرغىل،
قۇل خوجەئەھمەد ئىمان ئۆزرە تايىپ بولغىل،
ئىمان بىرلەن بارغان قۇللار ئۆلمەس ئىرمىش.

× ×

ئىستەپ يۈردۈم شامۇ ئىراقى،
تاپمادىم ھەرگىز يارنى سىياقى،
مۇشكۈل ئىكەندۇر ئانى يىراقى،
كۆيدۈردى دوستلار يارنى فىراقى.

دايىم سەھەردە ئاھۇ فىغانىم،
چىقتى دىلىم چىقمادى جانىم،
قايدەدۇر مەنى ئول ساھىپ قىرانىم،
كۆيدۈردى دوستلار يارنى فىراقى.

جان دىلىمگە ئوتلارنى ياقتى،
كۆزدە بۇ ياشىم قاب بولۇپ ئاقتى،
رىشتەئى غەمىنى بوينۇمغە تاقتى،
كۆيدۈردى دوستلار يارنى فىراقى.

شامۇ سەھەرلار كۆپ ئاھ ئۇرارمەن،
يارنى سوراغىن قايدىن تاپارمەن،
ئوتلۇغ يۈرەككە سۇنى سەپەرمەن،
كۆيدۈردى دوستلار يارنى فىراقى.

كۆرسەم بىناگاھ گۈلدەك يۈزىنى،
قەلەم قاشىنى نەرگەس كۆزىنى،
خەتتە ئالۇرمەن ھەربىر سۆزىنى،
كۆيدۈردى دوستلار يارنى فىراقى.

بىر كۆرمەدىم مەن ئول پەيۋەستە قاشنى،
كۆرۈك يارانلەر كۆزدە ياشنى،
دايىم ئۇرارمەن كۆكسۈمگە تاشنى،
كۆيدۈردى دوستلار يارنى فىراقى.

جان جىگەرلەر ئۆرتەندى ئەي يار،
چۈنكى ئەزەلدە بولدى گىرىفتار.
كۆڭلۈم ھەمىشە ئىشقىدە ئەفكار،
كۆيدۈردى دوستلار يارنى فىراقى.

يار ۋە تەبىبىم قاشىمگە كەلمەس،
رەھمى كىلۇربان ھالىمنى سورماس،
دەردۇ دىلىمنى ھىچ كىشى بىلمەس،
كۆيدۈردى دوستلار يارنى فىراقى.

نالە قىلۇرمەن شامۇ سەھەرلەر،
ھىجرىڭدە كۆڭلۈم كۆپ زار يىغلار،
كويۇڭدا بولدۇم ئەمدى قەلەندەر،
كۆيدۈردى دوستلار يارنى فىراقى.

خۇمار بولدۇم ئەي ساقى مەي كاسەسىن بىرا كۆر،
كەتتى ماجالىم قالمادى كەل ئىلكىمنى ئالا كۆر،

www.uyghurkitap.com

بىر جۇرئە مەيىنى تېز تىكۇرا كۆر،
كۆيدۇردى دوستلار يارنى فىراقى.

جان دىلىمدىن ئارتۇق ئۇ يارىم،
بىلمىدى ھەرگىز نالە-زارىم،
كەتتى ئەنانىم ھەم ئىختىيارىم،
كۆيدۇردى دوستلار يارنى فىراقى.

بولسۇن تەسەددۇق جان جاھانىم،
كۆرسەتسە يارنى ماڭا خۇدايىم،
يول ئىنتىزارى يىغلايدۇر دايىم،
كۆيدۇردى دوستلار يارنى فىراقى.

(داۋامى بار)




(داستان)

## ئابدۇرېھىم نىزارى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرايىل يۈسۈپ

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ناۋايىنىڭ «خەمسە» سىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن زور ھەجىملىك شېئىر داستانلار توپلىمى — «مۇھەببەت داستانلىرى» نىڭ بىر نۇسخىسى (نومۇرى: 009) ئاپتونوم رايونلۇق موزېيدا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخا 50-يىللاردا خەلق قولىدىن يىغىۋېلىنغان بولۇپ، فورماتى 20×29 سانتىمېتىر، ھەر بىر بېتىگە 4 ئىستونغا ئايرىپ 68 مىسرادىن تىزىلغان، بەت سانى 450، ساقلىنىشى تولۇق ئەمەس، (مۆلچەرىمىزچە 256 بەت كەم. چۈنكى پۈتۈن داستاننى 48 مىڭ مىسرا ھىساپلىغاندا، بۇ نۇسخا 706 بەت بولغان بولسا، تولۇق بولغان بولاتتى.) ۋە بەتلىرى ئالمىشىپ كەتكەن. قارىغاندا، بۇ نۇسخا بۇزۇلۇشقا ئۇچراپ خېلى كۆپ ۋارىقى يوقالغان، قېپقالغان ۋاراقلىرى نامەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن تۈپلەپ قويۇلغان. گەرچە ئۇ كىشى تۈپلەشتە بەتلەرنى ئالماشتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلىمنى سۆيىدىغان، مەدەنىي مىراسلارنى تەقدىرلەيدىغان روھى تەقدىرلەشكە تېگىشلىكتۇر.

تالانتلىق شائىرىمىزنىڭ قىممەتلىك ئەسىرىنىڭ مۇزېيىمىزدىكى بۇ نۇسخىسىدا، «رابىئە-سەئىدىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «فەرھاد-شىرىن»، «مەھزۇن-گۈلنىسا»، «ۋامىق-ئۇزرا»، «بەھرام-دىلئارام» قاتارلىق داستانلار تولۇق ساقلانغان. «چاھار-دەرۋىش» داستانىمۇ ئاساسەن تولۇق ساقلانغان (ئىككىنچى دەرۋىشنىڭ سەرگۈزەشتە بايانى بىلەن پادىشا ئازادە بەختنىڭ خۇاجە سەگپەرەس سەرگۈزەشتى ھەققىدە دەرۋىشلەرگە قىلغان بايانىنىڭ بىر نەچچە بېتى كەم).

«چاھار دەرۋىش» 14-ئەسىردە ھىندىستاندا ياشىغان يازغۇچى ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى تەرىپىدىن پارس تىلىدا نەسرى ئۇسۇلدا يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، كېيىن، خوتەندە تۈركى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. تۈركى تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىسمى ۋە ئەسەرنىڭ تەرجىمە

www.uyghurkitap.com



قىلىنغان ۋاقتى بىرگە مەلۇم ئەمەس.

ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆز كىتاۋىدا «چاھار دەرۋىش» داستانىغا خېلى كۆپ سەھىپە ئاجراتقان (مۇزېيدىكى نۇسخىنىڭ 210 نەچچە بېتىنى ئىگەللەيدۇ) ۋە خېلى كۆپ ۋاقتىنى ھەم ئەقلىي كۈچىنى سەرپ قىلغان. شائىر «چاھار دەرۋىش» ھېكايىسىنى نەزمىلەشتۈرۈشتە، ئۆزىنىڭ شېئىرىيەتتىكى قابىلىيىتىنى ۋە ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن ۋەقەلىكنى شېئىرىي تىل بىلەن جانلىق يورۇتۇپ بەرگەن. داستانىنىڭ تىلى ساددا ۋە ھازىرقى تىلىمىزغا يېقىن، ئەسەر تىلىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر دىيالېكتى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

بۇ داستاننى نەشرگە تەييارلاشتا، ترانسكرىپسىيىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۇ دەۋردىكى فونېتىك ئالاھىدىلىگى كۆزدە تۇتۇلدى ۋە داستانىنىڭ ئىملاسىدىكى ئالاھىدىلىكلەرمۇ ئىمكان قەدەر ئەكس ئەتتۈرۈلدى. كاتىپ خاتا يېزىپ قويغان دەپ تونۇلغان بەزى سۆزلەرگە تۈزىتىش بېرىلدى. ئوقۇغىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە ئۆچۈپ كەتكەن قىسمەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا كۆپ چېكىت بېرىلدى. ئاخىرىدا بىر قىسىم سۆزلەرگە لۇغەت بېرىلدى.

**ئول سۇلتان ئالىجاناب ۋە شەھەنشاھى كامىياب لايىقى ئىقبال ئىززەت ۋە فايىق ئىجلال ھۆرمەت ۋەدەدار نىكبەخت نافىزى فەرمان ساھىبى تەخت پادىشاھى ئازادە بەخت ۋاقىئاتىن تەقدىر ئەيلەمەك ۋە شاھ گۆرۈستانىغە ھاجەت ئۈچۈن شەبرەۋلىك قىلغانىنى تەھرىر قىلماق، چەرخى بۇ قەلەمۇن گۇنا گۇنلىقىدىن ئول جافاكەشىدە ۋە ئەلەم رەسىدە ئاۋارەئى جاھان تۆرت مۇسافىر دەرۋىش-دىلرىشلەر تۆرت تاق ئىچىندە قىلغان ھېكاياتى شىرىن ۋە باشىدىن ئۆتكەن رەۋاياتىنى شاھى جاھان ئول گۆرۈستانىدا نىھان ئاڭلاغانىنى ئايان ئەتمەك**

فەنا ئەھلىدىن بىر فەسانە قىلاي،
يوق ئېرسە يەنە بىر تەرانە قىلاي.
قىلىپ راۋىيان سۆزنى ئانداغ خەبەر،
تىزىپ رىشتەغە ئەيلەدى مۇختەسەر.
بولۇپ خۇشەچىن خىرمەن سۆز ئارا،
يازىپ ئەيلەدىلەر ۋەرەقنى قارا.
كى بازار مەئىندە جەۋھەر شۇناس،
كى نۇر جەۋھەرىگە قىلىپدۇر قىياس.
سۇخەن ئەھلىنىڭ ئەھلى تەھقىقلارى،
ھېكايەت گۇزارۇ مۇدەققىقلارى،
بېرىپدۇر خەبەر تۇرفە ھالاتىدىن،
قىلىپ نەقلى ئۆتكەن ھېكاياتىدىن.
ئەجەب ۋاقىئەدۇر مۇھەببەت شىئار،
كى ئىشق ئەھلى قىلغاي ئاڭا جان نىسار.
ئايا ھۇشمەندان سالغىل قۇلاق،
بۇ سۆزدىن كەلۇر بۇيى دەردۇ فىراق.
قەدىم بار ئىدى پادىشاھى جاھان،
كى رۇم شەھرىدە ئول ئىدى ھۆكمىران
كى قۇستەنتىنە ئاڭا جايگاھ،
بولۇپ ئېردى ئاندا ئۇلۇغ پادىشاھ.
قۇرۇپ شەئنى شەۋكەت بىلە ئانداتەخت،
كى ئول شاھنىڭ ئاتى ئازادە بەخت.
شەھەنشاھ ئانداغ ئېرۇر باشۇكۇھ،
خەزايىن ئاڭار بار ئىدى كۇھكۇھ.
كى دۇنيا ئىشىدىن ئىدى بى نىياز،
قىلىبان نىياز ئەھلىنى سەرەفراز.
ھەمىشە ئادالەتكە مايىل ئىدى،
جافاپېشە جانىغە قاتىل ئىدى.
كى لەشكەر ئاڭا بېھەدى بىگەران،
سىپاھىدىن ئانداغ تۇتۇلغان جاھان.

ئانىڭ ۋاقتىدا يوق ستەم پىشەلەر،
كى خالى ئىدى شىردىن بىشەلەر.
يەنە شام مەغرىب نەۋاھى ئىراق،
كى ئول شاھغە كۆرگۈزۈپ ئىشتىاق.
كى بىر يۈز شەھەر ئىردى زىرى‌نگىن،
كى دەرگاھىغە بارچە سۇرتۇپ جەبىن.
بار ئىردى ئاڭا ئانچە خەيلى ھەشەم،
كى ئۆز ۋەقتىدا گۇيىيا جامى جەم.
ئىمەس ئىردى غافىل خۇدا يادىدىن،
كى تەسبىھى تەھلىلى ئەۋرادىدىن.
ھەمىشە خۇداغە قىلىپ① ئىلتىجا،
قىلۇر ئىردى ئول سۇبھلاردا دۇئا.
كى تۇفراق ئارا چۈن قويۇپ باشىنى،
كى يىغلاپ خۇداغە تۆكۈپ ياشىنى.
كى ئاجىزلىقۇ ناتەۋانلىق بىلە،
تەزەررۇئ قىلىپ خەستە جانلىق بىلە.
تىلەر ئىردى ھەقدىن كى قابىل خەلەق،
مۇناجات ئەيلەپ شەھى باشەرەف.
كى فەرزەند سالىھ ماڭا قىل ئەتا،
داغى ئول پۇسەرگە مەنى قىل ئاتا.
كى مەندىن كىيىن بولسە ئورنۇمدا شاھ،
قۇرۇق قالماسا تەخت ئىلە بارگاھ.
كى ئول شاھى بىدار ئىدى بىركىچە،
ئىبادەت قىلۇر ئىردى ئول ئۆزگەچە.
كى فەرزەند سالىھ قىلىپ ئاززۇ،
سەھەرلەردە كۆز يولىدىن ئاقتى سۇ.
يەتىپ قىرىق ـ ئەللىك ئاراسىنى سال،
كى فەرزەند ئۈچۈن ئانچە ئىردى مەلال.
بۇ چاغە خۇدا بەرمەدى بىر ئوغۇل،
كى مەئيۇس ئولۇپ كۆڭلى بولدى مەلۇل.
كى بىر كۈن ئادا ئەيلەدى بامداد،
تەزەررۇئ بىلە ئەيلەدى ھەقنى ياد.
نەزەر سالدى ئايىنەكە ئولزامان،
كى ئول شىشەدە بولدى ئەكس ئايان.

قاراپ ئۆز جامالىغە ئول شەھرىيار،
ساقالىدا ئاقنى كۆرۈپ نەچە تار.
نەدامەت قىلىپ چەكتى ھەيرەتتە ئاھ،
دەرىخاكى ئۆمرۈم بولۇپدۇر تەباھ.
خەزايىن يىغىپ مەن ھەۋەس ئەيلەبان،
كى بىھۇدە ئىشلارغە بەس ئەيلەبان.
كى لەشكەر يىغىپ مەن جاھانبان ئولۇپ،
جاھان ئەھلىغە بەلكى سۇلتان ئولۇپ.
كى ئولتۇرمادىم ئىستىراھەت بىلە،
كى نۇش ئەيلەمەي سۇ فاراغەت بىلە.
ئەجەل قاسدى ئىمدى كەلمىش يەقىن،
قالۇر كىمگە ئىمدى بۇ تەخت نىگىن.
بىناگاھ ئەجەل يەتسە نىتكۇم دۇرۇر،
كى ئارمان بىلە ئاندا كەتكۇم دۇرۇر.
جاھان مۇلكىدىن ئەلۋىدائ ئەيلەسەم،
كى جان بىرلە ئولدەم② نىزائ ئەيلەسەم.
قالۇر ئاھ كىم تەخت بىگانەگە،
خەلەف بىزدە يوق قالغۇسى يانەگە.
كى فەرزەند جان بىزگە بولغاي ئىدى،
جاھان ئىچرە ئورنۇمدا تۇرغاي ئىدى.
جاھاندىن ئەگەر ئەيلەسەم ئىنتىقال،
ئاتا جايىدا ساھىبى مۇلكى مال.
بولۇپ ئەيلەسە بىزگە ھەردەم دۇئا،
كۆڭۈلدە بۇ ئىردى ئۇلۇغ مۇددىئا.
جاھان بىرلە ئەھلى جاھاندۇر ئەدەم،
ۋافاسىز جاھان ئىچرە قويمان قەدەم.
بۇ ئەندۇھدىن ئۈچ كىيچە يىغلادى،
غىزا ئورنىغە دەرد ھەسرەت يىدى.
چۈساكىن بولۇپ چىقمادى تەختكە،
كى يۈزلەندى غەم ئول نىكۇ بەختكە.
ئۆتۈپ چىقمادى نەچە كۈن شەھرىيار،
كى ئەركانى دەۋلەت بولۇپ ئىنتىزار.
سىپاھلار كەلىپ ئەيلەدى غۇلغۇلە،
تۈشۈپ بارگاھىدە ئەجەب ۋۇلۋۇلە.

① بۇ سۆز ئەسلى تىكىستتە «كەلىپ» دەپ يېزىلغان. مەنە ئىتىۋارى بىلەن «قىلىپ» قا ئۆزگەرتىلدى.
② ئەسلى تىكىستنە «ئولدۇم» يېزىلغان. مەنە ئىتىۋارى بىلەن «ئولدەم»گە ئۆزگەرتىلدى.

نەدىن چىقماغاي شاھى ئالى مەقام،
نەچە ۋەقتدۇر قىلمادىلەر خىرام.
ۋەزىر ئىدى دانائى رەۋشەن زەمىر،
كى ھەر ئىشدا ئول شاھغە دەستىگىر.

ۋەزىرنىڭ ياشى چوڭ ئىدى شاھتىن،
چۇ ھۆرمەت تاپىپ شاھى دىلخۋاھدىن.
ئاتام دېپ قىلۇر ئېردى ھەردەم خىتاب،
يەقىنلىقدا ئول شاھ ئالىجاناب.
كىرۇر ئېردى شەھ قاشىغە بى‌ئەبا،
قىلۇر ئېردى شەھ ئوازامان مەرھەبا.
بىلۇر ئېردى ئېل شەھ مەھرەملىغىن،
كى ھەر ئۇمەرا يار ھەمدەملىغىن.
ۋەزىر كىردى شەھ قاشىغەبى ھىجاب،
دۇئالار ئادا ئەيلەدى بى ھىساب.

تەكەللۇم تۈزۈپ شاھنىڭ قاشىدا،
ۋەزىر كۆردىكىم شاھ كۆز ياشىدا.
ئايا شاھى دەۋران گەردۇن خىرام،
نەچە كۈن بولۇپ كۆزگە ئۇيقۇ ھارام.
كى نازۇك تەبىئىڭ بولۇپدۇر مەلال،
مۇبارەك دىلىڭ ئىچرە تۈشمىش خىيال.
رەئايە ھەمە تارتادۇر ئىنتىزار،
نەچە كۈن جامالى ئېمەس ئاشكار.
جاھان بولدى بىزلەرگە زۇلمەت نەما،
چىراكىم قۇياش ئەيلەدى ئەنزەۋا.

فەقىرگە ھەمە ئەيلەدى ئەرزھال،
خەبەرسىز ئالىڭ شاھ نېچۈن مەلال.
ئەگەر خەسمدىن يەتسە ئازارلىق،
بۇ قۇللەرغە يەتكۈرسەلەر يارلىق.
ئانىڭ دەفئىگە قىلغۇمىز جان فىدا،
كى خىزمەت قىلىپ ئەزبىرايى خۇدا.
كى سۇلتانغە يەتسە ئەگەر شادلىق،
رەئىييەت ئارا ئانچە ئابادلىق.
سەبەب نە ئىكىن غەمگە ئەي شەھرىيار،
پەرىشان خاتىر قىلىپ ئۆزنى زار.
كى پىنھان خىيالىڭنى قىلغىل ئايان،
كى بولسۇن فەقىرلارغە رووشەن جاھان.
تۆكۈپ ياشىنى شاھى ئازادە بەخت،
چەكىپ ئاھلار، قان يۇتۇپ لەخت ـ لەخت.
دىدى ئەي پەدەر، كۆڭلۈمە تۈشتى غەم،
خۇدا بەردى بىزگە بۇخەيلى ھەشەم.
كۆڭۈلدە بۇ ئېردى ماڭا ئارزۇ،
كى فەرزەندغە ئەيلەدىم جۇستۇجۇ.
تىلەپمەن خۇدادىن ئەتا قىلمادى،
كى فەرزەندغە بىزنى ئاتا قىلمادى.

خەزايىن يىغىپ لەشكەر بىئەدەد،
تەسەررۇف قىلىپ مەن دىيارى بەلەد.
كېيىن قالسە مەندىن ئەگەر تاجۇ ـ تەخت،
كى فەرزەند ماڭا بولسە نىكبەخت.
ئەگەر بولسە جايىمدا قايىم مەقام،

كى زىرى نىگىن بولسەلەر خاس ئام.
كۆڭۈلدە نەچە مۇددىئا ئەيلەدىم،
سەھەرلەردە دايىم دۇئا ئەيلەدىم.
كى ئۆمرۈم دەرەختىغە يەتتى خەزان،
دەرەختىمگە بولماي سەمەردىن نىشان.

ۋۇجۇدۇم گۈلىستانى بى بەرگدۇر،
بۇ ھەسرەت بىلەپەيكەرىم مەرگدۇر.
سەبەب بۇدۇرۇر بىزگە ئازۇردەلىك،
كۆڭۈل شاھىغە يەتتى پەژمۇردەلىك.
تەلەبدە تۇرۇپمەن قىلىپ ئىلتىجا،
تاڭ ئېرمەس ئوغۇل بىزگە قىلسە ئەتا.
كى مەندىن كېيىن بولسە مىراسخۋار،
مەنىڭ شەھلىغىم بولغۇسى ئىئتىبار.
تۆكۈپ ئەشكىنى شاھ گىريان قىلىپ،
ۋەزىر ئالدىدا نالە فىغان قىلىپ.

تەكەللۇم قىلىپ شاھغە ئول ۋەزىر،
نەسىھەت دېبان رەئيى رووشەن زەمىر.
ئاغىز دۇرجىدىن بولدى گەۋھەر فىشان،
قىلىپ شاھغە مەئرىفەتلەر بايان.
چۇ شەھغە دىدى ئۆمرۈڭ ئولسۇن ئۇزۇن،
تەخى دەھر ئارادار دەۋلەت فۇزۇن.

www.uyghurkitap.com

کی بۇ ئشلارنڭ بارچە فاسد خىيال،
بۇ ۋەسۋاس ئلە ئۆزنی قلماڭ مەلال.
بۇ بی سەبرلك نەفس شەیتانندۇر،
کی شۇکر ئەیلەمەك نۇری سۇبھانندۇر.
یولۇڭدا یاتپ یغلابان ھچ کار،
ھۆکۇمەت ساڭا بەردی پەرۋەردىگار.
چقپ تەختکە ئەیلەگل دادی ئەدل،
ئۇلۇغلار بلە ئەیلە ئجلاس بەزل.
سوراپ ھەرکۇنی کۇندۇزی دادخۋاھ،
کەچە ھەق تائالاغە بول ئۇزرەخۋاھ.
تەسەددۇق بەرپ بەندە ئازاد قل،
فەقرلارنی مەمنۇن ئتپ شاد قل.
سەخاۋەت تەرنقغە قویغل قەدەم،
ھەمە ئەھلی ھاجەتکە قلغل کەرەم.
خەلایق ئارا باردۇرۇر ئەھلی ھال،
سوراپ ئستەپ ئانی دۇئاسنی ئال.
ئەگەر بەرسە ھەق سزگە قابل خەلەف،
تاڭ ئېرمەس بەھەم بولسە ئۇشبۇ شەرەف.
کی شەھغە قلپ مەئرفەتلەر بایان،
قلپ شاھنی سۆز بلە شادمان.
کی سېن سز رەئایە بولۇپدۇر مەلال،
چقپ تەختکە ئېمدی کۆرگۆز جامال.
دل ئەفکارلارغە قلڭ مەرھەمەت،
کی سزنی خۇدا ئەیلەگەي مەغفرەت.
دیدی شاھ ئېرتە چقاي تەختکە،
باقاي ئېمدی مۇندىن کېین بەختکە.
نە کەلتۇرسە دەۋران ئانی مەن کۆرەي،
ئۆزۈمنی خۇدا جۇیغە یەتگۆرەي.
بولۇپ شاد چقتی ۋەزر تاشقاری،
کەلپ ئالغە بارچە یاشۇ قاری.
سوراپ شاھنڭ بارچە کەیفیەتن،
کی خلۋەتدە راز ئەیلەگەن نیەتن.
ۋەزر بر تەرنقە جاۋاب ئەیلەدی،
نەقۇلاتنی بھساب ئەیلەدی.
کی خۇرشددیك تاڭلاسی چقتی شاھ،
مەقام ئەیلەدی تەخت ئلە بارگاھ.
یارۇتتی جاھاننی چۇ خۇرشددیك،
چقپ تەختکە شاھی جەمشددیك.
ھەمە کەلدیلەر شەھغە تەئزم ئۇچۇن،
ئەقدات ئلە بەلکی تەسلم ئۇچۇن.
نەۋازش قلپ سوردی ئېل ھالنی،
رەئایە ۋە تۇججارلار مالنی.
تەھنیەت ئەدا ئەیلەدیلەر ھەمە،
تۇتۇپ توھفەلەر شەھغە لایق نمە.
قلپ بەزلی شاھانە ئول پادشاھ،
کی بەرپا قلپ چادری بارگاھ.
یغپ بارچەنی لۇتف ئھسانغە،
کی تەکلف ئتپ بەزل ئلە خۋانغە.
کی ئھسان بلە ئېلنی مۇمتاز ئتپ،
فەقرنی فاراۋان سەرەفراز ئتپ.
کی ئلم ئەھلنی قلدی ئزرەت بەسی،
کتاپ ئەھلنی قلدی ھۆرمەت بەسی.
کی ئلم ئەھلغە ئېمدی راغب بولۇپ،
کی ئجلاس ئەیلەپ مۇساھب بولۇپ.
قرائەت قلۇر ئېردی ھەردەم کتاب،
ئبادەت بلە شاھی ئالجاناب.
کتابنی بر کۇن ئوقۇپ ئېردی شاھ،
خاسی کۆزگە بولۇپ جلۋەگاھ.
چۇ شەھ کۆردی ئانی ئوقۇپ سەربەسەر،
ئانڭ مەئنسدىن بولۇپ باخەبەر.
بتپدۇر: ئەگەر کمگە یۆزلەنسە غەم،
جاھان ئەھلدىن یەتسە جانغا ئەلەم.
کی مۇشکۇل مۇھەییغە بولسە دۇچار،
ۋە یا ئەیلەسە زالمی تار ـ مار.
گۆرستانغە بارغاي دۇئا قلغالی،
کی ئەرۋاھغە ئلتجا قلغالی.
رەسۇلی خۇداغە ئوقۇبان دۇرۇد،
کی ئاندا خۇداغە قلبان سۇجۇد.
گۆرستان ئېلگە تلەپ مەغفرەت،
تەلەپ قلسا قلغاي خۇدا مەرھەمەت.

www.uyghurkitap.com

كىشىگە ئەگەر شادلىق يەتسە ھەم،
گۆرىستان ئارا ئۆلكى قىلغاي قەدەم.
گۆرىستانغە قىلغاي دۇئا بىئەدەد،
كى ئەرۋاھلار قىلغۇسىدۇر مەدەد.
زىيارەت كۆڭلىنى مۇسەففا قىلۇر.

ھەقىقەتدىن ئەھۋال پەيدا قىلۇر،
بۇ ياڭلىغ كۆرۈپ نۇسخەدە تاج بەخش،
خاسىنى قىلدى زەرىغە نەقش.
كەچىپ شاھنىڭ خاتىرىغە بۇ ئىش،
قەبۇر ئەھلىغە كەچەلەردە كەلىش.
ئەگەر كۈندۈزى ئۇغراسام ناگاھان،
كى لەشكەر مەنىڭ بىرلە بولسە راۋان.
گۆرىستان ئاياغدا بولۇر پايمال،
تىرىكلەرگە بولغاي ئۆلۈكدىن ۋە بال.
كى تۈندە نىھان بارغانىم خوبدۇر،
ئۇلۇغلۇقىغە بۇكار مەرغۇبدۇر.
كى تەغيىر بەرىپ خىلئەتىمىغە كەچە،
تانۇتماي ئۆزۈمنى قىلىپ ئۆزگەچە.
فەراغەت بىلە مەن زىيارەت قىلاي،
گۆرىستاندا ھەقىغە ئىبادەت قىلاي.

دېبان شاھ قويدى كەچە بىر قەدەم،
ساخاۋەت ئۇچۇن ئالدى ئالتۇن دەرەم.
فۇقرانە خىلئەت كىيىپ چىقتى شاھ،
شەھەردىن چىقىپ يۈردى بىر مۇنچە راھ.
مازاراتىغە كەلدى سۇرئەت بىلە،

چەكىپ ئاھنى دەردۇ ھەسرەت بىلە.
قىلىپ شاھ ئاسۇدەلارغە دۇئا،
تەلەپ بىرلە تۇردى قىلىپ ئىلتىجا.
ئىھاتە ئارا بار ئىدى تۆرت تاق،
بەنا تاپقان ئېردىكى تاقى راۋاق.
قەدىم بىر جاھانبان بىنا ئەيلەگەن،
كى بۇ بەقئەنى جا بىجا ئەيلەگەن.
مۇسافىر غەرىبلارغە مەئۋا ئىدى،
بۇ ئەيۋان قەدىمدىن مۇھەييا ئىدى.
بىناگاھ كەلىپ شاھى ئازادە بەخت،

ئىشىتتى گۆرىستان ئارا ئاھى سەخت.
قاراپ كۆردى تاق ئىچرە يانىپ چىراغ،
كى شەھ ئول تەرەفكە قويۇپدۇر ئاياغ.
يەقىن كەلدى كۆردى شەھ كامران،
كۆزىگە بولۇپ تۆرت دەرۋىش ئايان.
كى ھەر تاق ئارا بىر مۇسافىر ئىدى،
كى ھەر بىرىدىن ئىشق زاھىر ئىدى.
تەئەننى قىلىپ تۇردى شەھ بىر زامان،
كى دەرۋىشلەرغە كۆرۈنمەي نىھان.
گۇمان ئەيلەدى شاھ بۇدۇر ئەۋلىيا،

ئىبادەت قىلۇر ئەزىبرايى خۇدا.
خىيال ئەيلەدى دېپ باراي قاشىغە،
تەزەررۇئ بىلە تۇردى كۆز ياشىغە.
دۇئاسىن ئالاي زارلىق ئەيلەبان،

رىزاسىن ئالاي خارلىق ئەيلەبان.
يەنە كۆڭلىگە كەلدى فاسىد خىيال،
زامانى قىلاي مۇندا بىردەم ھايال.
مۇبادا بۇلار بولماسۇن راھى زەن،
نەچە گۆرنى كورلاپ ئوغۇرلار كەفەن.
ۋەيا كەلدى بولغاي پەرىزادلار،

ئانىڭ سۇرەتى ئادەمىزادلار.
بىلىپ بولماغاي بۇ نېچۇك ئادەم،
كى چىقماس سەدا بەلكى يوقتۇر كەمى.
بارىشىغە داغى ئەيلەمەي دەبدەبە،
كەمىندە تۇرۇپ بەس قىلاي تەجرىبە.
تەۋەققۇف بىلە سالدى پىنھان نەزەر،
بۇلار ئولتۇرۇپ شاھدىن بىخەبەر.
تەفەككۇر قىلىپ باش سالىپ ھەربىرى،
كى خۇنابى غەمدىن چېكەر ساغەرى.
تەكەللۇم بۇلاردىن پەيدار ئېمەس،

بىرى بىرگە مەنزۇرى دىدار ئېمەس.
كى بىر قەبر ياندا ساھىپ ئاساس،
تۇرۇپ ئېردى ئاندا ئۆتۈپ ئىكى پاس.
بىرى ئەتسە ئۇردى سەدا ئەيلەدى،
كى ھەمدۇسەنالار ئادا ئەيلەدى.

کی ـ بىدار ئولۇپ ئۆزگەسى سەسكەنىپ،
بىرى ئەلۋىدائ ئەيلەدى ئويغانىپ.
چىراغىن چىقاردى بىرى ئولزامان،
غەنىمەت بۇگۈن، كەتكۈمىز ھەرقايان.
بۇ كەچە گۆرىستاندا بولدۇق غەرىب،
کی ھەسرەت بىلە قان يۇتۇپ سارغارىپ.
كەتەرمىز تاڭ ئاتقاندا بىز ھەرقايان،
بىرىمىز بۇيان، بىرىسىمىز بىر سويان.
كى بىزگە بۇ كەچە غەنىمەت دۇرۇر،
كى مۇڭداشقالى بىزگە فۇرسەت دۇرۇر.
ساڭا نە كەلىپدۇر فەلەكدىن ماڭا،
دىگىل، مەن دىگەيمەن غەممىنى ساڭا.
كەلىپ باشغە ئۆتكەننى قىلساق ئايان،
قىلىپ بۇ كەچە سەرگۈزەشتى بايان.
تاڭ ئاتغۇنچە بىدارلىق ئەيلەسەك،
كى باشغە نە كەلگەننى بىر بىر دىسەك.
بۇ ئەفسانەدىن بولغۇسى دەفئ غەم،
يارانلار كى بىزگە غەنىمەت بۇ دەم.
بۇ دەرۋىشلەر ئەيلەدى ئىتتىفاق،
مەقامى بۇلارنىڭ بولۇر چارى تاق.
قىلىپ سىزكى بۇ مەسلەھەتنى ئادا،
كى ئەۋۋەل قىلىڭ سۆزنى سىز ئىبتىدا.
كى سامىئ بولۇپ ئەيلەگەيمىز سۈكۈت،
سۈخەن شەرتىن بەلكى ئامادە تۇت.
بۇ سۆزلەرنى شەھ ئاڭلادى ناگىھان،
تۇرۇپ ئاڭلاي ئەفسانەسىن بىر زامان.
نە سۆزلەرنى قىلغاي بۇ دەرۋىشلەر،
كى ئاۋۋارە بىچارە دىلرىشلەر.
تەۋەججۇھ بىلە ئولتۇرۇپ شاھ جەم،
تامام ئولدى سۆز ئۆرمادى ھېچ دەم.
چۇ سەھبا كەرەم قىل ماڭا ساقىيا،
ئانىڭ نەشاسى بىرلە ئەيلەدى ھەۋا.
كى زەۋقى ئانىڭ ئىشقغە باشلاسۇن،
مەنى يارنىڭ كويىغە تاشلاسۇن.

**ئەۋۋەلقى دەرۋىشنىڭ بۇ فەلەك نافەر جام گونا گون ھەۋادىسى باشىغە يۈزلەنىپ، ئاۋارەئى جاھان بولغان كەيفىياتىنى بايان قىلغانى**

چۇ ئەۋۋەلقى دەرۋىش قىلىپ ئىھتىرام،
ئەدەب بىرلە ئولتۇردى قىلدى كەلام.
تۆكۈپ ئەشكىنى سۆزنى قىلدى بايان،
ھەمە ماھۇۋەلۋاقىئەنى بايان.
ئەزىز دوستلار سۆزگە سالغىل قۇلاق.
بۇئەفسانە مەزمۇنى ھازەلفىراق.
بولۇرمەن يەمەن شەھرىنىڭ ئادەمى،
ئاتام ئىردى ئول شەھەرنىڭ ھاتەمى.
پەدەرنىڭ ئاتى خۋاجە ئەھمەد ئىدى،
ۋىلايەت ئارا بەلكى سەرمەد ئىدى.
كى تۇججارلىقدا ئەجەب ئىئتىبار،
جاھان ئەھلى ئىچرە بەسى نامدار.
كى دۇنيا فاراۋان ئىدى بىئەدەد،
مەدەد قىلغالى يوقتۇر ئىنسانغە ھەد.
ھسابى ئانىڭ ئىردى قىرق مىڭ تۈمەن،
يەنە كۆپ ئىدى ئانچە دۇررى سەمەن.
گوماشتە ئىدى بارچە تۇججارلار،
كى چاكار ئىدى ئەھلى بازارلار.
ئاتامدىن تولا خەلق ئالىپ مەنفەئەت،
قىلۇر ئىردى ھەرئەمرىدە مەسلەھەت.
يوق ئىردى غەنىلىقدا ئەسلەن كەمى،
كى باشىدا بار ئاخىرەتنىڭ غەمى.
بار ئىردى ئاڭا بىر قىزۇ بىر ئوغۇل،
بەرىپ قىزنى ئىرگە، قالىپ مەن خەمۇل.
ئاتام خىزمەتىنى قىلىپ جا بىجا،
دۇئاسىنى ئالىپ قىلىپ مەن رىزا.
ئاتامدىن جەۋانلىق كەتىپ بولدى پىر،
قارىغاندا مەن بولمادىم دەستگىر.
بىناگاھ ئاتام بولدى بىر كۈن كىسەل،
زۇكامۇ ھەۋا تېگدى بولدى يۇتەل.

ياتىپ نەچە كۈن ئاغرىقى بولدى كۈچ،
ھەمە دەۋلەتى ئۇلزامان يولدى فۇۋج.
ساقاپماي كىسەلدىن بولۇپ نەزئى جان،
كى تەندىن كەتىپ بەلكى روھى راۋان.
ياتىپ ھەفتە بولدى ئەجەلگە قۇرب،
قۇتتۇلدى جاھان مۈلكىدىن جان بەرىپ.
كى جان ئالغالى ئاغرىقى قىلدى زور،
ئانىڭ مەنزىلى ئاقىبەت بولدى گۆر.
بۇ دارۇلفەنادىن قىلىپ ئىنتىقال،
كى ئۆمرى قۇياشى ھەم ئولدى زاۋال.
يىغىلدى ھەمە ئەقرەباخىيشلار،
تۇتۇپ تەئزىيەت شاھۇ دەرۋىشلەر.
ھەمە سۇگۋار ئولدى ماتەم تۇتۇپ،
فىغان ئەيلەدى دوستلار قان يۇتۇپ.
چۇ تەييار ئەيلەپ جەنازە كەفەن،
قىلىپ غۇسلىنى پاك ئەيلەپ بەدەن.
سالىپ نە ئىشكە پىرفەرتۇتنى،
كۆتەردى ئالىپ يۈردى تابۇتنى.
ھەمە بولدىلار رەخمە سارى راۋان،
ياقا چاك ئەيلەپ قىلىبان فىغان.
ئۆلۈكنى لەھەت ئىچرە پىنھان قىلىپ،
ھەمە ياندىلار خەتمە قۇرئان قىلىپ.
يىتىملىك بىلە قالدى ھالىم مەنىڭ،
كىچىك ئىردى ئول ۋەقت سالىم مەنىڭ.
تۇتۇپ تەئزىيەت بارچە ياخشى ـ يامان،
خۇشامەد سۈيى بولدى كۆزدىن راۋان.
نەچە بى سەرۇپايى ئەۋباشلەر،
كى شەيتان نەما رىندەقەللاشلەر.
كى يىغلاپ ماڭا يارۇ ھەمدەم بولۇپ،
مەنىڭ بىرلە تەڭ ئەھلى ماتەم بولۇپ.
نەچە كۈن مۇسىبەتنى ئەيلەپ تامام،
ئاتام روھىغە ئەيلەدىم ۋەسسالام.
كى ئەۋباشلەر بىزنى جاھىل كۆرۈپ
كى لەھۋ تەرەپ ئىچرە مايىل كۆرۈپ.
كىرىپ يانىمە كۆپ نەسىھەت قىلىپ،
ھەۋايۇ ھەۋەسكە دەلالەت قىلىپ.
دەللەلەر بىلە سۆزنى مەئقۇل ئىتىپ،
مەنى مەي پەرەستلىككە مەشغۇل ئىتىپ،
دىدىلەر بۇلار ئەي ۋەلى نىئمەتىم،
ئاتادىن كىيىن بولغاي ھەركىم يىتىم.
كى مىراسدۇر بىزگە ئۆلمەك ئاتا،
ئاتا ۋە ئانا ئاخىر بولغاي فەنا.
ئۆلۈمگە دەۋا تاپمادى ئەبۇلبەشەر،
جاھان مۈلكىنى قويدى كەتتى بەدەر.
ئەزىز ئۆمرى بىزگە غەنىمەت دۇرۇر،
جاھان خوبلۇغى ئەيش ـ ئىشرەت دۇرۇر.
جاھان كار بارى ئىرۇر بى ۋەفا،
كى مالۇ مىنال ھەمەسى بى باقا.
فەرىفتە قىلىپ بىزنى ئەر زاللار،
تەخى ساددە ئەيلەپ ئالىپ مالالار.
فۇسۇن بىرلە مەيخۋارە ئەيلەپ مەنى،
ھەۋەس ئىچرە ئاۋۋارە ئەيلەپ مەنى.
مەنى قويمادى باقغالى ھەرقايان،
بولۇپ فىئلى بىدئەتكە تۇرلۇك زىيان.
ھەممىشە مەنى مەي پەرەست ئەيلەدى،
كى غەفلەت مەيى بىرلەمەست ئەيلەدى.
چىكىپ مەن بۇلار بىرلە جامى غۇرۇر،
غۇرۇر ئىچرە دۇنياغە يەتتى فۇتۇر.
كى قىرق مىڭ تۈمەن بولدى دۇنيا تەلەف،
كى مەيخۋارەلىقدا چالىپ چەڭ، دەف.
يىدى ـ ئىچدى كەيدىيۇ مىندى بۇلار،
مەنى يوق قىلىپ كوڭلى تىندى بۇلار.
كى ئاز كۈن ئارا قالمادى ھىچ مال،
يەتىپ روزگارىمغە تەغىيرى ھال.
گادالار كەبى بولدى ھالىم مەنىڭ،
كى ئول ۋەقت ئارتىپ مەلالىم مەنىڭ.
باي ئىردىم بۇلار ئىرگەشۇر ئىت كەبى،
ئۆلۈكدىن چۇ كىم تارقاشۇر فىت كەبى.
ھەمە قاچتى مەندىن ھارامزادەلەر،
چىراكىم فەقىردا تۆكەپ بادەلەر.
قالىپ مەن كى ئالەمدە مۇھتاج ئولۇپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تاپالماي غىزا قۇرساقىم ئاچ ئولۇپ.
قارا كۈن تۇشۇپ باشىمە ئولزامان،
قاراڭغۇ بولۇپ كۆزگە رووشەن جاھان.
پۇشايمان يىدىم فايدە بەرمەدى،
ماڭا ھەركىشى دەرد ھەسرەت يىدى.
باشىمغە كەيىپ ئەسكى قالغاقنى،
ئۇچامغە كەيىپ ئەسكى شىرداقنى.
كى بىر مەسجىد ئىچرە ياتىپ مەن كىرىپ،
كى غۇربەت ئارا ئاندا بولدۇم غەرىب.
كى يىغلاپ تۇتتۇبمەن ئاتامغە ئەزا،
ياتىپ ئۈچ كۈن ئاندا تاپالماي غىزا.
خىيال ئەيلەدىم ئىمدى قايدا باراي،
بارىپ ئىمدى ھەمشىرەگە يالباراي.
مەنى چىرلادى قاشىغە بارمادىم،
كى ھەمشىرەنىڭ قەدرىنى بىلمەدىم.
مەنى قىلدى بىچارە بى پاكلەر،
سالىپ مەئسىيەتكە بۇ ناپاكلەر.
جاھان ئىچرە شەرمەندە بولدۇم بەسى،
ئۇياتدىن سەرئەفكەندە بولدۇم بەسى.
باراي ئىمدى ئاندا بولۇپ نائىلاج،
قاچانغە ياتاي مەن بۇ مەسجىددە ئاچ.
كى ياتلار ئاراسىدا باردۇر ئۇيات،
قارىنداشىمىزدۇر ئىمەس بىزگە يات.
چۇ ئاندا بارىشغە ماڭا ئەيىپ ئىمەس،
ھەمە مۇددەئا ئاندا بار غەيب ئىمەس.
چىقىپ تەشنەلەب ھەم كەرەسنە شىكەم،
كى ئاندا بارىشغە قويۇپمەن قەدەم.
بارىپ ئاندا قاقتىم چۇ دەرۋازەنى،
كى ئەيلەپ ئىشىك ئاچتى ئاۋازەنى.
كى ھەمشىرە بىزنى كۆرۈپ ئولزامان،
ياقا چاك ئىتىپ ئەيلەدى كۆب فىغان.
كى نەئرە ئۇرۇبان سەراسىمەۋار،
كى ساچىن يۇلۇپ يىغلادى زار - زار.
قۇچاقىغە ئالدى فەقىرنى سۆيۇپ،
ئاتا — ئانادىك ماڭا ئىچى كۆيۇپ①.
تۇتتۇبان قولۇمنى كىرىپ ئىچكەرى،
باشىمدىن نىسار ئەتتى سىمۇ زەرى.
تائامى مۇھەييا قىلىپ دەرمەھەل،
كى مەخلۇت ئىتىپ بەلكى قەند ئەسەل.
يىدۇردى ماڭا كۆب تەكەللۇف بىلە،
باقار ئىردى ھەردەم تەئەسسۇف بىلە.
يەنە كەلتۇرۇپ نەچەرەڭ خىلئەتى،
ماڭا كەيدۇرۇپ ئەيلەدى شەفقەتى.
بۇ كەچە ئىكاۋ ئولتۇرۇپ مۇڭداشىپ،
فەلەكدىن شىكايەت قىلىپ يىغلاشىپ.
دىدى: ئەي قارىنداش نىچۇك بارسىن،
فەلەك زۇلمەتىغە گىرىفتار سىن.
نەچە مەرتەبە يوقلادىم تاپمادىم،
كى بى پاكلىكدە ئىشىك ئاڭلادىم.
ئاتام ئورنىدا بىزگە ئىردىڭ ئاتا،
ئاتالىقنى تاشلاپ قىلىپ سىن خاتا.
كى ياشلىقدا قىلدىڭ ھەۋايۇ ھەۋەس،
ھەۋايۇ ھەۋەسنى قىلىڭ ئىمدى بەس.
تەسەددۇق دۇرۇر كەتتى دۇنيا ھەمە،
يەنە بەرسە ھەق تاڭ ئىمەس غەم يىمە.
قىلىپ تەۋبەلەر ئىمدى تاشلاڭ ھەۋا،
ئاتام روھىغە ئەيلەڭىز ئىلتىجا.
قوشۇلماي قاچىڭ رىندى ئەرزالدىن،
قىلىڭ تەجرىبە ئىمدى بۇ ھالدىن.
نەسىھەت بۇدۇر تۇرماڭىز شەھر ئارا
يامانلار بىلە دىلنى قىلماڭىز يارا.
ئاتام ئىردى سوۋداگەرى نامدار،
بولۇپ ئىردى دۇنيا بىلە ئىئتىبار.
جاھاندا تولا قىلدى گەشت سەفەر،
كى تۇججارلىقدا شەھەردىن - شەھەر.
كى مەۋجۇد ئىتىپ سىم زەر بىھىساب،
ئۆزى كەتتى دۇنيانى قىلدىڭ خاراب.
تىجارەت ئىشىن ئىمدى بۇنياد قىل،

① ئەسلى تېكىستتە "كۆب" يېزىلغان. مەنە ئېتىۋارى بىلەن «كۆيۇپ» كە ئۆزگەرتىلدى.

ئاتا ۋە ئانا روھىنى شاد قىل.
كەلىپ بۇ جاھاندا نەقىلسە پەدەر،
كى ئول ئەمرىنى قىلسە ئەۋۋەلى پۇسەر.
ئاتا قىلغان ئىشلارنى قىلماق كەرەك،
بۇلۇڭدا ياتىپ بولماغىل شەب فەرەك.
كى سىن ئېركشى ياتغانىڭ خوب ئېمەس،
سەفەر قىلماغان ئەسلا مەرغۇب ئېمەس.
بۇ ياڭلىغ نەسىھەتنى كۆب باشلادى،
كى بىر كىسە زەر كەلتۈرۈپ تاشلادى.
بۇ ئالتۇننى جابدۇپ يۈرۈڭ شامغە،
بارىڭ ئول شەھەرگە يەتىڭ كامغە.

كى ياخشى ـ يامانغە قىلىڭ تەجرىبە،
ھەۋا يولغە قىلماڭىز دەبدەبە.
كى ئەلىك تۈمەن ئېردى زەرگە ئەدەد.
ئانى جابدۇبان بىزگە قىلدى مەدەد.
نەچە كۈن تۇرۇپ ئىستىراھەت بىلە،
كى جابدۇغ قىلىپ مەن فاراغەت بىلە.
ئايا ساقىيا جامى مۇھەببانە تۇت،
كى ئول مەي بىلە ئەكس جانانە تۇت.
بولۇپ مەست ئاندىن تاپاي ۋەجد ھال،
كى جانان ھەرىمىدە تاپغۇم ۋىسال.

**خۇاجەزادە يەمەنى شام شەھرىگە ئەزم قىلغانى ۋە ئول شەھەرگە كەچە كەلىپ، سەفىلدىن تاشلاغان ساندۇقنى ئالىپ، ئاغزىنى ئاچقاندا، بىر دەھرۇي پەرى پەيكەر چىقىپ ئاڭا ئاشىق بولغانى ۋە ئانى شەھەرگە ئالىپ كىرىپ، داۋا قىلماقىغە مۇقەييەد بولغانى**

كى دەرۋىشلەر ئاڭلاڭىز ئېمدى راز،
كەلىپ باشىمە ۋاقىئە جان گۇداز.
قازارا كىرىپ راھغە بىرسەھەر،
كى پەدرۇد ئەيلەپ قىلىپ مەن سەفەر.
قالىپ ئاندا ھەمشىرە ھەسرەت بىلە،
نە ھەسرەت دۇرۇر داغى فۇرقەت بىلە.
تاپىپ شەخسىنى ساھىبى ئىئتىماد،
ئاڭا تاپشۇرۇپ ئەيلەدىم خەيرى باد.
كى تەفۋىز ئىتىپ بارچە مالۇ ماتائ،
يارانلار بىلە ئەيلەدىم ئەلۋىدائ.
كى تەنها ئۆزۈم يولغا بولدۇم راۋان،
قالىپ ئارقەدە ئول سۈرۈك كارۋان.
قىلىپ تەي مەنازىل مەراھىل تامام،
كى سۈرئەت بىلە ئەيلەدىم ئىزدىھام.
شەھەرگە يەقىن بولدى كامىم مەنىڭ،
كى بۇي ئالدى ئاندىن مەشامىم مەنىڭ.
شەھەرگە كىرىشكە قىلىپ ئىزتىراب،
ۋاخا قىلمادى كۈن كىرىپ ئافتاب.
كەلىپ مەن كەچە شەھەر ئەترافىغە،
قاراپ قەلئەنىڭ بارچە ئەكنافىغە.

جاھان كەچە ئايدىن مۇنەۋۋەر ئىدى،
چۇخەندەق لەبى بىزگە مەنزەر ئىدى.
تۇرۇپ مۇنتەزىر ئەيلەبان ھەقنى ياد،
قاچانكىم بۇ دەرۋازەئى بولغاي كۇشاد.
شەھەرگە كىرەي ھەمەدىن ئىلگەرى،
مەقام ئەيلەيىن ياخشى بىر مەنزەرى.
بۇ ئەندىشەدە ئولتۇرۇپ غەم بىلە،
ئاتام يادىدا بەلكى ماتەم بىلە.
كۆزۈم تۈشتى ناگاھ سەفىل باشىغە،
بىراۋ بىر نىمە تاشلادى تاشىغە.
كى قىلماي تەۋەققۇف يانىپ كەتتى ئول،
كى دەھشەت بىلە ئاندا بولدۇم مەلۇل.
خىيال ئەيلەدىم ئوغرىنىڭ مالىدۇر،
يانىپ كەتتى ئول، بىزگە يول خالىدۇر.
تۇرۇپ بىر زامانى تەھەممۇل قىلىپ،
قەدەم① باستىم ئول يان تەۋەككۇل قىلىپ.
چۇ خەندەق سىراتىدىن ئەيلەپ مۇرۇر،
كۆڭۈل ئاغدى ھەم بەلكى سالدى تومۇر.
كى ئاھستەلىك بىرلە باردىم يەقىن،
كىشى كۆرمەگەي دىپ قىلىپ مەن كەمىن.

① ئەسلى تېكستتە «قەدىم» يېزىلغان. «قەدەم» گە ئۆزگەرتىلدى.

نه كۆردۇم كى ساندۇق ئىرۇر ئۆزگەچە،
خۇدا بەردى بىزگە يولۇقتى كەچە.
يەنە ئەيلەدىم كۆڭلۇم ئىچرە خىيال،
تەخى هەم قىلاي مۇندا بىردەم هەيال.
مۇباداكى ئوغرى يەتىپ كەلسەلەر،
فەقىرنى بۇيەردە ئەگەر بىلسەلەر.
بۇلار يەتكۇرۇرلەر فەقىرغە زىيان،
ئۆزۇمنى قىلاي مۇندا بىردەم نىهان.
تەۋەققۇف بىلە ئولتۇرۇپ ئىكى پاس،
سەفىل باشىغە چىقمادى هېچ ناس.
دىدىم بۇ نەسىبە ماڭامۇ ئىكىن،
خۇدا بىزگە قىلغان ئەتامۇ ئىكىن.
سەبەب بىرلە هەق بىزنى ئەيلەپ غەنى،
كى قىلسە تاڭ ئىرمەس ئاتامدىك مەنى.
كۆتەردىم ئۇچامغە بۇ ساندۇقنى،
زىيادە ئەيلەگەن زوۋق ئىلە شوۋقنى.
كى لاهۇلە ئوقۇپ مەن كەلىپ جايىمە،
خىيال ئەيلەدىم كى كۆرەي بۇ نىمە.
كى بۇ دۇرج ئاغزىن قىلىپ مەن كۇشاد،
تەۋەككۇل قىلىپ ئەيلەبان هەقنى ياد.
بۇ نەقدىنەدۇر دىيىپ كۆڭۇل بولدى خوش،
كى ئاقتارغالى ئانى قىلدىم خۇرۇش.
بىناگاه كۆزۇم تۇشتى بىر ماهغە،
فىدا جانىم ئول ماهى دىلخۋاهغە.
كى مەدهۇش ياتىپ ئاندا شىرىن سەنەم،
چۇ بىر زالىمىدىن يەتىپدۇر ستەم.
كى سۇنبۇل ساچى، قەددى ئەرئەرمىسال،
نە ئەرئەركى سەرۋى سەنەۋبەر مىسال.
ئۇزارى ئانىڭ كىم قىزىل گۇل كەبى،
كىشى كۆرسە بولغاي ئاڭا قۇل كەبى.
ئانىڭ سۇنبۇلىدىن كەلۇرجان ئىسى،
كەلۇر لەئلىدىن بەلكى ئىمان ئىسى.
ئانىڭ تيرى ئىشقى تەگىپ جانىمە،
فەلەك يىغلادى ئاه ئەفغانىمە.
كى مەجرۇهدۇر هۇشىدىن يوق خەبەر،
بولۇپ ئاغۇشتەئى قانغە ئول سىمبەر.

قىلىپ زۇلف مۇشكىنلارى پىچۇتاب،
يانىپ تەلئەتى گويىيا ئافتاب.
گۇمان ئەيلەدىم كى بولۇپدۇر هالاك،
كى ئاهى چەكىپ هەر زامان دەرد ناك.
ئەزىز دوستلار يار دەرۋىشلار،
باشىدىن ئۆتۇپ نەچە رەڭ ئىشلار.
كى يىغلاپ باشىدا تۇرۇپ ئىنتىزار،
قاراپ يۈزىگە يىغلادىم زار - زار.
ياغىپ ئەشك گۇل ئوزرە شەبنەم كەبى،
ياتىپ سەرۋ قەد سەبزە خۇررەم كەبى.
دىدىم: ئاه كىم كۆرمەسەم كاشكى،
كى ئىشق ئوتىدا ئۆلمەسەم كاشكى.
هەزىن ئۇن بىلە يىغلادىم ئولتۇرۇپ،
كى بۇ دۇرجىغە خەستە باشىنى ئۇرۇپ.
بىناگاه سەهەر ۋەقتى كەلدى نەسىم،
كەلىپ هۇشىغە زۇلفى ئەنبەر شەمىم.
قاراپ كۆردى مەن خەستەنى ئول سەنەم،
دىدى: ئەي جافا پىشە قىلدىڭ ستەم.
نە قىلدىم ساڭا ئەي خۇدا بى خەبەر،
ئەزىز جانغە مۇنداغ قىلۇر سىن هەزەر.
ۋافا ئەيلەگەننىڭ جازاسى مۇدۇر،
كى بى مېهرىلارنىڭ بالاسى مۇدۇر.
نە ئىشغە قىلىپ سىن بۇ ياڭلىغ مەنى،
تاڭ ئىرمەس خۇدا قىلسە مەندەك سەنى.
ئەجەب نامۇۋافىق ستەمكار سىن،
كى نامەرد زالىم دىل ئازار سىن.
كى تۇز ساقلاماي بى ۋەفا كۆرنەمەك،
كى نازۇك بەدەننى قىلىپ سىن شەبەك.
قىلىپ ئۇشبۇ سۆزنى ئاهى سەرد ئەيلەدى،
قىزىل يۈزنى هەسرەتدە زەرد ئەيلەدى.
بۇ سۆزدىن كۆڭۇل بولدى هەيران بەسى،
چەكىپ ئولزامان نالە ئەفغان بەسى.
بۇ سۆزدىن ئىچىمگە تۇشۇپ ئىزتىراب،
كى ساندۇق باشىدا ئۇرۇپ خىتاب.
دىدىم: ئەي نىگارا نە هەددىم بولۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ياشلىغ جافا ھۆرگە كىم قىلۇر.
بۇ خۇنرىزلىق نامۇسۇلمان ئىشى،
ئېمەس بۇ ئالەم ئەھلى ئىمان ئىشى.
كۆرۈپ بۇ ياشلىغ سەنى بى ھوزۇر،
بۇ رەڭ كۆرگەچە كۆزلەرىم بولسە كۆر.
ئايادىلبەرى يارى سەرۋى سەمەن،
مەنىڭ كى ۋۇجۇدۇم دىيارى يەمەن.
مەنى كەلتۈرۈپ مۇندا تەقدىرى ھەق،
قىلىپ ئاھ ئىشق ئەھلىگە ھەم سەبەق.
جاھان ئافەتى يارى شىرىن زەبان،
بۇ بىچارەگە قىل ئۆزۈڭنى ئايان.
ئەزىز پەيكەرىڭ قايسى گۈلشەن گۈلى،
شەرەف زاتىڭىز قاي چەمەن بۇلبۇلى.
بۇ ياشلىغ ستەم قايسى زالىم قىلۇر،
كىشىگە بۇ ياشلىغ جافامۇ بولۇر.
كى ئەسرارىڭىز ئەيلەڭىز ئاشكار،
دېبان يىغلادىم ئالدىدا زار - زار.
مەنىڭ سۆزلەرىمنى ئىشىتتى سەنەم،
تۆكۈپ ئەشكىنى ئەرزىن قىلدى ھەم.
دىدى: ئەي جەۋانمەرد ئازادەگان،
خۇدا ھەققىدە مەنى قىلغىل نىھان.
كى تۇفراق ئارا قىل سپارىش مەنى،
جاھان ئەھلىگە قىلمە سەزدىش مەنى.
كىشىگە داغى ئۇرماغىل ھىچ دەم،
كى رەھىم ئەيلەبان بىزگە قىلغىل كەرەم.
كۆڭۈلدىن چىقارغىل مەنى ئۇلزامان،
كى تاپىغىل بالادىن ئۆزۈڭ ھەم ئامان.
بۇ سۆزنى دىدى باز بولدى خامۇش،
كى ئول زەخمىلەر زور ئىتىپ كەتتى ھۇش.
تۇرۇپمەن زامانى تەھەييۇر قىلىپ،
سەرانجامىغە كۆپ تەفەككۇر قىلىپ.
كى دەرماندەلىكدە بولۇپمەن مەلال،
كۆڭۈل شاھىغە يەتتى ئۇشبۇ خىيال.
بۇ نەقدىنەنى تاشلاغان خوب ئېمەس،
كى ئاشىقغە بۇ كار مەرغوب ئېمەس.
چۇ ئاشىق. كەرەك بولسا سابىت قەدەم،
فىدا ئەيلەسە يارغە جانىنى ھەم.
كى ئول زەخمىلەرغە ئىلاج ئەيلەيىن،
ساقايسە ئانى باشقە تاج ئەيلەيىن.
كى ئاخىر ئۆزۈمگە دىدىم مەسلەھەت،
كى ئىشق ئەھلى ئىچرە بولاي يەكجەھەت.
تاپاي بۇ سەنەمگە ۋافادارلىق،
ئەقدە بىلە ئەيلەيىن يارلىق.
خۇداغە تەۋەككۇل قىلىپ ئول سەھەر،
تۇرۇپ ئىردىم ئەمما كۆرۈندى شەھەر.
چۇ مەركەبكە يۈكلەپ ئۇشۇل دۇرجىنى،
قاراپ تۇردۇم ئەمما تاپىپ بۇرجىنى.
ئاچىپ قۇفل دەرۋازە بولدى كۇشاد،
كى ئول ۋەقت قىلدىم ئادا بامداد.
تەۋەككۇل بىلە يولغا قويدۇم قەدەم،
ئانىڭ ئىشقى تۇغيان قىلىپ دەمبەدەم.
كەلىپ رۇستايى شەھەرگە ھەمە،
بولارغە قوشۇلدۇم دىمەي ھىچ نىمە.
كىرىپ مەن شەھەرگە بولۇپ بىقارار،
كى بىر جايدا بولمادىم پايدار.
كى بىلمەس ئىدىم ھىچ بىر جاينى،
قوياي ئېمدى قايدا سەمەن ساينى.
خۇداغە قىلىپ مەن مۇناجاتنى،
كى بازاردا ماڭدۇرۇپ ئاتنى.
كۆزۈمگە كۆرۈندى كارۋان ساراي،
ئانىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ نەچە باي.
دىدىم: شۇكر ئەي خالىق زۇلجەلال،
مەنى ئېمدى يارەب پەناھىڭغە ئال.
كەلىپ تۇردۇم ئاندا ئاچىلدى ئىشىك،
كىربان - چىقىبان ھەمە چوڭ - كىچىك.
فەقىر ھەم كىرىپ تۇتتۇم ئول خانەنى،
قويۇپ ئاندا ساندۇقدا دۇردانەنى.
بەرىپ مەن سارايبانغە بىر مۇشت زەر،
نىمە كەلتۈرۈڭ لازىمە ئەي پەدەر.
ئۇلاغقە ئەلەف، بىزگە شىرىن تائام،

مۇھەيیا قىلىڭ ئانچە لازىم تامام.
سالىپ ئاندا شاھانە ياخشى بىسات،
كى سەرۋى سەمەن ئاندا قىلغاي نىشات.
قىلىپ ئىچرەنى تۇرفە ئاراستە،
كى ئالتۇن، كۈمۈش بىرلە پىراستە.
بولۇپ جەمئ خاتىرى تاپىپ چۈن ئامان،
پەرىۋەشنى ساندۇقدىن ئالدىم راۋان.
چۇ بالىن ئۈزە ياتقۇزۇپ ماھنى،
تولا گىريە قىلدىم چېكىپ ئاھنى.
تەخى كەلمەدى ھۇشىغە سىمبەر،
كى جەرراھ ئىستەپ چىقىپ مەن بەدەر.
گۈزەرلەردە مەن ئەيلەدىم سەر ھىساب،
يۈرۈپمەن ھەكىمنى ئىستەپ سوراپ.
كۆزۈمگە نامايان بولۇپ بىر دۇكان،
ئىشىتتىم ئاندىن سەدايى ھەيۋان.
بىناگاھ بارىپ ئاندا سالدىم نەزەر،
سەلايە قىلۇر دارۇنى نەچچە ئىبر.
كۆرۈپمەن كى مەردكەلان ئولتۇرۇپ،
كەسەللەرگە قىلغاي داۋا قول ئۇرۇپ.
تەلەمىۇزلارى خىزمەتىدە مۇقىم،
تۇرۇپ ئول ھەكىم ئالدىدا مۇستەقىم.
چىراكىم بۇ ھىكمەتدە ھازىق ئىدى،
داۋاسى كەسەللەرگە سادىق ئىدى.
سەلاھەت بىلە ئولتۇرۇپ ئول تەبىب،
بارىپ ئالدىغە يالبارىپ سارغارىپ.
ئەدەب بىرلە ئالدىدا قىلدىم سالام،
جەۋابىن بەرىپ سوردى مەندىن كەلام.
دىدىكىم ئوغۇل نەدۇرۇر ھاجەتىڭ،
بايان ئەيلەگىل بارمۇدۇر ئىللەتىڭ.
دىدىم:① ئەي ھەكىم ساھىب ئىئتەمىد،
كى دەرگاھىغە كەلدىم ئەيلەپ ئۈمىد.
مۇسافىر ئۆزۈم شەھرىڭىزدە غەرىب،
كى لازىم بولۇب بىزگە سادىق تەبىب.
غەرىبلىق دىيارىدا قاتتى باشىم،
ۋە ساقىمدا باردۇر بىر ئاغرىق كىشىم.
چىقىپ مۇندا كەلمەككە يوقتۇر ئىلاج،
جەراھەت بىلە بولدى نازۇك مىزاج.
مەنىڭ مەقسىدىم ئاندا سىز بارساڭىز،
ئول ئاغرىق كىشىگە داۋا قىلساڭىز.
ئۈمىد ئولكى بولغاي ساڭا كۆب ساۋاب،
يەنە مۇزدىغە زەر بەرەي بى ھىساب.
دىدى ئول ھەكىم باشلاغىل كىم باراي،
كى بىمار ئەھۋالىنى مەن كۆرەي.
تەرەھھۇم قىلىپ بولدى يولغە راۋان،
كەلىپ كۆردى بىمارنى ئول زامان.
كۆرۈپ ئول تەبىب ماھنى زەخمناك،
گۇمان قىلدى ئول رەنج قىلمىش ھالاك.
تەفەككۇر قىلىپ بىر زامان ئول تەبىب،
كەتىپ ئۆزدىن باز ئۆزگە كەلىپ.
دەمىنى چىقارماي بولۇپ دەرغەزەب،
بەنا گوشىمە بەردى قاتىغ ئەدەب.
كى قۇۋۋەت بىلە ئۇردى ئول سىللىنى،
كى زەربى بىلە ئىششىتىپ شىللىنى.
ئەجەب زەخمناك ئەيلەدى غەم مەنى،
تىلىن ئاچتى ئول قىلدى مۇلزەم مەنى.
سىياسەت بىلە ئول دىدى نەچە سۆز،
ئاچىپ ئاغزىنى سۆزگە ئول يۇمدى كۆز.
دىبان بۇ نە ئىش بىۋەفا سەنگدىل،
تەئدى قىلىپ بىزنى قىلدى خىجىل.
رەۋامۇ بۇ ياڭلىغ قىلىپ سىن ئانى،
مۇنى ھەيف ئىتىپ كەلتۇرۇپسەن مەنى.
نە ئىشقە مۇنى ئەيلەدىڭ زەخمناك،
بۇ جان راھەتىنى قىلىپ سىن ھالاك.
ئەجەب بىۋەفا تاش بەغىر مەرد سىن،
جاھان ئىچرە بى مىھر بى دەرد سىن.
كى ئىنسافنى قىلمادىڭىز شىئار،
چۇ ياد ئەتمەدىڭ زات پەرۋەردىگار.
بۇ سەرۋى سەمەنگە قىلىپ سىن ئەلەم،

① ئەسلى تېكىستتە «دىدى» يېزىلغان. «دىدىم» غا ئۆزگەرتىلدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇپ سىن ئاكا بەلكى تىغى ستەم.
بۇ ياكلىغ سەنەمدىن چىقارغۇنچە قان،
فىدا ئەيلەسەك ياخشىراق ئىردى جان.
ئىشتتىم بۇ سۆزنى كى ئول پىر،دىن
ئۇمىدىم ئۈزۈلدى بۇ تەقدىردىن
گۇمان ئەيلەدىم كەتتى قولدىن ئول ئاي،
كى جايىم بولۇر ئىمدى ماتەم ساراي.
تاتۇپىدۇر بۇ دىلبەرنى كۆرگەن زامان،
مەنى ئولتۇرۇپ ئالغۇسى ئىمدى جان.
يىقىلدىم ئاياغىغە باشىم قويۇپ،
ئاكا يالبارىپ كۆز ياشىم قۇيۇپ.
دىدىم ئەي ھۆكما نە ھەددىم بولۇر،
كى ئاجىز نە مۇنداغ جافانى قىلۇر.
گۇمان قىلماڭىز مەن ئىمەس قاتىلى،
بۇ رەڭ ئەيلەمىش ئانى بىر جاھىلى.
قەسەم ئول خۇداغە سۆزۈمدۇر سەرىھ،
مۇنىڭ جىسمىنى قىلمادىم مەن جەرىھ.
كى سۆز ئاڭلاغىل قىلمە بىزگە غەزەب،
بەرىپ سىن ماڭا ئەسلى سورماي ئەدەب.
بولۇپ بىزگە مۇۋۇلۇد شەھەرى يەمەن،
كى ھەمشىرەدۇر بىزگە ئول زەخمى تەن.
ھىكايات بۇدۇر ئاڭلاڭىز ئەي ھەكىم،
نە ئىشلار كەلىپ باشىغە بولدۇق يىتىم.
زىيارەتكە نىيەت قىلىپ ئەقرەبا،
كىم ئەۋلاد بىرلە ئاتا ۋە ئانا.
كى بەيتولمۇقەددەس تاۋافى ئۈچۈن،
ھەمە جۇرم ئىسيان مەئافى ئۈچۈن.
چىقىپ يولغە بىر مەنزىل ئولدۇق راۋان،
قاراڭغۇ تۈشۈپ مىھر بولدى نىھان.
كەمىن كەزا تۇرغان ئىكىن راھى زەن،
كەلىپ تەگدى ئولتۇردى ئول گەردە زەن.
ھەرامى قولىدا كەتىپ بارچە ئىل،
ئالىپ مالنى كەتتى بولمادى ھەيەل.
قاچىپ مەن ياقاغە تۇرۇپ مەنى ماراپ،
ئانىڭ ئىشلارىگە يىراقدىن قاراب.

ئۇلار قويمادى ھىچ كىمنى تىرىك،
كى يەئجۇج خەيلىغە بولدى شىرىك.
چۇ غارەت قىلىپ مالۇ ئەمۋالنى،
ئوغۇرلۇق بىلە تويغۇزۇپ گالنى.
يانىپ كەتتى ئاندىن ھەمە بەدىسكال،
قىلىپ گىريە ھەردەم بولۇپمەن مەلال.
كەلىپ مۇردەلارنى كۆرۈپ يىغلادىم،
قىلۇرغە ئىلاجىم نە مەن بىلمەدىم.
بۇ ھەمشىرەمىز ياتقۇسى قان بىلە،
ھەمە مۇردەبى جان بۇ جان بىلە.
چۇ مەئلۇم ئۆلۈپدۇر نەفەسدىن رەفىق،
تىرىك ساقلابان لۇتف ئاتىپ بەردى ھەق.
ئادا ئەيلەدىم ھەققە ھەمدۇ سەنا،
قىلىپ مەن تەخى شۈكر بى مۇنتەھا.
باشىنى تىزىمدا قويۇپ يىغلادىم،
بۇ گۈلچېھرەدىن قان زار يىغلادىم.
بىناگاھ كۆزنى ئاچىپ كۆردى ئول،
تانۇپ ئول دىدى ئىمدى ئاگاھ بول.
كى ۋەقتى ئىمەس گىريە ۋە زارنىڭ،
ئىلاجىنى قىل ئىمدى بىچارەنىڭ.
بۇ سۆزنى دىدى يەتتى بىھۇشلۇق،
كەتىپ ئەقلى، كەلدى فەرامۇشلۇق.
چۇ ساندۇقغە سالدىم ئانى دەرمەھەل،
كىرىپ دەرمەھەل يولغە بولماي ھەيەل.
ئانى بىر ئۇلاغ ئۈزرە بار ئەيلەدىم،
كى مەركەبنى ھايداپ قارار ئەيلەدىم.
مۇنى كەلتۈرۈپ مۇندا سىرئەت بىلە،
تۈشۈردۈم ساراي ئىچرە ھەسرەت بىلە.
نە بولغاي داۋا ئەيلەسەك ئەي ئەزىز،
مۇسافىر غەرىب زار بىچارە بىز.
چۇ ئول مەرد جەرراھ تەسكىن تاپىپ،
تەرەققۇق قىلىپ ئاندا تەمكىن تاپىپ.
دىدىم: ئەي ئاتا، ئەيلەگىل بىر سەبەب،
يوق ئۇلسە ئول ئايدىن بۇرەنج تەئەب.
تولا زەر بەرىپ سىزنى رازى قىلاي،

کی رازی قلىبان دوُئاڭىز ئالاي.
ئەتا ئەيلەگەي تەڭرى ئەجرى ئەزىم،
کی تەۋەققۇف ئەيلەگەي موُستەقىم.
دىدى ئول هەکىم ئاڭلاغىل ئەي جەۋان،
بوُ هەمشىرەڭىز ياتغوُسى نىسف جان.
کىشى قول ئوُروُپدوُر بوُ بىچارەغە،
شەرىك قانىغە بەلكى ئازارەغە.
بوُ سۆزنى قىلىپ ئارقەسىغە يانىپ،
سارايدىن چىقىپ كەتتى ئول ئايلانىپ.
ماڭا يۈزلەنىپ ئولزامان كۆهى غەم،
تۆكۈپ ئەشكنى ئەيلەدىم كۆزنى نەم.
كى مەجروه يارىمغە يىغلار ئىدىم،
فۇتىنى كۆزۈمدە قىچىغلار ئىدىم.
كۆڭۈل هەر زامان ئەيلەدى ئىزتىراب،
ئوُروُپ ئىشق ئوُتى ئىچرە كۆب پىچوُتاب.
كى جەرراه ئالدىغە باردىم يەنە،
تەزەررۇئ بىلە گىريە قىلدىم يەنە.
كەلوُر شايەد ئانىڭ ماڭا رەهمەسى،
شىفا تاپغوُسى ناتەۋان زەخمەسى.
چوُ بازار ئارا باز قىلدىم گوُزەر،
چوُ ئاندا سالىپ هەر تەرەفكە نەزەر.
باروُر ئىردىم ئەمما تەفەككوُر بىلە،
ئىلاجىمنى بىلمەي تەهەييوُر بىلە.
بىناگاه بىراۋ يوُلدا قىلدى سالام،
خەرىدار مەتائلارنى ئالىڭ تامام.
كى ئوُشبوُ ئامانەت سالامەت دۇروُر،
سالامەت ئالىڭ بى خىيانەت دوُروُر.
يەتىپ كەلدى ئول ۋەقت مالوُ مىنال،
ئىبەردى تەرەههوُم قىلىپ زوُلجەلال.
سارايغە تۈشۈردى كەلىپ مالنى،
كى مەندىن سوراپ هالوُ ئەهۋالنى.
بولوُپدوُر شىكەستە كۆڭۈل شادمان،
قىلىپ شۈكر بىر موُنچە غەمدىن ئامان.
بوُ نەقدىنەلەرنى سەرانجام ئىتىپ،
باشىدىن نىسار دىل ئارام ئىتىپ.
هەكىم ئالىغە ئەيلەدىم ئىنتىقال،
بارىپ ئەيلەدىم ئالىغە ئەرزوُ هال.
ئايا پىر دانا قىل هاجەت راۋا،
تەرەههوُم قىلىپ خەستەغە قىل داۋا.
ئۈمىد ئەيلەبان كەلدىم ئالىڭغە مەن،
قىلىپ بىزنى نائۈمىد ياندوُرمە سىن.
شىفا تاپسە ئول خەستە بىهەد جاۋاب،
داغى موُزدىغە زەر بەرەي بى هىساب.
مەتائ قوماشىمنى بارىپ كۆرۈڭ،
ئالىڭ موُزدىنى خەستەغە قول ئوُروُڭ.
ئۈمىد ئولكى تاپقاي شىفا ئول پەرى،
كى جانوُ جاهانىم كۆزۈم گۆۋهەرى.
هەكىم ئاڭلادى سۆزنى بولدى راۋان،
ئانى كەلتۈرۈپ دەرمەهەل مىزبان.
زىيافەت بىلە ئانى مىهمان ئىتىپ،
كى سوۋغات ئىلە ئاڭا ئىهسان ئىتىپ.
كۆرۈپ مالنى خاتىرى بولدى شاد،
ياساپ خەستەغە نەچە تۈرلۈك زەماد.
دىدى: ئەي ئوغوُل كەلتۈرۈڭ بىر قازان،
قوُيوُڭ ئول قازان ئىچرە ئاب راۋان.
قىلىڭ كەرەم ئول ئابنى دەرمەهەل،
بولوُڭ تىز توند بوُلماي ئەسلەن هەيەل.
كى ئول خەستەنىڭ رەنجىدىن باررەمەق،
هايات ئەيلەسە تاڭ ئىمەس ئانى هەق.
موُهەييا قىلىپ بوُيروُغىن ئولزامان،
ئاڭا يالبارىپ بولدى ئەشكىم راۋان.
ئىلاج ئىتكەلى ئەيلەدى جوُستوُجوُ،
جەراهەتلەرنى قىلىپ شوُستوُشوُ.
زەرافەت بىلە قىلدى ئانداغ ئەمەل،
سىههەتكە موُبەددەل بولوُپ ئول كىسەل.
چوُ زەخىملەرى قانىنى پاك ئىتىپ،
يارا تىككەلى بەلكى ئىدراك ئىتىپ.
كى مەرهەم ياساپ قويدى ياراگە،
داۋا ئەيلەدى خەستە بىچارەگە.
يەنە سەفتى ئەئزاسىغە موُشك يىد،
كى هوُشىغە كەلمەكنى ئەيلەپ ئۈمىد.

www.uyghurkitap.com

دىدى: ئەي يىگىت ئىمدى ھۇشيار بول،
كى بۇ زەخىملەردىن خەبەردار بول.
كى سائەت ـ سائەت ساچىلىڭ مۇشكناب،
كى ھەلقۇمىغە تامىزىلىڭ ھەم گۇلاب،
ئۆزۈم ھەم كېلەي ھەر كۈنى ئىكى يول،
مەدەد قىلىسە تاڭ يوق خۇدا ۋە رەسۇل.
دىدى كەتتى، قالدىم ئول ئاي قاشىدا،
كى پەرۋانە دېك ئۆيرۈلۈپ باشىدا.
تۆكۈپ ئەشك ھەردەم قىلىپ ئىلتىجا،
مۇناجات ئەيلەپ قىلىبان دۇئا.
تەۋەججۇھ قىلىپ باشىدا تەلمۈرۈپ،
زىيادە بولۇر ئىشقى ھەردەم كۆرۈپ.
سەھەرلەردە يىغلار ئىدىم زار ـ زار،
بولۇپ چەشمىلەر مىسال ئەبرى باھار.
كەلىپ ئىكى يول ھەر كۈنى ئول ھەكىم،
كى مەرھەم قويار ئېردى بى ۋەھىم بىم.
چۇ ئون كۈن ئۆتۈپ ھۇشىغە كەلدى ئاي،
ئاچىپ كۆزىنى كۆردى ياخشى ساراي.
ماڭا ئەيلەدى ئول سەنەم بىر نىگاھ،
تەبەسسۇم قىلىپ ناتەۋان چەكتى ئاھ.
كى بىر ئىشق بىزگە بولۇپدۇر ھەزار،
كى بوغزۇم تۇتۇپ يىغلادىم زار ـ زار.
ماڭا ھەر زامان ئىشقى تۇغيان قىلىپ،
جۇنۇن كويىغە سالدى ھەيران قىلىپ.

ياقا چاك قىلماقنى ئەيلەپ ھەۋەس،
ماڭا نازىنىن خىزمەتى بولدى بەس.
كى زور ئەتتى ئىشق قالمادى تاقەتىم،
كى جان تاپتى مەھبۇبى جان ئافەتىم.
كۆرۈپ ئىزتىراپىمنى شىرىن زىھىن،
ماڭا لۇتف بىرلە قىلىپ ئول سۇخەن.
دىدى: سەبرقىل ئۇرماغىل ھىچ دەم،
تاپىپ مەن سىھھەت سىزگە ئىمدى نەغەم.
قىلۇر ئېردى دىلدارلىق ئول پەرى،
جاھان شاھى مەھبۇبلار دىلبەرى.
يۈزۈمنى ئاياغىغە سۈرتەر ئىدىم،
كى مىژگان بىلە جارۇب ئەيلەر ئىدىم.
كى جەرراھغە سەمۇزەر ئىلتىفات،
قىلىپ مەن قوماشى بەرىپ نەچە قات.
تامام بولدى دۇنيا خىراجەت ئىتىپ،
باقىپ قالدىم ئاندىن مۇناجات ئىتىپ.
ياتىپ دىلبەرىم قىلدى فەرمان ماڭا،
تەكەللۇم بىلە لۇتف ئىھسان ماڭا.
كى تەييار ئىتىلىڭ بىر غىزائى لەتىف.
بولۇپ جىسمىم ئاچلىقدا بىھەد زەئىف.
قىلىپ شۈكرى ھەقغە چىقىپ دەرمەھەل،
كى ئاشفەزگە بۇيرۇپ غىزائى كىسەل.
چۇ مەي زەرفىنى ساقى ئامادە تۇت،
ئانى سىقاراي ياندۇرۇپ يانە تۇت.

**خۋاجە زادە يەمەنىگە ئول پەرىۋەش غىزائى لەتىف بۇيرۇغانىدا، دەرەم يوقلۇقىدىن خىجالەت باشىنى يەرگە سالىپ تۇرغانىدا، ئول مەھۋەش فەھم قىلىپ، تەبەسسۇم بىرلە بىر رەقئە پۈتۈپ بىراۋگە ئىبەرگەنىدە، غۇلامىدىن دۇر جەۋاھىر ئىبەرگەنى**

ئانىڭ زەۋقىدىن تەرك ئېتەي سىمۇ زەر،
يەمەن تاجىرىدېك بولۇپ دەر بەدەر.
چۇ ناقىل بۇ نۇۋۇ سۆزنى تەھرىر ئېتەر،
خىرەد خەيلى سەمئىغە تەقرىر ئېتەر.
كى تەييار ئىتىپ نەچە تۈرلۈك غىزا،
ئانى كەلتۈرۈپ نۇش ئىتىپ دىلرەبا.
بۇ ياڭلىغ قىلىپ قىرق كۈن پەرۋەرىش،
قىلىپ تەربىيەت ئاقىبەت پۈتتى ئىش.
كى ئاگاھ بولۇڭ بارچە دەرۋىشلار،
فەلەك بىزگە نى ئىشنى قىلمىشلار.
بەدەن زەئىفدىن بولدى فارىغ تامام،
قوپۇپ ـ ئولتۇرۇپ ئەيلەدى ھەمە خىرام.
دىدى: ئەي ۋافادار جان ئۈلفەتى،
مۇھەييا قىلىڭ دەرمەھەل شەربەتى.

بولۇپ تەشنە مەن ئانى ئاشام ئىتەي،
فەراغەت تاپىپ دىلغە ئارام ئىتەي.
بۇفەرماننى ئاڭلاپ بولۇپمەن خىجىل،
خىجالەت ئارا بولدى پەژمۇردە دىل.
چىراكىم دەرەمدىن نىشان قالمادى،
دەرەم ئالغالى كارۋان قالمادى.
ئۇياتتىم دەرەم كىمسەدىن سورغالى،
مەجالىم يوق ئىردى كى دەم ئۇرغالى.
باشىمنى قويى سالىبان چەكتىم ئاھ،
چۇ تەڭلىكتە ھالىم بولۇپدۇر تەباھ.
كى فەھىم ئەتتى ھالىمنى مەھبۇبى جان،
تەبەسسۇم قىلىپ دىدىكىم ئەي فەلان.
نىدىن مۇنچە تەڭلىككە بولدۇڭ قەرىب،
كى دۇنيا ئۇچۇن غەم يىمە ئەي غەرىب.
ماڭا كەلتۇرۇڭ تىزرەك خامەنى،
كى تەييار ئىتەي مەن پۇتۇپ نامەنى.
قويۇپ جۇست خىزمەتگە قويدۇم قەدەم،
قىلىپ ئاندا ھازىر دۇۋەتۇ قەلەم.
ئالىپ ئىلكىگە خامەنى نازىنىن،
يازىپ ھەرف قىرتاسغە گۇل جەبىن.
دىدى: ئەي مۇسافىر يىگىت غەم يىمە،
بۇ خەتنى ئالىپ بار دىمەي ھىچ نىمە.
نىشان بەردى بازارغە قىل خۇرۇش،
كى چارسۇ باشىدا جەۋاھىر فۇرۇش.
ساقالى ئانىڭ مەسالى كافۇردۇر،
تەخى چىھرەسى ھەم ئانىڭ نۇردۇر.
ئانىڭدىن نىشان دىبان بەردى خەت،
بارىڭ ئالدىغە ئەسلەن قىلماي غەلەت.
چۇ ئول ھەرنىمەرسە بەرۇر قىل قەبۇل،
ئانى مۇندا كەلتۇر بولماي مەلۇل.
يۇگۇردۇم كى خىزمەت فەرمان تۇتۇپ،
داغى رەشكىدىن ھەر زامان قان يۇتۇپ.
كەلىپ مەنكى سۆرئەت بىلە ئالدىراپ،
نىشان بەرگەن ئادەمنى تاپتىم قاراپ.
كەلىپ ئالدىغە ئەيلەدىم ئەسسالام،
بەرىپ رەقئەنى ئاڭا قىلماي كەلام.
تۇرۇپ ئالدىدا كۆز تۇتۇپ تەلمۇرۇپ،
جەۋابىغە مۇھتاج ئولۇپ ئولتۇرۇپ.
ئوقۇپ كۆردى ئول رەقئەنى ئاقساقال،
سۇرۇپ كۆزگە ئول خەتنى بۇ پىرسال.
قوپۇپ دەرمەھەل تۇشتى دۇكانىدىن،
مەنى كۆردى بەھراق ئەزىز جانىدىن.
قولۇمنى تۇتۇپ باشلادى جايىغە،
ئالىپ كەلدى پاكىزە مەئۋايىغە.
كى تەكلىف ئىتىپ مىھمان خانەگە،
زىيافەت قىلىپ زار ھەيرانەگە.
ئۆزى ئىچگەرى كىردى ئول ئاقساقال،
كىرىپ ئاقساقال بولدى بىر دەم ھايال.
ئاڭا كۆز تۇتۇپ ئولتۇرۇپمەن مەلال،
بولۇپ رەشكىدىن ھەرنەفەس ئۆزگەھال.
زامانى ئۆتۇپ چىقتى جەۋھەر فۇرۇش،
كى ئالتۇن تاباق ئىچرە پۇر زەر كۇمۇش.
بۇلۇرى لەگەن ئىچرە دەربەر قىلىپ،
كى زەررىن ماتائ بىرلە چەنبەر قىلىپ.
غۇلام باشىدا قويۇپدۇر ئانى،
بۇ قۇل بىرلە ئولدەم① ئۇزاتتى مەنى.
دىدى: ئەي غۇلام بۇ يىگىت بىرلە بار،
قايان بارسە بار بولمە بى ئىختىيار.
.......................... داغى، ②
بۇ ئەسرارنى ئەيلە پىنھان داغى.
تولا ئۆزرى بىرلەمەنى ياندۇرۇپ،
فەقىر باشلادىم قۇلنى ئايلاندۇرۇپ.
كەلىپ ئول ساراي ئىچرە سىمەن بەدەن،
قاشىغە كىرىپ قويدۇم ئالتۇن لەگەن.
بۇ قۇل ياندى ئول داھدىن بى خەبەر،
دىدىم ئاقساقال كارىنى سەر بەسەر.

---

① ئەسلى تىكىستتە «ئۆلدۇم» يىزىلغان. «ئولدەم» قىلىپ تۈزىتىلدى.

② كۆپ چىكىت قويۇلغان ئورۇندىكى سۆزلەر ئۆچۈپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياقامنى تۇتۇپ يىغلادىم رەشكىدىن،
تولۇپ دامەنىم ئاھ كىم ئەشكىدىن.
بۇ غۇسسە مەنى ئاخىر ئەيلەر ھالاك،
بولۇر پەيكەرىم دەرد ئىلە زىر خاك.
كى بەختىم كەلىپدۇر مەنىڭ ۋاژگۇن،
قالىپ مەن فىراق ئىچرە تالىئ زەبۇن.
فەلەكدىن يەتىپ باشىمە ئۇشبۇ ھال،
كى بوھران جافاسىدا بولدۇم مەلال.
كۆتەردىم لەگەننى ئاغىر ئىبردى ئول،
سەنەم ئالدىدا قويغۇچە تالدى قول.
خىيالىمنى بىلدىكى ئول مەھۋەش،
دېدى: ئەي يىگىت قىلمە كۆڭلۈڭنى غەش.
كى ئىشق ئىچرە، سىن بەدگۇمان بولماغىل،
گۇمان بىرلە ئازۇردە جان بولماغىل.
كى ئاچقىل ئۇشۇل زەرف سەرپۇشىنى،
كۆرەي مەن ئىبەرگەن كۆڭۈل خوشىنى.
ئاچىپ ئالدىدا قويدۇم ئانى كۈشاد،
پەرىۋەش كۆرۈپ ئانچىنان بولدى شاد.
كى ئالتۇن كۈمۈش ئاندا بىھەد ئىكەن،
كى لەئلۇ جەۋاھىر، زۇمۇررۇد ئىكەن.
كۆرۈپ ئانى تەسكىن تاپىپ خاتىرىم،
ماڭا ئۆزرە دېپ مەھۋەش نادىرىم.
كۆڭۈلدە دېدىم بۇ ئۇلۇغ خاندان،
گۇمان ئەيلەدىم ئۇشبۇ فەرزەند جان.
كى بىر رەقئە ئىرسال ئېتىپ سىمبەر،
نىسار ئەتتى باشدىن كى بۇ سىمۇ زەر.
ماڭا دېدى ئول ئاي كى چىچەكدەك فىغان،
كى ئىشق ئىچرە سىن بولماغىل بەدگۇمان.
ماڭا سەرف ئېتىپ سىن ھەممە مالنى،
كى ھەققىمدە يولدۇك پەرۇ بالنى.
كى سەرمايەڭىز بىرگە بولدى نىسار،
ئانى ياندۇراي بىر دەرەمگە ھەزار.
مەنى خۇش قىلىپ ئەيلەدىڭ تەربىيەت،
كى ئاشىق ئولساڭ ئىمدى بول يەكجەھەت.
قەبۇل ئەيلەگىل مەسلەھەت ئەيلەسەم،
كى فەرمان تۇتۇڭ مەشۋەرەت ئەيلەسەم.
مۇھەييا قىلىڭ بىر تائامى لەزىز،
تەناۋۇل قىلىپ بولغايمىز باتەمىز.
قوپۇپ دەرمەھەل باردىم ئاشخانەگە،
ئالىپ مەن تائامنى جانانەگە.
ھەمە دارۇ دەرمان غىزايى لەتىف،
كى رۇۋغەن شىكەر بىرلە قىلغان رەغىف.
كى جانانەنىڭ ئالدىغە كەلتۈرۈپ،
قويۇپ ھۆكمى فەرمانىغە كۆز تۇتۇپ.
تەناۋۇل قىلىپ ئاشنى سىمەن بەدەن،
كى مەندىن بولۇپ شاد گۇل پىراھەن.
دېدى: ئەي فەلانى مۇھەببەت شىئار،
كى ئىشقىمدا سادىق ئىپسەڭ ئىمدى بار.
ماتاڭ نەفىس ئال كى خىلئەت ئۈچۈن،
ئانى ئال باھاسىغە قىممەت ئۈچۈن.
كى ئالغان ماتاڭ بولغاي ئىكى ئىگىن،
قويۇپ. تېز بار قالمە ئەسلەن كىيىن.
بۇ فاخىر لىباس سىزگە لازىم بولۇر،
بۇ جانانەڭىز ئىمدى خادىم بولۇر.
باشىمنى سالىپ ئولتۇرۇپمەن مەلال،
تۇشۇپ كۆڭلۈمە تۇرفە نازۇك خىيال.
دېرەڭ ئەيلەدىم ماھ فەرماننى،
مەلال ئەيلەدىم خوبلار خاننى.
تەكەللۇمغە تىل ئاچتى شىرىن زەبان،
سەنىڭ بۇ مەلالىڭ ئۆزۈڭگە زىيان.
مۇھەببەتنى دەئۋا قىلىپ سىن ئەجەب،
ساڭا نە ئىكىن مۇنچە رەنج تەئەب.
مەنىڭ دىگەنىمنى قىلىپ سىن خىلاف،
كى ئاشىقلىغىڭ بىزگە ئىرمىش گەزاف.
مۇھەببەتتە سادىق ئىپسەڭ ئەي فەتا،
مەنىڭ بۇيرۇغۇم ئەسلەن قىلمە خەتا.
كى ئەھدىمىز سىندۇردۇڭ ئەي نوۋجەۋان،
خىلاف ئەيلەدىڭ، ئىشقدىن ئىمدى يان.
قەسەم ئۇلكى قىلدىم ئۆزۈم جانىدىن،
كى چىقساڭ بۇ مەئشۇق فەرمانىدىن.

بۇ جان بىرله رەنجىده بولغۇم دۇرۇر،
ئەلەمناك سەنجىده بولغۇم دۇرۇر.
كى ئەمرىمنى قىلماڭ تەجاۋۇز يەنە،
بولۇر ئىشق ئېلىگە بۇ ئىشلار گۇنە.
يوق ئېرسە يوق ئولغاي سەزاۋارلىق،
ئېمەس يارلىق بەلكى ئەغيارلىق.
تاپالماي ئىلاجىمنى قىلدىم سۇكۇن،
تۇرۇپ يارنىڭ ئالدىدا سەرنىگۇن.
ئايامەھۋەشىم قىلمادىم مەن خىلاف،
بۇ سەھۋەنلىگىمنى قىلىڭ سىز مۇئاف.
نەھەددۇركى ئەمرىڭنى قىلسام دەگەر،
خىجالەتدە بۇ ئىش قىلىپ مەن مەگەر.
كى مەن تەلبەدە بارمۇ ئەقلۇ قىياس،
ئېمەس سىزگە لايىق بۇ قىممەت لىباس.
جەھەت بۇ ئىدى ئەيلەمەكلىك دىرەڭ،
نەدىن تەڭ قىلۇرسەن مەنى شوخ شەڭ.
باراي ئېمدى بازارغە فەرمان تۇتۇپ،
ئانى كەلتۇرەي هۆكمى جانان تۇتۇپ.
بارىپ تېز توند ئاندا بازارغە،
يولۇقتۇم كەلىپ نەچە ئەتتارغە.
كى قىممەت باهالىق ماتائى ئالىپ،
كى مەھۋەشنىڭ ئالدىدا قويدۇم كەلىپ.
قەبۇل ئەتمەدى بەئزەسى كەم باها،

ئانى ياندۇرۇپ بەردى ئول دىلرەبا.
باهاسى ئىگىز كەلتۇرۇپمەن لىباس،
ئالىپ ئەيلەدى ياخشىسىنى قىياس.
پىسەند ئەيلەدى ئىكى خىلئەتنى ئاي،
باهاسىنى بەردىم دىمەي ئاھۇ ۋاي.
مەنى بۇيرۇدى بارغىل هاممامغە،
كى قۇللۇق قىلىپ نىك گۇلفامغە.
سەرابغە بارىپ پاك ئەيلەپ بەدەن،
كەلىپ بەئدزان نەزد سەرۋ سەمەن.
ئەدەب بىرله تۇردۇم بولۇپ ئىنتىزار،
كى هىجران ئارا يىغلادىم زار زار.
بولۇپ شوۋق غالىب ماڭا هەر نەفەس
كى هۇجره بولۇپدۇر بەجايى قەفەس.
ماڭا مېهرەبانلىق قىلىپ ئول پەرى،
بەلىمنى يەشىپ ئولتۇرۇپ ئىلگەرى.
يەگىدە ئەرتتى كۆزۈم ياشىنى،
مەنىڭ هالىمە ئىرغاتىپ باشىنى.
تولا مېهرەبانلىق قىلىپ دىلرەبا،
تەرەھھۇم بىلە ئەيلەبان مەرھەبا.
بۇ ياڭلىغ قىلىپ لۇتف ئىلە مەرھەمەت،
مۇھەببەت ئارا بولدى ئول يەكجىهەت.
كەرەم قىل ماڭا راهنى پۇر دەير،
قىلاي زەۋقى بىرله بۇ ئالەمنى سەير.

**خۋاجەزادە يەمەنگە پەرۋەش دىل ئاسالىق ئەيلەپ، شەهەر مەھەلاتىدا بىر قەسىر خوش هەۋا بەيئ قىلىپ ئالماقغە فەرمان قىلغانى ۋە لىباس فاخىرە تەييار قىلدۇرماق ئۇچۇن سوۋداگەر بەچە تەرەفىگە ئىبەرگەنى**

تاپاي يار بەزمى ئۇچۇن بىر ۋەساق،
تۇتاي ئاندا مەھۋەشكە جامۇ ئاياق.
كى دەرۋىشلەر سۆزگە سامئ بولۇڭ،
رەفاقەت بىلە بىزگە تابئ بولۇڭ.
ئول ئاي مېهرەبان بولدى مەن بەندەسى،
تۇرۇپ ئالدىدا مەن سەرئەفكەندەسى.
خىيال ئەيلەدىمكى قىلاي جان فىدا،

ئۆلەي ئىشق ئىلە ئەزبىرايى خۇدا.
باشىمنى قىلىپ ئالدىدا پايمال،
تۇرۇپ يىغلابان ئەيلەدىم ئەرزۇهال.
بۇ جانىمنى ئىشقىڭدا قىلسام نىسار،
سەنىڭ يولىڭا تەننى قىلسام غۇبار.
كى هىجران ئارا قالمادى تاقەتىم،
ۋىسالىڭدا ئۆلسەم مەنىڭ هاجەتىم.

www.uyghurkitap.com



بۇ جاننى بەرىپ جان تاپاي ئۆزگەچە،
كى فۇرقەت ئارا قىينالىپ ئۆلگۈچە.
دېدى: سەبىر قىل، قىلماغىل ئىزتىراب،
كى ھەققىدەكى لۇتفىنى بى ھېساب.
ساڭا سۆز بۇدۇر ئەيلەگىل ئىتتىفاق،
كى جانۇدىلىڭ بىرلە سالغىل قۇلاق.
ئىشىت سۆزنى ئولدەم قەبۇل، ئەيلەگىل،
مەنىڭ بۇيرۇغۇمغە جەھۇل ئەيلەگىل.
خىيالىم بۇ كىم ئەي كۆزۈم رۇۋشەنى،
بەنا ئەيلەسەك ياخشى بىر مەئمەنى.
كى ئالغىل چىقىپ خانەئى مېھمان،
ئانى ئەيلە چۇن قەسرى نۇشىرۋان.
ئىمارەتنى قىل ئانچە ئاراستە،
كى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىرلە پىراستە.
خىراجەت قىلغىل تۈمەندىن تۈمەن،
داغى غەم يېمە چىقسە دۇرر سەمەن.
بىساتىنى قىلغىل مۇزەييەن داغى،
قىلىپ شىشە بىرلە مۇبەييەن داغى.
زەرافەت بىلە قىل ئانىڭ تەرھىنى،
سىزىبان بايان ئەيلەگىز شەرھىنى.
قوپۇپ تېزرەك ئەيلەگىل جۇستىجۇ،
تامام ئەيلەسەك ياخشىراق گۇفتىگۇ.
ئاڭا ئەرزۇ ھالىمنى تەقرىر ئېتىپ،
مەنىڭ سۆزلەرىم ئاڭا تەئسىر ئېتىپ.
كەرەكدۇر ماڭا ياخشى مېھمان ساراي،
نۇزۇل ئەيلەگەي ئول ساراي ئىچرە ئاي.
چۇفەرمان تۇتۇپ ئىشقە قويدۇم قەدەم،
كى ھىجران بەلاسىن چەكىپ دەمبەدەم.
تاپىپ مەن سوراپ مەرد تەرراھنى،
تاپىپ ئېردىم ئانداغكى جەرراھنى
كى ئول جاي بولسۇنكى قىممەت باھا،
ھەۋاسى ئانىڭ خۇش داغى دىلفەزا.
كى ئول مەرد تەرراھ ئاڭلاپ بۇ سۆز،
تەفەككۇر قىلىپ بىر زامان يۇمدى كۆز.
مەنى باشلادى بىر مەھەللات ئارا،
تاپىپ جايىنى بىر سۇرۇك يات ئارا.
ماڭا قەسرەنى كۆركۈزۈپ ئولزامان،
ئىچىگە كىرىپ ئەيلەدى مېھمان.
ھەمە تەرھىنى كۆردۈم ئاندا كىرىپ،
كى تەھرىر ئېتىپ كاغەز ئۈزرە سىزىپ.
دېدىم: بىزگە مائقۇل دۇرۇر بۇ ئىمار،
تەخى شەكلىنى كۆرگۈسى ئاندا يار.
دېدىم: شەكلىنى كۆركۈزەي ماھقە،
كى فەرمان تەئەللۇق ئېرۇر شاھقە.
كەلىپ يار ئالدىغە مەن دەرد مەند،
كۆرۈپ قەسر شەكلىنى قىلدى پەسەند.
باھاسى بۇدۇر قىممەتى بۇدۇرۇر،
ياساڭلار تەخى زىننەتى بۇدۇرۇر.
تەئيىن قىلىپ بارچە ئىشنى بەرى،
خىراجاتىغە بەردى سىمۇ زەرى.
كى ئول خانەگە ئىشلەدىم ئىكى ئاي،
چۇتەييار ئولۇپ مۇندا تۇشتى بىر ئاي.
تامام ئەتكۈچە ئىشنى ھەيران ئىدىم،
گۈل ئەندامدىن ئىراد گىريان ئىدىم.
تامام ئولدى مىمار ئىشى ئاقىبەت،
كى ئەرز ئەيلەمەكنى قىلىپ مەسلەھەت.
كەلىپ ئەرز ئېتىپ ماجەرۇۋەلۋاقىئە،
بۇ كەيۋان ئىشى بولدى چۇن رافىئە.
ئىمارەت باھاسى بولۇپ مىڭ تۈمەن،
ئادا ئەيلەدى ماھ سىمەن بەدەن.
چۇ بۇرقەئ ئىچىگە كىرىپ ماھدىك،
خىرام ئەتتى ئاندا ئۇلۇغ شاھدىك،
كىرىپ شەمئى فانۇس ئارا ئولزامان،
كى مېھمان ساراغە بولۇپدۇر راۋان.
سارايىبانغە بەخش ئەتتى دىنارلار،
تەئەججۇپ قىلىپ يارۇ ئەغيارلار.
تەئەللۇقنى ئالىپ خۇرۇج ئەيلەدۇك،
سارايدىن ئىمارەتكە كۆچ ئەيلەدۇك.
بارىپ ئاندا ئولدەم تاپتۇق قارار،
بولۇپمىز تۇشۇپ ئولتۇرۇپ پايدار.

ئول ئاي پەردەدىن ئۆزنى قىلدى جۇدا،
يۈرۈپ كۆردى مىئمار ئىشىن جابىجا،
ھەمە كارۇ بارىنى قىلدى پىسەند،
بولۇپ شادىمان ئەيلەدى خۇشخەند.
نۇزۇل ئەيلەدى ماھى تابان كەبى،
ئۆلۈك تەنگە كىرگەن ئەزىزجان كەبى.
دىدى: ئىمدى تەييار ئەتىڭ بىر لىباس،
كى شاھانە خىلئەتكە قىلغىل قىياس.
كى سەرۋى قەددىمنىڭ بولۇپ لايىقى،
ھەمە ياخشى خىلئەت بولۇپ فايىقى.
دىدىم: قەددىڭگە ھۇللىھاي بىھىشت،
ھەمە زىب ئايىن چۇ گۆۋھەر سىرىشت.
تاپىلسە ئەگەر دەھرى بازارىدا،
تاپاي جان بەرىپ قۇۋۋەتىم بارىدا.
دىدى: خايەنە بىر ساراي باردۇر،
كى لايىق لىباس ئاندا تەييادۇر.
سارايىنىڭ ئاتى قەيسەرىيە دۇرۇر،
كى شەھ ئەيلەگەن مەنزەرىيە دۇرۇر.
ساراي ئالىدا باردۇرۇر بىر دۇكان،
دۇكان ئۇزرە ئولتۇردى بىر نۇۋجەۋان.
لىباسىكى شاھانە ھاسىل دۇرۇر.
زەرافەت بىلە ئىشنى كامىل قىلۇر.
كى ئول نۇۋجەۋان پادىشاھ ئادەمى،
ھەمىشە رەفاقەت بىلە مەھرەمى،
دەۋامەت ئۇلۇغلارغە لايىق لىباس،
قىلۇر ھەر زامان ئول يىگىت ئىقتىباس.
ئەگەر ئاندا بارساڭ تاپىلغاي قەبا،
ساڭا ئەيلەگەي ئول داغى مەرھەبا.
ماڭا زوۋقى غالىب بولۇپ ئولزامان،
بولۇپ مەن نىشان ئەيلەگەنگە راۋان.
بارىپ قەيسەرىيە سارايىغە مەن،
دۇكانىنى كۆرۈپ مەن، تۇرۇپ ئانچە مەن.
ئاڭا ئىشلەتىپ زەر بىلە لاجۋەرد،
مۇزەييەن قىلىپ زەربىلە قىلدى زەرد.
كى زەربەفت كىمخاب ئەتلەس ھەمە،
ھەزاران ھەزاران تۈرلۈك نىمە.
بۇ ئالەمدە يوق ئەقمىشى باردۇر،
كى مالۇمىنال ئانچە ئىزھاردۇر.
فۇزۇل ئالدىدا ئەيلەدىم سەرھىساب،
كى رەئناجەۋانىنى كۆردۈم قاراپ.
ئۆزىگە بەرىپتۇر ئەجەب زىننەتى،
جاھان يارۇتۇر ماھدىك تەلئەتى.
دەمىدە قىلىپ سەبردە خەت لەب ئۇزە،
توشۇپ گىسۇسى جاھ غەبغەب ئۇزە.
نىگاھى بىلە قىلغاي ئالەمنى قەيد،
مەنى ئولزامان ھۆسن ئىلە قىلدى سەيد
ئۆتۈپ سالىدىن ئىكى ئون ئىكى يەل،
جاھان يارۇتۇپ شاب روشەن جەمىل.
جاھان ئەھلىدە ئانچە زىبا جامال،
كىشى كۆرمەس ئادەمى مۇنداق كامال.
چىقىپ ۋەزئىدىن ئانچە خۇشخۇيلۇق،
كى مەئلۇم بولۇر ئانچە دىلجۇيلۇق.
بارىپ ئالىغە بەلكى قىلدىم سالام،
جاۋابىن بەرىپ ئەيلەدى ئىھتىرام.
دىدىكىم كەلىڭ مەرھەبا ـ مەرھەبا،
كى تەشرىف ئىتىڭ خانەگەبى ئەبا.
تەۋازۇئ بىلە بىزنى تەكلىف ئىتىپ،
كى ئەسبابى مىھمان تەسنىف ئىتىپ.
ئۆزى ئولتۇردى سەندەل ئاچ ئۇزە،
كى دۇرج ئەيلەگەن دۇركەبى تاج ئۇزە.
كى بىر جايدا بىزگە بەردى نەشست،
قىلىپ مىزبانلىق ئۆزىن قىلدى پەست.
بولۇپ شۇكر ئەفشان كەلام ئەيلەدى،
سۇلۇكەت ئىشنى تامام ئەيلەدى.
ئەجەب مىھرەبانلىقنى ئىزھار ئىتىپ،
قىلىپ مىھمان بىزنى سەرشار ئىتىپ.
زىيافەت تەرىقىدا ھاتەم كەبى،
قىلىپ بەزل شاھانەئى جەم كەبى.
دىدى لۇتفى بىرلە مىرادىڭ نىدۇر،
كى بۇ بەندەگە ئىنقىيادىڭ نىدۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىي



بايان ئەيلەگىل دىلدەكى مۇددىئا،
قىلاي جان بىلە خىزمەتىڭنى ئادا.
دېدىم: ئەي جەۋانا سۆزۈم باردۇر،
ساڭا دەي ئانى، دىلدا ئەسرار دۇرۇر.
كى باردۇر ۋە ساق ئىچرە مەستۇرەمىز،
كى سوتۇرە ئىچرە نىھان بۇ مەزكورەمىز.
ئاڭا بىر قاتار بولسە ياخشى لىباس،
كى قىممەت باھا بولسە ھازەلقىياس.
ئانىڭ خىلئەتى بولسە قىممەت باھا،
باھاسىغە ئانىڭ بولۇر جان فىدا.
كى ھاجەت بۇدۇر ئىلتىماسىم بۇدۇر،
لىباس ئۆزرە قىلغان قىياسىم بۇدۇر.
مۇنى ئاڭلادى ئول يىگىت دەرمەھەل،
مۇھەييا قىلىپ سۆزنى تۇتماي سەھەل.
كى بىر خادەمىغە ئىشارەت قىلىپ،
مەنىڭ بىرلە ئولتۇرۇپ ئىشرەت قىلىپ.
چىقاردى كىرىپ بىر تاڭىق ئول غۇلام،
موئەتتەر قىلىپ ئۆيىنى ئول مۇشكىغام.
ئاچىپ بوغچەنى قويدى ئالدىمدا ئول،
كۆڭۈل خاھلاغاننى دېدى قىل قابۇل.
نەچە قىسىم خىلئەت قىلىپ جىلۋەگەر،
كى ئىلغاپ ئانى ئەيلەدىم مۇختەسەر.
لىباسىكى شاھانە قىممەت باھا،
ئانى ئەيلەدىم لايىقى دىلرەبا.
بۇ ئەجناسدىن ئانچە مەرغۇبدۇر،
ئالىپ مەن ئانى ھەممەدىن خوبدۇر.
يەنە ئەل دېدى: بۇيرۇغىل خىزمەتى،
قولۇمدىن كەلۇرچە قىلاي شەفقەتى.
دېدىم: ئايتغىل مالىڭ قىممەتىن،
قىلاي ئىمدى سودا ئىشىن بىيئتەيىن.
دېدى: قىممەتى بولدى ئوتتۇز تۈمەن،
بەرىپ مەن ساناپ كىم سىمۇ زەرنى①مەن.
غۇلامغە بەرىپ ئىككى ئۈچ ئەشرەفى،
كى ئالتۇن بىلە سۆرخ بولدى كەفى.

يەنە بۇ خەرىدلارنى پىنھان قىلىپ،
كۆتەرىپ ئانى ئۆيگە جەۋلان قىلىپ.
كى مەندىن كۆرۈپ ئول يىگىت مەردلىك،
مۇھەببەت بىلە بىزگە سۇندى ئىلىك.
قولۇمنى تۇتۇپ ئالدى ئول باي بەچە،
كۆرۈپ مەن سەنى خەلق ئارا ئۆزگەچە.
ئەجەب ئىشنى قىلدىڭ خەرىدار ئولۇپ،
كۆڭۈلنى ئالىپ سىن پەددار ئولۇپ.
ئەجەب رەسمنى بىزگە قىلدىڭ ئايان،
خەرىدىمدا كۆپ ھاسىل ئولدى ھايان.
دەلالەت قىلۇرغە كىشى قويمادىڭ،
بۇ سودا ئىشىن كۆزۈڭگە ئىلمادىڭ.
بەسى ئالى ھىممەت دەلىرانە سىن،
دىيارىڭ قايان كىمگە ھەمخانە سىن.
دېدىم: ئەي بۇرادەر ماڭا باق دەمى،
بولۇرمەن يەمەن شەھرىنىڭ ئادەمى.
كى پىشەم بۇ ئالەمدە تۇججارلىق،
جاھانگىر سەيياھ دەۋۋارلىق.
دېدى ئول يىگىت ئارزۇم باردۇر،
مۇھەببەت كۆڭۈل ئىچرە بىسيياردۇر.
سەنىڭ بىرلە بىرشام بەزم ئەيلەسەك،
ئارادا مۇھەببەتنى جەزم ئەيلەسەك.
دېدىم ئاڭا ئەي ئادەملىق گۈلى،
گۈلۈڭغە ئاتىلدى كۆڭۈل بۇلبۇلى.
نە ھەددۇر سۆزۈڭنى كى قىلماققە رەد،
كى فەھم ئېيكۈسى سۆزنى ئەھلى خىرەد.
كى ئۆزرۈمنى ئاڭلاك كى بەھەد قەۋى،
كى مەستۇرەنىڭ مەن بولۇپ پەيرەۋى.
غەرىب مەن دىيارىڭدا بىچارە مەن،
بۇ شام ئىچرە غەم بىرلە سەييارە مەن.
قويۇپ ئانى چىقماق بەسى مۇشكۇل ئىش،
بارىش ئۆتكەيۇ ئانچە قاتىغ كەلىش.
كى ئىنسافدىن تاشقارى تاشلاماق،
ئاڭا بىۋافالىق ئىشىن باشلاماق.

① ئەسلى تېكستتە، سىم ئىلە زەر يېزىلغان. تۇراق ئېھتىۋارى بىلەن سىمۇزەر قىلىپ ئېلىندى.

ئەگەر بەرسە رۇخسەت كىلەي ھەم يەنە،
سەنىڭ بىرلە ئىشرەت قىلاي ھەم يەنە.
دىدىكىم باھانە قىلۇرسىن داغى،
كى بىزنى فىراق ئىچرە قويدۇڭ داغى.
دىدىكىم ۋەئدە قىلدىم ۋافا ئەيلەيىن،
بارىپ يارغە ئىلتىجا ئەيلەيىن.
ئەگەر بەرسە رۇخسەت كىلەيىن بارىپ،
ماڭا ئول داغى كۆب قەسەملەر بەرىپ.
كى بدورۇد ئىتىپ قالدى ئۆز جايىدا،
كۆڭلىنى ئالىپ قالدى مەئۋايىدا.
غۇلامىن قوشۇپ بەردى ئول شۇلـزامان،
كى ئول قۇل بىلە ئۆيگە بولدۇم راۋان.
بەرىپ مالنى باز كەتتى غۇللام،
كىرىپ ئۆيگە ئول ۋەقت قىلدىم سالام.
ھەمە زەر خەرىدنى قويۇپ ئالىغە،
تۇرۇپمەن قاراپ چىھرەئى ئايغە.
دىدى: ئىمدى ئەي يار نىكۇ قەدەم،
نە كۆرگەننى قىلغىل بايان دەمبىدەم.
ھەمە ماھۇۋەلۋاقىئەدۇر ئايىت،
نەئەفئال قىلدى ساڭا ئول يىگىت.

دىدىم: ئەي سەنەم، بار ئىكەن ئادەمى،
كى يوق ئول يىگىتنىڭ جاھاندا كەمى.
مەنى كۆردى ئول ئانچە ھۆرمەت بىلە،
زىيافەت قىلىپ ئەيش ـ ئىشرەت بىلە.
دىدى ئول ئەيا تاجىر دىلپىسەند،
كى مىھرىڭ بولۇپدۇر كۆڭۈل ئىچرەبەند.
سەنىڭ بىرلە بىركەچە بەزم ئەيلەسەك،
مۇددەت تەرىقىنى جەزم ئەيلەسەك.
دىدىم: يوقتۇرۇر بەندەدە ئىختىيار،
فەقىر بەندەگىمىز ئادەمى بىقارار.
كى ئىسمەتدە مەستۇرەمىز باردۇر،
ئانى تاشلاماق بىزگە دوشۋاردۇر.

ئەگەر بەرسە رۇخسەت جۇلۇس ئەيلەيىن،
قىلىپ خىزمەتىڭ پايى بوس ئەيلەيىن.
دىدىم: نۆكتە ئۆزرى تەمەللۇق بىلە،
كەلىپ ئالدىڭا بۇ تەئەللۇق بىلە.
دىدى ئول پەرى: ئىمدى بارماق كەرەك،
كى غەمنى كۆڭۈلدىن چىقارماق كەرەك.
ۋافا ۋەئدەگە قىلماغان خوب ئىمەس،
يىگىتلەرگە بۇ كار مەرغۇب ئىمەس.
دىدىم: قۇللۇغۇڭ بەس ئەي پەرى،
كى چىكمەك نەھەد غەير ئىلە ساغەرى.
يىراق ئولماسام مەقسەدىم سۇبھ ـ شام،
كى ئەغيارنىڭ بىزگە بەزمى ھەرام.
دىدى: ئەمر قىلدىم بارىپ جەزم قىل،
كى بەزم ئەيلەمەككە قوپۇپ ئەزم قىل.
چۇ ئاشىق ئىمەسكەن بىزنى قىلغىل رىزا،
بارىپ ئاندا كۆرگىل نە قىلسە قەزا.
دىدىم: ئەي نىگارا ساڭا زارمەن،
ساڭا يارمەن، ئاڭا ئەغيارمەن.
دەلالەت قىلۇر ئىردى شىرىن سەنەم،
تۇرۇپ ۋەئدەگە ئاندا قويغىل قەدەم.
قەبۇل ئەتمەسەڭ ئانچە رەنجىدە مەن،
كى سەندىن ئەلەم بىرلە سەنجىدە مەن.
قەسەمدۇركى كۆڭلۈم مەلال ئولغۇسى،
مۇھەببەت ئارادا زەۋال ئولغۇسى.
نە دىيىپ مەن ئانى دىلدا تۇتساڭ قابۇل،
كۆڭۈل بولماغاي ئەسلەن سەندىن مەلۇل.
كى مەئشۇق رىزاسى ساڭا فەرزدۇر،
كىم ئاشىق ئىمەسكە بۇيرۇغۇم قەرزدۇر.
كىم مەھبۇبى جاندىن ئىشىتتىم بۇ سۆز،
چۇ خۇنابى غەمنى چىقاردى بۇ كۆز.
ئايا ساقىيا تۇت ماڭا جامى بەزم،
تاپاي زوۋقىدە ۋەقت ئەييامى بەزم.

**خۋاجەزادە يەمەنگە پەرۋەش ئىتاب ئەيلەپ ئول خۋاجە سوداگەر بەچەنى زىيافەتەگە ئىبەرگەنى، خۋاجەزادە سوداگەر بەچە بىلە ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولغانى**

www.uyghurkitap.com

قىلاي دىلرەبا بىرلە ئەيش نىشات،
كى ئۇل يار ئىلە ئەيلەيىن ئىرتىبات.
ئايا يارا ساھابى دەرۋىشلەر،
تۈشۈپ ئەقلىغە تۈرق ئەندىشلەر.
قوپۇپ ئۇل يىگىت سارى بولدۇم راۋان،
كەلىپ مەن كۆرۈپمەن ئەتىگلىك دۇكان.
فۇزۇلنىڭ فەزاسىغە قىلدىم نىگاھ،
تۇرۇپ مۇنتەزر ئاندا ئۇل نىكخاھ.
تۇرۇپ ئېرى ئاندا ماڭا ئىنتىزار،
مەنى كۆردى ئۇل لايىقى تاجدار.
بولۇپ شاد ـ خورام كەلىپ پىش باز،
كى تەكلىف ئەتىشكە قىلىپ ئىمتىياز.
قولۇمنى تۇتۇپ باشلادى خانەگە،
مەنى كەلتۈرۈپ ياخشى كاشانەگە.
يۈرۈپ ئالدىمىزدا ئۆزى ئىلگەرى،
ئالىپ كىردى ئۇل مەنى ھەم ئىچكەرى.
چۇداخىل بولۇپ قەسرى جەننەت نىشان،
كۆرۈپمەن داغى باغ ئىلە بوستان.
كى ئۇل باغ ئارا بىر ئىمارەت دۇرۇر،
ھەمە تەرزۇ تەرھى نەزاكەت دۇرۇر.
قىلىپ زىبۇ ئايىن شاھانە ۋار،
كى ئەسباب ئالەت ئېرۇر بى شۇمار.
كى ئىنسانغە لازىم مۇھەييا ھەمە،
كەم ئۇل باغ ئارا، كەم ئېمەس ھىچ نىمە.
كى بىر ھەۋزدۇر ئاندا كەۋسەر مىسال،
جۇۋاردا جارى بولۇپدۇر زۇلال.
لەبىدە ئانىڭ ھەم سالىغلىق بىسات،
بار ئەترافىدا ئانچە جايى نىشات.
چۇ تەييار قانۇن ئىلە چەڭۇ نەي،
كى نوقلى ناباتۇ سۇراھىدا مەي.
قويۇپدۇر يەنە يوقغارى تەختنى.
كى فەرش ئەيلەگەن كۆرمەگەن رەختنى.
ياپىپ سەبز بەخمەل بىلە چىرماپان،
قىلىپ ئېردى ئۇۋۇرەنگى كۆزدىن نىھان.
ئاچىپ پەردەنى ساھىب ئىئتىمىد،
بولۇپ ئولزامان تەخت كۆرگەن پەرىد.

يىگىت تەندىن ئەيلەپ لىباسىن كۇشاد،
مۇھەببەتنى بىزگە قىلىبان زىياد.
لىباسىنى سالغاندا قىلدىم نەزەر،
گىرىبانىدىن چاك ئولۇپ جىلۋەگەر.
كۆرۈپمەن لىباس ئىچرە نىھان ئانى،
كى ئۇل بەزمىدە كۆردۈم ئۇريان ئانى.
بولۇپ شىفتەجىسىۇ ئەندامىغە،
ياپۇشتى كۆڭۈل خەددى گۈلفامىغە.
ئۆزى بولدى ئۇريان مەنى ھەم قىلىپ،
چىقىپ تەخت ئۈزە يارۇ ھەمدەم قىلىپ.
مەنى تۇتتى ئىززەت بىلە جانىدە،
كى ئولتۇرغۇزۇپ تەخت ئۈزە يانىدە.
نەچە نۇكتە بىرلە كەلام ئەيلەدۇك،
كى ئۇيقۇنى كۆزگە ھەرام ئەيلەدۇك.
شىرەئاچ ئېرۇر يەشىمدىن مىجمەرى،
سىپەند ئورنىغە كۆيدۈرۈپ ئەنبەرى.
بۇللۇرى سۇراھىدا گۇلرەڭ راھ،
كى نۇش ئەيلەبان زەۋق ئىلە تا سەباھ.
ئۆزى تۇتتى جامنى ساقى بولۇپ،
كى مەيخۇارەلەرنىڭ ئاياقى بولۇپ.
قىلىپ مىھرەبانلىق قىلىپ مىزبان،
بولۇپ ئىشق ئىلىدىك ماڭا ھەمزەبان.
زامانى ئۆتۈپ قىلدى سەرگەرم مەي،
چۇ باشدىن رەھا ئەيلەدى شەرم مەي.
دەماغىم قىزىپ ئىشق تۇغيان قىلىپ،
چەكىپ يار ئۈچۈن ئاھ ئەفغان قىلىپ.
ئۆتۈپ ئېردى تۈندىن داغى ئىكى پاس،
مۇزەييەن موشەككەل كىرىپ تۆرت ناس.
بۇلار ھەر بىرى ماھ سىمادۇرۇر،
كى تەزيىن بىلە بارچە رەئنادۇرۇر.
بۇ خۇددامىلارغە قويۇپ تۇتتى جام،
بەرىپ تەختنىڭ سايەسىدا مەقام.
بۇلار ئۇل يىگىتنىڭ غۇلامى ئىدى،
ھەمە زەر خەرىدى خوددامى ئىدى.
بولۇپ مۇسىقى ئىچرە ئەھلى نەغم،
بۇلار نەغمەسىدىن بولۇپ دەفئى غەم.

كى جەمئ بولدى ئاندا نەۋا سازلار،
مۇغەننى ۋە مۇترەب خۇش ئاۋازلار.
بۇلار نەغمەسى سۇۋتىدىن جانىۋەر،
تالڭ ئىرمەس تەبىدە قىلىپ تۆكسە پەر.
تۈزۈپ نەغمەسىن بىر - بىرى قىلدى ساز،
كى مۇترەب نەۋاسى ھەمە جان گۇداز.
نەۋا نەقشنى قىلسەلەركىم ئادا،
كى ئىشق ئەھلى قىلغاي ئاڭا جان فىدا.
قىلىپ نەغمەسىن بەزم ئارا پەي بەرپەي،
پەياپەي بۇلارغە جەۋان تۇتتى مەي.
بولۇپ كەيف ئانداغ تەرەننۇم قىلىپ،
كى شەھ بىيت بىرلە تەكەللۇم قىلىپ.
بولۇپ بىزگە بىردەم نىگۇنسازلىق،
يىگىت ئەيلەبان ئانچە دىلدارلىق.
تۇتار ئىردى دەم - دەم ماڭا ساغەرى،
ئىچىپ دىلنى ئەيلەپ ئىدىم غامىرى.
نەغم بىرلە مەي زورىدىن كەتتى ھۇش،
چىراكىم پەياپەي قىلىپ بادە نۇش.
كۆڭۆلدە خىيالى سەنەم رۇز ئىتىپ،
قالىپ مۇندا تەن، دىل ئاندا كەتىپ.
ئەجەب مەست قىلدى بۇ ھىنگامى بەزم،
چۇ بىھۇش قىلىپ ساغەرى جامى بەزم.
بىناگاھ كۆزۈم تۈشتى ئول يارغە،
تۆكۈپ ئەشكىنى چىھرى گۆلنارغە.
كى سۇندۇم قولۇم مىھرەبانلىق قىلىپ،
ئەرتىم ياشىن قەدىردانلىق قىلىپ.
سۆيۈپ جەبەھىسگە بۇرادەر سۇفەت،
تەۋازۇئ قىلىپ مەنكى چاكار سۇفەت.
تەفەككۇر بىلە باشىنى سالدى جەۋان،
بولۇپدۇر راۋان ...... زامان......،......
كى بىرلەمەھدە كىردى بولماي ھايال،
كىرىپ ئەقەبىدىن ماھ رووشەن جامال.
مۇنەۋۋەر قىلىپ ئۆينى ئول ماھ تاب،
نە ماھتابدۇر بەلكى ئول ئافتاپ.
كۆرۈپ ھۆرىۋەشنى قىلىپ ئىنتىزار،
كەتىپ يىغلادىم ھۇشىدىن زارزار.

ئىشارەت قىلىپ ماھخە نىك پەي،
تۇتۇپ ئەمرى بىرلە ... مەي.
سۇمۇردۇم ئانى كۆپ بەشاشەت بىلە،
كى ئىلكىگە سۆيدۇم بىشارەت بىلە.
كەلىپ ئولتۇرۇپ يانىمىزدا ئول ئاي،
كى ھۇسنى ... بىلە قىلدى باي.
دىدى ئول يىگىت بۇ دىل ئارامغە،
نەغم قۇشلارىن كەلتۇرۇڭ دامغە.
نە بولغاي ... ئەيلەسەڭ بىر زامان،
ئەزىز .............................
زامانى بۇ مىھمان دىلىن شاد قىل،
كى غەم قەيدىدىن بىزنى ئازاد قىل.
چۇ ھازىر قىلىپ نەغمە ئەسبابىنى،
ئاچىپدۇر فەرەھلىك ............- نى.
ئەجەب شوخلۇق بىرلە ئول شوخۇشەڭ،
ئالىپ ئىلكىگە چۇنكى ساز ئەتتى چەڭ.
كەتىپ زوھرەدىن ھۇش ئاڭلاپ مۇنى،
كى جاننى ئالىپ مەھۋەشنىڭ ئۇنى.
تەبىدە قىلىپ ئەيلەدىم ئىزتىراب،
كى ئول نەغمەدىن بولدى ھالىم خاراب.
يىقىپ ئول زامان مەنى ئاۋازى نەي،
پەياپەي ئىچىپ ساغەرى باستى مەي.
كى بىزنى نەغم بىرلە مەي رۇز ئىتىپ،
يىقىلدىم مەلالەتدە ئۆزدىن كىتىپ.
بىلىپ ئول يىگىت مەندەكى ھالنى،
كى مەھبۇبى ھەم بىلدى ئەھۋالنى.
سالىپ فەرش زەرىننى ئول تەخت ئۈزە،
مەنى ياتغۇزۇپ تەخت ئارا رەخت ئۈزە.
كى قەندىل ئارا شەمئ كافۇرنى،
ياقىپ ئاندا قويدى تۆكۈپ نۇرنى.
رەئايە قىلىپ ئول يىگىت ھەم پەرى،
تۈشۈپ تەختدىن مەنزىل ئەتتى يەرى.
مەقامى بولۇپ تەختنىڭ پايەسى،
تۇرۇپ ئالدىدا بارچە سەرمايەسى.
تۆبەن ئولتۇرۇپ سالدى سەججادەنى،
سۇراھى بىلە كەلتۈرۈپ بادەنى.

تۇتۇپ سۆھبەتى خالى دىلبەر بىلە،
كى مەي ئىچتىلەر ماھى پەيكەر بىلە.
ئەسىر بار ئىدى ئانداكى ھۇشىدىن،
بۇلار سوۋتى ماھى ئولمادى گۇشىدىن.
دىدىم كۆڭلۈمە ئىش قىلىپ مەن ئەجەب،
كىشى قىلماغاي مۇنچە تەرك ئەدەب.
قوپۇپ سەسكەنىپ ئانچە بولدۇم خىجىل،
كى ئول مىزبان ئالدىدا مۇنفەئىل.
تۇشۇپ ئولزامان سەندەل ئاچدىن،
كۆڭۈل يارۇتۇپ خەددى ۋە ھاجدىن.
بولار سىھھەتىدا نەشئەت ئەيلەدىم،
تەۋازۇئ بىلە ئۆزنى پەست ئەيلەدىم.
مەنى ئول يىگىت ئالدى ئاغۇشىغە،
كى سەھباى تۇتۇپ يارمەد ھۇشىغە.
دىل ئارام ئاياقچى بولۇپ تۇتتى دۇر،
تۇتۇپ ئابى كەۋسەرنى ئانداغكى ھۆر.
تەكەللۇف بىلە جۇرئەنى دەمبىدەم،
تۇمەن جىلۋە بىرلە تۇتۇپ ئول سەنەم.
ئەجەب گەرم سۆھبەتكە مەشغۇل ئولۇپ،
جاھان كارۇبارىدا مەجھۇل ئولۇپ.
كۆڭۈلنى ئالىپ بەزم ئارا دىلنەۋاز،
قىلىپ لۇتف ئىھسان بىلە سەرەفراز.
بۇ ياڭلىغ شەبىستاننى كىم كۆرمەگەن،
بەشەر جىنسىدىن ئادەمى بىلمەگەن.
بۇ ھىنگام كىم سۇبھ قىلدى تۇلۇئ،
يەنە تاپغۇسىدۇر نە ئىشلار ۋۇقۇئ.
كى سەرسار ئولۇپ ئانچە باشدىن ئاياغ،
كى مەي زورىدىن تازە بولدى دەماغ.
تانۇماي ئۆزۈمنى كى مەي زور ئىتىپ،
بولۇپ مەست ئانداغكى ئۆزدىن كىتىپ.
ئۆتۈپ ئۈچ كەچە ئۇشبۇ دەستۇر ئىلە،
بىھىشت ئىچرە غولمان بىلە ھۆر ئىلە.
كۆڭۈلدىن چىقىپ دەھرنىڭ قايغۇسى،
كى مۇستەۋلى بولدى بەشەر ئۇيقۇسى.
كى تۆرتۈنچى كەچە ياقىپ شەمئنى،
كى ئاندا مۇھەييا قىلىپ جەمئنى.
قۇرۇپدۇر يەنە بەزم سەججادەسىن،
سۇراھى ئارا كەلتۈرۈپ بادەسىن.
مەنى ئولزامان ئۇيقۇ غارەت قىلىپ،
يىقىتتى مەنى كىم شىجائەت قىلىپ.
ئاغىر ئۇيقۇدا ئانچە بولدۇم گىران،
ياتىپ ئاندا بىخۇد بولۇپ ئولزامان.
بىناگاھ يارىم شەبدە بىدار ئولۇپ،
كۆزۈمنى ئاچىپ ئاندا ھۇشيار ئولۇپ.
يەتىپ خاتىرەمگە پەرى پەيكەرىم،
ئالىپ ھۇشنى ھۆردېك دىلبەرىم.
كى تەنھا قالىپ ئىردى ئول خانەدە،
دەۋامى خىيال ئىردى جانانەدە.
كۆڭۈل ئاغدى ئولدەم① بولۇپ بى ھوزۇر،
خەبەر ئالماقىم بولدى ئىمدى زۆرۈر.
نەلەر كەلتۈرۈپ باشىڭا بۇ فەلەك،
كى خاتىرەغە كەلتۈر ئانى يەك بىيەك.
كى سىن مۇندا ئەيش ئىچرە مەسرۇر ئولۇپ،
قالىپ ئاندا ئول بەلكى بىھۇزۇر ئولۇپ.
قەنى سەندە ئىنساف ئەي باغرى تاش،
تەخى تۆرت كۈن مۇندا قىلدىڭ مەئاش.
قارار ئەيلەگىل يارنىڭ قاشىغە،
چۇ پەرۋانە بول ئۆيرۈلۈپ باشىغە.
باھانە قىلىپ ئۇيقۇلاپ مەن قەۋى،
بۇلار ھەم بولۇپ ئۇيقۇنىڭ پەيرەۋى.
چۇ قىلماي بۇلارغە سەزاۋارلىق،
يەتىپدۇر بۇلارغە دىل ئازارلىق.
كى سەبر ئەيلەدى ئول يىگىت بىرلە ئاي،
كى بەزم ئىتكۇمىز ئۇيقۇدىن قوپسە باي.
تەۋەققۇف قىلىپ ھەر زامانى تەۋدىل،
فەقىر ئۇيقۇدىن قوپمادىم كىم دەلىل.
تۇلۇئ ئەيلەدى فەجەر ھىنگامەسى،
سۆكۈلدى تۇرۇپ سۇبھىنىڭ جامەسى.
دىدى ئول يىگىت يارىغە ئەي پەرى،
بۇ ئويغانمادى كىرگۈمىز ئىچكەرى.

① ئەسلى تېكستتە ئولدۇم يېزىلغان. مەنە ئېتىۋارى بىلەن «ئولدەم» قىلىپ تۈزىتىلدى.

قولىن تۇتۇشۇپ كەتتىلەر ئىكى يار،
قالىپ مۇندا مەشرەبدەكى ھەرنە بار.
قوپۇپ مەن غەنىمەت بىلىپ ۋەقتنى،
ئىچىمدە چەكىپ نالەئى سەختنى.
غۇلامىدىن ئالدىم ھەمە خىلئەتىم،
كى ھامىماغە مەيىل ئەتىپ رىتبەتىم.
چىقىپ تاشقارى ئەيلەدى سەرھىساب،
كى لازىم بولۇپدۇر بەدەنگە سەراب.
كى ھامام بارماق كۆڭۈل خۋاھىشى،
بولۇپدۇر يۇسام شۇرب ئالايىشى.
كىرىپ چىقتىم ھامامغە ئۇوازامان،
يۈگۈردۈم فەقىرخانەگە بەئىدزان.
ئۆزۈمگە دىدىم ئاغرىسە يارىڭىز،
نە قىلماق كەرەك يەتتى ئازارىڭىز.
ساڭا ئۆزرى ئايتۇرغە باردۇرمۇ تىل،
ئۆزۈڭنى خىجالەت ئارا قەتلى قىل.
ھەمە قىلغانىڭنى تەباھ ئەيلەدىڭ،
كى بىگانەلەرگە نىگاھ ئەيلەدىڭ.
تۇشۇپ كۆڭلۈمە ئانچە فاسىد خىيال،
خىيالى ئانىڭ مىنى قىلدى مەلال.

بىناگاھ ئىشىككە كەلىپ تەلمۈرۈپ،
قاقىپ مەن ئىشىكنى بۇ باشنى ئۇرۇپ.
چۇ ئاچتى ئىشىكنى چىقىپ گۈلئۇزار،
ئۇرۇپ باشنى پايىغە قىلدىم نىسار.
يىقىلدىم ئاياغىغە مەجنۇن كەبى،
ئەلىفدەك قەددىمنى قىلىپ نۇن كەبى.

تەبەسسۇم قىلىپ ھۆرى جەننەت مەئاب،
دىدىكىم نېدىن كەلدىڭىز ئالدىراپ.
دىدىم مەھۋەشا ئىشقىڭ ئەتتى خاراب،
كى بىدۇرۇدغە قويمادى ئىزتىراب.
ئايا جاھىلا ئىزتىرابىڭ نېدۇر،
سوئالىمغە ئېمدى جاۋابىڭ نېدۇر.
ئەگەر بولسە خوشخۇد ئول مىزبان،
رىزاسى بىلە چىققۇسى مىھمان.
دىدىم مىھرەبانا كى ئىشق ئەتتى زور،
سەنىڭ يادىڭ ئەمما قىلىپ بى ھوزۇر.

قاچىپ مەن قاشىڭغە بولۇپ لائىلاج،
كۆڭۈلنى بەرىپ مەن خىيالىڭغە باج.
ماڭا نە ئىكىن غەيرنىڭ سۆھبەتى،
سەنىڭ بىرلە ھەردەم قىلىپ رەغبەتى.
كەلىپ مەن جەنابىڭغە، سىبىن ھەر نە قىل،
نە قىلساڭ تۇرۇپمەن خىيالىڭدا بىل.
كى بارمۇدۇرۇر ئەقل دىۋانەدە،
دەۋامەت ئانىڭ كۆڭلى جانانەدە.
دىدى گۈلئۇزارىم، قىلۇرمەن سوئال،
جەۋابىنى بەرمەككە قىلغىل خىيال.
نە كۆردۈڭ بۇ ئۈچ كۈندە ئول بەزم ئارا،
نە رەڭ كار ئۆتتى نە رەڭ ماجرا.
ئىشىتكەننى ھەم ماڭا قىلغىل بايان،
داغى كۆرگەنىڭنى قىل ئېمدى ئايان.
نە كۆرگەنلەرىمنى بايان ئەيلەدىم،
ھەمە ئىشنى بىر بىر ئايان ئەيلەدىم.
جەۋانى خىرەد مەند دانا ئىكەن،
ئانىڭ يارى بىر سەرۋ رەئنا ئىكەن.
سۆلۈكەتدە ماھىر ئەجەب با ئەدەب،
تەكەللۇم قىلۇر سۇۋتكە غۇنچە لەب.
ئانىڭ سۇۋتىدىن جان قۇشى قىزغالۇر،
پەرىزاد ئۇلار باشىدىن ئايلانىزۇر.
كى سۆزنى تەخى ئەيلەيىن مۇختەسەر،
نە كۆرگەننى قويماي قىلىپ مەن خەبەر.
دىدى نۆكتەران ماھ سىما پەرى،
قەۋائىد بۇدۇر ئاڭلا ئەي تاجەرى.
سەنى ئادەم ئەيلەبان زىيافەت قىلۇر،
قىلىپ مىھرەبانلىق رەفاقەت قىلۇر.
كى ئۈچ كۈنغەچە قىلدى مىھمان بەسى،
كى ھۆسنى بىرلە لۇتف ئىھسان بەسى.
قەۋائىد ئىلى رەسمدۇر ئاڭلاغىل،
كى ھۇشۇڭ بىلە سۆزلەرىم تىڭلاغىل.
كىشىكىم بەرىپ كىمگە بىر قەترە سۇ،
كى ياندۇرسە ئانى كىشى مەردى بۇ.
تەۋانالىقىڭ بولسە ياندۇر ئانى،

www.uyghurkitap.com



زىيافەنت قىلىپدۇركى قانداغ سەنى.
ئەگەر قۇدرەتىڭ يەتمەسە غەم يەمە،
مۇھەييا بولۇر مۇندا بارچە نىمە.
دېدىم: ئەي نىگارا كىنايەت نېدۇر،
كى دىۋانەگە بۇ شىجائەت نېدۇر.
دېدىم سۆز ساڭا بۇ كىنايە ئېمەس،
بۇ سۆز ئەسلىدۇر ئەسلەن سايە ئېمەس.
ساڭا تەئنەنى تۇتماغايمەن راۋا،
قىلۇرمەن تەخى ئىشلەرىڭنى ئادا.
يىغى باشلادىم ئالدىدا تەلمۇرۇپ،
خىجالەتدە يەرگە باشىمنى ئۇرۇپ.
كى تەقسىر مەندىن ئۆتتۈپ قىل مۇئاف،
ئۆزۈم جۇرمىغە ئەيلەدىم ئېئتىراف.
تۇتۇپ بەر ماڭا ساقىئى دىلرەبا،
سەبۇھى كى ئاندىن بولۇر جانفەزا.
ئىچىپ ئانى يارىمغە مەھرەم بولاي،
كى ئىشىق ئەھلىغە يارۇ ھەمدەم بولاي.

**خۇاجە زادە يەمەننى مەلىكە مەھۋەش ئول سوداگەر بەچەنى تەكلىق قىلغانى ئىبەر-گەنى، ئول سوداگەر بەچە مەھبۇبى بىلە كەلىپ مېھمان بولۇپ، بەزمى شاھانە ئەيلەپ، ئول بەزم ئىچرە مەقتۇل ئولۇپ سەراي فانىغە رەھلەت قىلغانى، ئول تاجەر ئۇسرۇك ئۆلۈكدىن بىدارا ئولۇپ ھەسرەت يىگەنى**

دېدى سۆز ساڭا ئەسلا باۋەر ئېمەس،
بىلىپ مەن كى سەن يار ياۋەر ئېمەس.
كى ۋەللاھ كىم سۆزنى قىلدىم دۇرۇست،
كى ئەمرىڭگە بەل باغلادىم ئېمدى جۇست.
مەنىڭ كۆڭلۈم ئول ئىشنى خۋاھىش قىلۇر،
ئانى چىرلاماغلىقغە تابىش قىلۇر.
بارىپ ئول ئەزىزلەرنى تەكلىق ئەتىڭ،
زىيافەت تەرىقىنى تەسدىق ئەتىڭ.
دېدىم ئەي نىگارا قەبۇل ئەيلەدىم،
كى ئەمرىڭگە ئۆزنى غولۇل ئەيلەدىم.
كى ئەسبا بۇ ئالەت قايدىن تاپاي،
خىجالەت يۈزىن نىمە بىرلە ياپاي.
تەئەججۇب قىلىپ ئاي چەكىپ خەندەلەر،
قىلۇر خىزمەتىڭنى تۈمەن بەندەلەر.
ئىشىڭنى خۇداغە قويۇپ تەكلىق ئېت،
ئاڭا بەزمىنىڭ لايىقىن نەسىق ئېت.
كۆرۈپمەن ئانىڭ قولى مەھكەم دۇرۇر،
بويۇن سۇنماسام جانىمە غەم دۇرۇر.
دېدىم رەشكىدىن ئاھ نە ئىش بۇدۇر،
فەلەك بۇ جەفا بىزگە قىلمىش مۇدۇر.
تەفەككۇر قىلىپ چىقتىم ھەيران بولۇپ،
چوتەكلىق ئېتەرگە خىرامان بولۇپ.
ئول ئاي شەرتىنى دەفئ قىلماق ئۈچۈن،
غەم-ۇدەردىنى رەفئ قىلماق ئۈچۈن.
بارىپ ئول يىگىت قاشىغە زور ئىلە،
چۇ دەئۋەت قىلىپ ئۆزر مەئزۇر ئىلە.
مەنى كۆردى ئول بولدى مەسرۇر ھال،
سوراپ ھالنى ئانچە قىلدى سوئال.
تەۋازۇئ قىلىپ يوقغارى ياندا،
كى ئولتۇرغۇزۇپ قەسرى ئايۋاندا.
غۇلامىغە قىلدى ئىشارەتنى ئول،
سۇراھىدا كەلتۇردى شەربەتنى ئول.
ئەجەب زەرق شاھانە جەۋھەر بىلە،
كى سەرپۇشنى ئەيلەمىش زەر بىلە.
كۇمۇشدىن پىيالە بوللۇرى سۇراھ،
كى بۇتۇن سۇراھىدا گۆلرەڭ راھ.
مۇئەتتەر قىلىپ مەي ئىسى خانەنى،
مۇفەررەھ قىلىپ ئۇشبۇ مەستانەنى.
چۇساقى بولۇپ نۇش ئەتىپ ئول جەۋان،
كى ئاندىن تۇتۇپ مەينى ئول مىزبان.
لەبىمنى قويۇپ جۇرئە نۇش ئەيلەدىم،
چۇ نۇش ئەيلەبان تەرك ھۇش ئەيلەدىم.
ئەجەب شەربەتى ئېردى بىھەد لەزىز،

نابات ئەسەل شىرىدىن مىلڭ لەزىز.
ئانىڭ بۇيى جاننى مۇئەتتەر قىلىپ،
داغى تەئمى دىلنى مۇنەۋۋەر قىلىپ.
كىم ئۇل شاراب تەركىبى ھىكمەت ئىدى،
كىسەلغە شىفا بەخش شەربەت ئىدى.
ئىچىپ ئانى رەفئ ئولدى باشدىن خۇمار،
دەماغىم قىزىپ چۈن بولۇپ بىقارار.
چۈ ئول شارابدىن باز قىلدىم تەب،
كى ساقى بولۇپ بىزگە ئول نۇش لەب.
نەچە دەۋر نۇش ئەيلەدۈك يار ئىلە،
كى ئول مىزبان يار دىلدار ئىلە،
زامانى قىلىپ يار ئىلە سۆھبەتى،
كى بىخۇد قىلىپ بىزنى كەيفىييەتى.
بولۇپ مەست ئانداغ ئۆزۈمدىن كەتىپ،
ئاڭا ئۆزر ئايتارگە سۆزۈمدىن كەتىپ.
قوپۇپ ئالدىدا ئەيلەدىم ئىلتىجا،
تەۋازۇئلار ئىلە قىلىپ مەرھەبا.
ئايا يارى جانىم كەمىنە قۇلۇڭ،
كى ھۇسنۇڭ گۈلىستانىدا بۇلبۇلۇڭ.
راۋا قىل ساڭا باردۇرۇر ھاجەتىم،
راۋا قىلماساڭ يوقتۇرۇر تاقەتىم.
كى تەكلىف ئېتەرمەن فەقىر خانەمە،
نىسارىڭ قىلاي جان جانانىمە.
بۇ بەندە فەقىر كۈلبەسىگە بارىڭ،
غەرىب بىنەۋا كۆڭلىنى ئاختارىڭ.
كى بۇ ئېمەس ئارادا بەھانە پەزىر،
بارىپ ئاندا بىزگە بولۇڭ دەستىگىر.
كى تەشرىف ئەتىپ شاد قىلماق كەرەك،
ھەمە غەمدىن ئازاد قىلماق كەرەك.
دىدى ئول يىگىت، ئەي جۇۋانمەرد بىل،
بارۇرمەن سارايىڭغە مەن بى دەلىل.
ئىكى دوست ئاراسىدا يوقتۇر فىراق،
كۆرۈشسە زىيادە بولۇر ئىشتىياق.
ئەگەر خۋاھىش ئەتسەڭ باراي جان بىلە،
قىلاي بەزمنى ئاتىدا جانان بىلە.
بۇ سۆزنى دىدى تۇتتى دەۋرنەچى مەي،
كۆڭۈلنى سۈلۈكەت بىلە قىلدى ھەي.
بۇ رەڭ ئۆتتى ئولكۈن بۇ سۆھبەت بىلە،
چەكىپ شەربەتى ئەيش - ئىشرەت بىلە.
بولۇپ ئەسر ۋەقتى تەخى يەتتى شام،
بىزنىڭ كۈلبە ئەھزانىغە قىلدى خىرام.
جانان مەستۇ مەدھۇش باشدىن ئاياغ،
تەفاۋۇت ئېمەسدۇر نە باغۇ نە تاغ.
مەنى مەست چاغلاپ كى ئول با خىرەد،
قولىن سالدى بويىنۇم ئەيلەپ مەدەد.
يۈرۈيمىز ئىكاۋلان راۋانە بولۇپ،
جۇنۇن ئەھلىدىك بىخۇدانە بولۇپ.
كى مەي زورىدىن يوق ئىدى ئەقلۇ ھۇش،
خىيالىمدا يوق ئانچە بارىش - تۇرۇش.
كەلىپ يولدا بىر زەررە ھۇشيار ئولۇپ،
كى فەھم خىرەددىن خەبەردار ئولۇپ.
باسىپ غەم يىقىلدى باشىمغە ساما،
چەكىپ مەن خىجالەت ئارا ئاھ ۋا.
يەتىپ خاتىرەمغە چۈ ناكامىلىق،
كى ئۆيىنىڭ ئىشى بى سەرەنجامىلىق.
داغى يوق ئىدى ئۆيدە ئالەت بەزم،
كۆڭۈلدە بار ئېردى خىيالەت بەزم.
قۇرۇق ئۆيگە مىھماننى تەكلىف ئەتىپ،
كەلىپ ئېمدى ئول يار تەشرىف ئەتىپ.
خىجالەتدە تىترەپ بولۇپ رەئشەئى،
قاچار فىكرىگە قىلدىم ئەندىشەئى.
ئەگەر بولسە بىردەم قاراڭغۇ جاھان،
ئۈزۈپ رىشتەنى مەن كەتەي بىر سويان.
بۇلار ئالدىدا بولغۇچە شەرمسار،
ئولۇم ياخشىراق ياكى خوبراق قارار.
كى ئالەم يۈزىنى قارا قىلدى داج،
ئۈزۈپ رىشتە قاچماقغە قىلدىم ئىلاج.
ئۆزۈمنى جۇدا ئەيلەدىم ياردىن،
بولۇپ بىخەبەر يار ئەغياردىن.
قەزارا يۈرۈپمەن كىرىپ بىر كوچە،
كى ئول كوچەدە ئازىقىپ بۇ كەچە.
مەھەلات ئارا بار ئىدى زەر گەرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كى ئاندا بار ئىردى ئانىڭ مەنزەرى.
بىناگاھ يولۇقتى ماڭا ئول كىشى،
تۇشۇپ ئۇلزامان مېھرەبانلىق ئىشى.
دىدى: ئەي يىگىت سەبر قىل بىر زامان،
بۇ ھالەت بىلە بارماغىل ھېچ قايان.
كى يولدا يىقىلساڭ قەباھەت دۇرۇر،
ئەزىز باشىڭا ئاندا ئافەت دۇرۇر.
كى بۇ كەيفىياتدىن زامانى ئىل،
كى ھۇشيار ئولۇپ جايىڭە ئەزم قىل.
تۇرۇپ ئاندا بىردەم كەلىپ زەررە ئەقل،
قىلىپ مەن قوپۇپ ئەنجۇمەن سارى نەقل.
كۆرۈپمەن كەلىپ خانە دەرۋازەسىن،
كى ھىنگام مەجلىسنىڭ ئاۋازەسىن.
كى ھەۋلى فەزاسىغە سەپمىش گۇلاب،
بولۇپ ئەتر بىرلە ھەمە مۇشكناب.
تۇرۇپ ئاندا سەقىا ۋە خەراشلار،
كى تەييار ئىتىپ رەڭ بەرەڭ ئىشلار.
يەنە نەچە سەركاربىك باردۇر،
كى فەرمان پەزىر ئانچە سەركاردۇر.
جەمائەت تولا، خىزمەت ئەھلى تولا،
كىشى بار خىزمەتىدىن ئىرمەس خەلا.
ئۆزۈمگە دىدىم بۇ نە ئەسراردۇر،
بۇ كەچە كۆزۈمگە پەدىداردۇر.
تۇشۇمىمۇ ئويغۇمىمۇ نە ھالەت ئىكىن،
كى باشىمغە تۇشكەن خىيالەتىمۇ ئىكىن.
غەلەت ئەيلەدىمۇ يولۇمنى كەچە،
بۇ جايىم بولۇپدۇر بۇگۈن ئۆزگەچە.
تەئەننى بىلە ئەيلەسەم سەر ھىساب،
ئۆزۈم جايى ئىركەن تانۇپمەن قاراپ.
تورۇپدۇر ئىشىكدە ياساۋۇل كىشى،
چۇ خىزمەت قىلۇرغە چاقاۋۇل كىشى.
ئۆيۈم سارى ئولدەم① قىلىپ مەن خىرام،
كەلۇر ئارقەدىن بارچە زەررىن غۇلام.
رەئايەت تەرىقىدا فەرمان تۇتۇپ،
بولۇپ تابەئىم بىزنى سولتان تۇتۇپ.

تەئەججۇب بىلە كەلدىم ھەيران ئولۇپ،
سارايىغە كىرىپ مەن پەرىشان ئولۇپ.
چىقىپ ئالدىمە ئەيلەدى ئىھتىرام،
بىر ئىكى يەنە ھىندۇ بەچە غۇلام.
كەيىپ ئىگنىگە ئانچە فاخىر لىباس،
ھەرىفانەلىكدە ئىدۇر بىقىياس.
بىرىدە سۇراھى بىلە ساغەرى،
بىرىدە كاباب لەھمىسى جانئۋەرى.
كەلىپ ئىردى ئالدىمدا ئول نۇۋجەۋان،
تاپىشتۇق ئىشىك ئالدىدا ئولزامان.
كى ساغەرنى پۇر ئەيلەبان تۇتتى مەي،
چەكىپ بادەنى ئاندا ئول نىكۇ پەي.
كەزەكدىن تەناۋۇل قىلىپ ئىكىمىز،
كىرىپ ئىچكەرى ئىكى يار ئەزىز.
سەرەنجامى ئۆيگە سالىپ مەن نەزەر،
مۇھەييا بولۇپ بارچەسى سىمۇزەر.
قىلىپدۇر بىھىشت ياڭلىغ ئاراستە،
مۇزەييەن قىلىپ، يوق كامۇ كۇستە.
ياقىپ كافۇر رۇۋشەن چىراغ،
چىراغ ئىچرە كافۇردۇر بادە ياغ.
قەنادىل شوئائى مۇنەۋۋەر قىلىپ،
داغى ئۇ دۇئەنبەر مۇئەتتەر قىلىپ.
چۇ گۇلگۇن قىلىپ سەقفۇ دىۋارەنى،
قىلىپ دۇرج تاقى ئۇزرە گۇلنارەنى.
كى ئاۋىزدۇر ئاندا ئالتۇن قەفەس،
مۇزەييەن دۇرۇر كۆرمەگەن ھېچ كەس.
كى بۇلبۇل قىلۇر ئاندا نەغمە نەۋا،
كى تۇتى ۋە قۇمرى ۋە شارەك سەدا.
ھەدىقە ئىچى مۇنچە ئايىن دۇرۇر،
ئىمارەتدە يۈز مۇنچە تەزيىن دۇرۇر.
ئىمارەت ئىچىگە كىرىپ يار ئىلە،
كۆرۈپ بارچەنى يار دىلدار ئىلە.
كى فەرش ئەيلەبان ئاندا شاھان بىسات،
كىشى مۇندا شاھانە ئەيلەپ نىشات.

① ئەسلى تېكىستتە «ئولدۇم» يېزىلغان. «ئولدەم» قىلىپ تۈزىتىلدى.

کى زەر بەفت ئەتلەسکە نازۇك هەرىر،
ماتائ جاهاندا ئىرۇر بى نەزىر.
جەۋاهىر مۇرەسسەئ قىلىپ خانلار،
قەمەر قورسىدىك ئاندا کۆب نانلار.
قەدەه لەئلىدىندۇر سۇراهى بۇللۇر،
ئانىڭ لەمئەسىدىن هەمە تاپتى نۇر.
يەنە نوقرە تىللا بەرەنج شەمئ دان،
ياقىپدۇر ئانى بارچە بولمىش ئايان.
يەنە نەچە خوشرۇ بارى شوخۇشەڭ،
ئاغىز ئاڭا تارۇ قاباق ئاڭا كەڭ.
کى مەتبۇئ مۇترىب خۇش ئەلهان بارى،
كۆڭۈلنى ئوغۇرلارغە جانان بارى.
کى ئەتراف مەجلىسدە قىلمىش مەقام،
بۇلار هەر بىرى ئانچە شىرىن کەلام.
تۇرۇپدۇر بۇلار ئەمرىگە مۇنتەزىر،
مەنىڭ قۇللۇغۇمنى بىلىپ مۇفتەخىر.
چۇ مىهمان سەرا ئىچرە تەکلىف ئەتىپ،
كىرىپ ئىچكەرى يار تەشرىف ئەتىپ.
مۇغەننى ۋە مۇترىب نەۋا سازلار،
کى بۇلبۇل مەسەللىك خۇش ئاۋازلار.
کى قانۇن، تەنبۇر، بەربەت، ئەجەك،
يەنە چەڭ ـ سەمتۇر ياشىل چەنبەرەك.
داغى نازەنىن ئىلكدە سازۇ مەي،
بىرىنىڭ قولىدا سۇراهىدا مەي.
بىرىنىڭ قولىدا كۈمۈش ساغەرى،
ئالىپ مۇرغ بىريان کەبابنى بىرى.
بۇلار هەربىرىدۇركى زەررىن كۇلاه،
هەمە خادىمان لايىق پادىشاه.
چۇ مىهمان كىرىپ ئاندا قىلدى نەشەست،
بولۇپ بەزم ئارا هەمەئىل مەي پەرەست.
کى رەققاس سەماغە كىرىپ هەر بىرى،
تۇتۇپ مىڭ سۈلۈکەت بىلە ساغەرى.
چېكىپ نەغمەسىن ئەيلەدى تومتۇراق،
کى سۆهبەت قىزىپ ئارتىبان ئىشتىياق.
يىگىتكە تۇتۇپ جامى مەي دەمبەدەم،
کى مەي راهەتىدىن بولۇپ دەفئ غەم.
کى ئولتۇرغۇزۇپ ئانى بالىن ئۈزە،
نە بالىن ئۈزە تەختى زەررىن ئۈزە.
يەتىپ خاتىرىمغە پەرىزادىمىز،
جاهان ئافەتى سەرۋ ئازادەمىز.
تەفەههۇس قىلىپ جايىدا تاپمادىم،
تەرەددۇد بىلە جۇستۇجۇ ئەيلەدىم.
کى مەهۋەش ئۈچۈن ئانچە بولدۇم مەلال،
قوپۇپ مەسكەنىمدىن قىلىپ ئىنتىقال.
تۈشۈمۇ ئەكىن بۇ ئەجەب كاردۇر،
دىدىم ۋاي دەرىغانە ئەسراردۇر.
چىقىشدا ئۆيۈمدىن يوق ئىردى ئەسەر،
کى پەيدا بولۇپدۇر بۇلار سەربەسەر.
کى شايەئ بولۇپدۇر بۇ ياڭلىغ ئەسرار،
ۋەيا مەستلىكدىن كۆرۈندى سەرۋەر.
سەراسىمە بولدۇم ئۇرۇپ باشىمە،
تولۇپ دامەنىم كۆزدەكى ياشىمە.
چۇ يەتتى ماڭا ئانچە بى تابلىق،
کى ئالۇدەلىكدىن كۆزۈم خابلىق.
تەجەسسۇس قىلىپ ئاختارىپ كوشەلەر،
ئەلەم خىرمەنىدىن تەرىپ خوشەلەر.
هەمە كارخانە مۇهەييا ئىدى.
کى هەر جىنس شاهانە زىبا ئىدى.
يەنە ئوتۇز ئۈچ كارخانە پەدىد،
كىرىپ هەر بىرى ئىچرە ئەيلەپ ئۈمىد.
تەماشە قىلىپ بارچە ئەجناسنى،
دەرك قىلمادىم گۆۋهەرى ناسنى.
چۇ مەتبەخ ئارا سالدىم ئانچە نەزەر،
كۆزۈمگە پەرى بولمادى جىلۋەگەر.
كىرىپ مەن يۈرۈپ خانەدىن خانەگە،
کى ۋەسل ئولمادىم يار جانانەگە.
داغى ئىچكەرى ئەيلەدىم سەرهىساب،
کى بىرخانە بىر جايدادۇر ئافتاب.
كۆزۈم تۈشتى ئوليان، کەتىپ ئەقلۇهۇش،
چىراكىم پەرى چىهرە بولمىش خەمۇش.

www.uyghurkitap.com

ياقىن كەلدىم ئالدىغا ئەيلەپ سالام،
مۇھەببەت بىلە ئاڭا قىلدىم كەلام.
بولۇپ ئالدىدا مەن سەر ئەفكەندەئى،
قوياشىم كىيىپ ئىگىنگە ژەندەئى.
قولىدا ئېرۇر سىغلاردا كاباب،
نەيدەك ئورنىدا سىركە بىرلە گۇلاب.
كى ئاھۇ بەررەلەھمىسى جانىۋەر،
ئىزافە قىلىپ ئاڭا شەھدۇ شەكەر.
چۇ تەييار ئېتەر ئېردى ئول سىم تەن،
بۇ ئىشنى كۆرۈپ ئانچە ھەيرەتتە مەن.
كەلىپ باشىدىن ئۆيرۈلۈپ بەندەۋار،
ياقامنى تۇتۇپ يىغلادىم زار زار.
سۆيۈپمەن كەلىپ دەست ئىلە پايىغە،
ئۆزۈمنى ئۇرۇپمەن يۈزى ئايىغە.
سوراپ ھالىنى ئول پەرىزادنىڭ،
كەلىپ ئاچچىغى سەرۋى ئازادنىڭ.
دىدىكىم سەبۇكلۇق قىلىپ سېن ئەجەب،
كىشى ئادەمىدۇر بولۇر با ئەدەب.
كى سەندىن ئۆتۈپ بى ئەدەبلىك داغى،
قىلىپ بى خىرەدلىك تەئەبلىك داغى.
كى مېھماننى تەنھا قويۇپ سېن بەسى،
بۇ ئىش قىلماغاي سەندىن ئۆزگە كىشى.
دىدىم: ئەي نىگارا ساڭا جان فىدا،
كى سېن شاھ، ئالدىڭدا مەن بىر گادا.
يۈگۈردۈم جامالىڭغە دىۋانە مەن،
كى شەمئى جامالىڭغە پەرۋانەمەن.
تۇشۇپ ئىشق ئارا ئانچە ئاشفتەلىك،
كى ھىجران بەلاسىغە ئالىفتەلىك.
كى مەجنۇن بولۇپ لەيلىگە ئاشنا،
ئانىڭدېك ساڭا خانىمانىم فىدا.
قىلىپ خەندە ئول ئاي دىدى: يارسېن،
مۇھەببەت تەرىقى ئارا بارسېن.
ھەلى ۋەقتى يوق، قىلمە سوزنى تەۋدل،
كېيىن تۈركى مېھمان بىلە بەزم قىل،
بولۇپ سېن ئاڭا بۇ كەچە مىزبان،
كى سېندىن كەرەك بولسا خۇش مېھمان.
مەنى رازى قىلساڭ، ئانى خۇش قىل،
ئانى شاد قىلساڭ، مەنى يارقىل.
كۆڭۈل خۇاھىش ئېتكەنچە قىلغىل كەرەم،
لىباسۇ كۈمۈش بىرلە ئالتۇن دەرەم.
كى بايەدكە شايەد ئاتا ئەيلەگىل،
بۇ ئېھسان ئىشىن بى خەتا ئەيلەگىل.
خىيالىڭغە كەلتۈرمە ئانداغ خىيال،
دىمەيكىم ئېمەستۇر مەنىڭ ئۇشبۇھال.
بۇلاردۇر ساڭا بارچە فەرمان پەزىر،
سەنىڭدۇر بۇ كەچە ھەمە دەرگىر.
يەنە سۆز بۇدۇر جان بىلە سال قۇلاق،
پەياپەي جەۋانمەردكە تۇتغىل ئاياق.
كى سەرخۇش قىلىپ جامى ئىشرەت بىلە،
فەرەھلىكنى يەتكۈركى سۆھبەت بىلە.
كى مەئشۇق سېن كەلتۈرۈك زىنھار،
ئەگەر كەلسە ئول خۇش ئېرۇرئىكى يار.
چىقىڭ تېزرەك مىزبانلىق قىلىڭ،
مەنىڭ ھۆكمۈمە خوردەدانلىق قىلىڭ.
چىقىپ ئالدىدىن يارنىڭ شادىمان،
تاپىپ خاتىرەم ئانچە غەمدىن ئامان.
بولۇپ خاتىرەم جەمئ مەئشۇقدىن،
داغى بادە نۇش ئەيلەبان زوۋقدىن.
كى مۇترەب مۇغەننى نەۋا سازغە،
چۇ ئىنئام ئىلە تۇردۇم ئەئزازغە.
ساخاۋەت تەرىقىدا ھاتەم بولۇپ،
شىجائەتدە مەي بىرلە رۇستەم بولۇپ.
ھەمە بولدى سەرگەرم مەي زورىدىن،
يەتىپ كەيفىيات كەتتى ماقدۇرىدىن.
جەۋانمەردكە ئەيلەدىم ئىلتىماس،
ئايا دوست جانى يەتىپ بۇ قىياس.
كىشى يارسىز جامى ئىشرەت ئىچەر،
كى ئول مەي ئېمەس خۇنى ھەسرەت ئىچەر.
فەقىرا ھەقىرنىڭ خىيالى بۇدۇر،
كى سىزلەرگە قىلغاي سوئالى بۇدۇر.

کی ئول خوبلار شاهی ئاندا قالىپ،
کىم ئول يارسىز مۇندا ئىشرەت قىلىپ.
كۆڭۈل كۆرمەدى كىم بۇ ئىشنى راۋا،
نىگارىڭ بولۇپ مۇندا سەندىن جۇدا.
ئانى مېھرەبانلىق بىلە كەلتۈرۈك،
کی ئول بالىن ئۈززە ئىكاۋ ئولتۇرۇك.
يىگىتكە بۇ سۆز ئەينى مەئقۇل ئولۇپ،
كىشى بۇيرۇدى ئانچە مەقبۇل ئولۇپ.
غۇلامنى بۇيرۇپ ئانى كەلتۇرۇپ،
پەرى چېھرە بىرلە ئىكاۋ ئولتۇرۇپ.
مەجالىس قۇرۇپ ئەيلەدى بادە نۇش،
کی مەي كەيفىدىن ئەيلەدى تەرك هۇش.
کی بۇ بەزمى مەشرەپ بولۇپ ئانچە گەرم،
ئىچىپ جامى ئىشرەت رەها بولدى شەرم.
كەچە ـ كۈندۈز ئۈچ كۈن چەكىپ جامنى،
سەھەرگە ئۇلاپ هەر كۈنى شامنى.
بولۇپ مەست لايەئقەل ئول ئىكى ئاي،
کی مەي كەيفىدىن بولدى بى ئىختىيار.
هەمە بولدى بىهۇش گويا مامات،
گۇمان قىلغاي ئىل كۆرسە، ئىرمەس هايات.
يىقىلدىم ئۆزۈمدىن كەتىپ مەست ئولۇپ،
ياتىپ كۈنجىدە هەمەدىن پەست ئولۇپ.
کی تۆرتۈنچى كەچە ئۆتۈپ چىقتى كۈن،
کی ئول بەزم ئارا چىقمادى هىچ ئۈن.
بىناگاه كەتىپ ئۇيقۇ، هۇشيار ئولۇپ،
كۆزۈمنى ئاچىپ ئاندا بىدار ئولۇپ.
كۆرۈپمەن قاراپ بارچەدۇر ناپەدىد،
کی هەيرەتدە بولدى ۋۇجۇدۇم قەدىد.
سەراسىمە بولدۇم قوپۇپ، هەرتەرەف،
كىم ئەسباب ئالەت بولمىش تەلەف.
بولۇپ مۇزتەرىب چۈنكى دىۋانەۋار،
باشىمغە ئۇرۇپ يىغلادىم زارزار.
تۈشۈممۇ بۇ ئىش، يا خىيالەتمۇ،
کی نەيرەڭ ئىلىدىن ئالامەتمۇ.
کی يوق ئەيش ئەسەرىدىن هىچ خەبەر،
تەخى تاپمادىم دىلبەرىمدىن ئەسەر.

يۈگۈردۈم هەمە جاينى ئاقتارىپ،
کی بىر كۈنجى تاقىنى كۆردۈم بارىپ.
بۇ تاق ئۈززە كۆردۈم تۇرۇپ بىرگىلەم،
ئانىڭ جانىبىغە قويۇپمەن قەدەم.
گىلەمنى تۇرۇپ شەكلى تۇماردېك،
ياتىپ تاق كۈنجىدە ئول ماردېك.
ئالىپ تاقدىن كۆردۈم ئانى ئاچىپ،
ياتىپ ئول يىگىت يار ئىلەقان ساچىپ.
هەرىفلەر يىگىتنىڭ كەسىپ باشىنى،
ئانىڭدېك قىلىپ يار يولداشىنى.
ئىكى مۇردەنى ئەيلەمىش ئاندا جۇفت،
چۇ ئول تاق ئارا ئانى قىلمىش نەهۇفت.
كۆرۈپ ئولزامان مەن كېسۈك باشلار،
تۆكۈپمەن قاراپ دىدەدىن ياشلار.
بولۇپمەن بۇ ئىشنى كۆرۈپ ۋەهىمناك،
خىيال ئەيلەدىم ئىمدى بولدۇم هالاك.
چۇ ئول خەۋفدىن يەتتى بىهۇشلۇق،
ئۇچۇپ ئەقل، كەلدى فەرامۇشلۇق.
کی يۈزلەندى كۆڭلۈمگە بىهەد هەراس،
تەفەككۇر بىلە زايىل ئولدى قىياس.
زامانى يەتىپ ئەندەكى يەتتى هۇش،
قىلىپ مەن بۇ ئىشغە فىغان خۇرۇش.
تەفەككۇر قىلىپ دىلغە بەردىم قارار،
کی ياخشى مىكىن ئىمدى قىلسام فەرار.
چۇ بۇ خۇن ناهەقى ماڭا بولغۇسى،
بۇ مەشرەب باشىمغە بالا بولغۇسى.
قاچىپ بىر تەرەفكە كېتەي باش ئالىپ،
تەرەددۇد بىلە كۆزۈمە ياش ئالىپ.
يەنە ئىشقى تۇغيان قىلىپ ئولزامان،
تۈشۈپ كۆڭلۈمە يارى جان جاهان.
پەرىشان بولۇپ دەمبەدەم چېكتىم ئاه،
جاهان داج بولدى فورۇ كەتتى ماه.
تەۋەججۇھ بىلە يىغلابان ئالدىراپ،
تۈشۈپ جانىمە يار ئۈچۈن ئىزتىراب.
يۈگۈردۈم باقىپ دەر بەدەر شوۋق ئىلە،

تاپاي جان، تاپىپ يار مەئشۇق ئىلە.
چۇ ئەغيار ھەم يار ماڭا مەئلۇم ئېمەس،
بۇ ئىش سىررى كۆڭلۈمگە مەفھۇم ئېمەس.
تەرەددۇددا ھەيران، تەفەككۇر دالال،
كى ئول يار ئۈچۈن ئانچە بولدۇم مەلال.
فەلەك ئەيلەدى ئانچە ماتەم زەدە،
كى ھىجران سىپاھى قىلىپ ئەربەدە.

بىناگاھ كىمەرسە كۆرۈندى ئايان،
ئىشىكدىن كىرىپ ئول ئىمارەت سويان.
ئانى كۆرگەنىمدىن بولۇپ شاد مەن،
كى بىرمۇنچە قايغۇدىن ئازادمەن.
يەنە كۆڭلۈمە يەتتى فاسىد خىيال،
بولۇپ ئول يىگىتنىڭ قۇياشى زاۋال.
ئانىڭ ئادەمى بولسە ئۇشبۇ غۇلام،
مەنى كۆرسە قىلغاي ئانىڭدىن كەلام.
جەۋابىنى بەرمەكلىك ئاسان ئېمەس،
كى ئۆلگەن ئۆلۈك ئەسلەن پىنھان ئېمەس.

مەنى مۇندا ئول كۆرمەگەي بۇ زامان،
بارىپ ئالدا ئۆزنى ئەيلەي نەھان.
كىرىپ باغ ئارا ئانچە ھەيرەت بىلە،
تۇرۇپمەن ماراپ دەرد ھەسرەت بىلە.
ئەتىگىلىك كۆرۈپمەن چۇ دەرۋازەنى،
ئىشىتمەي قۇلاق ھېچ ئاۋازەنى.

يۈرۈپ ئول غۇلام ئارقەسىدىن كىرىپ،
سەياسەت قىلىپ مەن ئانى قىچقارىپ.
كى غافىل تاپىپ چەڭ سالىپ دەرمەھەل،
يىقىتتىم زەمىن ئۈزرە بولماي ھەيەل.
تانۇپمەن ئانى خىزمەت ئەھلى ئىكەن،
كى ئول يارنىڭ ئۈلفەت ئەھلى ئىكەن.
سوراپمەن ئانىڭدىن ئەجەب ھالنى،
كى ئول نازەنىندىن قىلىپ فالنى.

دىدىم① كىمنى ئىزدەپ يۈرۈپ سىن تەخى،
جەۋابىن ئېيت راستلىقدىن ئەخى.
كى ئول سەھرى پەرداز جان ئافەتى،
كى نەيرەڭ ئىلە كۆرگۈزۈپ لۇئبەتى.

قويۇپ جانىمە داغى ھىجراننى ئول،
پەرىدېك قىلىپ جىننى ئىنساننى ئول.
بولۇپدۇر دەرىخاكى كۆزدىن نەھان،
بولۇپدۇر قاراڭغۇ بۇ رووشەن جاھان.

دىدى ئول غۇلام ئول نېدۇر ماجرا،
ئول ئاي ھەققىدە ئەيلەدىڭ ناسەزا.
ئانىڭ جانىدىن بولۇپ سىن مەلال،
كى ئول سىن ئۈچۈن ئەيلەمىش كۆپ خىيال.
تۇرۇپدۇر ئول ئاي ئانچە فىكرىڭ بىلە،
نە فىكرىڭ بىلە بەلكى زىكرىڭ بىلە.

دىدىم: ئاھ، يارىمدىن ئايتىڭ خەبەر،
قەدەر مۇڭغە جانىم فىدا ئەي پىسەر.
ھەلى قايدادۇر ئول كۆزۈم رووشەنى،
خۇدا ھەققى ئاگاھ قىلغىل مەنى.
دىدى: كېل سەنى يارغە يەتكۈرەي،
كى بىدىلنى دىلدارغە يەتكۈرەي.
كى ئول مۇژدەدىن جان تاپىپ بۇ بەدەن،
دېبان ئۈزرى بوينۇمغە سالدىم رەسەن.
دىدىم: يارغە مەنى تېزرەك يەتكۈرۈڭ،
يوق ئېرسە بۇ يەردە مەنى ئۆلتۈرۈڭ.
دىدى: بول مەنىڭ بىرلە ئېمدى رەۋان،
سىزگە مۇنتەزىر ئاندا سەرۋى رەۋان.
يوق ئېردى ماڭا ئۆزلۈگۈمدىن خەبەر،
نە ئەقلۇ نە ھۇش خىرەددىن ئەسەر.
مۇسافەت يۈرۈپ بىر فەزاغە يەتىپ،
كۆرۈپمەن كى دارۇلقەزاغە يەتىپ.
كۆرۈندى كۆزۈمگە سەفىل تاغدېك،
جۇۋارىندا ئەشجاردۇر باغدېك.

كى دەرۋازەدۇر بى نەھايەت بەلەند،
كۇشادە ئېمەستۇر ئېرۇر قۇفل بەند.
كى دەرۋازە يانىدا بىر مەسجىدى،
ئىبادەت قىلۇر ئېردى پىر ئابىدى.
كى ئول مەسجىد ئالدىدا نەھاردۇر،
سۇيى ساف چۈن كەۋسەر ئاساردۇر،
كى ئەترافىدا بار شەجەردىن نىشان،

بۇ ئەشجارنىڭ بارچە دامەنى كەشان.
تۈشۈپ سايەسى ئاب جارى ئارا،
ئەجەب دىلفەزادۇر ئەجەب خۇش ھەۋا.
مەنى ئاندا ئولتۇرغۇزۇپ ئول غۇلام،
تۇرۇك مۇندادىپ ئۆزى قىلدى خىرام.
تۇرۇپ ئېردىم ئول يەردە بىر سائەتى،
تەفەككۇر قىلىپ ئىشقىنىڭ سامىتى.
غۇلام ئۆزنى نەچە دەرۇن ئەيلەدى،
سەنەم ئىشقى بىزنى زەبۇن ئەيلەدى.
تۇرۇپ ئېردىم ھەيرەت بىلە كۆزتىكىپ،
بىناگاھ ئىكاۋ نەفەر كەلدى چىقىپ.
بۇ قۇل بىرلە بىر خۋاجەمەردى كەلان،
خىرامان قەدەم كەلتۇرۇپ مەن سويان.
يۈلەندى كەلىپ ھۇلى دىۋارىغە،
ئىشارەت بىلە سۆز قىلىپ زارىغە.
قاشىمغە كەلىپ تېز توند ئول غۇلام،
نەچە ھەرفنى قىلدى شىرىن كەلام.
دىدى① ئەي مۇسافىر ساڭا مۇژدەئى،
كۆڭۈل شاھىنى قىلمە پەژمۇردەئى.
بۇ مەسجىد ئىچىدە قىلىڭ ئەنزەۋا،
كەچە چىققۇسىدۇر بۇ خۋاجە سەرا.
ئول ئاي سارى ئول رەھنەمالىق قىلۇر،
ساڭا ئول ئاتادىك ئاتالىق قىلۇر.
دىدى سۆزنى ياندى قىلىڭ ئېھتىيات،
ئەگەر بولسە تالىئ قىلۇر ئىسھزات② (؟)
كىرىپ مەسجىد ئىچرە تەزەررۇئ بىلە،
تۇرۇپ ئاندا سائەت تەخەششۇئ بىلە.
ئول ئاي يادىدا كۆزلەرىم خۇن فەشان،
چەكىپ ئاھلار دەمبەدەم ھەر زامان.
پەرىشان خاتىرى قىلىپ مەن نەشەست،
قىلىپ مەن ئۆزۈمنى ئۇرۇپ يەرگە پەست.
تەۋەججۇھ قىلىپ مەن ئول ئاي سارىغە،
قىلۇرمۇ ئىكىن رەھم خۇنخارىغە.
ئۆتۈپ ئېردى تۈندىن بولۇپ ئىكى پاس،
باسىپ ئېردى مەن ناتەۋاننى ھەراس.
خەلايىق مۇرۇرى ئۈزۈلدى ھەمە،
گۈزەرگاھدا قالمادى ھېچ نىمە.
تەۋەككۇل ئىللەللاھ دېبان دەمبەدەم،
كى ئول ھەۋلى سارى قويۇپمەن قەدەم.
چۇ دەرۋازە ئالدىغە كەلدىم يەتىپ،
كى رۇب ئەيلەدىم كۆزدە ئەشكىم ساچىپ.
تۇرۇپ ئېردىم ئاندا بولۇپ ئىنتىزار،
بولۇرمۇ ئىكىن بۇ كەچە ئىختىيار.
ئوتۇپ سائەتى بولدى ئول دەرى كۇشاد.
پەرىشان كۆڭۈل ئولزامان بولدى شاد.
كەلىپ ئالدىمە ئاندا خۋاجە سەراي،
بۇكەچە فەقىرغە بولۇپ رەھنەماي.
ئالىپ كىردى ئول باشلابان ئىچكەرى،
بولۇپ ئول كىشى خىزىردىك رەھبەرى.
كىر بىر باغ ئارا كەلتۇرۇپ قويدى ئول،
ئۆزى ياندى مەن قالدىم ئاندا خۇمۇل.
ئەجەب باغ ئىكەن مىسالى خۇلد بەرىن،
جاھان باغىدا يوق يەنە ئانچىنىن.
كى باش تارتىبان ھەر تەرەفدىن شەجەر،
شەجەر شاخىدا ئانچە پۈتمىش سەمەر.
ئارام باغى گۈلشەنلەرىدىن نىشان،
داغى ئالدىدا جان فەزا بوستان.
چەمەنزار ئارا ئاب جارى زۇلال،
ئاقىپ ھەر تەرەف ساف سۈيى مۇلال.
ئارىقنىڭ جەنابىدا شەھ سۇففەئى،
سەفاسى ئانىڭ گۇيىيا ئەففەئى.
كى ئول سۇففەئەتۋارى جايى نىشات،
قىلىپ ئاندا شاھانە فەرشىن بىسات.
كى زەر شەمئ دان ئىچرە كافۇرى شەمئ.
مۇنەۋۋەر قىلىپ باغنى نۇرى شەمئ.
كۆزۈمنى تۇتۇپ كۆردۈم ئول ماھغە،
ئاغىزنى مۇھەييا قىلىپ ئاھغە.
شەرەف بۇرجىدىن قىلدى ئول ئاي تۇلۇئ

① ئەسلى تېكستتە «دىدىم» يېزىلغان. «دىدى» قىلىپ تۈزىتىلدى.
② بۇ سۆزنى، «ئىھەزات ئىخەرات ياكى ئىسخىرات» دەپ ئوقۇشۇ مۇمكىن لېكىن مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇسدىن زامان ئۆزنى ئەيلەپ خۇلۇد.
ئول ئاي نۇرى كۆزگە نەمۇدار ئولۇپ،
چىقىپ كەلدىم ئاھۇم پەدىدار ئولۇپ.
چۇ تاۋۇس دېك جىلۋە ئەيلەپ پەرى،
كى جان قۇۋۋەتى، كۆزلەرىم گۆۋھەرى.
كەرەشمە بىلە زۇلفىنى پىچۇتاب،
قىلىپ ئەيلەدى جانغە تۈرلۈك ئەزاب.
خىرامان ئولۇپ باغ ئارا ناز ئىلە،
قەدىمىنى چەكىپ ناز ئىئىزاز ئىلە.
لىباسىكى فاقىر ھەمەسىۇ زەر،
كى تاجى ئۈزە ئابدار گۆۋھەر.
كەلىپ قاشىمە يارەمەن كىشان،
ئۆلۈك تەن ئارا كىردى گوياكى جان.
كى بىر ئىشقى مىلك بولدى مەن خەستەگە،
دىلاۋەر ئولۇپ ئۇشبۇ دىل بەستەگە.
سوراپ ھالىنى مىھرەبانلىق قىلىپ،
قىلىپ شاھ شىرىن زەبانلىق قىلىپ.
كۆڭۈل زەخمىگە قويدى مەرھەم ئول ئاي،
قىلىپ لۇتفى ھۇسنى بىلە قىلدى باي.
كى دەم ئۇرماقىمغە يوق ئېردى ماجال،
يەقىلدىم بولۇپ خاك ئارا پايمال.
دېدى: ئەي ۋافادار تۈجىجارە مەرد،
زامان ئەھلىدىن ئەيلەدىك ئۆزنى فەرد.
چۇ بىزدىن ساڭا يەتتى ئازار كۆپ،
كى سەندىن ۋافا بولدى ئىزھار كۆپ.
قاچانكىم مەنى كۆرۈدڭىز ئەي جەۋان،
كى تاپماي بۇ دۇنيادا بىردەم ئارام.
رىزا قىلدىڭىز بىزنى شەفقەت بىلە،
كى خىزمەت قىلىپ سىز مۇھەببەت بىلە.
چۇ سەرف ئەيلەبان بارچە سەرمايەنى،
فەلەككە يەتىپ ئاھ ئىلە ۋاينى.
زامانىكى تاپماي فاراغەت بىلە،
بىزنىڭ بارىمىزدىن زىيارەت بىلە.
جاراھەتلەرىمگە داۋا قىلدىڭىز،
ھەمە سىۆزەرنى ئەدا قىلدىڭىز.

نەدىم مەن ئانى قىلمادىك ئەسلەن رەد،
ماڭا ھەر نەچۇك ئىشدا قىلدىك مەدەد.
كەلىپ سىز دىيار ئىچرە سوۋدا ئۈچۈن،
سەفەر ئەيلەبان مالۇ دۇنيا ئۈچۈن.
خوش ئېردى ساڭا بولسە كۆپ مەنفەئەت،
سەرەنجامىڭىزغە داغى ئەمنىيەت.
ھەمە بولدى بەرباد، بىزنىڭ سەبەب،
داغى تارتتىڭىز ئانچە رەنج ۋە تەئەب.
مەنىڭ جانىمدىن بولۇپ سىز كەيل،
كى بىھۇدە مىھنەتدە بولماك ئەلىل.
ساڭا لۇتفى ئېھسان ئېتىپ ئانچە زەر،
كى بەخش ئەيلەدىم قەبز ئېتىپ قىل سەفەر.
دۇئا بىرلە دايىم مەنى ياد ئەتىڭ،
خىيال ئىچرە يادىمىنى مىنقاد ئەتىڭ.
ئىشارەت قىلىپ ئېردى ئولدەم ئول ئاي،
كى فەرمان تۇتۇپ كەلدى خۋاجە ساراي.
ئىكى كىسە زەر كەلتۈرۈپ شۇلزامان،
قويۇپ ئالدىمە ئۆزى بولدى راۋان.
يەنە ئەمر قىلدى پەرى، ئەي ئاتا،
داغى كەلتۈرۈڭ تىيزەرەك بادپا.
كى تەفۋىز ئەتىڭ ئانى تۈجىجارغە،
چىقىپ شەھەردىن كىرسۇ رەفتارغە.
بۇ سۆزنى دېدى قوپتى ئول سىمتەن،
كى ھوشۇم كەتىپ رەئشە بولدى بەدەن.
يەقىن بولدى قولدىن چىقارغە ئول ئاي،
ئۆرۈپىمەن ئۆزۈمنى چەكىپ ئاھ ۋاي.
ئاڭا يالبارىپ باشغە ئۇردۇم كىسەك،
بولۇپ پايمال بەلكى تۇتتۇم ئېتەك.
دېدىم: ئەي نىگارا گۇناھىم نېدۇر،
كى ھەققىمدە قىلغان تەباھىم نېدۇر.
ۋافا ئەيلەگەنگە جەفامۇ بولۇر،
جاھان ئىچرە مۇنداغ بەلامۇ بولۇر.
تۇتۇپ دامەنىنى تولا يىغلادىم،
ئول ئايغە قىلىپ ئىلتىجا يىغلادىم.
دېدىم: سەبىر قىل ئەي كۆزۈم رەۋشەنى،

قايان بارغۇڭىز زار ئەيلەپ مەنى.
كى لۇتف ئەيلەبان سۆزگە سالغىل قۇلاق،
ئۆلۈمدىن بەتەر بىزگە هازەلفىراق.
تەبەسسۇم قىلىپ تۇردى ئول مەهۋەش،
تەكەللۇم قىلىپ يالبارىپ دەرد كەش.
چۇ فەرمان قىلىپ بار شىرىن سەنەم،
سۆزۈڭ نە ئېرۇر دىگىل ئېمدى بۇ دەم.
ۋەسىيەتلىرىڭنى ئادا ئەيلەيىن،
كى هاجەتلەرىڭنى راۋا ئەيلەيىن.
دىدىم: ئەي نىگارا ۋەسىيەت بۇدۇر،
كى هەققىمدەكى مېهر ـ شەفقەت بۇدۇر.
بۇ كەچەمەنى ئەيلەگەيسىن هەلاك،
ۋۇجۇدۇمنى دەفن ئەيلەگىز زىرى خاك.
بۇ ئەسرارنى هېچكىم بىلمەسۇن،
كى ئىشقىمنى هەركىم گۇمان قىلماسۇن.
كى ئىشق ئىچرە ئۆتكەن ئېرسە خەتا،
ماڭا تىغ زەربىنى ئەيلەڭ ئەتا.
مۇكافات بولسۇن گۇناهىمغە ئول،
كى جۇرمانەغە ئۆزر بولماس قەبۇل.
ئەگەر ياخشىلىق قىلغان ئېرسەم ساڭا،
نېدىن بۇ جەفانى قىلۇرسەن ماڭا.
راۋامۇ ۋافاغە جەفا ئەيلەمەك،
كەرەكدۇر جەفاغە ۋافا ئەيلەمەك.
ئۆمىدىم بۇ ئېرمەس ئىدى ئىشق ئارا،
كەلىپدۇر بۇ باشىمغە نەرەڭ ماجرا.
جامالىڭنى مەن كۆرمەسەم كاشكى،
كى هىجرىڭ بىلە ئۆلمەسەم كاشكى.
كى سېن سىز ماڭا بۇ تىرىكلىك هارام،
مەنى قەتل قىلماقىغە قىل ئېهتىمام.
مىڭ ئۆلتۈرگۈچە هەر كۈنى ئەي سەنەم،
بىر ئۆلتۈر خالاس ئېت، ماڭا قىل كەرەم.
ئەگەر نەڭ قىلىپ سۆرمەسەڭ تىغى ئىشق،
بۇ يۇرغىل غۇلامىڭنى ئول قىلسۇن مەشق.
كى ئىشقىڭدا گەر قىلغان ئېرسەم تەبە،
يولۇڭدا بەرەي باش، تاپاي مەرتەبە.

ئۆتەر يولىڭا دەفن قىلسۇن مەنى،
باسىپ ئۆت ۋۇجۇدۇمغە گۈل خىرمەنى.
ئەگەر سۆرمەسەڭ تىغى ئىشقىڭنى ئاه،
ئاياغ ئاستىدا بولغايمەن خاكى راه.
ۋەيا رەهىم ئەتىپ ئېمدى قىلغىل غۇلام،
غۇلامىڭ قاتارىدا بەرگىل مەقام.
سەنىڭ خىزمەتىڭدە قىلاي جان فىدا،
كى ئىشقىڭدا بۇ جاننى ئەيلەي ئەدا.
دىدىكىم ئول ئاي مەقسەدىڭ نەدۇرۇر،
دىدىم: ئاه، قەتلىڭ كۆڭۈل تىندۇرۇر.
دىدى: ئۆلگەنىڭدىن ساڭا دۇرنە سۇد،
دىدىم: تاپغايمەن ئاندا باقى ۋۇجۇد.
دىدى: يان جۇنۇندىن ئەيا پۇلدۇس.
دىدىم: يانماغۇم ئىشقدىن بىر نەفەس.
دىدى: ئەي گادا چېكمە بىهۇدە رەنج،
دىدىم: ئىشق ئېرۇر بىزگە نايابى گەنج.
دىدى: رازى بولغىل ئالىپ سىمۇ زەر،
دىدىم: ئىشقىدىن خوش ئېرۇر بىر شەرەر.
دىدى: ئەي فالانى ۋىسالىڭ مەهال،
دىدىم: مەن باراي دەهرىدىن ياخشى قال.
تەبەسسۇم قىلىپ باشىنى ئىرغاتىپ،
تەرەههۇم قىلىپ بىر زامان سۆز قاتىپ.
دىدى: ئىشق سەرمايەسى سەبرىدۇر،
بۇ بى سەبرىلىك ئىشق ئارا جەبرىدۇر.
كى ۋەسلىم ئۈچۈن ئەسلەن قىلما خىيال،
كۆڭۈل ئىچرە كەلتۈرمە ئەمرى مەهال.
قابۇل ئەيلەمەس بۇ ئىشىڭنى خىرەد،
بۇ فاسىد خىيالىڭنى قىل ئىمدى رەد.
بۇ خوشلۇق بىلە يان بۇ دەرگاهدىن،
كىرىپ يولىڭا قالمە هەمراهدىن.
بۇ سۆزنى دىدى ئەيلەدى ئىنتىقال،
فەقىر ناتەۋاندا بولۇپ ئۆزگە هال.
دىدىم① ئەي نىگارا تەكەللۇم قىلىپ،
بۇ كۆڭلۈمنى خۇش قىل تەكەللۇم قىلىپ.
سوراي سەندىن ئەي خوبلار سەرۋەرى،
قىلىڭ پاش ئەسرارىنى ئەي پەرى.

① ئەسلى تېكىستتە «دىدى» يېزىلغان. «دىدىم» قىلىپ تۈزىتىلدى.

www.uyghurkitap.com

كى نازۇك بەدەن زەخمىنىڭ قائىلى.
كىم ئېردى ئىكەن يار قاتىلى.
ئالىپ ۋاقىئە سەندىن ئەيلەپ زۇھۇر،
كى مەئلۇم ئېمەس بىزگە ئۇشبۇ ئۇمۇر.
بايان ئەيلەسەڭ بولسە روشەن ماڭا،
بۇ ئىشلار ۋوقۇئى مۇبەرھەن ماڭا.
دىدى: ئەي جەفا پىشە ئازادەگان.
بۇ، ئەسرارلار جەۋھەردۇر نىھان.
دىدى بۇ ماقالات قىلدى خىرام،
چۇ مايىل بولۇپ ماھى بەيتۇلھەرام.
قالىپ ئاندا مەن دەردۇ فۇرقەت بىلە،
باشىمغە ئۇرۇپ ئاھۇ ھەسرەت بىلە.
كۆزۈمدىن بولۇپ غەيب ئانداغ پەرى،
چىقاردى ئىرەمدىن مەنى تاشقارى.
يەنە ئول غۇلام بىرلە خۋاجە ساراي،
دىدى: ئال بولۇپ زەرنى ئالەمدە باي.
كېت ئېمدى ئوغۇل تۇرماغىل بىر زامان،
چىقىپ شەھەردىن يولغە بواغىل راۋان.
ماقالاتغە ئېمدى يوقتۇر مەھەل،
تولا سۆز قىلىپ ئېمدى قىلماڭ جىدەل.
چىقاردى مەنى ئورداددىن تاشقارى،
قالىپ ئاندا بارچە سىمۇ زەرى.
قەبۇل قىلمادىم مۈلك مالۇ مىنال،
بولۇپمەنكى ئازادە ئۇفتادە ھال.
كىرىپ مەسجىد ئىچرە قىلىپ ئەنزەۋا،
جاھان خەلقى ئىچرە بولۇپ بىنەۋا.
ياتىپ مەن چەكىپ ئاندا مىڭ دەردۇغەم.
كى سائەت بەسائەت ئەلەم دەمبەدەم.
ئۆزۈمدىن ھارام ئەيلەدىم ئۇيقۇنى،
قىلىپ جارى كۆز چەشمەسىدىن سۇنى.
چەكىپ دەمبەدەم ھەر زامان ئاھى سەرد،
كى خاك مەزەللەتدە جىسمىمنى گەرد.
كى مەئبۇد ئارا ئەيلەدىم ئىئتىكاف،
چۇ غەم لەشكەرى بىرلە قىلدىم مەساف.
غىزا ئورنىغە يەمەكىم دەردۇ غەم،
كى شەربەت ماڭا زەھەر بىرلە ئەلەم.
كى ئىشق ئوتىدا بولدى جىسمىم كاباب،
شىكەنجى فىراق ئىچرە تۈرلۈك ئەزاب.
ھارارەت ۋۇجۇدۇمنى قىلدى زەئىف،
جۇنۇن پەھلىۋانىغە بولدۇم ھەرىف.
گاھى يىغلاماق، گاھى كۈلمەك ئىشىم،
بۇ ھالىمنى ئايتۇرغە يوقتۇر كىشىم.
چەكىپ دەردلەر قالمادى قۇۋۋەتىم،
زىيادە بولۇپ ھەر كۈنى ئىللەتىم.
يىقىلدىم نېتەي يەرگە ھەمۋار ئولۇپ،
كى ھىجران جەفاسىدا بىمار ئولۇپ.
كەلۇر رەھمەسى ئادەمى زادەنىڭ،
جەفاسى يەتىپدۇر پەرىزادەنىڭ.
مەنىڭ ياشلىقىمغە نەدامەت چەكىپ،
كى يىغلار ئىدى ھەر كىشى كۆز تىكىپ.
كەسەل بولدى بىر كۈن قەۋى ئۆزگەچە،
قۇلاق ساغىرا، كۆز قارا، تىل گاچە.
ئۆتۈپ نەچە كۈن بولدى ھالىم زەئىف،
ۋۇجۇدۇم ئوقۇبەتدە ئانچە نەھىف.
كى ئول رەھبەرى پىر خۋاجە ساراي،
ئىبادەت ئۈچۈن ئەزبىرايى خۇداي.
چىقىپ ئېردى مەسجىدكە بىر شام ئارا،
نەماز ئېتكەلى خاس ئىلە ئام ئارا.
كۆرۈپتۇر مەنى مۇنچە مىھنەت بىلە،
كەلىپ رەھمەسى مىھر - شەفقەت بىلە.
سوراپ خەلقدىن بۇ نەچۈك ئادەمى،
كەلىپدۇر قاچان، يوقمۇدۇر ھەمدەمى.
دىدى خەلق: ئەي خۋاجە، ئۇشبۇ غەرىب،
ياتىپدۇر بۇ مەسجىد ئارا سارغارىپ.
بۇ بىكەس كەلىپ ياتقالى ئالتە ئاي،
بولۇپدۇر ئايا پىر خۋاجە ساراي.
نەۋازىش قىلىپمىز ئاڭا بى ھىساب،
يىغىدىن بۆلەك ئاڭا يوقتۇر جەۋاب.
كەسەل بولدى ھەردەم چەكىپ ئوتلۇق ئاھ،
غىزادىن قالىپ بولدى ھالى تەباھ.

غەربىنىڭ يوق ئىنسان بىلە ھىچ ئىشى،
خەبەردار ئىمەس ھالىدىن ھىچ كىشى.
ئىچى كۆيىدى ئول پىر ئەربابىنىڭ،
سۆزى قىلدى تەئسىر ئەسھابىنىڭ.
تەفەھھۇس قىلىپ ئەيلەدى سەرھىساب،
تانۇب خۋاجە ئەۋۋەل نەزەردە قاراپ.
تەئەسسۇف قىلىپ ئىلكىنى تىشلەدى،
تەئەججۇب بىلە ئولتۇرۇپ يىغلادى.
قوپۇپ چىقتى مەسجىددىن ئول ئاقساقال،
كىرىپ ماھى پەيكەرغە دىپ ئەرزى ھال.
مەلىكە جەنابىدا باشىن سالىپ،
تۇرۇپ يىغلابان يەرگە باشىن سالىپ.
دىدى: ئەي نىگارا خەبەردار بول،
كى بىچارە بىدىلغە دىلدار بول.
يەمەنلىك يىگىت ئانچە بىماردۇر،
كەسەلگە سەبەب سەندىن ئازاردۇر.
بولۇپدۇر كەسەل ئول يىگىت ئاتە ئاي،
غىزادۇر ئاڭا ھەر كۈنى ئاھ ـ ۋاي.
بۈگۈن ئۈچ كۈن ئولمىش كەتىپ ھۇشىدىن،
كى جان بەرگۈدىك ھەجرى سەر خۇشىدىن.
كەلىپ رەھىم ئول زار بىچارەگە،
ۋەفا يوليدا ئۆلگەن ئاۋۋارەگە.
مەلىكە دىدى: ئەي خۋاجە تىز بار،
مۇسافىر باشىدا تۇرۇپ ئىنتىزار.
ئەگەر ئۆلسە ئول ياخشى ئەئزاز ئەتىڭ،
كى تەكفىن تەجھىزلار ساز ئەتىڭ.
فەلان يەردە دەفن ئەيلەگىل جىسمىنى،
بەجا كەلتۈرۈڭ مۇردەلەر رەسمىنى.
ئەگەر روھىدىن بولسە زەررە رەمەق.
كى بىچارەگە جان ئەتا قىلسە ھەق.
ئانى كەچە گۈلشەن ئارا كەلتۈرۈڭ،
كى ئول ناتەۋانىڭ باشىدا تۇرۇڭ.
كەرەكدۇر ئانى ئەيلەمەكلىك رىزا،
بۇ دۇنيادا ھەققىنى قىلماق ئەدا.
چۇ فەرمان تۇتۇپ خۋاجە چىقتى راۋان،
كەلىپ مەسجىد ئىچرە نەچە خادەمان.
كۆرۈپدۇر كەلىپ خۋاجە ئولدەم مەنى،
كى خان مەزەللەتدە ھەمدەم مەنى.
نەدامەت چەكىپ باشىم ئۈزرە تۇرۇپ،
كى ھەسرەت بىلە يىغلابان ئولتۇرۇپ.
ياساپ شەربەتى كىم مۇقەۋۋى ئىدى،
ئانىڭ نۇشىدىن دىلغە تەقۋى ئىدى.
تامىتتى مەزاقىم ئارا دەمبەدەم،
قۇرۇغان ئاغىز دەمبەدەم بولدى نەم.
كەچە لەشكەرى قىلدى ئولدەم زۇھۇر،
بۇ ئالەم يۈزىدىن فەرار ئەتتى نۇر.
ھەمە خەلقى ئالەم بولۇپ ناپەدىد،
يەتىپ كەلدى مۇندا ئىكى ـ ئۈچ سەئىد.
كۆتەرمىش مەنى ئانچە ھۆرمەت بىلە،
قىلىپ مىھرەبانلىق مۇھەببەت بىلە.
كى ئاھىستە يەتكۈردى رىزۋان ئارا،
سىكەندەر كەبى ئابىھەيۋان ئارا.
باشىمغە كەلىپ دىلبەرىم سۆز قاتىپ،
قولىن تىشلەبان باشىنى ئىرغاتىپ.
تەرەھھۇم قىلىپ ئول مەنى زارغە،
ئىچىن كۆيدۈرۈپ ناتەۋان يارغە.
چۇ بالىنىم ئۈزرە تۇرۇپ ناز ئىلە،
داغى ئۆلتۇرۇپ تۇتتى ئەئزازىلە.
ئۆزىن ئەيلەبان ناتەۋان ناز يەقىن،
تەرەھھۇم قىلىپ ئول زامان مەھجەبىن.
ئۆزىنىڭ ھەكىمنى ھازىر قىلىپ،
بۇيۇردى ئاڭا ئىشنى زاھىر قىلىپ.
دىدى: ئەي ھەكىم مەئلۇم ئەيلەپ مىزاج،
بۇ بىچارەگە ئەيلەگەي سىن ئىلاج.
تەبىب كۆردى نەبزىمنى دىققەت بىلە،
كەسەلگە ئىلاج ئەتتى شەربەت بىلە.
تەبابەتدە ھازىق ھەكىم ئىردى ئول،
ھەمە قولى سادىق ھەكىم ئىردى ئول.
بۇندا كەسەلنى چۇ مەئلۇم ئىتىپ،
ھەمە دەردنى بىلدى مەفھۇم ئىتىپ.

www.uyghurkitap.com

دىدى: ئەي مەلىكەم شىفا تاپقۇسى،
بۇ ئاۋۋارە سىزدىن دۇئا تاپقۇسى.
مۇقەۋۋى ياساپ شەربەتى جانفەزا،
كى تەرتىپ ئەيلەپ لەتىفە غىزا.
قويۇپ ھەلقۇمە ئول شىفا شەربەتى،
چۇ روھ بەخش ئەتىپ ئول غىزا لەززەتى،
ئۆتۈپ ئۈچ كۈن ئىردى كەلىپ ھۇشىمە،
بىلىپ مەن ئۆزۈم ئەكل ئىلە نۇشىمە.
يىدۈردى ماڭا ئەكلهاي لەتىف،
قەمەر قورسىدىك شەھد ئولۇر رەغىف.

كەلىپ ئەقلىمە تۆرت كۈندىن كيىن،
كۆرۈپمەن باشىمدا تۇرا مەھ جەبىن.
تەلەتتۇف قىلىپ ئول زىنھارى ئەسىر،
كى رۇخسارىغە ئەشكنى قىلدى نەسىر.
قولى بىرلە شەربەت ئىزىپ دىلرەبا،
قىلۇر ئىردى ھەردەم ماڭا مەرھەبا.
مىسال ئولكى دەرۋىشلەر فەھم ئەتىك،
كەلامىنى ئاڭلاپ ماڭا رەھم ئەتىك.
ئەگەر يەتسە ئاشىققە بىمارلىق،
يوق ئاغرىق سەنەم قىلسە دىلدارلىق.
چۇ فەرھادغە يەتسە بىر ئىلتەتى،
لەبى لەئلى شىرىن ئىرۇر شەربەتى.
كى مەجنۇنغە يەتسە دىل ئازارلىق،
نە غەم لەيلى قىلسە ئاڭا يارلىق.
چۇ ۋامىق بولۇپ ئىشق ئارابى خىرەد،
تاپار جانىكى ئۆزرادىن ئولسە مەدەد.
نەۋازىش قىلىپ مۇشفىقانە ماڭا،
تىرىكلىك بولۇپ جاۋىدانە ماڭا.
ئىزىپ گىردى كۆزلەرنى رووشەن قىلىپ،
كۆڭۈل باغىنى خۇلقىئى گۈلشەن قىلىپ.
قىلىپ ھەر زامان تۆرفە دىلجۇيلۇق،
سۆلۈكەت بىلە ئانچە خوشخۇيلۇق.
يىگىرمە كۈن ئۆتتى باقىپ ئول سەنەم،
سىھەت ھاسىل ئولدى ماڭا دەمبەدەم.
ۋۇجۇدۇمدا قالماي كىسەلدىن نىشان،

كى بۇ زار ھەيران ياڭى تاپتى جان.
كى ئولدەمدە بولدۇم ئۇياتدىن خىجىل،
باشىم يەرگە سالىپ بولۇپ مۇنفەئىل.
بولۇپ ۋەقتى خۇش يار جانانەنىڭ،
سوراپ ھالىنى زار دىۋانەنىڭ.
تەكەللۇم قىلىپ ئولزامان غۇنچە لەب،
تەبەسسۇم بىلە لۇتف ئەتىپ سۆزنى دىيىپ.
دىدى: ئەي فەلانى مۇرادىڭ نەدۇر،
تولا دەردكە ئىنقىيادىڭ نەدۇر.
خىيالىڭداكى مۇددىئا نە ئىكىن،
كى بىمار ئولۇپ ئاھ-ۋا نە ئىكىن.
نە بائىس ئىكىن بولماقىڭ بىقارار،
نە ھادىس ئىكىن يىغلاماق زار-زار.
دىدىم: ئەي نىگارا ساڭا جان فىدا،
كى ياالغان ئىمەس ئەزبىرايى خۇدا.
كۆڭۈل دەردى پىنھان تۈگۈندۈر تۈگۈن،
تۈگۈننى يەزىپ چارە ئەيلە بۈگۈن.
كى باسقان ئىزىڭنى قىلىپ تۇتىيا،
كۆڭۈل ئەينىكە ئەيلەگەي سۈرمە سا.
نە كۈن كىم مۇشرىف بولۇپ مەن ساڭا،
ھارام ئولدى ئىشقىڭدا ئۆزگە ماڭا.
چۇ دىۋانە قىلدىڭ جامالىڭ بىلە،
قىلىپ جاننى تاراج ھىلالىڭ بىلە.
مۇژدىڭ ئوقلارى جاننى قىلدى فىگار،
نىگاھىڭ ھەلاك ئەتتى ئەي مەھ نىگار.
كۆڭۈل ئىچرە ۋەسلىڭ بولۇپ ئارزۇ،
خۇدادىن تىلەپ ئەيلەدىم جۇستىجۇ.
ئولۇپ ئىردىم ئەمما تىرىلدىم يەنە،
فەقىر ناتەۋانىڭدا يوقتۇر گۇنە.
بۇ سۆزنى ئىشىتتى چۇ ئول ماھى فەرد،
دىلى جانى بىرلە چەكىپ ئاھى سەرد.
دىدى: ئەي يىگىت مەندە ھەققىڭ تولا،
مەنى دەپ چەكىپ ئانچە جەۋرۇ جەفا.
ئەقدە بىلە ئەيلەدىڭ خىزمەتىم،
كى رەنجىدە بولدۇڭ چەكىپ زەھمەتىم.

ماڭا ۋەھم ئولدۇركى رۇۋزى جەزا،
مۇكافاتىڭا ئەدل قىلسە خۇدا.
ئانىڭ ئەھدىدىن چىقماق ئاسان ئېمەس،
كۇدۇراتدىن جۇز ھەر ئاسان ئېمەس.
كى تەقدىرگە بەندەدە چارە يوق،
خۇدا كارىغە ئەسلەن ئىنكار يوق.
ئارادە نە ئېركىن ماڭا ئىلمى غەيب،
سەنى ناردىزا ئەيلەمەك ئانچە ئەيب.

تەۋەققۇف قىلىپ سەبر قىل نەچە ئان،
تۇرۇپ خىزمەتىمدە بەش ـ ئالتە زامان.
قىلاي مەسلەھەت دىل ئارا سىن ئۇچۇن،
خىياللىڭ بولۇپدۇر كوڭۇلدە تۇگۇن.
ساڭا ئېيدى ئەيلەي ئۆزۈمنى ئايان،
كى ئۆتكەن ھەمە ۋاقىئەنى بايان.
تەرەھھۇم قىلىپ تۇت ماڭا ساقىيا،
قوياش زەرفىدىك مەي قۇيۇبان تولا.

**شام پادىشاھىنىڭ قىزى خۋاجەزادە يەمەنىگە ئۆزىنى ئاشكار ئەيلەپ،**
**باشىدىن ئۆتكەن سەرگوزەشتىن بايان قىلغانى**

ئىچىپ ئەيلەيىن شەرھ ھالىنى مەن،
كى ئۆتكەن غارايىب مەقالىمنى مەن.
چۇ ئول يارى گۇلغام قىلدى كەلام،
سورۇپ نۇكتەئى ساف جەۋھەر تامام.
دىدى: ئەي جەۋانمەرد بىچارەئى،
قەزا قىلدى بىزنى ئەجەب يارەئى.
ئاتام بۇ ۋىلايەت ئارا شاھدۇر،
كى شام ئەھلىگە شاھى دىلخۋاھدۇر.
تولادۇر ئاڭا دەبدەبە ئەسئەسە،
كى دانا دۇرۇر شاھ با تەجرىبە.
ئاتامغە خەزايىن ئېرۇر بىئەدەد،
ۋە بەلكىم دەفايىن ئېرۇر بىئەدەد.
كى فەرزەندى يوقتۇرمەنىڭدىن بۆلەك،
كەلىپ كەتتى فەرزەندلەر يەك بىيەك.
ئاتام كۆڭلىنىڭ خۇشلۇغى مەن ئىدىم،
ئانام چارى باغىغە گۇلشەن ئىدىم.
كۆرەر ئېردىلەر بارچەدىن خوبراق،
ھەمە خوبدىن بەلكى مەھبۇبراق.
بولۇپ غەررە دەۋلەتكە قىلدىم ھەۋەس،
كى ئىشرەت ئېلىگە بولۇپ ھەمنەفەس.
مەدامەت چەكىپ بادە جامى غورۇر،
قىلىپ ئەيش ـ ئىشرەتدە ھەردەم سۇرۇر.
ئەكا بىر ئەمىرزادە ساھىپ جامال،
بولۇر سۆھبەتىم بىرلە مەسرۇرھال.

مۇغەننى كەنىزەك دىل ئارامىلار،
كى مۇترەب نەۋاساز گۇلخاملار.
ھەمىشە ئولۇپ جەمئ مەجلىس قۇرۇپ،
كى شاھانە مەشرەب قىلىپ ئولتۇرۇپ.
ئاشىپ ھەددىدىن ئانچە لەھۋ تەئەب،
ئالىپ ھۇشنى بادپايى ئىنەب.
ئۆتۇپ غەفلەت ئىچرە بۇ ئۆمر شەرىف،
بولۇپمەن ھەۋەس بادەسىگە فەرىف.
قازارا ئۆتۇپ نەچە كۈن ئەيش ئارا،
كۆرۈنمەي كۆزۈمگە نە ئاق ۇ قارا.
قىلىپ مۇتتەسىل نەچە كۈن بادە نۇش،
كى مەي زورىدىن كەم بولۇپ ئەقلۇھۇش.
بۇ ئەييام ئارا يەتتى ئەيد زۇھا،
ئانىڭ ۋەھمىدىن كەتتى ھەبس قۇۋا.
كى زۇلھىججە ماھى تولۇئ ئەيلەدى،
ھەمە ئەھلى مەجلىس خۇشۇئ ئەيلەدى.
قىلىپ تۆۋبەئى تەرك سەھبا قىلىپ،
كىرىپ مەن ھەرەم ئىچرەئى مەئۋا قىلىپ.
چۇ مەي تەركىدىن بولدى غالىب خۇمار،
سودائىم ۋۇجۇمنى ئەيلەپ فىگار.
كى رەئشە بولۇپ تىترەدى دەستۇپا،
بۇ رەنجىگە يوق مەيدىن ئۆزگە داۋا.
ئەجەب ھال يۈزلەندى مەن زارغە،
خۇدا بەرمەسۇن يارۇ ئەغيارغە.

كى ئۇلدەم مازاقسىدىن ئۆتەەي غىزا،
غىزا بولسا ھەم كەلمەيىن ئىشتىھا.
گەران سىر بولۇپ ئانچە بولدۇم مەلال،
سۇ كەتتى بۇرۇندىن ئاغىزدىن شەھال.
كى خۋاجە سەرا بىلدى دانىش بىلە،
چۇ ئەرز ئەيلەدى كۆب ستايىش بىلە.
دىدى: ئەي مەلىكەم بۇ خوماردۇر،
مۇنىڭ دەفئى بەلكى كۆكناردۇر.
كىنايە قىلىپ ئانچە تەكلىف ئىتىپ،
كى خەشە خاشنى بەلكى تەئرىف ئىتىپ.
كى بىلمەس ئىدىم ئەسلەن كۆكنارەنى،
ھالا ئاڭلادىم دەفئى بىمارەنى.
دىدىم: ئانى ھازىرقىلىڭ نۇش ئىتەي،
كى غەم دەفئىگە ئۆزنى سەرخۇش ئىتەي.
يۈگۈردى خۋاجە ھۆكم فەرمان تۇتۇپ،
ئانى كەلتۈرۈپ تۇتتى ئۆزى يۇتۇپ.
خۋاجە بىرلە ھەمراھ ئىدى بىر بالا،
كى ئەقرانى مەرەزگە ئىدى مۇپتىلا.
ياشى ئىردى سەكىزدە ئول تازنىڭ،
كى ئەسكى چافان شۇئبەدە بازنىڭ.
ئۇچاسىدا بىر ژەندە بولغان لىباس،
كى ئول كەلدۇرۇر بى تەمىز بى قىياس.
لىباسىدۇر ئالۇدە خەشەخاشخە،
ئانى كۆرسەكىم ئۇرغۇسى باشخە.
كى رەنگى بۇزۇق ئانچە مىھنەت سىرشت،
فەلاكەت باسىپ ئانچە ئەئزايى زىشت.
نەمەددىن كىچىك بۇرك باشىدا بار،
بەلىدە ئانىڭ كۇزەئى كۆكنار.
كى شەلۋاردىن ئاچىلىپ مەقئەدى،
بولۇپ مەسخەرە ئەيلەگەي شۇئبەدى.
مەلىكە دىدى: خۋاجەئى باشەفىق،
نەچۇك كەلدۇرۇر سىزگە بولغان رەفىق.
مۇنى كۆرگەنىمدىن تەبىئەت مەلال،
چىقارغىل مۇنى ئەسلەن قىلماي ھەيال.
مۇنىڭ تەلئەتىدىن كۆڭۈل بولدى غەش،
نە قىلغاي جانابىمدا بۇ دەرد كەش.

تەبەسسۇم قىلىپ خۋاجە ئۇلدەم قاراپ،
دىدىكىم كەرەم قىلسە، بولغاي ساۋاپ.
خۇدا خەلق ئەتىپدۇر ئۆزىچە ئىمەس،
خۇدا كارى بەندە سۆزىچە ئىمەس.
ھاقارەت بىلە ئاڭا قىلمە نەزەر،
ئانىڭ خالىقىدىن بولۇڭ با خەبەر.
جاھاندا ھەمە بىر خۇدا بەندەسى،
يامان ـ ياخشى بارچە سەر ئەفكەندەسى.
ئىرۇمىزكى بىر جاددىنىڭ سالەكى،
خۇدادۇر ھەمە شەيئىنىڭ مالىكى.
ئانىڭ قۇۋلى كۆڭلۈمگە تەئسىر ئىتىپ،
قىلىپ پەرۋەردىش تازنى تەدبىر ئىتىپ.
نە سائەت ئىدى سۆزگە قىلدىم يەلى.
كى سىنسۇن بەلى ھەم كەسىلسۇن تىلى.
چۇ بائىس بولۇپ دەردى سەرگە خۋاجە،
كى فائىل بولۇپ شورۇ شەرگە خۋاجە.
ماڭا كۆركۈزۈپ ئەۋۋەلەن تازنى،
مۇشەئبەز فۇسۇنساز تەننازنى.
دىدىم: رەھم ئىتىپ مەن سەرۇپا قىلاي،
كى ئول بەچەگە ئىمدى پەرۋا قىلاي.
بولۇپ ساقى ئۇلدەم كى خۋاجە سەرا،
قەدەھ كەلتۈرۈپ ئەيلەدى مەرئەبا.
ئۆزى نۇش ئەتىپ تۇتتى خەشخاش مەي،
ئانىڭ كەيفىدىن بولدى كاۋۇس كەي.
ئىچۈردى قىزلارغە ھەم ئاز ـ ئاز،
كى تۇتتى ماڭا ئەرز ئەيلەپ نىياز.
چۇ ئول جۇرئەنى نۇش ئەتىپ ئۇلزامان،
كى خۇماردىن تاپتىم ئەندەك ئامان.
زامانى ئۆتۈپ دەفئ ئۇلۇپ دەردى سەر،
ئۇزاردىمدا رەگلەر بولۇبان شەغەر.
كودۇرات كەتتى، يەتىپ شادلىق،
چۇ راھەت تاپىپ، غەمدىن ئازادلىق،
كەلىپ ھۇشىمە نۇش ئەتىپ ئانى پات،
بولۇپ شەربەتى بىزگە خەيرۇلنىجات.
ئىمارەت تاشىغە خىرام ئەيلەدىم،
كى بىر لەمھەئى تەركى جام ئەيلەدىم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى

يىغىلمىش ھەرەم قىزلارى تازغە،
تۇرۇپ مەسخەرە ئەيلەبان بازغە.
بەرىپ شوخلار تازغە ئازارنى،
كى يىغلاتتى بىچارە ۋە زارنى.
تۇرۇپ يىغلابان ئاندا ئول تاز ئىدى،
ئانىڭ گىردىدە شوخ تەنناز ئىدى.
تۇرۇپ ئاڭلادىم نالە ئەفغان چىقار،
غەرىب سۇۋت ئىلە ئاھۇ گىريان چىقار.
دىدىم كىم دۇرۇر مۇنچە شۇرى شەئب.
قىلىپ ئەيلەدى مۇندا تەركى ئەدەب.
دىدى خۋاجە: ئول تازدۇرۇر مەسخەرە،
كى قىزلار بولۇپدۇر ئاڭا رۇبەرە.
كىچىكدۇر ئۆزى ئۆزىدىن يوق ۋۇقۇف.
كى ياخشى-يامان سۆزىدىن يوق ۋۇقۇف،
پەدەر ناموشەخخەس ھەرامى دۇرۇر،
چۇ كۆتنارخانە مەقامى دۇرۇر.
كى ئۇلفەت دۇرۇر بارچە كۆكنارغە،
چۇ خىزمەت قىلۇر رىندلەر يارغە.
دىدىم: مۇندا كەلتۇر، كۆرەي تازنى،
مۇشەئبەز هارامزادە غەممازنى.
ئالىپ كەلدى ئالدىغە خۋاجە سەراي،
كى ئەسكى چافان تاز جىرتۇق چىراي.
قىلىپ گۇفتىگۇ خۋاجە چۇن كەل بىلە،
كىچىك تىلدا سۆز قىلدى كەل كەل بىلە.
ئويۇنچى ئەجەب شوخ شىرىن زەبان،
كى دەشنام ئەتىپ خۋاجەنى ئولزامان.
مۇتايىب بىلە كولدۇردى بارچەنى،
تەكەللۇم بىلە قەبز ئەتىپ خۋاجەنى.
قىلىپ ئاندا تاز مەسخىرە بازلىق،
تۈمەن جىلۋەلەر بىرلە غەممازلىق.
مۇنىڭ فېئلى كەلدى تەبئىيەتكە خۇش،
فەرەھلىك يەتىپ ھەم تەمم قىلدى جۇش.
كى لۇتف ئەيلەمەككە قىلىپ مەن شۇئار،
ئاڭا كەلتۇرۇپ سىمۇ زەر بى شۇمار.
ئانىڭ كۆزەسىن پۇر قىلىپ زەر بىلە،
ئەتا ئەيلەدىم جامۇ ساغەر بىلە.

دىدىم: كەلتۇرۇڭ ھەركۇنى بى ئەبا،
نىگاھبان ساڭا ئۇشبۇ خۋاجە سەرا.
بۇ سۆز بىرلە تاز ھەر كۇنى ۋەقتى شام،
ئالىپ كەلدى كۆكنار بەيتۇلھەرام.
قىچىغلاپ ھەرەم قىزلارى تازنى،
ئىچىپ مەينى ئالداپ قىلىپ نازنى.
ئۆتۇپ نەچە كۇن ئۇشبۇ رەفتار ئىلە،
چەكىپ جامى ئىشرەتنى كۆكنار ئىلە.
ئۆتۇپدۇر ئۇلۇغ ماھى ئەيياملار،
تامام ئولدى ھەج بەلكى ئىھراملار.
كۆڭۈل شاھى فەرمان قىلىپ ئەقلىنى،
دەلالەت قىلىپ شوربىنىڭ نەقلىنى.
مۇشەۋۋەش قىلىپدۇر خىيالاتى مەي،
مۇھەييا قىلىڭ ئىمدى ئالەتى مەي،
قۇرۇپ شوروب ئىجلاسىنى ئولزامان،
يىغىلدى ھەمە شوخ پىستە دەھان،
يەمىنۇ يەسار بارچە مەتبۇئلار،
نەۋا ساز بەزمى ئىچرە ھەبلۇئلار.
كى مارجان شىرە ئۇززە زەرىن سۇراھ،
كى ئول زەرف بەتنىدە گۈلرەڭ راھ.
ھەرەم قىزلارى ئاندا ساقى ئىدى،
قولىدا جەۋاھىر ئاياقى ئىدى.
پىيالە تۇتۇپ ھەربىرى پەيبەرپەي،
كى نۇش ئەيلەبان تۇتتى دۇرجى مەي.
كى مەي كەيفىدىن بولدۇم ئانداغكى مەست،
ۋۇجۇدۇمنى بىلمەي قىلىپ مەن نەشەست.
ماڭا ئارىز ئولدى يەنە دەردى سەر،
خۇمارىنى خەشخاش بەردى خەبەر.
يەتىپ ۋەقتى كۆكنار ئاشامىنىڭ،
خىيالى كۆڭۈلگە كەلىپ جامىنىڭ.
كى ئول تازنى يەنە قىلدىم تەلەب،
كى خەشخاش مائىن قىلاي نۇشى لەب.
كى فەرمان قىلىپ مەن نىگاھبانغە،
بارىپ تازنى كەلتۇرۇپ بۇ ئايۋانغە.
بارىپ كەلتۇرۇپ تازنى بولماي ھايال،
كى خادەملىقدا بولۇپ پايمال.

www.uyghurkitap.com

ئىچىپ شەربەتىن دەفئى ئولۇپ دەردى سەر،
يۈرەك ئىترەمەكتىن يوق ئولدى ئەسەر.
دىدىم كۆندە كەلگەي قارارى بىلە،
كەلىپ كۆندە تاز ئاھۇ زارى بىلە.
كى ئولتۇرغۇزۇپ تازنى مەشرەب ئارا،
ئورۇن ياقىن ئەتتىم مۇقەررەب ئارا.
بىرەر لۇتف قىلدىم ئاڭا جامى مول،
كى ئىھسانىمە شاد ئولۇپ بولدى قۇل.
ئۆتۈپ ئالتە ئاي ئۇشبۇ دەستۇر ئىلە،
نەچە ۋەقتۇ ئەييام ئۆتۈپ شۇر ئىلە.
قاراپ ئەيلەدىم تازغە چۇن سەرھىساب،
ئانىڭ ھالىنى ئانچە كۆردۈم خاراب.
كى ئەسكى چافان بەلكى تاقى نەمەت،
جاھان مىھنەتىگە بولۇپ يەكجىھەت.
بۇ شەش ئىچرە بەرىپ كۆندە زەر،
يەنە ئەسكى خىلئەت ئىلە دەربەدەر.
دىدىمكى ساڭا كۆندە قىلدىم ئەتا،
ئەتالار قانى، ئەيلەدىڭمۇ خەتا.
كى دۇنيانى يۇزغان بۇزۇق تازسىن،
ۋەيا ئەھلى سادىق قىمار بازسىن.
تەھىييەت قىلىپ يىغلادى زار-زار،
مەنى قۇلغە لۇتفۇڭ ئىرۇر بى شۇمار.
يىتىم بىكەسۇ بىنەۋا خەستە جان،
زىھى نامرادۇ زىھى ناتەۋان.
بىراۋ خىزمەتىگە گىرىفتارمەن،
ھەمىشە ئانىڭ قەيدىدە زارمەن.
كى ئول خۋاجەدۇر، مەن ئانىڭ چاكرى،
ئانىڭ خىزمەتىدە بولۇپ لاغەرى.
بەرۇر يىللىق ئەجرىمگە دىنار يەك،
داغى ھەر كۆنى ئىكى نان كەفەك.
نە تاپسام ئالۇر، مەندە يوق ئىختىيار،
يۈرۈپ خىزمەتىدە ئانىڭ خارۇ زار.
ئەجەبدۇر فەلەكنىڭ ئىشى نارەۋا،
ۋافا قىلسە ھەر كىم قىلۇر كۆب جافا.
كى مەندىك يىتىم ئالدىدا خاردۇر،
مەنىڭ تاپغانىم بىرلە زەر داردۇر.

سەرەفراز قىلغان فەقىر تاز ئىدى،
فەقىر تازدىن ئول سەرەفراز ئىدى.
چۇئىنسافى يوق ھەقنى قىلماي قىياس،
ۋۇجۇدۇەغە بەرمەي تۈزۈك بىر لىباس.
دىدى ئاھ ئۇردى باشىن سالدى ئول،
باشىن سالدى يەرگە ياشىن سالدى ئول.
تەرەھھۇم قىلىپ ئول زامان تازغە،
كى لۇتف ئەيلەبان تۇردۇم ئەئزازغە.
سوراپمەن كى تاز خۋاھىشىڭ بارمۇدۇر،
چۇ كۆكنارغە دانىشىڭ بارمۇدۇر.
دىدى: ئەي مەلىكەم بىلۇرمەن ئەمەل،
ئىزەرمەنكى خەشخاشنى ھەر مەھەل.
دىدىم: ساقلاغىل تازنى خۋاجە سەرا،
ئورۇن ياقىن ئەتتىم مەجلىس ئارا.
قىلىپ جەمئ ئەسبابى كۆكنارنى،
مۇئەككەل قىلىپ ئاڭا سەردارنى.
ئانىڭ خىلئەتىنى ياساپ ئۆزگەچە،
دىدىم: ئەيلە خىزمەت تۇرۇپ ئۆلگۈچە.
مۇئەتتەر قىلىپ جىسىم ئەندامىنى،
بىرەر نۇش قىلدىم ئانىڭ جامىنى.
كى ئەقرائ مەرىزىگە قىلدىم داۋا.
ھەكىمى ئىلاج ئەتتى تاپتى شىفا.
يىدۇردۇم ئاڭا كۆب غىزايى لەتىف،
ئىچۇردۇم داغى ھەم دورا ئىزىپ.
قىلىپ پەرۋەرىش مىھر-شەفقەت بىلە،
ساقايتىپ مەرىزنى دىققەت بىلە.
چۇلۇتف ئەيلەبان ئەيلەدىم تەربىيەت،
ھەمە دەردىدىن تاپتى ئولدەم سىھەت.
ئۆتۈپ نەچە كۆن، نەچەئاي، نەچەسال،
تەرەققى قىلىپ بەچە تاپتى كامال.
جامالى بولۇپدۇر ئانىڭ ماھدىك،
شارافەتدە شەھزا دەئى شاھدىك.
زىيادە بولۇپ ھۇسن ئىلە دانىشى،
ماڭا ياقتى ھەردەم ئانىڭ سازىشى.
قىلىپ شوخلۇق ساز مەتبۇئلۇق،
كۆڭۈل كوشغە ساز مەسمۇئلۇق.

بۇ مىھنەت تونىدىن چىقىپ بولدى يار،
سەدەفدىن چىقىپ گەۋھەر ئابدار.
ئانىڭ سۆھبەتىدىن كۆڭۈل بولدى خوش،
كى تابىئ بولۇبدۇر ئاڭا ئەقلۇ ھۇش.
ئانىڭدىك ھەرىفلارغە ئىرز تەمام،
مەئاشىغە ئول تۇرفە شىرىن كەلام.
ئانىڭ بەزمىدىن زوۋق ھاسىل بولۇر،
نەفىس رەمزىدىن شەۋق ھاسىل بولۇر.
ئۇزارى بولۇپ ماھى تابان كەبى،
بولۇپ كۆزلەرى بەلكى چولفان كەبى.
نىگاھى بىلە دىلنى قىلدى ئەسىر،
بولۇپمەن ئاھا ھەر زامان دەستىگىر.
كى مىژگان ئوقى سىنەدە تاپتى جاي،
كى ئىشقىدا قىلدىم نىھان ئاھ ـ ۋاي.
كۆڭۈل تەختىگە پەيدا سۇلتانى ئىشق،
مەقام ئەيلەدى ئولچە ئىمكانى ئىشق.
ئانى كۆرمەسەم بىر نەفەس، بىر زامان،
بولۇر ئىردى فۇرقەتدە ھالىم يامان.
كۆزۈم يارۇپ ئانىڭ جامالى بىلە،
ياڭى جان تاپىپ مەن ۋىسالى بىلە.
زامانى كۆزۈمدىن ئەگەر ناپەدىد،
تىرىكلىك زامانىغە يوقتۇر ئۈمىد.
ئانىڭ مىھرىدىن جان ئىرۇر پىچۇتاب،
ئاقىپ قان ياشىم يۈز ئۈزە سەھاب.
بىناگاھ ئەگەر قىلسە بىزگە نىگاھ،
كى بى ئىختىيارمەن چەكىپ ئوتلۇغ ئاھ.
چۇ ئىشقى مەنى قىلدى زەئفەر كەبى،
كى ئۆرتەپ ۋۇجۇدۇمنى ئەخگەر كەبى.
مەلامەت ئوقىغە بولۇپ مەن نىشان،
بولۇپ ئاشكارا بۇ سىررى نىھان.
بۇ ھالىمنى ھەركىم گۇمان ئەيلەدى،
مەلامەتدە باغرىمنى قان ئەيلەدى.
چۇ ھەرنەچە كىم بولسە پىنھان ئىپار،
قىلۇر ئانى ئاخىر بۇيى ئاشكار.
كىشى ياقسە ئوت دۇدى بولغاي پەدىد،
يوشۇرماقىغە ئانى يوق ئىرمىش ئۈمىد.

ئۆتۈپ ئۈچ يىل ئەمما بۇ ھىنگامى ئىشق،
ئەزاب شەدىد بولدى ئەييامى ئىشق.
ئۇلۇغلۇق ماڭا بولمادى ئىئتىبار،
ئىلىكدىن كەتىپ ئولزامان ئىختىيار.
قىلىپ مەسلەھەت ھەر كۈنى خادەمان،
جاھاندا بۇ ئىش بولدى ئانچە يامان.
كى يول بەرمەسەك كىرگەلى تازغە،
ئۇرۇپ قوغلاساق كەلسە دەرۋازەغە.
ئانى كۆرسە ھەركىم گۇمان قىلماسۇن،
مەلامەت ئوقىغە نىشان قىلماسۇن.
ئەگەر ئىشقى زور ئەتسە يوقتۇر ئىلاج،
كى پىنھان تاپىشسۇن جاھان بولسە داج.
يوق ئەتتى بۇ ئىش نەنگ نامۇسنى،
دىبان قويدى يولدا جاسۇسنى.
ماڭا بولدى تەڭلىك مىزاجىم زەبۇن،
كى تاراج ئەتىپ ئەقلۇ ھۇشنى جۇنۇن.
يەنە مەشۋەرەت قىلدى ئول دايەلەر،
ماڭا ھەمنەفەس ھەمدەم سايەلەر.
كى پىنھان تاپىشماقنى قىلدى قارار،
قولامدا مەنىڭ قالمادى ئىختىيار.
دىدىم: بىلگىل ئەي خادىما ھەرەم،
كى خادىم قاتارىدا تۇت مۇھتەرەم.
نەچە كۈن ئول ماڭا مۇخادەم بولۇپ،
تۇرۇپ خىزمەتىمدە مۇلازىم بولۇپ.
كى مەخفى كۆرۈشتۇم مۇھەببەت قىلىپ،
بولۇپمەن ياقىن مىھر ـ شەفقەت قىلىپ.
خىيالىمدا كەچتى بۇ ياڭلىغ ئۇمۇر،
كۆڭۈلدە قىلىپ ئىشقى ھەردەم زۇھۇر.
دىدىم مۇئتەمەدلارغە فەرمان تۇتۇڭ،
دىرەڭ ئەيلەمەي ھۆكمى سۇلتان تۇتۇڭ.
چاھار سۇ باشىدا قىلىڭ بىر دۇكان،
بۇ مەھبۇبىغە بولسۇن ئول جا ماكان.
مۇزەييەن قىلىڭ سەندەل ئاچ ئىلە،
كى قەندىل ئاسىڭ شەمئى ۋەھھاج ئىلە.
ئىكى مىڭ تۇمەنگە قىلىڭلار خەرىد،
قارايۇ قىزىلۇ ياشىلۇ سەفىد.

www.uyghurkitap.com

قىلىق جەمئ دىۋانىغە لايىق ماتائ،
ھەمە ئەقمىشى ئىچرە فايىق ماتائ.
چۇ خۋاجە سەراكار فەرما ئىدى،
سەرەنجام ئەتىپ جابىجا ئەيلەدى.
كى لۇتفۇم بىلە ئەيلەدىم تەربىيەت،
مۇرۇۋۋەت بىلە يەتكۈزۈپ مەنفەئەت.
رەئايە قىلىپ ئەھلى بازارلار،
تاپىپ سۇد كىم ئانچە دىنارلار.
مەنىڭ خاتىرىمدىن ئۇلۇغ بولدى ئول،
جاھان ئىچرە ئادەم بولۇپ تاپتى يول.
نىمە لازىم ئولسە بۇ دىۋان ئارا،
كى بارغاي ئاڭا كۈندە خۋاجە سەرا.
باھانە قىلىپ كەلتۈرۈپ قاشىمە،
كى جاندىن ياقىن بولدى سىرداشىمە.
يەنە ھىممەتىم ئانچە تۇغيان قىلىپ،
بۇيۇردۇم يەنە ھۆكىمۇ فەرمان قىلىپ.
ئالىڭ قەسىر كىم بولسۇن ئول خۇشنەما،
ئۆزى دىلكۇشا بەيئى قىممەت باھا.
تەرەددۇد قىلىپ ئالدى جايى بەلەند،
بولۇپدۇر ئىمارەت ماڭا ھەم پىسەند.
يىبەردىمكى ئەسبابۇ ئالەتنى،
كى مەرجان شۇرە ئابنۇس كاتنى.
كى تەئيىن قىلىپ ئاندا زەردىن بىسات،
مۇھەييا قىلىپ بەلكى جايى نىشات.
ھەدىقە ئىچىدىن قۇيۇپ راھنى،
كى پىنھان قىلىپ بەزمى ئەسباھنى.
بىلۇر ئىردى دايە ۋە خۋاجە سەرا،
ئانىڭدىن بۆلەك ھەمەگە ئىختىفا.
نىگاھبان ئولۇپ ئول ماڭا ھەر كەچە،
بولۇپ پاسبان جارىيە بىر نەچە.
كى تۇندىن داغى ئۆتكەزىپ ئىكى پاس،
قەمەر لەمئەسىدىن قىلىپ ئىقتىباس.
ئانى كەلتۈرۈر ئىردى مەھرەملەرىم،
كى سۆھبەت قىلۇر ئىردى ھەمدەملەرىم.
چەكىپ يار ئىلە ئاندا جامى ۋىسال،
قۇياش ئاشكار ئەيلەگۈنچە جامال.
كى بەزم ئەتتى مەئشۇق ئاشىق بىلە،
قىلىپ ئەلۋىدائ سۇبھى سادىق بىلە.
نەچە مۇددەت ئۆتتى بۇ ياڭلىغ ئۇمۇر،
كى نۇش ئەيلەبان كۈندە جامى غورۇر.
ئانىڭ ئىشقى ھەر كۈنى زىيادە بولۇپ،
يۈگۈردۈم يولىدا پىيادە بولۇپ.
خىرام ئەتتى دىبىپ كەلسە ئاندىن خەبەر،
بەپىش نىگارىم دۇۋ يەدەم بەسەر.
نىھۇفتە ئۆتتۈم باشدا قىلدى شىگىفت،
شىگىفت ئۆلدى ئوت دىلدا ئىردى نىھۇفت.
مەلامەت ئوقىغە بولۇپمەن ھەدەف،
بەلا گەۋھەرىغە ۋۇجۇدۇم سەدەف.
خىجالەتدە ئۈستۈن باقا ئالمايىن،
كى ھىجرانىغە چارە تاپا ئالمايىن.
تۈشۈپ كۆڭلۈمە ھەر زامان ئىزتىراب،
چەكىپ ئاھ ئاندا تۇرۇپ پىچۇتاب.

ئۇياتدىن يەتىپ ئانچە شەرمەندەلىك،
قىلىپ خاسلارغە سەرئەفكەندەلىك.
ماڭا بىر كۈن ئول يار ئولدى ۋىسال،
كى ئول يارنى ئانچە كۆردۈم مەلال.
پەرىشانلىغىدىن سوئال ئەيلەدىم،
تەۋازۇئ بىلە قەدنى دال ئەيلەدىم.
دىدى: ئەرز ئولدۇركى ئەي گۈلئۇزار،
جەنابىڭىغە لايىق ئىرەم باغى بار.
شەھەرنىڭ كەنارىغە دۇر مۇتتەسىل،
كى ئول باغ ئارا دەردۇ غەم مۇزمەھىل.
كى تەرھى ئانىڭ كىم ئىرۇر خۇشھەۋا،
ھەمە تەرزى گوياكى جەننەت نەما.
ۋىلايەتدە يوقتۇر مىسالى ئانىڭ،
جانان ھەۋزى كەۋسەر زۇلالى ئانىڭ.
خەرىد ئەيتكۈسىدۇر ئانىڭ ساھىبى،
ئانى ئالغالى كۆب ئىرۇر تالىبى.
كى بەيئ ئەتكەلى قىلدى كۆڭلۈم ھەۋەس،
جەنابىڭدا تۇردۇم بولۇپ مۇلتەمەس.
باھاسى ئانىڭ بولدى ئۈچ مىڭ تۈمەن،
تۈمەنگە بەرۇر ئالسە سەرۋى سەمەن.
دىدى بولدى خامۇش يەرگە قاراپ،
تۆكۈپ چەشمىدىن ئەشكىدۇر خۇشاب.
چۇ فەھم ئەيلەدىم دىلداكى رازنى،

کەرەم ئەیلەبان قىلدىم ئەغرازنى.
تۆمەن مىڭ دەرەم قىلدىم ئىنئام ئاڭا،
ئالىپ باغنى بولدى ئارام ئاڭا.
ئۆزۈمنىڭ قىلىپ ئالدىم ئول باغنى،
مۇزەییەن قىلىپ باغ ئارا لاغنى.
شەبىستاندا گۆلشەنگە قىلدىم خىرام،
چۆ ئەزم ئەیلەدىم رۇۋزىگە ۋەقتى شام.
كۆرۈپمەن كەلىپ شەمئى فانۇس ئىلە،
كى داخىل ئولۇپ نەچە مەئیۇس ئىلە.
كى باغ ئىردى گویا خۇلد بەرىن،
شەجەردىن ئاقىپ شىرەئى ئەنگەبىن.
زۇلالى ئانىڭ كەۋسەر ئاسا دۇرۇر،
گىیاهى داغى ئەنبەر ئاسا دۇرۇر.
بۇ گۆلشەندە گۆللەر شىگفت ئەیلەگەن،
نەسىم سەبا غۇنچە سۇفەت ئەیلەگەن.
مۇزەییەن قىلىپ قەسرىئى خۇسرەۋان،
مۇئەییەن قىلىپ هەر تەرەف بوستان.
قىلىپ ئاندا ئول كەچە ئەیش سۇرۇر،
یانىپ مەن هەرەم ئىچرە ۋەقتى سەهۇر.
هەمىشە ئانىڭ هىجرىدە نالەشىم،
ئانىڭدىن بۆلەك كىمگە یوقتۇر ئىشىم.
رىزاسىنى ئىستەر ئىدىم هەر زامان،
قابۇل ئەیلەر ئىدىم سۆزىنى بىجان.
یەنە ئەرز قىلدى ماڭا دىلبەرىم،
كى یوقتۇر مىرادىمغە سىمۇ زەرىم.
كى رۇمى كەنىزەكنى قىلساڭ باها،
نەۋا ساز مۇترەب ئەجەب خۇشنەما.
جەنابىڭدا خىزمەتكە لایىق دۇرۇر،
كى بەزم ئىچرە ئۇلفەتكە لایىق دۇرۇر.
ئانى خىزمەتىمگە ئالىپ بەرسەڭىز،
كى خىزمەتدە تۇرسە ئەگەر كەلسەڭىز.
بۇ سۆزنى بایان قىلدى ئول نازىنىن،
قابۇل ئەیلەپ ئانى ئوقۇپ ئافرىن.
دىدىم: هەر سۆزۈڭگە بولۇرمەن رىزا،
قىلۇرمەن كەرەم ئەزبرایى خۇدا.
ئانىڭ خۇشلۇغىن ئىستەبان ئولزامان،

ئىكى یۈز تۆمەن زەرنى قىلدىم ئایان.
بەرىپ قىممەتىنى كەنىزەك ئۈچۈن،
فوسۇنساز پۇرمەكر بەدرەگ ئۈچۈن.
ئانى ئالدى یارىم بولۇپ شادىمان،
مەنىڭ خىزمەتىمدە بولۇپ خادەمان،
كۆرۈپمەن كەنىزەكنى تابان كەبى،
كى ئىشق ئەهلىگە جانۇ جانان كەبى.
چۆ تەئرىفىدىن تاشقارى ئول كەنىز،
مۇنۇڭ هۆسنۈتچە یوقتۇر هىیچ قىز.
قىلىپ مەن تولا لۇتق ئىهسان ئاڭا،
مۇغەننىلىقىدا فىدا جان ئاڭا.
قىلىپ هەر كۈنى بەزمى شاهانەنى،
چىقاردىم ئانىڭدىن بۆلەك یانەنى.
كى ساقى بولۇپ هەرزامان ئول كەنىز،
نەمەك بولدى مەشرەبكە مەیگە تەمىز.
بۇیاڭلىغ ئولۇپ نەچە كۈن، نەچە تۈن،
بولۇپ مۇزتەرىب مەن نە كەچە، نە تۈن.
بىر ئاي بىرلە مەشرەب قىلىپ ئىكى ئاي،
ئىكى ئاي ئاراسىدا ئۆتتى بىر ئاي.
بىناگاه كەچە ئىشقى تۇغیان قىلىپ،
كى بىر دایەگە نالە ئەفغان قىلىپ.
دىدىم: كەلتۈرۈڭ تىز ئول یارنى،
ئاۋىتسۇن كەلىپ ئاشقى زارنى.
ئىبەردىم كىشى ئانى ئەیلەپ تەلەب،
قىلىپدۇر ئىبەرگەنگە تەركى ئەدەب.
باهانە قىلىپدۇر مەكرى تەدبىر ئىلە،
ئانى یاندۇرۇپ ئۆززى تەقسىر ئىلە.
باشىم ئاغرىدى بارغۇچە یوق مەجال،
مەلىكەمگە مەندىن دەگىز ئەرزۇ هال.
كى ئەفۇ ئەیلەسۇن ئەیلەدىم شاخلىق،
ئۇلۇغ ئالدىدا بولدى گۇستاخلىق.
بۇ سۆزنى ئىشتىپ بولۇپمەن مەلۇل،
چىراكىم قۇرۇق كەلدى بارغان رەسۇل.
گۆلىستانغە بارماقنى جەزم ئەیلەدىم،
كى تەنها ئۆزۈم ئاندا ئەزم ئەیلەدىم.
كىرىپ بەزمگە كەچە بى ئىختىیار،

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپمەن نىشات ئىتكۈسى ئىكى يار.
چۇ ئۇل دىلبەرىم باشى بالىندا،
كۆزى ئارىزى شەمئى يالىندا.
كەنىزەك جامالىنە بولمىش ئەسىر،
بولۇپدۇر ئانىڭ ئىشقىنە دەستىگىر.
مەنى كۆردى تۇردى تەۋازۇئ قىلىپ،
ئەدەبىنىڭ ئۇمۇرنى شايەئ قىلىپ.
بىرى بۇلۇڭدا، بىرى بىر سويان،
ئۇياتدىن چىرايى بولۇپدۇر سامان.
كى شەرمەندەلىكدىن بولۇپدۇر خىجىل،
خىجالەتدە مۇزتەرر بولۇپ مۇنفەئىل.
تىلى سۆز قىلۇرغە كەلالەت بىلە،
مۇلاقات ئولۇپدۇر مەلالەت بىلە.
چۇ فەھىم ئەيلەدىم ئۆزگە بولمىش نىيەت،
بولۇپدۇر كەنىزەك بىلە يەكجىھەت.
كۆڭۈلنى بەرىپدۇر ئاڭا مىھر ئىلە،
ئىگاۋلان باقىپدۇر ماڭا قەھر ئىلە.
بىلىندۇرمەدىم ئەسلەن ئەسرارنى،
چەكىپ مەن نىھان ئاھ ئىلە زارنى.
سۇلۇكەت بىلە ئەيلەدىم مەرھابا،
كى يىغلار ئىدى ھەر زامان دىلرەبا.
ۋۇجۇدۇمغە ئوت تۇشتى باشدىن ئاياغ،
كى ھىجرىدا ئانىڭ قىزاردى قاراغ.
يانىپ مەن ھەرەمگە چۇ فەرياد ئىتىپ،
كۆڭۈل ئىچرە فۇرقەتنى بۇنياد ئىتىپ.
فاراغەت كەتىپ، كەلدى فۇرقەت ماڭا،
ھەمە دەردۇ غەم بولدى ئۇلفەت ماڭا.
تولا كەچە فۇرقەتدە ئەفغان چەكىپ،
ئۇرۇپ باشىمە سۇۋتى ئەھزان چەكىپ.
شەبىستانىمە كەلمەدى نەچە تۈن،
بۇ تۈنلەر ئۆتۈپ بولدىكىم نەچە كۈن.
يەتىپ جىسمىمە ئانچە بى تابلىق،
نە ئاشاملىق نە خۇرۇ خابلىق.
كىشى بۇيرۇدۇم كەلتۈرۈڭ يارنى،
كەلىپ كۆرسۇن ئەمما بۇ بىچارەنى.
بارىپ ئۇل ھەرەم كەلدى ئاندىن يانىپ،
ئانى كۆرمەدىم كۆيدۈم ئوتدىك يانىپ.
دىدى: يوق ئىكەن ئۆيدە ئۇل جەۋان،
گۇمان ئولكى بەزم ئىتكۇسىدۇر نىھان.
ئۇرۇپ جىلۋە سىنەمدە تەشۋىشى رەشك،
ئاقىپ ئارىزىم ئۈزرە خۇنابى ئەشك.
داغى شامى ھىجراندا بى ئىختىيار،
كەچە باردىم ئاندا بولۇپ بىقارار.
كى مەھكەم دۇرۇر دەرۋازەئى،
چۇ مەئلۇم ئىمەس ھىچ ئاۋازەئى.
مۇشەققەت بىلە باغقە داخىل ئولۇپ،
كى دىۋاردىن يەرگە نازىل ئولۇپ.
غۇلامىنى تاپتىم سوئال ئەيلەدىم،
ئاڭا يار ئۇچۇن ئەرزۇ ھال ئەيلەدىم
دىدى ئۇل ماڭا يارىڭىز ئىچكەرى،
كى پىنھان چىكەر بادە ھۆرۇ پەرى.
بۇ سۆزنى ئەشىتتىم ماڭا بولدى دەرد،
بۇ ئەھمەر چىرايىم بولۇپ ئانچە زەرد.
تاپىپ مەن ئانى خاس خىلۋەت ئارا،
گۈلىستاندا ئۇل ئەيش ـ ئىشرەت ئارا.
بولۇپ ئىكىسى ئانچە ئامىختە،
بولۇپ بىر ـ بىرىگە جانانى شىفتە.
كى بىر بۇرجدا ئولتۇرۇپمەن ماراپ،
بۇلار ئىتتىفاقىنى كۆردۈم قاراپ.
بولۇپدۇر ئىكى تەنگە بىر پىراھەن،
داغى بىر بولۇپ مۇندا ئىكى تەن.
ئالىپدۇر بۇلار بىر بىرىدىن كەنار،
بۇ ئىشنى كۆرۈپ يىغلادىم زار ـ زار.
تەھەممۇل قىلىپ ئەيلەدىم سەر ھىساب،
ئىچەر بىر بىرى بىرلە جامى شاراب.
قازارا ئىگاۋ باقتىلار مەن سويان،
مەنى كۆردى گۈلشەن ئارا ئولزامان.
ئۆزۈم ھالىمە ئوقۇدۇم بىر غەزەل،
ئىشىتتى ئۇنۇمنى مەنىڭ ئۇل مەھەل.
كەنىزەك قوپۇپ سىلكىبان دامەنىن،
كى ئەنراز ئەتىپ قوپتى تۇردى كىيىن.
كىنايە قىلىپ سۆزلەدى يارغە،
دۇرۇشتلۇق قىلىپ **تۇردى** ئازارغە.

دىدى: ئەي يىگىت مەھۋەشىڭ باردۇر،
كى بار ئالدىغە ئول ساڭا زاردۇر.
نە بائىس بولۇپ سىن ماڭا ئىشقباز،
بول ئىمدىكى ئول يار ئىلە سەرەفراز.
چۇ تەئنە بىلە سۆزلەدى ئول كەنىز،
يىگىت مەن تەرەفكە بولۇپ رۇستەخىز.
كەلىپ ئالدىمە ئول جەفا پىشەئى،
كۆڭۈلنى قىلىپ سۆز بىلە رىشەئى.
دىدى: ئەي مەلىكەم كەچىك بىر يولى،
كى باغلاندى ئىمدى مۇھەببەت يولى.
غۇلامىڭ ئىمەس بەلكى ئازاد مەن،
كى ئول يار بىرلە بولۇپ شاد مەن.
كۆڭۈلدىن تامامى چىقاردىم سەنى،
كى ئۆز ھالىمە ئىمدى قويغىل مەنى.
چۇ سەندىن ئۈزۈپمەن كۆڭۈل رىشتەسىن،
كى تەرك ئەيلەدىم ئىشق ئاغۇشتەسىن.
دىدىم: ئەي جەفا پىشە نامەرد شۇم،
بۇ ياڭلىغ خۇنۇك سۆزدە ئاغزىڭنى يۇم.
ساڭا ئۇشبۇ دەۋلەتنى قىلدىم ئەتا،
كى نەقدىنەلەرنى قىلىبان فىدا.
ئالىپ بەخش قىلدىم ساڭا جارىيە،
يەنە گۈلشەنۇ باغ ئەشجارىيە.
كى تۈز ساقلاغىل ياخشىلىق پىشە قىل،
داغى ئاخىرەت كارىن ئەندىشە قىل.
كىشىگە جەفا ئەيلەگەن خۇب ئىمەس،
كى ئاشىققە بۇ كار مەرغۇب ئىمەس.
ماڭا بەھرىئى يەتسە سەندىن نىدۇر،
ساڭا مىھرەئى يەتسە مەندىن نىدۇر.
نە بولغاي زامانى بولۇپ ئۇلفەتىم،
كى دەفئ ئەيلەسەڭ دىلداكى فۇرقەتىم.
كەنىزەك تۇرۇپ فىتنە ئاغاز ئىتىپ،
يامان سۆز بىلە يارغە ناز ئىتىپ.
قىلىپ خەندە تەئنە ئەنگىز ئىلە،
يۈرەككە ئۇرۇپ نەشتەرى تىز ئىلە.
دىدى ئول قىلاي مەن ئۆزۈمنى ھەلاك،
بەرىپ جاننى ئىمدى بولاي زىرى خاك.
نىيامىدىن ئەيلەپ فىچاقنى جۇدا،
ئۇرۇپ سىنەگە ئۆزنى قىلغاي ئەدا.
بارىپ ئالىغە ئۇشلادىم ئىلكنى،
يىقىلدىم ئاياغىغە ئۆلتۈر مەنى.
يولۇڭدا قىلايمەن بۇ جاننى فىدا،
قالۇر ئىنچۇلۇك ئول پەرى دىلرەبا.
تۇرۇپ يىغلادىم ئالدىدا سارغارىپ،
تەۋازۇئ بىلە ئانچىنان يالبارىپ.
دەرىغا ماڭا كەلمەدى رەھمەسى،
يەتىپ گۈل بەدەنگە ئانىڭ زەخمەسى.
بولۇپ قەھر كىيىن ئۇردى خەنجەر بىلە،
يىقىلدىمكى ئاللاھۇ ئەكبەر بىلە.
ئۇرۇپ بارچە ئەئزاغە تىغى ستەم،
جاراھەت قىلىپ ئانچە قىلدى ئەلەم.
ئۆزۈمدىن كەتىپ مەن چۇ بىخۇد ئولۇپ،
كى بودۇم ئانىڭ بىرلە نابۇد ئولۇپ.
قالىپدۇركى مەندە نە ئەقلۇ نە ھۇش،
ئۆلۈكدىك ياتىپ نە زەبانۇ نە گۇش.
ئۆزۈمنى كورۇپمەن چۇ ساندۇق ئارا،
كۆزۈمنى ئاچىپ مەن ۋۇجۇدۇم يارا.
سەنى كۆردۈم ئول دۇرجىنىڭ باشىدا،
خىيال ئەيلەدىم كى شەھەر تاشىدا.
سەنى تانىماي ئانى قىلدىم گۇمان،
چۇ سۆز بىرلە قىلدىڭ ئۆزۈڭنى ئايان.
كى ھەيرەت ماڭا يۈزلەنىپ ئولزامان،
دىدىم: ئەي فەلانى مەنى قىل نىھان.
چۇ فەھم ئەيلەدىم ھىلەگەرنىڭ ئىشىن،
مۇقەررەر بىلىپ مەن ئانىڭ قىلمىشىن.
كىم ئول باغ ئىردى شەھەرگە مۇتتەسىل،
كى بىر جانىبى ئىردى ئانىڭ سەفىل.
ۋۇجۇدۇمنى ساندۇق ئىلە تاشلامىش،
ئۆزىنىڭ مۇكافاتىنى باشلامىش.
چۇ باقى ئىكەن مەندە ئۆمۈر ئەزىز،
تاپىشتۇق جاھاندا ئىكاۋ — سىز ۋە بىز.
كى بۇ ناھەق ئىشغە قىساس ئۈچۈن،
زەرافەت بىلە بەزم ئەتىپ نەچە كۈن.
كى يارى بىلە ئۆلتۈرۈپ تازنى،
كى بىر چىرمادىم ئىككى غەممازنى.

www.uyghurkitap.com



قويۇپ تاق ئارا ئانى كەتتىم بەدەر،
ياتىپ مەست سېن ئىشدىن ئالماي خەبەر.
ئىشتىتكىمۇ ئەسرارنى ئەي غەرىب،
دىدىم باشغە كەلگەننى بىر ـ بىر تەرىپ.
كېل ئەي ساقىيا ئىلالى جامى شاراب،
ئىچىپ شارابنى مەن تاپاي ۋەسل قاراب.

**خۇاجە زادە يەمەننىڭ سوئالى ئول مەلىكەدىن ئول بابدا كىم ئول كەچە مەقتۇللار بەزمىدە مۇدەييا كاخائە شاھائە مۆۋجۇد بولغان كەيىنىيەتىن بىلمەك ۋە پادشاھى شام سۆۋلەتىدىن بى ئەبا بۇ ياڭلىغ ھەۋادىسنى سەرەنجام بەرەكىنىڭ ئىستىفسارى**

بۇ مەي كەيفىدىن ئەقل زايىل ئېتەي،
ئۆزۈمنى پەرىشۆەشغە سايىل ئېتەي.
رەفىقاكى ئەسھابۇ ياران مەن،
زامانى بولۇڭ مۇندا گۇشى سۇخەن.
تەئەججۇبكى ئول سىمبەر غەيرەتى،
كى مەردانەدىن كەم ئېمەس غەيرەتى.
ئول شۇل ۋەقت سۇردۇم يەنە بىر ئۇمۇر،
ئەجەپ ۋاقىئە سىزدە تاپتى زۇھۇر.
چۇ مەقتۇل ئىلە بەزم قىلغان كەچە،
كى ئەيۋان ـ گەيۋان بولۇپ ئۆزگەچە.
كى ئەسباب ئالەت ھەددىدىن فۇزۇن،
كۆرۈپ‌مەن بۇلارنى كەلىپ كەچتۇرۇن.
يەنە ئىش تامامىدا غايىپ ئىدىڭ،
كى ئول يارغە ئانچە تالىب ئىدىڭ.
دىدى ئول سەنەم: ئەي ۋەفا مەنبەئى،
ساڭا مەئلۇم ئولسۇن بۇ ئىش مۇتتەلىئ.
چۇ يوق بولغانىمدا تەجەسسۇس قىلىپ،
كى ئىستەب مەنى كۆب تەھىرىس قىلىپ.
تاپالماي مەنى كۆب مەلال ئېردىلەر،
تەلەف بولغانىمدىن كى لال ئېردىلەر.
ئاناغە ئۆزۈمنى قىلىپ ئاشكار،
كى تەقرىر ئىتىپ ئانچە كىم كارۇ بار.
تەئەللۇق بارى شاھ دىۋانىدىن،
ھەممە ئىش ئانام لۇتف ئېھسانىدىن.
دىدىم: ئاندا بارغاننى مەن بىلمەدىم،
كى ھەيرەتدە ئەسلەن گۇمان قىلمادىم.
دىدى بۇيرۇدۇم ئانى دەئۋەت قىلىڭ،
قىلىپ بەزمنى ئەيش ـ ئىشرەت قىلىڭ.

ئىبەردىم سەنى ئاندا مېھمان ئۈچۈن،
بارىپ مەن ئانام قاشىغە ياشۇرۇن.
ئاناغە دىدىم: ئەي كۆزۈم گۆۋھەرى،
كۆزۈڭدىن بولۇپ غەيب ئانداغ پەرى.
ئۆزۈمچە يوق ئالماپ ئىدىم ئەي ئانا،
كى ئاگاھدۇر خالىق رەببەنا.
ئانام ئەيلەدى غۇنچەنى ئىمتىھان،
سەباگە چىدىن لىك ئېردى ئامان.
گۇماندىن چىقىپ قىلدى ھەمدۇسەنا،
خۇداغە قىلىپ شۇكر بى مۇنتەھا.
ھەۋادىس ماڭا يەتكۈزۈپ بۇ فەلەك،
كى ئىشنى بايان ئەيلەدىم يەك بىيەك.
يەنە ئەرزۇ ھالىمنى ئىزھار ئىتىپ،
خىجالەت بىلە پاش ئەسرار ئىتىپ.
تىلەپ كەلتۈرۈپ‌مەن ھەمە كەردارگىر،
قىلىپ ئول كەچە مەشرەب دىلپەزىر.
بۇ كۆڭلۈمدەكى ئىشنى قىلدىم تامام،
بولۇپ بەئىدزان مۇندا قايىم مەقام.
دىدىم: ئەي نىگارا ئاتاڭ شاھ ئېسە،
ئۇلۇس كارىدىن شاھ ئاگاھ ئىسە.
بۇ ئىشلارغە يوقمۇ ۋۇقۇفى ئانىڭ،
بۇ ياڭلىغ ھەۋادىسدا ھالىڭ سەنىڭ.
دىدى: ئاڭلاغىل سۆز ئاتام ھالىدىن،
خەبەردار بول شاھ ئەفئالىدىن.
كى تەخت ئۈزرە شەھلىق قىلۇر ئالتە ماھ،
يەنە ئالتە ئاي تەرك زەرىن كۇلاھ.
خۇداغە ئىبادەت قىلىپ ساباھ ـ شام،
چىقار تەختكە ئىشنى ئەيلەپ تامام.

بۇ ھىنگام ئارا شاھ ئىدى بى خەبەر،
كى فەھىم ئەيلەگىل سۆز بۇدۇر مۇختەسەر.
بۇ سۆزنى قىلىپ يىغلادى زار - زار،
فەقىر ھەم بولۇپ ئالدىدا ئەشكبار.
دىدىم: ئەي نىگارا ساڭا جان فىدا،
لەتافەت بىلە سۆزنى قىلدىڭ ئەدا.
كۆڭۈل تىندى ئىمدى خىيالدىن،
بولۇپ ئىمدى ئاگاھ ھالاتدىن.
دىدىم: ئۆلگۈچە خاكى پايىڭ بولاي،
مەقام تەلەبدە گادايىڭ بولاي.

دىدى مىھرەبانلىق قىلىپ ئول سەنەم،
رىزا بولغىل ئىمدى ماڭا ئۇرمە دەم.
دىدىم: سۆز بىلە خۇش قىلىپ سىن مەنى،
سىپارىش قىلىپ مەن خۇداغە سەنى.
خۇدا يار بولسۇن ساڭا ئەي نىگار،
قۇلۇڭ مەن بۇ ئالەمدە جان تەندە بار.
تولا ئۆزرى بىرلە شىكەستە بولۇپ،
يىقىلدىم ئاياغىغە خەستە بولۇپ.
تەلەتتۇف قىلىپ ساقىئى شوخۇشەڭ،
تۇتۇپ مەينى شىرىن تەكەللۇمنى دىڭ.

**مەلىكە خۇاجە زادە يەمەنىگە ۋىسالدىن مۇژدە يەتىپ قەرار ئەيلەگەندە، يولنى كەمۇ قىلىپ خۇاجە يول يەفتىشىغە بارغاندا، مەلىكە لەنگەردىن غايىپ بولغانى**

ئانى نۇش ئەتىپ مەست بى ئەقىل ئولاي.
كى يارىم جامالىغە مەن ۋەسل ئۇلاي.
رەفىقە كەلىپ رەھمى دىلدارنىڭ،
شەمىمىنى يەتكۈردى ئەسرارنىڭ.
دىدى: سەبىر قىلغىل تەلەب بىرلە بول،
بۇ مەھرەم سەرادا ئەدەب بىرلە بول.
سەنى رازى قىلماق ماڭا قەرزدۇر،
ئەدا ئەيلەمەك قەرزنى فەرزدۇر.
كى تەرك ئەيلەمەك ياخشى ئىمدى دىيار،
چۇ بىر ۋەقت - سائەتدە قىلساق قەرار.
بۇ شەھەر ئىچرە ۋەسلىڭغە يوقتۇر ئىلاج،
كى چىقساڭ كەرەك ئىمدى ئەيلەپ خىراج.
كى تەقدىر ھەق ئۇشبۇ بولسە نىتەي،
سەنىڭ بىرلە باشىمنى ئالىبان كىتەي.
تەۋەققۇف قىلىپ كۆز تۇتۇپ نەچە كۈن،
تۇرۇپمەن چىقارماي يەنە ھىچ ئۈن.
قازارا ئۆتتۈپ نەچە كۈن بىر كەچە،
كەلىپ ئالدىمە سۆز قىلىپ بۇ غۇنچە.
قويۇپ تىز تۇند ئەيلەدى ئىزتىراب،
كىرىپ ئارقاغە مەن يۈرۈپ ئالدىراپ.
تەۋەللا ئارا كىردى ئول دىلرەبا،
ئالىپ چىقتى ناگاھ ئىكى بادپا.

بۇ ئاتلاركى شاھانە جابدۇق بىلە،
كى فىتراكىدا ئىكى ساندۇق بىلە.
ئەجەب زىبۇ زىننەتدە زەررىن لىجام،
كى سەمىن رىكاب ئەبرەش خوشخىرام.
ماڭا تاپشۇرۇپ ئۆزى كىردى ھەرەم،
ئىكى كىسەدە نەقد زەررىن دەرەم.
جەۋاھىرلار ئىردىكى قىممەت باھا،
تولا ئالدى خورجۇنغە قىلماي ئەبا.
سەلاھىنى قىلدىكى مەردانە ۋار،
بولۇپ چۈنكى شاھزادەئى شەھسۇۋار.
سەۋارە بولۇپ ئىككە ئىكىمىز،
تەكۈپۇ بىلە ئەيلەدۇك رۇستەخىز.
نەچە كۈن، نەچە تۈن بولۇپ بى مەلال،
يۈرۈپ مۇڭداشىپ ئانچە مەسرۇر ھال.
شىكار ئەيلەبان دەشتى ھامۇن ئارا،
تاماشا قىلىپ رەبئ مەسكۇن ئارا.
تۈشۈپ كۈندۈزى خۇش ھەۋا جايىغە،
كى مەشغۇل ئولۇپمىز ئوقۇ يايىغە.
قويۇپ بادپالارنى ئوتلاق ئارا،
قاراپ تۆرت ئەتراف ئافاق ئارا.
قاچىپمىز كىشىدىن قىلىپ ئىھتىيات،
كى يولسىز يۈرۈپ نەسراتۇ رەبات.

كەچە ماھى بىرلە خىرام ئەيلەدۈك،
كى ئۈيقۇنى كۆزگە هارام ئەيلەدۈك.
كىنايە بىلە سۆز قاتىپ دىلبەرىم،
بۇ سۆزنى دىبان ئول پەرى پەيكەرىم.
سەنى دىپ كەچىپ مەنكى مۈلكۈ دىيار،
ئاتا ۋە ئانا ۋە يەنە دوستۇ يار.
بولۇپ سىن ئۈچۈن ئىمدى نە خانىمان،
فەنا قافىغە ئىمدى بولدۇم راۋان.
كى سىن ھەم قىلامسەن ستەمكار دىك،
كى ئول بىۋافا مەردۇم ئازار دىك.
ۋەيا ئىشقدا سەنمۇ سابىت قەدەم،
سەفا مۆكدۈرتتىمۇ سەندە رىشەم.
فەقىر ياش تۆكۈپ ئەيلەدىم ئىلتىجا،
نە ھەددىم بولۇر ئەيلەمەكلىك جەفا.
چۇ ئىزھار ئولۇپ بىۋەفا شىۋەسى،
كى ئەشجار بەردى جەفا مىۋەسى.
ئانىڭدىك جەفا ئەيلەمەككە نە ھەد،
تاپىپ مەن ۋىسالىڭدا ئۆمۈر ئەبەد.
بىر ئاي يول يۈرۈپ چۈن بولۇپ بىقارار،
كى بى راھ چۆللەردە قىلدۇق فەرار.
يۈتۈردۈك كەچە يولنى پىنھان قىلىپ،
چافسىپ ھەر تەرەفلەرگە جەۋلان قىلىپ.
كى سۈرئەت بىلە تىز ئەيلەپ سەمەند،
خىرام ئەيلەدۈك بارچە پەست بەلەند.
چۇ خورشىد چىقتى فۇرۇ كەتتى ماھ،
كۆرۈپمىزكى مەئلۇم ئىمەس ھىچ راھ.
ھەۋا ئانچە گەرم ئولدى ئاتلار ھارىپ،
راباتى كۆرۈپ تۈشتۈك ئاندا بارىپ.
كى ئول ئەسبلەر قالدى رەفتاردىن،
مەلىكەم داغى لەفزى گۈفتاردىن.
چۇ بار ئىردىكىم سال خوردە چىنار،
كى ئاتلارنى قىلدۇق ئاڭا ئۇستۇۋار.
زامانىكى ئاندا فەراغەت بىلە،
بۇ يول رەنجىدىن ئىستىراھەت بىلە.
دىدىم يارغە: ئەي كۆزۈم رەۋشەنى،

بۇ يەرنى زامانى قىلىڭ مەئمەنى.
بۇ يولنى يۈرۈپ مەن تەرەددۇد قىلاي،
كى سىزنى زامانى تەجەررۇد قىلاي.
تاپىپ يولنى كىرمەك كەرەك راھغە،
تەۋەككۈل قىلىپ بەلكى ئاللاھغە.
پەرى چىھرە ئولتۇردى ئارام ئالىپ،
سۇ ئىچمەك ئۈچۈن ئىلكىگە جام ئالىپ.
سەۋارە بولۇپ ئەيلەدىم جۇستىجۇ،
بايابان ئارا راھ بولماي نەمۇ.
دەۋىدە قىلىپ ئاتنى سۈرئەت بىلە،
چۇ يول ئاقتارىپ ئانچە دىققەت بىلە.
تاپالماي سەبىلنى چۇ كەلدىم يانىپ،
كى ئول يار ئىشقدا ئوتدىك يانىپ.
كەلىپ كۆردۈم ئەمما يوق ئولمىش پەرى،
نە ئاتۇ نە كىسە نە سىمۇ زەرى.
چەكىپ ئاھى ئەفغان ئۇرۇپ باشىمە،
فىراق ئوتى تۈشتى ئىچۇ تاشىمە.
يۈگۈردۈم باقىپ ھەر تەرەف، ماھ يوق،
كۆڭۈلنىڭ سىپىھرىدەكى شاھ يوق.
كى توفراق ساچىپ باشغە ھەيران ئولۇپ،
يۈگۈردۈم چۇ غۇل بايابان ئولۇپ.
كى تەفتىش ئەتىپ مەن يوق ئىرمىش ئەسەر،
باقىپ كەچخەچە تاپمادىم ھىچ خەبەر.
كى مەركەبنى ئاندا رەھا ئەيلەدىم،
كەيىپ ژەندە ئۆزنى گادا ئەيلەدىم.
خىيالىمغە كەچتى كى بۇ مەسلەھەت،
ئالىپ قاچتى بولغاي ئانى بەدنىيەت.
كى ئەيبارغە ئۈچرادىمۇ ئىكىن،
يانىپ شاھغە يۈترادىمۇ ئىكىن.
تەكۈپۈي ئىتىپ قەلئەئى شاھغە،
خىرام ئىچرە بارماي ئامان كاھغە.
ياقىن مۇددەت ئىچرە كەلىپ مەن يەتىپ،
يۈرۈپمەن ئانى ئىستەبان سەير ئەتىپ.
يۈرۈپ ياردىن مەن نىشان تاپمادىم،
فىراق ئىچرە بىر دەم ئارام تاپمادىم.

دىدىم: ئېمدى ئۆلمەك ماڭا فەرزدۇر،
ۋافاسىنى قىلماق ئۇلۇغ قەرزدۇر.
چىقىپ مەن شەھەردىن باش ئالىپ كىتەي،
كى ئىشق ئەھلىگە مەردلىك كۆرسىتەي.
يۈرۈپەن باياباندا مەجنۇن مىسال،
بىناگاھ كۆرۈندى كۆزۈمگە جەبال
دىدىم: كۈھنىڭ دامەنىغە باراي،
چىقىپ باشىغە يەرگە ئۆزنى ئۇراي.
چىقىپ قەلئەنىڭ چەنبەرىغە كىرىپ،
كى دىۋانەدېك يارنى قىچقىرىپ.
گاھى يىغلاماق گاھى كۈلمەك ماڭا،
مۇقەررەر بولۇپ ئېمدى ئۆلمەك ماڭا.
ئانىڭسىز تىرىك يۈرگۈچە دەھر ئارا،
ئۆزۈمنى ئۇراي كۈھدىن بەھر ئارا.
كۆزۈم تۈشتى بىر خۇش ھەۋا جايىغە،
كى بىر فەيزى ئاسار مەئۋايىغە.
جانان ئابى جارى شەجەرى شاخسار،
قىيا دامەنى ھەر تەرەف لالەزار.
چەكىپ ئەندەلىب ھەر تەرەفدە فىغان،
كى سۇۋتى دۇرۇر نالەئى ئاشىقان.
چۇ بىر زاھىدى ئاندا قىلمىش مەقام،
بولۇپ جايى ئانداغكى بەيتۇلھەرام.
ئىبادەت قىلىپ ئانچە تەجەررىد ئولۇپ.
ئۈزۈلگەن جاھاندىن كى تەفرىد ئولۇپ،
تەلاۋەت قىلۇر ئېردى ئاندا كەلام،
كى تۈندە ناماز كۈندۈزىدۇر سىيام.
چۇ ئول پارسا كۆردى مەن زارنى،
فەقىر ھەم كۆرۈپ ئول خۇدا يارنى.
بارىپ مەن جەنابىغە ھەيران بولۇپ،
كۆزۈم ئەشكىدىن دامەنىم قان بولۇپ.
تۇرۇپ ئالدىدا يىغلادىم دەرد ئىلە،
كى ئىشق ئوتىدىن چەھرەئى زەرد ئىلە.
دىدىم سەرگۈزەشتىمنى باشدىن ئاياغ
فىغانىمنى ئاڭلاپ سەدا قىلدى تاغ.
دىدى پىرى ئەر باب ئەھلى يەقىن،
ئايا ناتەۋان ئۆزنى قىل مۇتەمەئىن.

كى ئىشق ئەھلىگە سەبر قىلماق كەرەك،
بەلا يەتسە كۆپ شۈكر قىلماق كەرەك.
سەنىڭ تالىئىڭغە كۆرەي فالنى،
كى مۇژدە بەرەي ئاقىبەت ھالنى.
دىدى ئالدى ئىلكىگە قۇرئى كىتاب،
ئاچىپ، خۇش بولۇپ راست بەردى جەۋاب.
دىدى: ئەي يىگىت قىلمە زايەئ ئۆزۈڭ،
كۆرەر يارنى ئاقىبەت بۇ كۆزۈڭ.
ساڭا سۆز بۇدۇر بولغىل ئېمدى راۋان،
كى قۇستەنتىنە ئارا تۇت ماكان.
ئانىڭ يانىدا باردۇرۇر بىر مازار،
تاپىشغايسىز ئاندا يەنە تۆرت يار.
سەنىڭدېك تەخى دەردلىك ئۈچ كىشى،
ئۈچۈنىڭ سەنىڭ بىرلە پۈتكەي ئىشى.
بولۇرسىز گەچە بىر گۆرىستاندا جەمئ،
كى بولغايسىز ئول تاق ئەيۋانىدا جەمئ.
كى ئول شەھەر ئارا پادىشاھى جاھان،
كى باردۇر، ئانىڭ ئانچە ھۆكمى راۋان.
كى ئىسمى ئانىڭ شاھى ئازادە بەخت،
ئاتادىن ئەتا خۇسرەۋانى دەرەخت.
كى ھاجەتلەرىڭدۇر ئاڭا مۇشتەمىل،
بولۇر تۆرت دەرۋىش ئاڭا مۇتتەسىل.
ئانىڭ ھاجەتىگە قىلۇرسىز دۇئا،
دۇئا بىرلە ھاسىل بولۇر مۇددىئا.
چۇ مەئشۇقەڭىزلەرنى ئول تاپغۇسى،
كى سىزگە فەنا پەردەسىن ياپغۇسى.
بۇ سۆزلەرنى ئايتىپ مەنى قىلدى خۇش،
خەبەر بەردى ھالىمغە گويا سۇرۇش.
چۇ تەسكىن تاپىپ جۇملەئى خاتىرىم،
بەلا تاغىدا بولدى ئول ياۋەرىم.
قۇتۇلدۇم زامانىكى ئەندۇھدىن،
ۋىدائ ئەيلەدىم سەكرىدىم كۈھدىن.
چەكىپ ئاھلار يولغە ئەزم ئەيلەدىم،
باياباندا يۈرمەكنى جەزم ئەيلەدىم.
مەراھىل كەزىپ تەي قىلىپ دىشتنى،
كەچە ـ كۈندۈزىن ئەيلەبان گەشتنى.

www.uyghurkitap.com

چۇ داخىل بولۇپمەن كەلىپ بۇ كەچە،
چەكىپ يار ـ يار يەد ياھۇ كەچە.
بۇ كەچە ۋەلى سۆزى بەردى نىشان،
گۇمان ئۇلكى بەرگەن نىشان بۇ ماكان.
يەنە بىرى بۇ كىم كۆردۈم ئۈچ يارنى،
بۇ ئۈچ يارغە ئايدىم ئەسرارنى.
كۆرۈشتۈك بۇ كەچە غەنىمەت دۇرۇر،
تاڭ ئاتقاندا كىمگە ئەزىمەت دۇرۇر.
سەبەب نە ئىكىن شەھ مۇلاقاتىغە،
تەلەب نە ئىكىن ئانىڭ ھاجەتىغە.
غەرىب سەرگۈزەشتىنى قىلدى تامام،
تامام ئەتتى سۆزنى دىدى ۋەسسالام.
قولاق سالدى دەرۋىشلەر يىغلادى،
نەدامەت ياشىن كۆزدىن ئارىغلادى.
سۆزىن ئاڭلادى شاھى ئازادە بەخت،
ئىچى كۆيدى شەھنىڭ چەكىپ ئاھى سەخت.
رەفىقا قولاق سال، ۋافاسىز جاھان،
بۇ ئالەمدە ئەھلى ۋافا باغرى قان.

جاھان ئىچرە بولساڭ مۇھەببەت شۇئار،
كى مەردەم بولۇپ سەن بەلاغە دۇچار.
بەلادۇر كەرەم بەھرىنىڭ گەۋھەرى،
كى ئىشق ئەھلىگە بەلكى تاج سەرى.
ئانى كىمگە بەرمەس خۇدايى جاھان،
مۇھەببەت ئىلە ئەيلەمەس ...ـ گان.
كىشى تاپسە چۇن پاك ئىشقى مىجاز،
ھەقىقەتكە ئاندىن قىلۇر ئىمتىياز.
كىشى زاتىدا جىلۋەگەر بولسە مېھر،
ئانىڭ ئەكلى قەھر بەلكى ئاشامى زەھر.
كىشى ئىشقسىز، دېپدۇر ئانى ئېشەك،
داغى دەردى يوق ئادەمدۇر كېسەك.
مۇھەببەت تەرىقىن شىئار ئەيلەگىل،
كى ئىشقىدا جانىنى نىسار ئەيلەگىل.
كەرەم قىل ماڭا ساقىيا جامى ئىشق،
ئانىڭ شۆۋقىدىن ئەيلەگىل رامى ئىشق.
ئانى نوش ئىتىپ ئىشقىدا جان بېرەي،
كى ئۇششاقلار جۇملەسىگە كىرەي.

## لۇغەت

### ئا

ئابى جارى — سۇيى راۋان ئېقىۋاتقان
ئابنۇس — پوستى قارا، قاتتىق ۋە خۇشبۇي دەرەخ
ئاھۇ بەررە — كىيىك بالىسى
ئاھى سەخت — قاتتىق ئاھ (ئۇرۇش)
ئاسار — نىشانلار، بەلگىلەر
ئاشقانە — مۇھەببەتلىك، ئىشقى ـ مۇھەببەتكە بېرىلگەن
ئارىغ ئول ـ — پەيدا بولماق، يۈز بەرمەك
ئازادەگان — ① ئالىيجاناپ، مەرت، مەردانە ② ئەركىن

ئازاره — قىينالغان، خارلانغان، ئازاپ چەككەن، ئېزىلگەن
ئازۇرده — قىينالغان، خارلانغان، ئازاپلانغان
ئاۋتسۇن — خۇشال قىلسۇن
ئاۋىز — ئېسىلغان
ئايىن — بېزەلگەن، ياسالغان، رەتلىك
ئالايىش — ① پاسكىنا قىلىش ② داغ تەككۈزۈش
ئالۇفتەلىك — ① ئاشىقلىق، ھەيرانلىق ② پەرۋاسىزلىق

## ب

باشەرەف — ئالىجاناپ
باشەفىق — شەپقەتلىك، ھەمدداشلىق قىلغۇچى
باشۇكۇھ — ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك، كاتتا
بازار مەئنى — بازار ئەمەلىيىتى، بازارنىڭ مۇھىم نوختىسى
بايەد — ① جەزمەن، زۆرۈر ② مۇمكىن ئېھتىمال
بە — ...قا، ...غا، بېرىش، يېتىش
بەدسىكال — نىيىتى يامان، بۇزۇق، مۇتھەم
بەدرەگ — پەس، سۇيىقەستچى
بەخەل — ئاققۇ ماموقى
بەھانە پەزىر — بانا قىلغۇچى
بەھەم — بىرلىكتە
بەسەر — سەرەنجام
بەشاشەت — شادلىق، خۇشاللىق، كۆتىرەڭگۈ روھلۇق
بەربەت — چالغۇ ئەسۋابىنىڭ نامى
بەرەنج — سېرىق مىس، مىس بۇيۇم
بەررە — كېيىك بالىسى
بەقئە — ①. جاي، رايون، ئورۇن ② ئىبادەتخانا ③ قەۋرە، قەۋرىستان
بەئىدزان — شۇندىن كېيىن
بەيئ — ئېلىم - سېتىم، باھالىشىش
بەنا گوش — قۇلاق تۈۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| بەندەۋار | قۇللارچە |
| بودۇم | بويۇم، تېنىم، گەۋدەم |
| بۇرج | مۇنار، قەلئە |
| بۇرقە | چۈمبەت |
| بۇللۇرى | ① خرۇستال ② قوغۇشۇن ئەينەك، گۇل چېكىلگەن ئەينەك |
| بى تەمىز | پاسكىنا، مەينەت |
| بىدۇرۇد | ساراك! ۋەيرانە |
| بى ئەبا | تارتىنماي |
| بىھەد بىگەران | چەكسىز ـ ھىساپسىز |
| بىھىجاب | ① پەردىسىز، ئوچۇق ② يالىڭاچ، ئۇياتسىز |
| بىشە | توقايلىق، ئورمان، قومۇشلۇق |
| بى ۋەھىم بىم | ۋەھىمىسىز، قورقۇنچىسىز |
| بىيئتەيىن | پۇلنى (نەرقىنى) بېكىتىش |
| بى مۇنتەھا | ئاخىرى يوق، چېكى يوق |

## پ

| | |
|---|---|
| پاس | كۆزەد (قەدىمقى كىشىلەر تۈننى ۋاقىت ئېتىۋارى بىلەن 5 كە بۆلگەن. ھەر بىر بۆلەك تەخمىنەن 2 سائەت ئەتىراپىدا بولۇپ، قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا كۆزەد، خەنزۇچىدا更دېيىلىدۇ. بۇ يەردىكى «پاس» سۆزى كۆزەدكە توغرا كېلىدۇ.) |
| پەي بەرپەي | ئەگىشىش، ئەگەشكەن ھالدا |
| پىراستە | زىننەتلەنگەن، بېزەلگەن |
| پۇترا ـــ | تارقالماق، چېچىلماق، پاراكەندە بولماق، ئۈركىمەك |
| پۇرقىل ـ | توشقازماق، تولدۇرماق |

## ت

| | |
|---|---|
| تاجىر | سودىگەر |
| تەئەننى | ئاستىلىق، كېچىكتۈرۈش، ئەزمىلىك |
| تەجھىز | تەييارلىق، ھازىرلىق |
| تەجەررىد | ① ئايرىلىش ② يالىڭاچ |
| تەخەششۇئ | كەمتەرلىك، ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىش |
| تەھرىس | قۇتراتقۇلۇق، كۈشكۈرتۈش |
| تەسنىف | ① تۈرگە ئايرىش ② تەھرىرلىك، ئىجادىيەت ③ ئەسەر |

| | |
|---|---|
| تەرە | لايىھە، ياسىلىش، پىلان |
| تەرراھ | خەرىتە سىزغۇچى، لايىھىلىگۈچى ئارخىتېكتور، كېسەمچى |
| تەرزۇتەرھى | شەكلى ۋە ياسىلىشى |
| تەرك سەھبا | هاراقنى تاشلاش |
| تەرىق | ① يول، ئىز ② ئۇسۇل، يوسۇن، قائىدە ③ مەسلەك ④ ۋاستە |
| تەزەررۇئ | يىغلاش |
| تەۋانالىق | كۈچلۈك، قۇدرەتلىك |
| تەۋەققۇف | ئارام ئېلىش، دەم ئېلىش، توختاش |
| تەۋەللا | يالۋۇرۇش، يېلىنىش |
| تەفاۋۇت | پەرق، ئوخشىماسلىق |
| تەفەھھۇس | ئىستەش، سوراش |
| تەفرىد | ① يالغۇز، تەنھا ② تەركى دۇنيا بولۇپ ياشاش |
| تەفۋىز | هاۋالە قىلىش، تاپشۇرۇش |
| تەقسىر | ① قىسقارتىش ② كەمچىلىك، سەۋەنلىك، گۇنا |
| تەقۋى | تەقۋادار، ئىخلاسمەن، دىندار |
| تەكۇپۇ (ي) | ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈش، تەرەپ - تەرەپكە چېپىش |
| تەئدى | ① ئېشىش، تاجاۋۇز ② تەھدىت سېلىش، قورقۇتۇش |
| تەلەف | نابۇت بولۇش، هالاك بولۇش، يوقىلىش، زىيانغا ئۇچراش |
| تەمەللۇق | خۇشامەتكويلۇق |
| تەمىز | ① تازا، پاك، ساپ ② پەرق ئېتىش ③ ئايرىش |
| تەمم | تۈگەش، ئاياقلىشىش |
| تەنناز | مەسخىرىۋاز ② ئەكە، جىلۋىگەر |
| تۇمتۇراق | ھەشەمەتلىك، كۆركەم |
| تىز | ئۇچلۇق، ئۆتكۈر |
| تىز تۇند | تېز، چاپسان، ئىلدام، ئىتتىك، چاققان |

| | |
|---|---|
| داخىل | ① ئىچىدىكى ② كىرىش ③ ئىچى |
| دارۇلفەنا | پانى دۇنيا، بۇ دۇنيا |
| دادۇلقەزا | قازا ئۆيى، ھۆكۈم ئۆيى، تەغدىر ئۆيى |
| دامەنى كەشان | ① مەيلى بار، خالىغۇچى، بارغۇچى ② ئېتەكى سوزۇلغان |
| دەبدەبە | تەنتەنە، سۆلەت، ھەيۋەت، يۇقۇرى ئاۋاز |
| دەھان | ئېغىز |
| دەستۇپا | پۇت ۋە قول |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| دەربەر | ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىگە بولغان |
| دەردى سەر | باش ئاغرىقى، باش قاتۇرۇش، ئاۋارىچىلىق، خاتىرجەمسىزلىك |
| دەرۇن ئەيلە- | (ئۆي) ئىچىگە كىرمەك |
| دەرك | چۈشىنىش، بىلىش، ئىگەللەش |
| دەرگىر | قوبۇل ئەتكۈچى، قوبۇل قىلىش |
| دەرماندەلىك | ① قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىق، ئارا يولدا قالغانلىق ② ھەيرانلىق |
| دەۋۋارلىق | ئايلىنىش، پىقىراش، چۆگىلەش |
| دەۋدە | دىۋدىتىش، يۇگۇرتۇش، چاپتۇرۇش |
| دەگەر | باشقىچە |
| دەلىرانە | باتۇر، جەسۇر، قورقماس |
| دەماغ | ① بۇرۇن ② مىڭە، كاللا ③ كىبىر دىمىغى ئىگىزلىك، تەكەببۇرلۇق |
| دەمدە قىل- | ئۆسۈپ چىقماق |
| دىشۋار | ① قىيىن، تەس، مۇشكۇل، ئازاپلىق ② خەتەرلىك ③ ئېغىر |
| دۇرجى مەي | مەي ئىدىشى، مەي قاچىسى، قەدەھ |
| دۇرۇشتلۇق | قوپاللىق، قاتتىقلىق |
| دۇۋ | ① يۇگۇرۇش، مۇسابىقە ② كۈچ- قۇۋۋەت ③ بىلىم، مال-مۈلۈك |
| دىرەڭ | ① ئىككىلىنىش، ئاستىلىق، ئاستىلىتىش ② كېچىكىش ③ توختاپ قېلىش |
| دىيارى بەلەد | دۆلەت، شەھەر |
| دىل ئاسارلىق | تەسەللى بېرىش، كۆڭلىنى تىندۇرۇش |
| دىلبەستە | ئاشىق بولغان، سۆيگەن |
| دىلجۇيلۇق | مۇلايىملىق، نازاكەتلىك، يېقىملىق كىشىنى جەلپ قىلىش |
| دىلرىش | ھەسرەت چەككەن، يۈرىكى پارە بولغان |
| دىلفەزا | كۆڭۈلگە ياقىدىغان، كۆڭۈلدىكىدەك، مۇناسىپ |

## ئە

| | |
|---|---|
| ئەبا | رەت قىلىش |
| ئەبرەش | كۆك، تاغىل، تېرىسى چىلان رەڭگىدىكى ئاق تەڭگە |

| | |
|---|---|
| | گۈللۈك ئات |
| ئەبۇلبەشەر | ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى، ئادەم ئەلەيھىسسالام |
| ئەتسە ئۈر - | چۇشكۇرمەك |
| ئەسبابۇ ئالەت | ئەسۋاپ، ئۇسكۇنە، سايمان - جابدۇق، |
| ئەسباھ | سۇبھىلەر، ئەتىگەنلەر، چۇشتىن بۇرۇن |
| ئەسئەسە | داغدۇغا |
| ئەسھاب | ① ئىگىلەر، ئەھل ② سۆھبەتداشلار، دوستلار |
| ئەسلەن | زادى، ئەسلا |
| ئەشجار | دەرەخلەر |
| ئەشرەفى | قەدىمقى ئىران تىللاسىنىڭ نامى |
| ئەربەدە | جىدەل، ماجرا، جاڭجال |
| ئەرئەر | قارا ئارچا، تاغ كىپارىسى |
| ئەزا | ھازا، تەزىيە، ماتەم |
| ئەۋباش | بىزار، ساياق |
| ئەفئال | ئىش - ھەركەت، پىئىل |
| ئەقەب | ① كەينى، ئارقىسى ②كەينىدە، ئارقىدىن ③ ئەگىشىش |
| ئەقرائ | تاز، پەينەك باش، ئاپپاك باش |
| ئەقرا باخىيشلار | ئۇرۇق - تۇققانلار |
| ئەقىدات | ئەقىدىلەر |
| ئەقمىشى | رەخ، توقۇلما |
| ئەكل (ئەكلھاي) | يىيىش، بىقىش |
| ئەكناف | ئەتراپ، تۆت ئەتراپ |
| ئەئراز | ① يىراقلاش، ئايرىلىش، ئۆزىنى چەتكە ئىلىش ② بىزار بولۇش |
| ئەئزاز | ھۆرمەتلىك، قەدىرلىك |
| ئەيا پۇلدۇس | ھەي پۇلپەرەس، پۇلنى دوست تۇتقۇچى، پۇل - مالغا چوقۇن-غۇچى |
| ئەيۋان - گەيۋان | پىشايۋان، بالكون، ئۈستى ئوچۇق كارىدور |
| ئەغراز | غەرەزلەر، مەقسەتلەر |
| ئەلەم رەسىدە | ئەلەمگە تولغان |
| ئەلىل | ئاغرىقچان، ئاجىز، زەئىپ |
| ئەمر | ئىش، كەسىپ، مەسىلە |
| ئەندام | بەدەن، تەن، گەۋدە |
| ئەندەك | ئاز، ئازراق، بىرئاز |
| ئەنزەۋا | ① يالغۇز ياشىماق، تەركى دۇنيا بولۇش ②يوشۇرۇنۇش |

www.uyghurkitap.com

ئەنگىز ①قەست ② سۆز بىرىكمىلىرىدە قوزغىغۇچى مەنىسىدە كېلىدۇ

## ج

جادە ① كاتتا يول ② قائىدە، نىزام
جاھانبان دۇنيانىڭ ئىگىسى، جاھان پادىشاھى، پادىشا
جارۇب سۈپۈرگە
جارىيە ① قىز، قىز بالا ② دېدەك
جاۋىدانە مەڭگۈ، مەڭگۈلۈك
جافاكەشدە ئۇزۇن جاپا چەككەن
جەبال تاغ (جەبەل سۆزى بۇزۇپ ئىشلىتىلگەن)
جەبەھ پىشانە، ماڭلاي (بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى ماڭلىيى تومپىيىپ چىقىش)
جەھۇل ئەيلە— (جەھۇل: نادان، بىلمىسز)، جەھۇل ئەيلە دېگەن سۆز، نادانلىق قىلما، دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن
جەم قەدىمقى پىرسىيە پادىشاسى جەمشىدنىڭ نامىنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى
جەمىل ① گۈزەل، چىرايلىق ② ياخشى
جۇرمانە ① جەرىمانە ② جازالاش ③ خاتالىق، گۇنا
جۇۋار ئەتراپ، ياقا
جۇملەئى خاتىرەم پۈتۈن ئەس-يادىم، پۈتۈن كۆڭلۈم
جىسمۇ ئەندام جىسىم ۋەتەن، تەن، بەدەن
جىرتىق يىرتىق
جىلۋەگاھ ① يېڭى ئۆي ② گەمە

## چ

چارتاق تۆت گۈمبەز
چارسۇ تۆت كوچا
چەشم ① كۆز ② كۆز نۇرى ③ مەنبە ④ كۆز يېشى
چەنبەر بەنت، چەمبىرەك، گەردىش
چىدىن ① كېسىش، ئۈزۈش ② سۆيۈش
چىراكىم چۈنكى، نىمە ئۈچۈندۇر

## خ

خان ① تاماق ئۈستىلى ② چوڭ ياغاچ تاۋاق

| | |
|---|---|
| خەددى ۋەهاج | يۈزى نۇرلۇق، نۇرلۇق چىراي |
| خەددى گۈلفام | قىزىل يۈزلۈك، مەڭزى قىزىل |
| خەسم | دۈشمەن، رەقىب، قارشىلاشقۇچى |
| خەشخاش | ئەپيۇن گۈل |
| خەزەر | ئالىيمش |
| خەرىد | سېتىۋېلىش، سودا، سېتىۋالغان مال |
| خەيرۇلنىجان | ياخشىلىق، نىجاتلىق بەرگۈچى |
| خەيرى باد | خەيرلىك تىلەش، ياخشى تىلەك |
| خەلائ (خۇلۇئ) | بوش، بىكار، خالى |
| خەلق ئەت- | ياراتماق، ئىجات قىلماق |
| خۇداجۇي | خۇدانى ئىستىگۈچى |
| خۇددام | خىزمەتكارلار، كۈتكۈچىلەر («خادىم» نىڭ كۆپلۈك شەكلى) |
| خۇشاب | تازا، تىنىق، يالتىراق |
| خۇشخەند | خۇش كۈلكە، خۇشال بولۇپ كۈلۈش |
| خۇشخىرام | يۈرۈشى چىرايلىق |
| خۇشۇئ | كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق، ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىش |
| خورۇخابلىق | يەپ-ئىچىش ۋە ئۇخلاش |
| خۇن فەشان | قان چاچقۇچى، قاتىل |

ھـ

| | |
|---|---|
| ھازەلفىراق | پىراق سەۋەبىدىن، جۇدالىق تۈپەيلىدىن |
| ھازىق | يېتۈك، پىشقان، ماھىر، ئۇستا |
| ھامۇن | تۈزلەڭلىك |
| ھەبس | نەزەربەنتلىك، تۇتقۇنلۇق |
| ھەبلۇئ | ئالىم |
| ھەدىقە | باغ، گۈلزار |
| ھەجر | ھىجران، ئايرىلىش، جۇدالىق |
| ھەرامى | ① دىنىي قائىدىگە خىلاپلىق قىلغۇچى ② قاراقچى، ئوغرى ③ قانۇنسىز، ھارامدىن بولغان |
| ھەرىفانەلىك | شېرىكچىلىك، ئۇلپەتچىلىك |
| ھەۋلى | ھويلا، قورو |
| ھەۋلى فەزاسى | ھويلا مەيدانى |
| ھەكىم | تىۋىپ |
| ھەي | جانلاندۇرۇش |
| ھەيۋان | ھاياتلىق |
| ھەمزەبان | ① تىلى بىر، بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان ② پىكرى بىر |

www.uyghurkitap.com



③ دوست

| | |
|---|---|
| هۇشمەندان | ئەقىللىق، هۇشى بار، هۇشيار |
| هۇللهاي بەهشت | جەننەتكە لايىق كىيىم |
| هىچ كار | ① كېرەكسىز، يارىماس ② هورۇن |
| هنگامى | ① بىر توپ كىشى ② ۋاراڭ-چۇرۇڭ، شاۋقۇن-سۈرەن، قالايمىقانچىلىق |

## ئو

| | |
|---|---|
| ئوغرا— | دۇچ كەلمەك، يولۇقماق |
| ئولچه | قەدەر، شۇنچە، بارىچە |

## س

| | |
|---|---|
| ساز | ① ماسلاشتۇرۇش، تەڭشەش ② تەرتىپ، رەت، ئورۇنلاشتۇرۇش ③ تەييارلىق، تەرتىپكە سېلىش ④ زىياپەت ⑤ قورال، ئەسلىھە ⑥ كىيىم ⑦ سوغا ⑧ ئۇسۇل، چارە ⑨ هىلە-نەيرەڭ ⑩ پايدا-مەنپەئەت |
| سازش | ① سۈلهى تۈزۈش، ئىناقلىق ② كېلىشىم ③ تىل بىرىكتۈرۈش، مۇرەسسەلىشىش ④ ماسلىشىش، مۇناسىپلىق |
| سالەك | بىرەر سوپىلىق مەسلىگىگە مەنسۇپ، سوپىلىق يولىنى تۇتقۇچى |
| سال خۇردە | ① قېرى، ياشانغان ② كونا |
| سالىه | چارە، تەدبىر |
| سامت | سۈكۈت قىلغۇچى، ئۈنسىز، تىۋىشسىز تۇرغۇچى |
| سامىئ | ① ...نى ئاڭلايدىغان ② ئاڭلىغۇچى |
| سەبز | يېڭى، ساپ ياش |
| سەبزەدە خەت | بۇرۇتى ئەمدىلا تىن خەت تارتقان |
| سەبز، خۇررەم | گۈللىگەن، ياشنىغان |
| سەبۇهى | تاك پەيتىدىكى ئىچىملىك |
| سەبۇكلۇق | يېنىكلىك، تەنتەكلىك |
| سەبىل | ① ۋاستە، ئۇسۇل ② يول، نىشان |
| سەججادى | ① كىچىك گىلەم ② داستىخان |
| سەهبا (سەهبائ) | هاراق (قىزىل هاراق) |
| سەهور | ئىپتالىق، ئىپتا |
| سەهل | سەل (قاراش)، ئاسان، ئوڭاي، يېنىك |
| سەرپۇش | ① قاپقاق ② ئاياللارنىڭ باش ياغلىقى ③ ياپقۇچ ④ يوپۇق |

| | |
|---|---|
| سەرئەفكەندە | ① بېشى ئېگىلگەن، ئىزا تارتقان ② يەرگە ئۇرۇلغان، كەمسىتىلگەن ③ ئىتائەت قىلغان |
| سەرھساپ | ئەھۋال ئىگەللەش، تونۇشۇش |
| سەرسار | مەس كاللا، قاپاق كاللا |
| سەرشار | ① تولۇق، تولۇق، مول |
| سەرۋەر | باشلىق ② خوجايىن، ئىگە ③ يولباشچى، يېتەكچى |
| سەرۋى رەۋان | يۇرۇشى چىرايلىق |
| سەرۋى سەمەن | قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن |
| سەركار | ئىش باشقۇرغۇچى |
| سەرىھ | ئوچۇق، ئېنىق، كەسكىن، مۇتلەق، بىۋاستە |
| سەرگەرم | مەس، شىركەيپ |
| سەرمەد | ① مەڭگۈ، ئەبىدى ② پۈتمەس ـ تۈگىمەس |
| سەۋارە | ئاتلىق، ئاتقا مىنگەن |
| سەقفۇدىۋارە | تام ۋە تورۇس |
| سەققا | سۇ توشۇغۇچى، سۇ سەپكۈچى |
| سەلاھەت | سالاھىيەت |
| سالايە | ئېزىش، يەنچىش |
| سەمتۇر | سەنتۇر (چالغۇ ئەسۋابى) |
| سەمىن | سېمىز |
| سەمەن | باھا، نەرق، قىممەت |
| سەمەن سايى | ياسىمەنگە ئوخشاش، گۈزەل |
| سەندەل ئاچ | سەندەل ياغىچى |
| سەنجىدە | جىددى، ئېھتىياتچان |
| سەنگدىل | تاش يۈرەك، كۆڭلى قاتتىق، باغرى تاش |
| سۇتۇرە | يېپىش، قاپلاش |
| سۇرۇش | پەرىشتە، خەۋەر كەلتۈرگۈچى |
| سۇرۇر | خوشلۇق |
| سۇرمەسا | سۇرمىگە ئوخشاش، سۇرمىدەك |
| سۇكۇن | تىنچ، جىمجىت |
| سۇگۋار | ① ھەسرەتلىنىش، ئازاپلىنىش ② ھازىدار |
| سۇلۇكەت | قائىدە ـ يوسۇن |
| سپارش | تاپشۇرۇش، بېرىش |
| سپەند | سۇزاپ (بىر خىل خۇشپۇراقلىق ئۆسۈملۈك) |
| ستايىش | ① ماختاش، مەدھىيىلەش ② چوقۇنۇش |
| سىزات | ① يول، چوڭ يول ② كۆۋرۈك |
| سرىشت | ① خاراكتېر، تۇغما مىجەز ② ماھىيەت ③ مەۋجۇت نەرسە |

www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| سىقار | ئىچىۋەتمەك، سىڭدۈرمەك، سۈمۈرمەك |
| سىيام | روزا، روزا تۇتۇش |
| سىننى سال | ياش (ئۆمۈر) |

## ش

| | |
|---|---|
| شاب | يىگىت |
| شارەك | مەينە قۇشى |
| شايەد | ھەممە بىلگەن، ئاشكارە، تارقالغان |
| شەبەك | ئوۋ |
| شەبرەۋ | ① كېچىسى كەزگۈچى ② ئوغرى، قاراقچى |
| شەب فەرەك | شەپەرەڭ |
| شەددد | ① كەسكىن، شىددەتلىك، كۈچلۈك ② ئۆتكۈر، قاتتىق ③ جاپالىق ④ مول شالا، شۆلگەي |
| شەھ بېيت | ئەڭ ئېسىل مىسرالار |
| شەھ سۇففە | ئېسىل سۇپا |
| شەش | ئالتە (بۇ يەردە «ئالتە ئاي» مەنىسىدە كەلگەن) |
| شەرەف بۇرجى | ئاسماندا سەييارىلەر ھەركەتلىنىدىغان چەمبەر شەكلىدىكى ئايلانما يول |
| شەرىك | ① قاتناشقۇچى ② شېرىك ③ ھەمرا، ئۈلپەت |
| شەڭ | ① گۈزەل، چىرايلىق ② شوق ③ تېتىك، خۇشخۇي ④ قاراقچى، ئوغرى |
| شوخۇشەڭ | ① شوق ② چىرايلىق، گۈزەل ③ رەسىم ساتقۇچى ④ ھورۇن ⑤ تېتىك |
| شوق | كۈچلۈك ئارزۇ، ئىنتىزارلىق تەلپۈنۈش |
| شۇئائ | نۇر، يورۇقلۇق |
| شۇستۇشۇ | يۇيۇش، تازىلاش |
| شۇرب | ① ئىچىش، ئۇتلاش ② ھاراق ئىچىش |
| شۇرە | شورلۇق يەر |
| شورۇشەر | پىتنە ـ پاسات |
| شۇرى شەئب | كىشىلەر توپىنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى، شاۋقۇن ـ سۈرەن |
| شۇئبەدە (شۇئبەدى) | نەيرەڭ، ھىلىگەرلىك |
| شۇئبەدە باز | سېھرگەر، ھىلىگەر، ئالدامچى |
| شىرە ئاچ | ياغاچ شىرە ئورۇندۇق |
| شىرەئى ئەنگەبىن | ھەسەل شىرنىسى |
| شىۋە | ① ئۇسۇل، چارە ② ئىستىل ③ ئۆرپ ـ ئادەت ④ پوزىتسىيە ⑤ ھىلە، مىكىر |

| | |
|---|---|
| شىفتە | ① قايناق ھېسسىياتلىق، ئاشىقلىق، شەيدالىق ② ئەجەپلەنگەن |
| شىگىفت | ئەجەپلىنىش، ھەيران قېلىش |

ر

| | |
|---|---|
| راھزەن | قاراقچى |
| راۋيان | ① ھېكايە ئېيتقۇچى ② خەۋەر يەتكۈزگۈچى |
| رافئە | ① كۆتىرىلىش، ئۆرلەپ چىقىش ② ئاساس سالغۇچى |
| رەھا | بوشتىلغان، ئەركىن، قۇتقۇزۇلغان |
| رەسەن | ئاغامچا، ئارقان |
| رەفاقەت | يولداشلىق |
| رەقئە | ① باغاق، خەت-چەك ② سالام خەت قەغەزى |
| رەئشە | تىترەش، لاغىلداش |
| رەئيى | ① پىكىر ② قارار، ھۆكۈم ③ ئاگاھلاندۇرۇش ④ كېڭەشىش ⑤ چىچەن، ئەقىللىق |
| رەغىف | نان، توقاچ، قاتلىما |
| رەگ | تومۇر، قان تومۇر، مۇسكۇل |
| رەمەق | ئاخىرقى نەپەس |
| رەمزى | ئىشارەت |
| رەنج تەئەب | قىينىلىش ئازاۋى |
| رۇب | تازىلىماق، سۈپۈرمەك |
| رۇرئەت | ۋاقتى كەلمەك، ۋاقتى بولماق |
| رەۋزى | ① گۈللۈك باغ، يايلاق، ئوتلاق ② جەننەت ③ گۆر قەۋرە |
| روۋزى جەزا | قىيامەت جازاسى |
| رۇۋغەن | ياغ، ماي |
| رىشە | جاراھەت، يارا |
| رىشەم | يىپەك، تاۋار، يىپەك توقۇلما |
| رىزۋان | ① رازى بولۇش، كۆڭۈلدىكىدەك ② بەخت تىلەش ③ جەننەت ④ پەرىشتە |
| رىكاب | ① ئۈزەڭگە، تاسما ② ياساۋۇل |
| رىند | نازۇك تەبىئەت، بىپەرۋا، بىكار تەلەپ |

ز

| | |
|---|---|
| زايىل | يوقاتقان، يوقىتىش، تارقىلىپ كېتىش |
| زەدە | ① زەربىگە ئۇچرىغان ② تەسىر قىلغان |
| زەرافەت | ① نەپىس، نازۇك ② سىپايى، سىلىق، نازاكەتلىك، ئەدەپلىك، |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەقىللىق، زىرەك

زەرد — سېرىق

زەر خەرىد — قۇل، ئالتۇنغا سېتىۋالغان قۇل

زەررىن كۇلاھ — شاھنىڭ كۆتكۈچىسى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆي خىزمەتچىسى

زەرف — ① قاچا ـ قۇمۇچ ② تاماق، سەي

زەرف بەتىن — قاچىنىڭ ئىچى، قاچىنىڭ قوسىقى

زەماد — مەلھەم دورا

زەمىر — قەلب، زېھىن

زۇھا — ①كۈن چىقىدىغان چاغ، ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتى ② كۈن

زۇلھىججە — ھىجرىيە ھىساۋىدا 12 ـ ئاي

زىب ئايىن — بېزەش، بېزەك، ياسىنىش، زىننەت

زىشت — خۇنۈك، يامان

زىرى نىگىن — قول ئاستى، قول ئاستىدىكى

زىنھارى ئەسىر — زامانىنىڭ پانالىغىنى تەلەپ قىلغۇچى

## ژ

ژەندە — جەندە

## ۋ

ۋەجدھال — ھاياجانلىنىش، ئۆزىنى يوقاتقاندەك دەرىجىگە كېلىش

ۋەھھاج — چاقناپ تۇرىدىغان، ئېنىق، يورۇق

ۋەساق — ئۆي، خانا

ۋەزئ — قىياپەت، تەقىقى ـ تۇرۇق

ۋەلى نىئمەت — نىمەت ئىگىسى، باققۇچى، خوجايىن

ۋۇلۋۇلە — چۇقان ـ سۈرەن

## ئۇ

ئۇدۇ ئەنبەر — (ئۇد: خۇشپۇراقلىق ياغاچ، ئەنبەر: قارا رەڭلىك خۇشپۇراق ماددا.)

ئۇستۇار — مەھكەم باغلاش

ئۇفتادە ھال — كەيپىياتى تۆۋەن، روھى چۈشكەن

ئۆمرى شەرىف — شاراپەتلىك ئۆمۈر، قىممەتلىك ئۆمۈر، ئەزىز، قەدىرلىك

ئومۇر — ئىش، كەسىپ، مەسىلە

## ف

| | |
|---|---|
| فەيىق | ① غەلىبە قىلغان، غالىپ، ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن 2) مەشھۇر، مەشھۇر، مۇنەۋۋەر ③ ئۇلۇغ، ئالىجاناپ |
| فەتا | ① ياشلىق باھارى ياشىرىش ② مەرت، سېخى |
| فەجەر ھىنگامىسى | سەھەر پەيتى، سۇبھى ۋاقتى، تاڭ مەزگىلى |
| فەرار | قىسقا ۋاقىتلىق |
| فەرتۇت | ناھايىتى قېرى، قېرىپ ئىشتىن چىققان |
| فەراموش | ئۇنتۇغان، ئېسىدىن كۆتىرىلگەن، ئۇنتۇش، ئۇنتۇغاق |
| فەرەھلىك | خوشاللىق، شاتلىق |
| فەرىفتە | قايمۇقتۇرۇلغان، ئالدانغان |
| فەرىب | ① ئالدىنىش، قايمۇقۇش ② مەستانە |
| فەزا | مەيدان، كەڭ بوشلۇق |
| فۇسۇنساز | ئەپسۇنچى، ھىلىگەر |
| فۇرۇ | ① تۆۋەنگە، پەسكە ② ئولتۇرۇش (كونا) |
| فۇۋج | گۇرۇپپا، توپ، گۇرۇھ |
| فېئلى بىدئەت | ئادىتى، قىلىقى ئۆزگە |
| فىتراك | ئىگەر تاسمىسى |

## ق

| | |
|---|---|
| قاباق | قاپاق |
| قايىم مەقام | پادىشا |
| قەبز | ئېلىش، تۇتۇش |
| قەدەر | ① مىقدار، دەرىجە ② كۈچ ③ تەغدىر |
| قەدىد | قۇرۇغان گۆش، تۇزلىغان گۆش، سۈرلىگەن گۆش |
| قەسرىئى خۇسرەۋان | پادىشالارغا لايىق قەسر، شاھانە قەسر |
| قەسرى نۇشىرۋان | نۇشىرىۋان ئادىلنىڭ قەسرى (دەك) |
| قەۋائىد | قائىدە، يوسۇن |
| قەللاش | كور، ھورۇن، ھارسىز |
| قەمەر قۇرسىدېك | تولغان ئايدەك، يۇپ - يۇمۇلاق ئايدەك |
| قەنادىل شۇئائى | ئاسما شامدانلارنىڭ نۇرى |
| قۇرب | ① يېقىملىق، يېقىنلاش ② تۇققانلىق مۇناسىۋىتى |
| قۇۋا | قوشۇنلار، لەشكەرلەر، ئەسكەرلەر |
| قۇۋۋل | ① سۆز، پىكىر، تەشەببۇس ② ۋەدە |
| قۇفل | قۇلۇپ |
| قۇفل بەند | قۇلۇپ سېلىنغان، قۇلۇپلانغان |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| قۇماش | ① ئۆي جابدۇقلىرى ② رەخ، توقۇلما |
| قىرتاس | ① قەغەز ② خەت، ھۆججەت |

## ك

| | |
|---|---|
| كارۇبار | خىزمەت، ئىش ـ كۈش |
| كاۋۇس كەي | كەيكاۋۇس (قەدىمقى ئىراندىكى 2 ـ سۇلالىنىڭ پادىشالىرىدىن بىرىنىڭ نامى) |
| كەس | كىشى |
| كەشدە | ① ئۇزۇن، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ② ئىگىز ③ ھەركەت قىلغۇچى، ئىش قىلغۇچى |
| كەزا | شۇنداق، مۇشۇنداق |
| كەزەك | نۆۋەت، نۆۋەت بويىچە |
| كەف | ئالقان، قول |
| كەيل | ئېگىلگەن، قىڭغىر، قىيسىق، مۈكچەيگەن |
| كەلالەت | ھارغىنلىق، بىزارلىق |
| كەلان | ① چوڭ، زور ② ياشانغان، قېرى |
| كەمىن | خىلۋەت جاي، پانا جاي |
| كەمىين | ① ئەڭ ئاز، ئىنتايىن ئاز ② ھېچنىمىگە ئەرزىمەس |
| كورنەمەك | تۇزكور |
| كوزە | كوزا، چەينەك |
| كۆزى | ① غوزا، غوزەك ② پاختا |
| كىسە | خالتا، ھەميان |
| كىرسۇ | كىرسۇن |
| كەيۋان | ساتۇرن (يۇلتۇز) |

## ئى

| | |
|---|---|
| ئىجلال | ھۆرمەت قىلىش، ھۆرمەت |
| ئىختىفا | يوشۇرۇنۇش، بېكىنىش |
| ئىھرام | ھەج قىلىش |
| ئىستىفسار | ئىزاھ سوراش، تەلەپ قىلىش، سوراپ بىلىش |
| ئىسمەت | ① پاك، ساپ، گۇناسىز ② ئالدىنى ئېلىش، قوغداش |
| ئىراد | ئەيىبلەش، تەنقىدلەش، قۇسۇر چىقىرىش |
| ئىرتىبات | ئالاقە، مۇناسىۋەت، بېرىش ـ كېلىش |
| ئىرسال | ئەۋەتىش، يوللاش |

ئىزافە قوشماق، قاتماق، كۆپەيتىش
ئىزز ئەزىزلىك، ئىززەت، قەدىر - قىممەت
ئىقتىباس تاللاش، ئارىيەتكە ئېلىش، ئوخشىتىش
ئىئتەمىد ئىشەنچ، ئېتىقات
ئىئزاز ئىززەت قىلىش، ھۆرمەتلەش
ئىلاج دورا، داۋا
ئىنتىقال يوقىلىش، يۆتكىلىش
ئىنەب ئۈزۈم، ئۈزۈم ھارىقى
ئىنچۈلۈك مىراسلىق، مىراس بولۇپ قېلىش
ئىنقىياد بوي سۇنۇش، باش ئېگىش، ئىتائەت قىلىش

## ي

يارمەد (يارمەند) ① دوست، ياردەمچى ② دوستانە
يەد ① قول ② كۈچ - قۇدرەت ③ قوغداش، ئاسراش
يەشىم زۇمرەت
يەز— يەشمەك، ئاچماق
يەك - بىيەك بىرىنى بىرىگە ئۇلاپ، كەينى - كەينىدىن
يەكجىھەت ① بىردەكلىك، بىردەك قوشۇلغان ② قەتئىي، ئۈزۈل - كېسىل
يەلى غەيرەت، شىجائەت
يوق ئالماپ يوقالمىغان، يوقىلىپ كەتمىگەن
يىقىپ يىقىتىپ

## غ

غامىر ① چۆل، قاقاسلىق ② تاقىر يەر
غۇلۇل ① زەنجىر، كىشەن ② بويۇنتۇرۇق ③ باسماق، بوغماق
غىزائى لەتىف ئىسىل غىزا، لەززەتلىك تائام

## گ

گەران سەر (سەرگەران) باش ئېغىرلىشىش
گەردە زەن قاتىل، قىرغىن قىلغۇچى
گەردۇن خىرام ناھايىتى تېز يۈرۈش
گەرم ① ئىللىق، قىزغىن ② كۆتىرەڭگۈ روھلۇق ③ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| گەزاف | ① ناھايىتى كۆپ، سانسىز، ئارتۇقچە ② ئاساسسىز، بىمەنە ③ سەپسەتە، قۇرۇق گەپ |
| گوناگون | خىلمۇ - خىل |
| گۇش | قۇلاق |
| گۇرسنە شكەم | قوسىقى ئاچ، ئاچ قالغان |
| گۇزەر گاھ | يول، كوچا ئاغزى |
| گۇلنار | ① ئانار گۈل ② باھاردا خىلمۇ - خىل ئېچىلىدىغان خۇش- پۇراقلىق ياۋا گۈل. |
| گىران | ① قىممەتلىك ② ئېغىر ③ قىيىن ④ چىدىغۇسىز |
| گىرد | ئەتراپ، ئايلانما |
| گىردى | يۇمۇلاق، دۈگىلەك |
| گىردبان | ياقا |

## ل

| | |
|---|---|
| لاجۆەرد | زەڭگەر رەڭلىك ئېسىل تاش |
| لاھەۋلە | «كەلىمە تەمجىت» ئايىتىدىكى «لاھەۋلە ۋەلاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى» دېگەن سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلىپ ئېيتىلىشى بولۇپ، «ئاللانىڭ قۇدرىتى ھەممىدىن زور» دېگەن مەنىدە. |
| لاغ | ھەزىل، ئەرمەك، ئويۇن، چاقچاق، نەيرەڭ |
| لاغەر | ئورۇق، جۇدەڭ، زەئىپ |
| لەتىفە غىزا | ئېسىل غىزا، مەزىلىك تاماق |
| لەزىز | لەززەتلىك، تەملىك |
| لەمھە | بىر دەقىقە، پەيت، شۇئان |
| لىباس فاخىرە | ئېسىل كىيىم، ھەشەمەتلىك كىيىم - كېچەك |

## م

| | |
|---|---|
| ماھى ئولمادى | يوقالمىدى |
| ماقالات | ① ماقالا ② نۇتۇق، سۆز |
| مائى | سۇ تەركىۋى كۆپ، سۇيۇق |
| مالۇ ئەمۋال | مال - مۈلۈكلەر، مال - بويۇملار |
| مەئاب | ① يوشۇرۇنىدىغان جاي، پانا جاي 2) - دەك، - تەك |
| مەئاش | ① ياشاش، تۇرمۇش، ۋاستە ② ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ③ مائاش |
| مەتبۇئ | ياخشى، ياخشى ئاڭلىنىدىغان، يېقىملىق |

| | |
|---|---|
| مەدامەت | دائىملىق، داۋاملىق، ئۈزۈلدۈرمەي |
| مەدھۇش | ھۇشسىز، بىھۇش |
| مەخلۇت | ئارىلاشتۇرۇلغان، قېتىشتۇرۇلغان |
| مەھال | ① جاي، ئورۇن ② ۋاقىت، زامان، پۇرسەت (بىر مەھەل دېگەندىكى مەھەل) |
| مەھەللات | مەھەللىلەر، كوچىلار، رايونلار |
| مەساپ | ① جەڭگاھ ② ئۇرۇشۇش، ئېلىشىش ③ سەپ تارتىش |
| مەستۇرە | ① ئىپپەتلىك ئايال ② ئىپپەتلىك، دىيانەتلىك، ۋاپادار |
| مەسمۇئ | ① ئىشلىتىلگەن ② سالمىقى بار، قايىل قىلىش كۈچى بار |
| مەشام | بۇرۇن، دىماغ |
| مەشۋەرەت | كېڭەش، مەسلىھەت |
| مەراھىل | مەنزىللەر |
| مەردۇم ئازار | ① خەلقنى ئەزگەن، خەلققە زىيانكەشلىك قىلغان ② ئەزگۈچى، زالىم |
| مەرغۇب | ياخشى، يارىشىملىق |
| مەفھۇم | ① چۈشىنىشلىك، بىلگىلى بولىدىغان ② ئىگەللەنگەن |
| مەئىيىبەت | ① خاتالىق، گۇنا ② ئاسىلىق، نومۇسسىزلىق، ③ توپىلاڭ |
| مەئزۇر | ئۆزرىلىك، ئەپۇ قىلىنغان، كەچۈرۈلگەن |
| مەنازىل | مەنزىللەر، قونۇپ ئۆتىدىغان جايلار |
| مەلال | ① ھېرىش، بىزار بولۇش ② خاپىلىق ③ ئازاپلىنىش |
| مەلالەت | ① ھېرىش - چارچاش ② بىئارام بولۇش دىلخەستىلىك ③ ئازاپ |
| مەنزەر | ① كۆرۈنۈش ② نەزەر تاشلىنىدىغان جاي |
| مۇئاف | ① بوشىتىلغان، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ② كەچۈرۈلگەن، ئەپۇ قىلىنغان |
| مۇبەددەل | ① ئۆزگەرگەن، ئالماشقان ② ۋاكالىتەن |
| مۇبەرھەن | ① ئىسپاتلانغان، ئېنىقلانغان ② روشەن، ئېنىق |
| مۇبەييەن | ① شەرھىلەنگەن، ئەمەلىلەشتۈرۈلگەن ② ئىپادىلەنگەن |
| مۇتايىب | چاقچاق، ھەزىل |
| مۇتەنەببىھ | ① ئىشتىكەن، بىلگەن ② پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن، ھەممىدىن خەۋەردار |
| مۇترىبە | ناخشىچى، كەسپى ناخشىچى |
| مۇخادىم | خىزمەتچى، خىزمەتكار |
| مۇدەققىق | دىققەت بىلەن تەكشۈرگۈچى، تەتقىق قىلغۇچى |
| مۇھەييى | تەييارلانغۇچى، ئالدىن تەييارلانغۇچى |
| مۇھىبانە | دوستانە، سۆيگۈچى، دوس تۇتقۇچى |

www.uyghurkitap.com



مۇساھىب — ھەمسۆھبەت، دوس، ئۈلپەت

مۇسافەت — ① ئارىلىق، يول ② ئۇزۇنلۇق

مۇستەقىم — ① توغرا، راس، تۈزۈك، ھالال ② بىر جايدا تۇرغۇچى

مۇستۇۋەلى — بوي سۇندۇرۇلغان

مۇشتەمىل — ئۆز ئىچىگە ئالغان، تەشكىل قىلغان

مۇشت — ① مۇش ② ئازراق، بىر ئۇچۇم

مۇشەۋۋەش — پەرىشان، تەشۋىشلىك

مۇشەككەل — شەكىللەنگەن

مۇشرىف — ① يۈكسەلگەن، يۈكسەك يەر ② يېقىن، يانداش ③ باشقۇرغۇچى

مۇشكخام — ① ئىپار رەڭلىك ② قارا رەڭلىك

مۇشك بىد — ئىپار

مۇشكناب — ساپ ئىپار

مۇرەسسەئ — ياقۇت ئورنىتىلغان

مۇرۇر — ئۆتۈش، يۈرۈش، قاتناش

مۇرغ بىريان — توخۇ كاۋابى

مۇزد — ھەق، ئىش ھەققى

مۇزمەھىل — ئاغدۇرۇلغان، يوقىتىلغان، يوقالغان

موۋلۇد — ① تۇغۇلغان، تۇغۇلۇش، تۇغۇلغان كۈن ② پادىشالىق

مۇفتەخەر — شەرەپلىك، ئىپتىخار، پەخىرلىك

مۇفەررەھ — ① كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان ② كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئازادە، كەيپىنى خۇش قىلىش

مۇقەررەب — ① يېقىنلاشقان، قەدىرلەنگەن، ئىلتىپاتقا ئىگە ② يېقىن دوست

مۇقەۋۋى — تەنگە قۇۋۋەت بېرىدىغان، قۇۋۋەت دورىسى، تەننى كۈچەيتىدىغان دورا

مۇقەييەد — باغلانغان، ئۇلانغان، بەنت بولغان

مۇئتەمەد — ئىشەنچلىك، تايىنىشقا بولىدىغان

مۇئزىل — ① قىيىن، قىيىنچىلىق

مۇلال — شوخ سۇ (كۆچمە مەنە) («مۇلال»نىڭ ئەسلى مەنىسى: ① تار، قىستاڭ ② بىئارام بولۇش ③ ساراسىمىگە چۈشۈش، ئالاقزادە بولۇش

مۇلتەمەس — ① تەلەپ قىلىنغان، ئىلتىماس قىلىنغان ② تەلەپ، ئۆتۈنۈش ③ تەلەپ قىلغۇچى

مۇلزەم قىلـ — سۆز بىلەن يەڭمەك، خىجىل قىلماق، ئۇيالدۇرماق

مۇنفەئىل — ئىزا تارتقان، ئۇيالغان، خىجىل بولغان

مىجمەر — ① كۈجىدان ② ئاتەشدان

مىھنەت سىرشت جاپاغا يارىتىلغان، جاپاغا تۇغۇلغان
مىنقادئەت - بوي سۇنماق، ئىتائەت قىلماق

## ن

نازىل ئولماق ① چۈشمەك ② پەسەيمەك، كېمەيمەك
نافەرجام نەتىجىسىز، پايدىسىز
نافىز ئۆتكۈر، تەسىرى كۈچلۈك، تەسىرلىك
نەبز تومۇر، تومۇرى سوقۇش
نەبز كۆر - تومۇر تۇتماق
نەدىم نىمە دىسەم
نەھىق ئورۇق، زەئىپ، قاخشال، قورۇق ئۇستىخان، ئاجىز
نەسر (نىسار) تۆكۈش، چېچىش
نەشا مەس قىلىش، كەيپ قىلىش
نەز ... غا يېقىنلىشىپ، ... يېنىدا
نەزئى جان جاننى ئېلىش
نەۋاھى ① رايون، ئوبلاست ② تەرەپ
نەۋازىش مېھرىۋانلىق
نەقىل ① بايان قىلىش، ھىكايە ② يۆتكەش، كۆچۈرۈش
نەنگ ① ئار - نومۇس، ئۇيات ② كەمتەرلىك
نەمەت ئۇسۇل، شەكىل، ئەندىزە، پاسون
نەمەد كىگىز
نەمەك تۇز
نۇرى سۇبھانە تاڭ نۇرى
نۆۋئ ① خىل، تۈر، شەكىل ② ئۇسۇل
نۇقرەتىللا كۈمۈش، ئالتۇن
نۇقۇلات ھىكايە، بايان قىلىش، سۆزلەش
نۇقلۇناباتۇ قەن - گېزەك، مىۋە - چىۋە، تاتلىق يىمەكلىك
نىمۇفت يوشۇرۇش، يوشۇرۇن
نىسف يېرىم
نىشات سۆيۈنۈش، شاتلىنىش
نىك پەي (نىكۇپەي) خەيرلىك، سائادەتلىك، ئوڭۇشلۇق
نىكخاھ ياخشىلىق ئاتا قىلغۇچى
نىكۇ ① ياخشى، ئىسىل ② چىرايلىق
نىكۇقەدەم مېڭىشى چىرايلىق، قەدىمى ياراشقان
نىيام غىلاپ
نىگاھبان قارىغۇچى، كۈزەتچى، قاراۋۇل، قورۇقلىغۇچى
نىگۇنساز بېشى ئېگىلگەن، بېشى چۈشكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# غەزەل ۋە مەسنەۋىلەر

## مۇھەممەت سادىق قەشقەرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى ئا. مەتتىمىن

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى — 18 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتقان ئەدىپ، شائىر، تەرجىمان، تارىخشۇناس ۋە ئەخلاقشۇناس. ئۇنىڭ 18 پارچە ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسىرى بار.

زامانىسىنىڭ بۇ مەدەنىيەت ئەربابى 1740 - يىلى قەشقەردە دېخان ئائىلىسىدىن دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىلا دېخانچىلىق ئەمگىكىگە قاتناشقان.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ قايسى يېزىدا تۇغۇلغانلىقى ۋە قايسى مەكتەپ - مەدرىستە ئوقۇغانلىقى نامەلۇم، ئۇ مەشھۇر شائىر ۋە شاھزادە خوجا جاھان ئەرشىنى ئۇستاز سۈپىتىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن، ئۇ جۇڭغار خانلىقى ۋە ئۇنىڭغا بېقىنغان خوجىلار دەۋرىدىكى پۈتكۈل جاھالەت، نادانلىق، پىتنە - ئىغۋا، نىزاھ ۋە ئۇرۇش، ساتقۇنلۇق ۋە ئىجتىمائىي پاجىئەلەر تارىخىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە ياشىغان، ئۇنىڭ ۋاپاتى 1849 - يىلى دەپ كۆرسىتىلىدۇ.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن «تەزكىرەئى ئەزىزان»① ۋە ئۇنىڭ ئىخچام ۋارىيانتى «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتاۋى؛ «تەزكىرەئى ئەسھابى كەھەف»، «زۇبدەتۇل مەسائىل دەلەئە قائىد»، «ئەدەبۇس سالىھىن» ناملىق كىتاپلىرى بار. ئۇ يەركەن ھاكىمى يۈنۇس تاجىبېك ئىبنى، ئىسكەندەربېك ئىبنى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئەمرى بىلەن مىرزا ھەيدەرنىڭ فارس تىلىدا يېزىلغان ئەسىرى «تارىخىي رەشىدى»نى جۈملىدىن «تارىخ تابارى»، «ئىسكەندەرنامە»، «تاجى نامەئى شاھى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

① بۇ ئەسەر ھىجرىيىنىڭ 1182 - يىلى (مىلادىيىنىڭ 1768 — 1769 - يىللىرى) ئۇنىڭ قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا قەشقەر ھاكىمى ئوسمان بېيىس بېك ۋە ئۇنىڭ ئانىسى رەھىمە ئاغىچىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە يېزىلغان. ئوسمان بېيىس بېك يەركەن ھاكىمى كۈچارلىق مىرزا ھادى بېكنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھادى بېك چەنلۇڭ پادىشانىڭ يېقىن ئەمەلدارلىرىدىن ئىدى.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ ئەسەرلىرى چەتئەل شەرقشۇناسلىرى ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ دىققىتىنى خېلى ئىلگىرىلا جەلپ قىلغان ئىدى. ئىنگلىز ئالىمى ن. ئىلىئاس 1891 - يىلى ئەدىپنىڭ «تارىخىي رەشىدىنىڭ داۋامى» دەپ شۆھرەت قازانغان نادىر ئەسىرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» نى كالكوتتىدا ئىنگلىزچىغا نەشر قىلدۇرغان. نېمىس ئالىمى م. خارتمان بۇ كىتابنى 1905 - يىلى ئىزاھلىق شەكىلدە نېمىسچە ئېلان قىلغان. روسىيە ساياھەتچىسى چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ ئەسەرلىرى (1962 - يىل نەشرى) 2 - توم، رۇسچە 298—337 - بەتلىرىدە بۇ مەنبەلەر تىلغا ئېلىنغان. سوۋېت ئالىمى ئا. ئا. سېمېنوۋنىڭ 1925 - يىلقى كۆرسىتىشىچە، بۇ كىتابنىڭ فارسچە نۇسخىسى بارلىقى مەلۇم. سوۋېت ئالىمى م. ئا. سالاھىدىنوۋ 1959 - يىلى «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاخباراتى» مەجمۇئەسىدە «تەزكىرەئى ئەزىزان» دىكى قىرغىز مەنبەلىرىنى روس تىلىدا ئېلان قىلدى. مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ «زۇبدەتۇل مەسائىل دەلئە قائىدە» ۋە «ئەدەبۇسسالىھىن» ناملىق ئەتىكىغا دائىر كىتاۋى 1895 - يىلى رۇس ئالىمى ن. س. نىكوشىن تەرىپىدىن رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان. بۇ ئىككى كىتابنى خىۋە مەدرىسلىرىدە رەسمى دەرسلىك قىلىش ئۈچۈن ھىجرىيىنىڭ 1320 - (مىلادىيە 1902 -) يىلى خىۋە خانى مۇھەممەت رەھىمخانىمۇ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى «سادىق» تەخەللۇسى بىلەن كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلار ۋە سىياسىي - تارىخىي مەزمۇندىكى غەزەللەر، مەسنەۋىلەر، مۇسەممەن ۋە مۇخەممەسلەر، رۇبائى ۋە ساقىنامىلەرنى يازغان. ئۇ، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن كۆپلەپ پايدىلانغان. ئۇ ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس»، «نەسائىمۇل مۇھەببەت»، دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىنىڭ «تەزكىرە تۇششۇئارا» قاتارلىق تەزكىرىلىرىدىن كېيىن بىزگە ئۆز دەۋرىنىڭ مۇھىم ئەدىپلىرى، شائىرلىرى ۋە ئۆلارنىڭ ئەسەر نەمۇنىلىرى توغرىسىدا تەزكىرە قالدۇردى. ئۇ ئەدىپ ۋە شائىرلارنىڭ مۇھىملىرى — لىرىك شائىر ئەرشى (خۇجا جاھان، ئەسلى ئىسمى ياقۇپ ئىبنى دانىيال)، ئۇنىڭ ئوغلى خۇجا سىددىق فۇتۇھى، ئاخۇن موللا مەشھۇر (ئىبراھىم بەلخى)، موللا مىرئابىدىن، خۇجا نىزامىدىن خامۇشى (شائىر ۋە «شاھنامەئى تۈركى» نىڭ تەرجىمانى)، شائىر ئۇلۇغ ئەزىزەم ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت.

بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قانچە غەزەل ۋە ساقىنامىلىرىدىن نەمۇنە كۆرسەتتۇق.

× ×

قايسى بىر دەردىم بايان ئەيلەيكى قايسى كۆلفەتى،
بىلمان يا كەلمەگەي مۇنداق بىرۋغا مىھنەتى.

ماتەممىنى ئەيتايىنمۇكىم مۇسىبەت غۇسسىسى،
يا دەيىنمۇ خانىۋەيرانلىق بالايۇ شىددىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ياكى دۈشمەنلەر ھۇجۇم ئەيلەپ جەۋانبىدىن ماڭا،
قەستى جانىم قىلغىنى دەيمۇ خەتەرلىك ئاپىتى.

بارچە غەم بىر سارىيۇ بىغەم رەقىبىم تەڭدىل ئول،
يەتكۈرۈپ ھەردەم مەلامەتدىن تۆمەنمىڭ زەخمىتى.

سادىقا، شاھزادىلەرگە يوق جاۋايى قالدىمۇ،
نە ۋافا قىلدى ئاڭا خەيلى ھەشەم، نە دەۋلىتى.

× ×

سەففلەر ئارا ھەر يەردە ئۇرار جەڭ چېكەرلەر،
مەنسى بۇكىم جەڭگاھ كۈنى ئىلغانۇر ئەرلەر.

ھىممەتلىك ئەرەنلەرنىڭ ئىچىگە جۇش چۈشۇبان،
مەيدان ئارا جەۋلان ئېتىپ سىنە يارارلەر.

جاندىن كېچىبان نەرە ئۇرۇپ ھەملە قىلىبان،
شىرانە، دەلىرانە كىرىشىپ تىغ ئۇرارلەر.

خاتەم سىفەتى ھەيز مىسلى خۇنسى تەبىئەت،
بى ھىممەتۇ كەجدىن كەج قاچارلەر.

ئات كى جىگەرلىكتۇر ئىچىگە تۈشۈبان ئوت،
مەيدان ئارا جەۋلانىباز ئېتەر ھاردى بۇ خەرلەر.

غەيرەتلىك ئەرەنلەر بۇ كۈنى ئۆزگىچە سادىق،
بى غەيرەت ئەرەنلەردىن ئېرۇر ياخشى چۇ سەگلەر.

× ×

ئىلاھى قىلغىنسەن بۇ دەمر ئارا ئۆمرنى جاۋىدان،
بەلەند ئەيلەپ تەقى ھەم شەۋكتى ـ شەنىنى يۈز چەندان.

ھۇمائى ئەۋجى ئىززەت باشى ئۈزرە سايىبان ئەيلەپ،
ئادالەت تاجى باشى ئۈزرە قالغاي مىسلى نۇشراۋان.

زەفەر بەرگەچ ھەۋادىس خەيلىنى دۈشمەن سىپرى پۈترات،
نە چاغلىق مۈشكۈل ئىش تۈشسە ئۇ شۈلدەم ئەيلەگىل ئاسان.

دىماغىن تازە، تەبئىن خۇش، قەلەمنى خۇش بەيان ئەيلەپ،
مۈتىئى - تابىئى تۇران زەمىن ئولغاي يەنە ئىران.

تۈفەيلىدىن رەئىيەت ئىچرە كۆپ ئەمنۇ ئامان ئولدى،
جەھان مەمۇر بولدى ئەيلەگەچ كۆپ لۇتف ئىلە ئىھسان.

جەفايۇ جەۋر بۇنيادىن تۈز ئەتكەن ئەل قىچىپ ھەر سۇ،
ئەدەم دەشتىدە ھەيران ئولدىلەر رەسۋايۇ سەرگەردان.

مۇرادى ھاسىل ئولغاي، ھۆكمى نافىز ئۆمرى بەر خوردار،
دىگىل سادىق: ئىجابەت ئەيلەگىل يا ھەزرەتى راخمان.

× ×

بىۋافا سەن ئەي فەلەك گەردۇنى كاج رەفتارسەن،
سەكۇدلەر قىلغۇم سىنىڭدىن مۇنچە ھەم غەددارسەن.

قايدا بىر نادانى بەدنىيەد مۇرادىن بەرگىسەن،
ئالى ھىممەت، مەردى دانا ھەققىدە مەككارسەن.

زۇلم پىشە، كىنەكەشلەر سانى سەددىيى ئەكبەرلىك،
فەتھۇ نۇسرەتنى نەسىپ ئەيلەپ ئاڭا غەمخارسەن.

قايدا بىر ئازادىۋەش بولسا قىلۇرسەن پۇر خەتەر،
نەھسى ئەكبەرنى نەسىپ ئەيلەرسەنۇ ئەييارسەن.

شاھىيۇ شاھزادىلەر قانىن تۆكەرسەن بى دەرىخ،
نە ئەجەپ بى رەھىم سەن، خۇنرىزسەن، خۇنخارسەن.

كىمكى بولسا ئەندىكى خۇش فەھم ئىنىڭ سەن دۈشمىنى،
كىمكى شەككاكۇ فىتنىداز بولسا سەن سەريارسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سادىقا، گەر ئۇشبۇدۇر كارى فەلەكتە ئىمتىياز،
نە ئۈمىد ئەيلەرسەنۈ ئەلبەتتە خارۇ زارسەن.

× ×

بولسا ئەردى رۇستەم ئەۋلادىيۇ رۇستەم ئول كۈنى،
ھەرنىچە مەيدانغا فەرياد ئەيلەسە چىقماس ئۈنى.

ئوترۇدا گەر شەست تەھمۇرەس، تەھەمتەنلەر قىچلىك،
بىر يولى چابۇك سۇۋارىم قەتل ئېتەر ئانى، مۇنى.

قىلسا تىرەندازلىق مەيدان ئارا قانىن تۆكۈپ،
ئالەم ئەھلى گەر ھۇجۇم ئەتسە تۈمەنمىڭ بىر يولى.

سەف ۋە سەف جەۋلان قىلۇر جاندىن كېچىكلەر زاھىدا،
شۇرى شەر پەيدا قىلۇر بېرىلىك سالاھىيەت تونى.

سادىقا، سەن كىم سەن ئول شاھنىڭ مەدھى كىم دۇرۇر،
لىك مەدھى شاھنى دىمەك رەسمى گادادۇر قانۇنى.

× ×

ئاتەشگەر بى مۇرۇۋۋەت چەرخى كەجرەفتار بۇ ئالەم،
ئانىڭدا زەررە ژەغا يوق ئەنى بىل ئەي بەنى ئادەم.

ئەي شاھى گادايى فانى بىلسە ئۇشبۇ ئالەمنى،
يۈزىگە لۇتفى نەيسانىنى چاچقاي قەترەئى شەبنەم.

قەنى ئىسكەندەرۇ، دارا، قەنى جەمشىد، فەرىدۇن،
يامانلىق ئەيلەگەنگە ياخشىلىق قىل ئەي بەنى ئادەم.

× ×

ھەيكى، بارسەن زىنھار ھىچكىمگە ئازار ئەيلەمە،
نەفئى ئىستەپ ھەم بىرەۋگە زۇلمى بىسيار ئەيلەمە.

قايماغىل بىجا قەدەم قىلما ھىكايەت كىمسەگە،
ئىككى ئالەم ئىچرە جانىڭغە قاتىغ كار ئەيلەمە.

هەر نە قىلكىم بىر يىتىمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماغىل،
دەر ھەقىقەت شاھدۇرۇر ئۇل سەن ئۇنى خار ئەيلەمە.

نەچچە دۇشمەننى ئۆزۈڭگە مەھرەمى راز ئەيلەدىڭ،
سىنى ئەيلەر فاش كىم، ئەغيارنى يار ئەيلەمە.

گەر ساڭا ئەھلى ھەقىقەت كارى خۇد مەلۇم ئەمەس،
جانۇ دىل بىرلە ئەقىدە ئەيلەگەنلەر غەم يىمە.

ھەر نىچە جەۋرۇ جافا كەلسە فەلەك ئەغياردىن،
بىل ئۆزۈڭ دەردىڭ يۇتۇپ، دۇشمەنگە ئىزھار ئەيلەمە.

سادىقا، ئۆتكەن ئەزىزلەر روھىدىن ئاگاھ بول،
ئىتلەرى سۇلكىدە بولسا فەخرى بىل ئار ئەيلەمە.

× ×

يۈز تۇمەن تۇپراق بولسۇنكىم بۇ دۇشمەن جانىغە،
ھەم قۇرۇپ تەنىغە ئوت تۇشكەيكى خانۇ مانىغە.

ئاشنالىق قىلماڭىزلەر ئاشناسى يوقتۇرۇر،
نە ئانىڭ بولغاي ۋەفاسى ئەھد ئىلە پەيمانىغە.

ئانەتى ئانىڭ ئوغۇرلۇق ھەم قاراقچىلىق ھۈنەر،
ھەم ھارامخورلۇق فەزىلەت مۇخلىسى سۇلتانىغە.

ئاشناسى دۇشمەنىدۇر، مىھرىبانى قاتىلى،
ھەمنىكى تاراج ئەيلەپ زەخمەت بىرۇر مىھمانىغە.

ھىچ قەۋمى سادىقا، ئۇشبۇ سۇفەتلىك بارمىدۇر،
دىۋە ھايۋان ئەر ئىتەر بۇ شۇمنىڭكى كارىغە.

كىتۇر ساقى ماڭا بىر نەچچە ئى مەي،
فەلەك جەۋرى ستەمدىن مۇنچە سۆز دەي.

قىلاي ئۆتكەن زاماندىن كۆپ شىكايەت،
ئەزىزلەر سەرگۇزەشتىدىن ھىكايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



نە ئىشلەر كەلتۈرۈپ شاھزادىلەرگە،
ھەممە نازۇك بەدەن ئازادىلەرگە.

يامان ۋەسفىن بايان بىرلە تۈگەنمەس،
نە چاغلىق دىسە بولغاي ئەيىۋھەنناس.

ئەدۇۋلەر خەيلىدىن ئىستەب ئامانلەر،
قەرىز ئەيلەپ ئەزىز خانەدانلەر.

كانارە تۇتتىلەر دەشتۇ ئەدەمگە،
دىيارۇ خانە تاشلاپ شۇم قەدەمگە.

دىمە دەشتى بالايى جاڭگالى دەرلەر،
نە جاڭگالالاردىكى جاڭگالى شىرلەر.

دەرەختى خارناك مىسلى نەشتەر،
ئۇرار ئەزاغا ئانداغ تىر ـ خەنجەر.

كۆرۈك بۇ ئەكسىلىكنى بۇ زامانغا،
تافاۋۇت ئەيلەمەس ياخشى ـ يامانغا.

سۆزۈك قىل سادىقا، كەم ئىختىيارى،
مۇقەررەردۇر بۇ ئىشلەر ھەرنە بارى.

فەلەكتىن گەردىسەك يۈز مىلك شىكايەت،
تۈگەنمەس چۈن ئاڭا يوقتۇر نىھايەت.

× ×

كەل ئەي جامىڭنى تۇت ساقى پەيا ـ پەي،
ئىچىپ سەرمەست بولۇپ بىر نەچە سۆز دەي.

بولۇبدۇر گەرم ئاتەشگاھ، جەڭگاھ،
كۆيەر نامەرت ئاندا خاھ، ناخاھ.

دەلىرەن، پەھلىۋانان شىرى سەفدەر،
يارەنلەر بولمىش ئاندا چۈن سەمەندەر.

چۇ ئوت كۆيدۇردى ئول نەمرۇدى مۇردار،
خەلىلۇللاغا چۇن بولدى گۇلزار.

چۇ نەمرۇد جانىدىن بىزار بولغاي،
يارەنلەر ئۇيقۇدىن بىدار بولغاي.

چۇ مىرزا بولدى بۇ كۇن شىرى بىشە،
ۋەيا بولدى بوران ئول خەلقى تىشە.

ۋە ياكىم بولدى مىرزا پىلى مەھمۇد،
ئەدۇۋ خەيلىنى ئەيلەپ نىست نەبۇد.

ۋەيا پۇركەف ئىبخىز چۇن ئۇشتۇرى مەست،
قىلىپ ئەل پەيمالى زىرى يا پەست.

گاھى ئوك، گاھى سول، چۇن گاھى ئورتۇ،
قىلىپلەر چۇن ئول خۇشۇ نىكۇ.

قىچىپ ئەل ئىككى يانغا كوچا ئەيلەپ،
نە چۇككىم گۇرگ قەسدى رەممە ئەيلەپ.

سىپىلبان ئەل ئارا يۇز شۇرى ئافەت،
يىتىپ جانلەرغە ئاندىن نىشى زەخمەت.

ئەدەۋ خەيلىگە سالىپ شۇر غەۋغا،
بەسى جانلارنى ئايرىپ تەندىن ئاندا.

تەمام ئالماس ئەگەر تەرىف قىلسا،
ۋەرەقغە سىغماس ئاق تەۋسىف قىلسا.

كەل ئەي ساقى كى مەقسەت سارى يۇرگىل،
سىنى كىملەر دىدى بۇ سۆزدە تۇرغىل.

غەنىمەت ۋاقتدۇر بۇ سۆز تامام ئەت،
بىلەرسەن تاڭلانىمۇ ۋەسسالام ئەت.

تامام ئەت سۆزنى بۇ ۋاقتى غەنىمەت،
كى بىلمەم تاڭلا ئەيا بارمۇ فۇرسەت.

www.uyghurkitap.com

دىيارى مەملىكەتتە ھاكىمنىڭ خوپ،
سىنىڭدەك ناتىۋانغا شەپقىتى كۆپ.

خۇسۇسەن ۋالىدە بەس مىھرىۋانى،
ئەجەپ دانا بۇ زىرەك نازەنىنى.

ئەزىز شاھلەرغە ساھىبى ئىخلاس،
ماشايىخ ئەۋلىياغا مۇخلىسى خاس.

نازاكەتلىك سۇخەنغە ئول خەرىدار،
ھىكايەت ئۇ قىسسەسىغا ئاشىقى زار.

خۇسۇسەنكىم ئەزىزلەر سەرگۈزەشتى،
بەسا مەرغۇپ ئاڭا مەھبۇب تۇشتى.

خەرىدار ئالسا سەردارى ۋىلايەت،
نە خۇش دەۋلەت ئەمەسمۇ تۇرفە ئىززەت.

كىشى مۇنداق مەھەلدە قىلمىسا سۆز،
قىيامەتتە دىگەيمۇ: ئەي سۇخەنداز.

يەنە قويغىل قەدەم مەقسۇد سارى،
سۇخەن ئاغاز قىلغىل ئەمدى بارى.

مۇبارىزلەر بىرىدۇر مىرزا قاسىم،
نە بولغاي ۋەھم ئاڭا، نە خەۋف، نە بىم.

شىجائەتلىك دىلاۋەردۇر يىگانە،
دىلاۋەرلىكدىن ئول رۇستەم نىشانە.

چۇ ھەق سارى تۇتۇپ كۆڭلىنى ئاگاھ،
ئىبغىزدا: ۋاھۇسۇينا، ۋا غەرىباھ.

ئۇرۇپ ئۆزنى ئەدۇۋغا بى تەۋەققۇف،
چىپىپ، سانچىپ، ئىتىبان بى تەكەللۇف.

نە خۇشتار كىمسە تاپسا گەر شاھادەت،
ئىكى دۇنيادىن ئارتۇق كۆپ شارافەت.

يەنە مىرزالاردىن ئول مىرزا شىرداغ،
قويۇپتۇر شىرلار كۆكسىگە يۈز داغ.

دىلاۋەرلىك قىلىپ مەيداندا چالاك،
قوبۇپ ئەل جانى تىغىدىن چۈن خاشاك.

ئاڭا ئۆز جانىنىڭ خەۋفى قاچان بار،
ئەگەرچە يالغۇز ئەرسە ئول خۇدايار.

يەنە بىر مىرزا ئابدۇلۋاھاب ئەردى،
ئەجەب بازۇئى ھىممەت يارى بەردى.

قىلىبان زىكرىنى ئاللاھ، ئاللا،
رەسۇللا، ھۇسەينا ۋە شەھىدا.

يانا ئوردانىڭ ئول خەيلى ھەشەمدىن،
دىلاۋەر ھەم مۇبارىز مۇھتەشەمدىن.

باھادۇر پەھلىۋانى بى تاقابۇل،
شىجائەتلىك شاھابىددىن باقاۋۇل.

سىپەھسالار قەۋمى چابۇك ئەنداز،
دىگەيمەن بىر بەلەند پەرۋاز شەھباز.

دەلىرانۇ دىلاۋەرلەر دەلىرى،
دىسە بولماس ئىنىڭ رۇستەم نەزىرى.

ئەجەب ئىرمەس دىسە رۇستەمگە مانەند،
چىراكى فىتنىلىك ئاخىر زامانەند.

گۇرۇھى لەشكەر ئىچرە شىرى غىرران،
ئىرۇر ئول ئەۋۋەلى چابۇك سۇۋاران.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئۇلۇغ باباسى كىم ئۇشتۇر خەلفە،
زوھۇر ئەردى كارامەتى ئەجىبە.

شىھابەت شىن ئانىڭ زۇھۇرى،
كامالى مەست بۇغراچۇن شۇتۇرى.

خالايىقلەر ئىنىڭ زەربىدە نالان،
قىلۇر ئەل جەڭدە فەرباد ـ ئەفغان.

گاھى ئوك گاھى سولنى كۈشتە ئەيلەپ،
گاھى ئوترۇنى تۇدە ـ پۇشتە ئەيلەپ.

دىلى، جانى بىلە ئاللا گىريان،
قىلىپ دۇشمەننى سەرگەردانۇ ھەيران.

بار ئەردى دوستى بازۇدە بارابەر،
نىچە ھەم ئوردا خەيلدىن دىلاۋەر.

سۇخەنگە بولمىغاي ھەددۇ كەنارە،
ئەگەر نامۇ بەنام ئەتسەم شۇمارە.

يەنە قىرغىز دىلاۋەرلەر ئىدى بار،
ئۇرۇس ئاتلىغ، توقالۇ ھەم خۇجامىيار.

مۇبارىز نامدارى، پەھلىۋانى،
يەنە مىڭدىن بىرى بەردىم نىشانى.

× ×

تۇت ئەي ساقى ماڭا جامىڭنى دۇ بارە،
زەمانى چەكدۇر، ۋاقت نە قارە.

قىلۇرمەن شىكۋەلەر مەككارەلەردىن،
نە بەدكاردار بەدخۇنخۇارلەردىن.

بار ئەردى بىر نىچە سەردارلەردىن،
دىيانەت، بەلكى ئىمان بىخەبەرلەردىن.

شەرئەتنىڭ خارابىدىن ئىشى يوق،
تەرىقەت ئىستەگۈچى ئەسل كىشى يوق.

كىچە ـ كۈندۈز ئۈلەرگە كارهەرفە،
ئاداۋەت ئەيلەمەكدۈر بەغىزكىنە.

خۈدانىڭ خەلقىغە كۆپ جەبر ئەيلەر،
كى باتىن كۆزلەرىن كور ئەيلەر.

پاسات ئىشلەرگە ئول بىسيارى مائىل،
بىراۋنى باشلاماققا تۈرفە كامىل.

ئاداۋەت سارىگە بەد مەسلەهەتلەر،
ئىلاج كورىدەن كاج مەسلەهەتلەر.

ئىككى شاهلەر ئارا شەككاكىدۈرلەر،
سالۈرغاكىن بەسى چەلاقىدۈرلەر.

ۋەزىر ئەر بولسالەر مۈنداغلەر ئۈباش،
دىسە شاه بوركىنى ئال ئول كىسەر باش.

ۋەزىرى زالىم خۈنخار بولسا،
خىيانەت بابىدا مەككار بولسا.

يېتەر زۈلمى بىرلە شاهلەرگە بەدنام،
نىزامى مەملىكەت تاپماس سەرەمجان.

بىرىپ سۈلتان هۈسەيىنگە ياخشى ئاتى،
ناۋائى مىر ئەلىشىر هىراتى.

ۋەزىر بەدبەيانغا هاجەت ئەرمەس،
مىسال ئەتمەك ئايانغا هاجەت ئەرمەس.

بۈلار ئۆز شاهىغا يەتكۈردى بەدنام،
ئۆزى گۈمرابان بولۈبان بولدى كام نام.

www.uyghurkitap.com

خۇدايا كىمگە سەردار ۋىلايەت،
ۋەزىرى ئاقىلى دانا نەسىب ئەت.

خارابى مۇلك بولماس ھەم رەئىيەت،
راۋاجى شەرىدىن ئۇلغاي دىيانەت.

بى ھەمدۇلىللاكى ھالەن خۇش زاماندۇر،
ھەممە خەلق خۇدا ئەمىن ئاماندۇر.

ئەنان سۆزنى تۇت سادىق سۆزۈڭگە،
قاياندا يۈرگەيسەن كېلگىل ئۆزۈڭگە.

× ×

كېتۇر ساقى ماڭا جامىڭنى تىزراق،
كى مۇنداق سۆزدىن بىخۇد، مەست خۇشراق.

بولۇپ بۇ سۆزدە ئانداغ تاقەتىم تاق،
قاچانى قىلمىش بۇ ئىشلەرنى قالماق.

ماڭا يۈز كېلتىرىبدۇر تۇرفە ھالى،
تىلىمدە قالمادى سۆزدە ماجالى.

كۆزۈمدە قەترە ـ قەترە تىنمەدى ياش،
گۈزەر ئۇلدى دىل، جانۇ باغرى تاش.

تىلىم يىغلاپ ھەم ئەتتى سىنەسىن چاك،
ھەم ئاندىن روھى قاغاز بىرادى نەمناك.

بۇ سۆزلەردىن غەرەز تەرىف ئەمەسدۇر،
قۇياشقا ھاجەت تەۋسىف ئەمەسدۇر.

غەرەز ئۇلكىم بۇ يەڭلىغ شاھلەرگە،
ھەقىقەت سىرىدىن ئاگاھلەرگە.

جافا ۋە جەبر يەتكۈزمەك راۋامۇ،
ئۇقۇبەت بىرلە ئۆلتۈرمەك راۋامۇ.

رىسىدە، نارەسىدە شىر خارە،
زەئىفە ئاجىزىدىن بىشۇمارە.

بار ئەردىلەر بۇلارنىڭ جۇملەسىدە،
كى بۇ خۇنخارلەرنىڭ ھەملەسىدە.

نە كافىر، نە مۇسۇلمان قىلمادى رەھم،
نە ياخشى، نە يامانغا قىلمادى فەھم.

كۆرۈڭلەركىم بۇ نە ئىنسافلىكتۇر،
سەراسەر چەشمەسەر نا سەفلىكتۇر.

ئىلاھا، بۇ زاماندىن تا قىيامەت،
بەنى ئادەم باشىدىن ئال مىھنەت.

ئەزىزلەر ۋەجىدىن دەفئى ئەت بالانى،
كېتۈرمە كىمسەگە بۇ ماجەرانى.

تامام ئۇلسۇن بۇلار بىرلە بۇ ماتەم،
قۇتۇلسۇن بۇ بالادىن ئەھلى ئالەم.

كەل ئې ساقى تامام ئەت بۇ سۆزۈڭنى،
كېتۈرگەن سۆزۈڭگە ھەم يۈزۈڭنى.

### لۇغەت

| | |
|---|---|
| بىشە كۇرەيپ — | بىگۇمان، گۇمانسىز |
| دەفئى — | قايتۇرماق |
| نەشە — | شاتلىق |
| رەم — | چۆچۈش |
| رۇتبە — | دەرىجە |
| تىرەنداز — | ئوقچىلىق، ئېتىشۋازلىق |
| خاتەم — | تامغا، ئۈزۈك |
| شورى — | يول، كوچا |
| نەفئى — | پايدىسى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرىدىن

ئاغزىڭغا كەلدى دەپ دەۋەرمە،
ئالدىڭغا كەلدى دەپ يەۋەرمە.

ئاق چەينەككە چاي قۇيسام،
كۆك چەينەككە دەز كەتتى.

ئاچ قالمىغىچە ئاشنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
پىيادە يۈرمىگىچە ئاتنىڭ.

ئاچنىڭ كۆزى نانىدا،
توقنىڭ كۆزى ھېكمەتتە.

ئاخشام بولدى يات،
سەھەر بولدى كەت.

ئاخماققا توخماق.

ئاخماق ئاشتىن،
بالا قېرىنداشتىن.

ئاز بولسا يېتەر،
كۆپ بولسا كېتەر.

ئاز قىل،
ئۈز قىل.

ئاق ئۆيۈم — ئىسسىق ئۆيۈم.

ئالدىدا كەلگەن ئورۇن ئۆچۈن،
كەينىدە كەلگەن تاماق ئۆچۈن.

ئالسام بەرمىسەم،
كەتسەم كەلمىسەم.

ئانا سۈتى بىلەن كىرگەن خۇي ئۆلگەندە تۈزىلەر.

بىرى بۇدۇشقاقتىن قورق،
بىرى ئۇرۇشقاقتىن.

ئۆگەنگەن قەن يەيدۇ،
ئۆگەنمىگەن غەم.

بىرمو يەرگە ئون هاشا،
ئون مو يەرگە يۈز هاشا،
يۈزمو يەرگە تاماشا.

بالاڭنى كۆر،
جېنىڭنى كۆر.

بېلىقچى كېمىدە ئولتۇرۇپ ئىسسىغى ئېشىپ قالۇر،
تۆمۈرچى دۇكاندا ئولتۇرۇپ سوغىغى ئېشىپ قالۇر.

باغنى باقساڭ باغ بولۇر،
پاتمان ـ پاتمان ياغ بولۇر.

بىكارغا پۇل بەرسە، ساناپ ئال.

بالىسى بار ئۆي،
چىرىغى بار ئۆي.

بۇغدايىنىڭ بانىسىدا قاراموق سۇ ئىچىپتۇ.

بىر بىكار ئوننى بىكار قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بازاردا كۆز يوق.

سەھەر قىلسا ناشتا،
كېسەل تۇرماس باشتا.

دوستنى سەپەردە سىنا،
قوشنى قەپەزدە سىنا.

دۆلەت باردا ئاتنى كۆرۈڭ، مىنگىلى يول يوق،
دۆلەت كېتىپ ئات تۆگۈل نوختىسىمۇ يوق.

دەشنام يىگىنىم،
بەش نان يىگىنىم.

دەسلەپكى سودىدىن يانما.

دوق قىلىپ بەرگەن نان تەنگە سىڭمەپتۇ.

دۈشمەننى ئۆيۈڭگە يولاتما،
قارا ياغاچنى يېرىڭگە.

ئېتىڭدىن ئايرىلساڭ ئايرىل،
ئېگەر ـ توقۇمىدىن ئايرىلما.

گېجىك ئۈستىدىن، ئىلدام گاداي ياخشى.

گاچىنى ئىت قوغلاپتۇ.

خاماندا ئۇرۇق قالدۇ،
دۇنيادا نەسىل.

خاننىڭ قىزى چۆلۈچ تۇتسا قولى قاپىرىپتۇ.

ئىشنىڭ ئاسنى يوق،
يەرنىڭ يامنى.

ئېشەككە بىلىپ مۈڭگۈز بەرمىگەن.

ئېشىگى ئۈچ تەڭگە،
توقۇمى بەش تەڭگە.

ئىگىسى رازى بولمىغان ئاش قوساق ئاغرىتار.

جاننى كىپەككە سات،
ئابروينى ئالتۇنغا ئال.

جىم ياتقان ئىتقا چىقىلما،
ئويناۋاتقان بالىغا.

كۆنگەن خۇي،
مىنگەن ئۇي.

كاككۇكنىڭ دەردىنى تورمان بىلىدۇ.

كۈزلۈكنىڭ چالمىسى،
ئەتىيازلىقنىڭ ئالمىسى.

كۆڭۈلدە نىمە بولسا، ئېغىزدىن شۇ چىقىدۇ.

كۈندە غوغا بېشىڭدا،
ئويلىماي قىلغان ئىشىڭدا.

كىشىگە سۆز قويما، ئۆزەڭگە يانۇر،

كىشىگە كۈلمە، ئۆزەڭ يىغلايسەن.

كاللىڭنىمۇ يىمە، چىشىڭنىمۇ چاقما.

كەمبىغەل بولساڭ بول،
قەرزدار بولما.

مومايىنىڭ كۆزى غوزىدا،
چاشقاننىڭ كۆزى كوزىدا.

ماقۇلنىڭ نەرقى ئەرزەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۆشۈكمۇ ياتقان يېرىنى سۈپۈرۈپ ياتىدۇ.

مەرتنى مەيداندا سىنا.

مەن ياخشى، سەن ياخشى،
تونۇ قىزدىغىدا ياخشى.

مېھمان قويدىن يۇۋاش بولىدۇ.

مانتۇ كۆرمىگەن قاسقانغا دۇم چۈشۈپتۇ.

مېھماننىڭ كېتىشىنى سورىما، كېلىشىنى سورا.

موللام گۆش يېمەس،
يىسە بوش يېمەس.

نامراتقا پۇتلاش تولا.

ناس نامەرتنىڭ،
تاماكا سۆلەتنىڭ.

غوجامنىڭ قوسىغى توق،
قۇلى بىلەن كارى يوق.

غاز قوزغالسا، كۆلنى ئۆدەك ئىگەللەيدۇ.

غوجامنىڭ ئالماسلىقىنى بىلىپ،
خېنىم تەگمەس بولۇپ قاپتۇ.

ئوت ـــ تىلسىز يېغا.

ئوتتۇنغا پانا،
پالتىغا شىنا.

ئوقۇمىغان ئادەم كۆزى ئوچۇق قارغۇ.

ئۆتۈنچىغا ئوت قالاتما،
سۇچىغا سۇ قۇيدۇرما.

ئۇتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيەر.

ئوغۇل بالىنىڭ قوسىغىغا تاغ سىغار،

ئوغۇل بالا قەرز كۆتىرەر،
ئۆلۈكىنى يەر.

ئوقەت قىلغان ئەيىپ ئەمەس،

ئۇتنىڭ تېشىدا كۆيگىچە، ئىچىدە كۆي.

ئوچۇق تۇرۇپ ياققان يامغۇردىن قورق،
كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىغان خوتۇندىن.

ئون بالىنى بىر ئاتا باقار،
ئون بالا بىر ئاتىنى باقالماس.

چۆپ بار يەردە سۇ يوق،
سۇ بار يەردە چۆپ (يوق).

پېتىنىڭ ئاچچىغىدا چاپاننى ئوچاققا ساپتۇ.

پايپاققا ناھال قاققاندەك،
ھۆل تامغا ئىشەك تەپكەندەك.

پۇت يېرىلسا تۈزۈلىدۇ،
تىل يېرىلسا ئۈزۈلىدۇ.

پۇل دىگەن قولنىڭ كىرى.

چىچەكسىز گۈل يوق،
يامانسىز ياخشى.

چاقىرغان يەردىن قالما،
چاقىرمىغان يەرگە بارما.

چەتتە ئىشلە،
ئۆيدە يە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپ

چۈجە خوراز بىلگىننى چىلـلايدۇ.

چىراق يېقىپ يورۇق ئال،
ياخشى ئىشلەپ ھوسۇل.

چىقمىغان جاندىن ئۈمىت بار.

چىلـلىماقنىڭ ئېتى ئۇلۇق.

چىراقنىڭ ئۆچكىنى بورانغا غەم بولماس،
يىگىتنىڭ ئۆلگىنى جۇۋانغا.

تەلۋە بىلەن تەڭ بولما.

تەلىيى ئوڭ كەلگەن يىگىتنىڭ يەڭگىسى ئالدىدىن چىقىپتۇ.

تۇغۇلمىغان تاينى يېغىر قىپتۇ.

تىكە ئۆيگە كىرمەستە سېسىغى تۆرگە چىقىپتۇ.

توڭغا يۆلەپ تېرى،
تاغارلاپ ئاش ئال.

تۈزگە كۆنگەن ئىت، قوپاغۇ ئاستىدا ئۆلۈپتۇ.

تۈتۈنسىز ئوت بولمايدۇ،
نۇقسانسىز يىگىت.

تۆگە تايلاقلىسا ھىچگەپ يوق،
توخۇ بىرنى قۇيسا ئۆگزىگە چىقىپ قاقاقلار.

تۆگمەن سۇدا چۆگىلەر،
داۋا پۇلدا.

تۆگە چۆككەن يەردىن ئورۇن چىقۇر.

توخۇنىڭ چۈشىگە تېرىق كىرىپتۇ.

تۆگەڭ قانچە چوڭ بولسا يېغىرى شۇنچە.

تۆگىنىڭ مەيلى بولسا يانتاقتا بېشىنى ئېگەپتۇ.

تۇغۇلغان يەردىن تۇرغان يەر ياخشى.

تېرىشتا يوق، ئېرىقتا يوق، خاماندا تەييار.

تىكەنسىز گۈل بولماس،
مۇشەققەتسىز ھۇنەر.

تۇرۇپ ئۆلگىچە،
ئۇرۇپ ئۆل.

تىلنىڭ ئاستىدا تىلى بار.

تىلگەننىڭ قېنىغا،
تىلىمگەننىڭ جېنىغا.

تىلى يۇمشاق ئاش يە،
تىلى قاتتىق مۇش.

تولغاننىڭ تۇرى بار،
ئايرىلغاننىڭ سۇرى.

تاتلىقتا تەن ياشىرىدۇ،
ئاچچىقتا جان.

بېخىل تۇز بەرمەس،
ۋالاقتەككۇر سۆز.

تاللاپ - تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ.

تىكەننى كىرگەن يەردىن ئال.

تاۋدىغىنى ئالساڭ، قوشۇغىنى قوي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆت بۇلۇڭ،
بىر كولۇڭ.

تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق.

تاز قوچقارنىڭ ئەنتى مۆڭگۈزلۈك قوچقاردا قالماپتۇ.

تۆگىنىڭ قۇيرۇغى يەرگە تەككەندە،
توخۇ جىرىم غاجىلىغاندا.

تاينىڭ ئازغىنى يورغا بولۇر،
ئەرنىڭ ئازغىنى موللا.

تاقىقا چىقماق ئاسان،
چۈشمەك قىيىن.

ئۆز خوتۇنىغا جىتاق ئەر.

ئۈستىغا قىلغان ھەش - پەشنىڭ،
مانجىغا پايدىسى يوق.

ئاچچىق پىيازدىمۇ بار.

ئۈچرىمىغانغا سالام قىلماڭ،
سورىمىغانغا جاۋاپ.

شامالنىڭ ئالدى قۇيۇن،
جىدەلنىڭ ئالدى ئويۇن.

شور سۇ كۆتەرمەس،
ئەسكى گەپ.

شەيتاننىڭ ئىشىدىن رەمبال قىزغىنار.

شىرىن سۆز شىكەردىن تاتلىق.

ياڭغۇز تىرەككە جىن چاپلىشىپتۇ.

يامانىڭ ئارتۇقى يېرىم قوشۇق.

يەڭ دىسە چاچراپ قوپۇر،
ئىشلەڭ دىسە قۇلاق يۇپۇر.

يېمەكلىكنىڭ ئەسكىسى يوق، ئۇژمىدە قوساق تويىدۇ،
ئوتنىڭ ئەسكىسى يوق، سامان چوغىدا قول كۆيىدۇ.

ياش بوزۇلسا قېرىغاندا تۈزلەر،
قېرى بوزۇلسا ئۆلگەندە.

يوزۇمنىڭ قېلىنلىغى،
جېنىمنىڭ راھىتى.

يىگىت بولسا قەرزى بولمىسا،
چىنە بولسا دەزى بولمىسا.

يالغاچ سۇدىن قورقماس.

يېپىق قازان يېپىق قالسۇن.

ياخشىلىق راھەتكە يەتكۈزەر،
يامانلىق گۆرگە.

ياخشى دوست باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ.

يەكچەشمىنىڭ يۇرتىغا بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس.

ياخشى ئىش ئۆيىدىن چىقماس،
يامان ئىش ئالەمگە پاتماس.

يالغانچىنىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپتۇ.

يا ئوزى بولالمايدۇ،
بولغاننى كۆرەلمەيدۇ.

ياغاچنى ياشلىغىدا پۈك.

www.uyghurkitap.com

يازلىقتا ساراي سالاي،
قىشلىقتا نەگە باراي؟

يالىساڭ تويىسەن،
يامىساڭ پۈتىسەن.

يالغان سۆزلەپ ياشغىچە،
راست سۆزلەپ ئۆلگەن ياخشى.

يامانغا ھاجىتىڭ چۈشسە يوق دەيدۇ،
ياخشىغا ھاجىتىڭ چۈشسە خوپ دەيدۇ.

دەرەخ يەرنىڭ زىننىتى،
كىيىم ئادەمنىڭ.

ياقىسىز چاپان بولماس،
قاتۇنسىز سۇلتان.

ياخشى بىلەن يۈرسەڭ كۆندە بازار،
يامان بىلەن يۈرسەڭ كۆندە ئازار.

ياخشى ھاۋا، تەنگە داۋا.

يىگەن كۆرۈنمەس،
كىيگەن كۆرۈنەر.

ياراتقانغا يىپىشقان.

ياش كەلسە ئىشقا،
قېرى كەلسە ئاشقا.

يامانلارنىڭ ھەممىسى بۇزۇق بولماس،
ياخشىلارنىڭ ھەممىسى تۈزۈك بولماس.

يولغا چىقساڭ ھەمرا تاپ.

يۇۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە.

يېغىر نەدە،
چىۋىن شۇ يەردە.

زامان قايان،
سەن شۇ يان.

زېمىندا زاك كۆرمىگەن،
چۈشىدە نان كۆرمىگەن.

زۇلۇم بىلەن پۈتەر،
رەھمى بىلەن كېتەر.

ھەممە كىشى ئانىدىن يالىڭاچ تۇغۇلغان.

ھۆپۈپ كامادا،
موللا تامادا.

ھەركىم ئۆز يىغىسىنى يىغلايدۇ.

ھايالىق باق قىزىڭنى،
يەرگە قارىتار يۈزۈڭنى.

ھورۇن بېشىنى يەر،
ئىشچان ئېشىنى.

ھورۇنلۇق قىلساڭ ئىشىڭنى كىم قىلۇر،
ئۇيالساڭ سۆزۈڭنى؟

ھەر نەرسە بەرسەڭ قولۇڭ بىلەن،
ئۇ بارۇر سېنىڭ بىلەن.

ھۈنەرۋەن باي بولماس،
قوسىغىنى ئاچ قويماس.

ھۈنەر — پۈتمەس گۆھەر.

ھاياسى يوق يىگىت،
تۆكلۈگى يوق ئۆي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاشتېشى تاغدىن چىقار،
ئىشلىمىسە جابدۇق بولماس.

قۇلاقنىڭ ئالدى يۈزگە تەۋە،
غازاڭ سارغايسا كۈزگە.

قانچە مېھنەت قىلساڭ،
شۇنچە راھەت كۆرىسەن.

قاپاق كۆندە چېقىلماس.

قۇش قېرىسا ئۆز يۇرتىغا قايتار.

قارنى يامان يېگىنىنى سۆزلەپتۇ.

قولىدىكىنى قىرىق قېتىم ئىزلەپتۇ.

قېرى كالا پىچاقتىن قورقماس.

قىچىشمىغان يەرنى قاشلىما.

قىزنىڭ جېنى قىرىق.

قېرىشقانغا ييپىشقان.

قەلەندەر ئىتتىن قورقماس.

قوش ئاتلىق پىيادە بېگىم.

قاشتېشى ياتار سايدا،
تونۇمىسا نىمە پايدا؟

قورقانچاقنىڭ كۆزى يوغان.

قەسەمخورنىڭ يۈزىدە قان يوق.

قۇش تەلپۈنسە، بېغى چىگىلىدۇ.

قوغۇننىڭ ياخشىسىنى ئىت يەر.

قوي ئالساڭ قۇلاق ئال،
ئېشەك ئالساڭ تۇۋاق.

قارغۇ مۆشۈككە ئۆلۈك چاشقان ئۇچراپتۇ.

قاتاردىن قالغىچە،
خاتادىن قال.

قاشاڭ پىچاق قول كېسەر.

قاشاڭ ئۆدەك بۇرۇن ئۇچار.

قايناقسۇ ئىچ،
كۆڭلۈڭ تېچ.

قەرزدار بولاي دىسەڭ، نەق ئېلىپ نېسى سات.

قەلەندەرنىڭ خۇرجۇنى توشماس.

قۇشقاچنىڭمۇ كۆڭلى بار.

قونمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى،
ساقايمىغان كېسەلنىڭ ئۆلگىنى.

قىلغان ئەتكەننى ھالاللايدۇ.

قىشنىڭ غېمىنى يازدا قىل،
يازنىڭ غېمىنى قىشتا.

قىرىق يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى،

قىزغانچۇقنىڭ ئېشى پىشماس،
قازان بېشىدىن چۇشمەس.

قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە،
باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە.

www.uyghurkitap.com

قىغلىساك تېرىلغۇ بولار.

قىرىنىڭ ئۆلگىسى كەلسە ياشقا تېگەر،
چىنىنىڭ سۇنغىسى كەلسە تاشقا.

قارغۇنى ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ.

قوغۇن تېرىغىن تۈزدە،
ھوسۇل ئالسەن كۈزدە.

قوي يىمەيدىغان بۆرى يوق.

قەن تاتلىق ئەمەس،
پەن تاتلىق.

ئەتىگەنكى ناشتىدىن قالماڭ،
كەچكى تاماقتا ساقلىماڭ.

ئەلنىڭ ئالدىدا ئىلگىرىلىك قىلما.

ئەمىلدىن قورقما،
ئەلىمدىن قورق.

ئەردىن ئەرگە نەپ.

ئەرنىڭ ئىچىگە ئالەم پاتار.

ئەستىرىدىن پەۋىزى چوڭ.

ئەسكى بولسىمۇ ئۆزىنىڭ چاپىنى ياخشى.

ئەرنىڭ يالغىنى — ئۆلگىنى.

ئەسكىلىكنى ئەل بىلەر.

ئۆزەڭنىڭ ئەسكىسىنى تاشلىما،
كىشىنىڭ ياخشىسىنى ئازلىما.

ئۆزىدىن ئاشسا ياتقا.

ئۆلگەنگە جىنازا كېرەك،
تۇغۇلغانغا بۆشۈك.

ئۆيدىكى توپاق ئۆي بولماپتۇ.

ئۆزەڭ نىمە يىسەڭ،
دوستۇڭغا شۇنى بەر.

ئۆلۈككە گۆر تېپىلار،
تىرىككە ئۆي.

ئۆلمىگىچە رەھمەتلىك بولماس.

قويغا يەم بېرىپ، ئەتىسىلا قۇيرۇغىنى تۇتۇپتۇ.

ئۆلۈشتىن قورقما، ئۆلەرمەن بولۇپ ياشاشتىن قورق.

ئۆزەڭ رۇست بولساڭ،
سايەڭمۇ رۇست بولىدۇ.

توپلىغۇچى: مەتسەيدى ھېلىمشا

قىزىڭنى رەڭگە ئۈگەتمە،
ئوغلۇڭنى بەڭگە (ئۈگەتمە).

مەنسەپ تالاشقىچە، بىلىم تالاش.

پارىغا ۋىجدان بۇلغىما.

يەر — ھەممىنى يەر.

سۇ كىرمىگىچە يەر كۆكەرمەس،
ئەقىل تاپمىغىچە ئەر كۆكەرمەس.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



پىياز پوستى بىلەن،
ئادەم دوستى بىلەن.

چىۋىندەك قاناتلىقتىن، سازاڭدەك قاناتسىز ياخشى.

كەپتەرۋاز ھاڭۋاقتى كېلەر،
قىمارۋاز يەر ۋاقتى كېلەر.

كۆپ ئۇيقۇ لەخمە قىلار،
كۆپ خىيال زەخمە (قىلار).

جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق.
ئەجر قىلماي دارامەت يوق.

كەپسىزنىڭ ئىشى ئەپسىز.

نىمنى خارلىساڭ شۇنىڭ قەدرى ئۆتىلەر.

يەل ھارۋا يەل بىلەن ئۆرە،
ھەر كىشى ئەل بىلەن ئۆرە.

ئاتنىڭ يامنى تەپكەك،
ئادەمنىڭ يامنى سەكسەك.

لاتاڭغا قارىغۇچە ئاتاڭغا قارا،
ھارۋاڭغا قارىغۇچە كاتاڭغا قارا.

باھار كەلمەي مۇز ئېرىمەس،
ھوت كىرمەي يەر تېرىماس.

ئەدەپسىز مېيىپنى دورايدۇ،
ئەدەپلىك ھالىنى سورايدۇ.

ئەدەپلىك ئېچىلىپ تۇرار،
ئەدەپسىز چېچىلىپ (تۇرار).

توپلىغۇچى: روزاخۇن خېلىل

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇلاق (ئومۇمى 14 - سان)

源　泉　(维吾尔文,丛刊,总第14期)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسىدىن تارقىتىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر 1/16
1984 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا № 306)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
باسما تاۋىقى: 18.75
1985 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاپ نومۇرى: M10098·897

تىراژى: 1—9,000　باھاسى: 1.45 يۈەن